# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (توركىتاب 4-قىسىم)

# دىن، ئىلىم-پەن، ۋە زامانىۋىلىق (1-بۆلۈم)








ئاپتور: ئەركىن سىدىق (ئامېرىكا)
ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

تەھرىر، مەسئۇل مۇھەررىرى، ۋە بەتلىگۈچى: پىداكار
مۇقاۋىچى: ئەركىن سىدىق



**ئاپتور: دوكتور ئەركىن سىدىق (2016.12.14)**

# بىلدۈرۈش

مەن بۇ كىتابنى ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ پۇلى، ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ زېھنلىرىنى سەرپ قىلىپ، باغداش، بىلىۋال، بىلىك، بوزقىر، دىيارىم، گۈلىستان، ئىزدىنىش، meripet.org، مىسرانىم، ئورخۇن، سەلكىن، شەبنەم قاتارلىق ئوخشىمىغان ئۇيغۇرچە تور بەتلىرى ۋە ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەرنى قۇرۇپ، يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن خالىسانە ۋە ساخاۋەتلىك خىزمەتلەرنى قىلغان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

ئاپتوردىن

2017-يىلى 1-مارت

# يېڭىلىق ۋە زامانىۋىلىققا قۇچاق ئېچىش قۇدرەت تېپىشنىڭ بىر مۇھىم شەرتى

**-- ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى —**

مەلۇم بىر خىل ناچار ئەھۋال ئاستىدا قالغان خەلق ئۆزى تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشتا مۇنداق ئۈچ مەنبەدىن ياردەم ئىستەيدۇ: (1) ئاللاھ، (2) باشقىلار، (3) ئۆزى. مەن بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا چەت ئەلدىكى بىر رادىئودىن بىر دىنىي زاتنىڭ مۇنداق دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم: «ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى ئاللاھقا تولۇق تاپشۇرۇپ، ئاللاھقا تولۇق ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمانلىقنىڭ 5 پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى ئاللاھتىن تىلىسەك، ئۇ چوقۇم بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ.» بۇ سۆزلەر ئاشۇ ئۈچ مەنبەدىن ياردەمگە ئېرىششنىڭ مەلۇم شەرتلىرى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ھەمدە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىششنىڭ بىر قىسىم شەرتلىرىنىمۇ شەرھلەپ بەرگەن. ئاشۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ كاللامدا نۇرغۇن سوئاللار تۇغۇلۇشقا باشلىدى:

-- يۇقىرىدىكى شەرتلەر ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىششكە يېتەرلىكمۇ؟

-- ئەگەر يېتەرلىك بولسا، بىزگە بىر دىنچى مىللەت بولۇپ، يەنى مۇسۇلمان بولۇپ ياشىغىلى 1000 يىلدىن ئاشتى. ئۇ ياردەملەر بىزگە نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ؟

-- بىزنىڭ ئەھۋالىمىز نېمىشقا بارغانسېرى يامانلىشىپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بەزى دىنسىزلار بارغانسېرى قۇدرەت تېپىپ ماڭىدۇ؟

-- ئەگەر ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىششنىڭ باشقا شەرتلىرىمۇ بار بولسا، ئۇ شەرتلەر قايسىلار؟

-- بىز ھازىرقىدەك بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، بىزگە باشقىلاردىن ياردەم كېلەمدۇ؟ ئەگەر كەلسە، كېلىدىغان ياردەم زادى قانچىلىك بولىدۇ؟

ئالدىنقى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە مەن بۇ توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندىم. ھەمدە ئىمكانىيىتىمنىڭ يار بېرىشىچە ئىزدىنىپ، تاپقان ئۇچۇرلارنى ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ يېزىپ، تورلاردا ئېلان قىلدىم. مەن دىنغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان ماقالىلەرنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە 3 گۇرۇپپىغا بۆلگەن بولۇپ، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگىنى ئەنە شۇنداق ماقالىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى، ياكى 1-گۇرۇپپىدىكىسىدۇر.

مېنىڭ بەزى يېقىنلىرىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئادەتتە ئۆزلىرىنى دىن توغرۇلۇق بىر نەرسە يېزىشتىن قاچۇرىدىكەن. ئۇنداق بولۇشتىكى بىر سەۋەب، دىنىي مەسىلىلەر ۋە ئۇقۇملار ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنى باشقىلارغا قايىل قىلارلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئاسان ئەمەسكەن. ھەمدە بۇ ساھەدە قەلەم تەۋرەتكەن كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ۋە ھاقارەتلىشىگە ئۇچراپ كېتىپ، ماقالە يېزىپ ئۇنىڭدىن ئانچە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدىكەن.

ماڭا يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، قۇرئان كەرىم ئاللاھتىن چۈشكەن مۇقەددەس كىتاب بولغاچقا،

ئۇنىڭدىكى سۆزلەر ۋە ئۇقۇملار ئۈستىدە سوئال سوراشقا قەتئىي بولمايدىكەن، ھەمدە قۇرئاننى «چۈشەنسىمۇ، چۈشەنمىسىمۇ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىش كېرەك» ئىكەن. يۇقىرىقىدەك سۆزلەر مېنى نۇرغۇن ئويلارغا سالدى. قۇرئاندىن گۇمانلىنىشقا بولمايدىغانلىقىغا مەن يۈزدەيۈز قوشۇلمەن. ئەمما، بىر ئۇقۇمنى چۈشەنمىسە، ياكى ئۇنى توغرا چۈشەنمىسە، ئۇنى توغرا ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ. بىر ئۇقۇمنى توغرا چۈشىنەلمىگەن بىر كىشى ئۇنى «مەن بۇنى توغرا ئىجرا قىلىمەن» دەپ ئىجرا قىلسىمۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇنى يۈزدەيۈز توغرا ئىجرا قىلغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، ئۇ يەنىلا خاتا ئىجرا بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى توغرا-خاتانى كىم ئايرىيدۇ؟

گەرچە «گۇمانلىنىش» بىلەن «سوئال سوراش» باشقا-باشقا ئىككى ئىش بولسىمۇ، يېتەرلىك مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن كىشىلەر بۇ ئىككى نەرسىنى ئاسانلا ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىمگە كەلگەندە تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دىنىي جەھەتتە ئۇزۇن مۇددەت چوڭقۇر ئىزدىنىپ باققان بىرسى بولمىغاچقا، مەن دىنىمىز ھەققىدە ماقالە يازسام، مېنىڭ يازىدىغىنىم كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ دېگەنلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنى قىسمەن ئانالىز قىلىش، ۋە سوئال سوراش بىلەنلا چەكلىنەتتى. شۇڭلاشقا مەن دىنىي تېما ئۈستىدە ماقالە يېزىش-يازماسلىق توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن ئىككىلەندىم. ھەمدە «مېنىڭ سوئال سورىشىم گۇمان قىلىش بولۇپ چۈشىنىلىپ قېلىپ، مەنمۇ ھۇجۇمغا ئۇچراپ كېتەرمەنمۇ؟» دەپ ئەنسىرىدىم. «دىن ۋە قۇرئاندىكى ئۇقۇملار ئۈستىدە سوئال سورىسا بولامدىغاندۇ-بولمامدىغاندۇ؟» دېگەن سوئالغا بىر نوپۇزلۇق جاۋاب تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. ئەمما، مەن ساقلاپ كېتىۋېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم. مەن مۇشۇنداق ئويلىنىش ئىچىدە يۈرۈۋاتقان بىر ۋاقىتتا، bagdax.cn مۇنبىرىگە چىقىرىلغان، دوكتور يۇسۇپ قەرداۋىنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ 20-ئەسىردىكى مەغلۇبىيەتلىرى» دېگەن ماقالىسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ ماقالىدىكى مېنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى تۆۋەندىكىسى بولدى (ئەسكەرتىش: مەن بۇ ماقالىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلارنى قوبۇل قىلالمايمەن. مەسىلەن، ئاتا تۈرك ھەققىدىكى مەزمۇننى. مەن بۇ يەردە دوكتور يۇسۇپ قەرداۋىنىڭ ماقالىسىدىكى ئۆزۈم مۇۋاپىق كۆرگەن بىر يېرىنىلا نەقىل ئالىمەن. بۇنداق قىلىشىم ھەرگىزمۇ مېنىڭ يۇسۇپ قەرداۋىنىڭ ماقالىسىدىكى بارلىق مەزمۇنلارغا تولۇق قوشۇلىدىغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن):

نەقىل: بىز يەنە ئىلىم-پەن بىلىملىرىنىڭ ئۆزىنى ئېتىقاد دەپ قارايمىز، چۈنكى (ئىسلام) ئېتىقادى ھەرگىزمۇ تەقدىرچىلىك ئېتىقادى ئەمەستۇر، ياكى خرىستىئان دىنىدىكىگە ئوخشاش ئەقلىي (قانائەت) تەلەپ قىلمايدىغان (يەنى پەقەت ئىشەنسىلا بولىدىغان) ئېتىقاد ئەمەستۇر. ئەكسىچە، بىز قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلار ۋە ۋەھيي ئىنكارچىلىرىغا «ئەگەر سىلەر ئۆز دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار!» (سۈرە نەمل، 64-ئايەت) دەپ خىتاب قىلغانلىقىنى بىلىمىز. شۇڭلاشقا، بىز خرىستىئان دىنىدىكىلەرگە ئوخشاش «ئىشەنگىن! گەرچە چۈشەنمىسەڭمۇ» دەپ يۈرمەيمىز، بەلكى ئىماننى كۈچلۈك ۋە روشەن دەلىل-ئىسپات ئۈستىگە («پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىلگە ئاساسلانغان ئادەم ھاياتىي دۇنيانى كۆزلەيدىغان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟»، (سۈرە ھۇد، 17-ئايەت)) ۋە نۇر ئۈستىگە قۇرۇشنى تەلەپ قىلىمىز.(«پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولغان ئادەم دىلى كور ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟»، (سۈرە زۇمەر، 22-ئايەت)). مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە بىر كىشىنىڭ ۋارىسلىق ئېتىقادى (يەنى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىش

ئۆچۈنلا ئېيتىلغان ئىمان) (ئاللاھ تەرىپىدىن) قوبۇل قىلىنمايدۇ، پەقەت كۈچلۈك دەلىل-پاكىت ۋە قانائەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئېتىقادلا قوبۇل قىلىنىدۇ، گەرچە (سەۋەب-نەتىجە) مېتودى جەھەتتە ئۇنچىۋالا ئېنىق ئەمەس، ياكى سەل تومتاق بولسىمۇ. نەقىل تۈگىدى.

مەن دوكتور يۈسۈپ قەرداۋىنى ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى ناھايىتى نوپۇزلۇق كىشى، دەپ چۈشەندىم. مەن كۆرگەن بەزى ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە، ئامېرىكىدىكى ئىسلام دىنى مۇتەخەسسىسى، دوكتور ياسىر قازى دۇنيادىكى ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە بېرىپ، شۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارغا نۇتۇق سۆزلىگەندە، ئىسلام دىنى مۇتەخەسسىسلىرى ئىچىدە پەقەت مۇشۇ يۈسۈپ قەرداۋىنىلا تىلغا ئالىدىكەن. 2007-يىلى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن «شىمالىي ئامېرىكا ئىسلام بىرلىكى» (Islamic Circle of North America) نىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك ۋەكىللەر قاتناشقان يىغىندىمۇ، دوكتور ياسىر قازى بىر «ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مېھمان نۇتۇقچى» سۈپىتىدە دوكلات بەرگەن. مەن دوكتور ياسىر قازى ھەققىدە مەزكۇر كىتابتا ئايرىم توختىلىمەن. دوكتور يۈسۈپ قەرداۋىنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، بىز ئاللاھ، ئىسلام دىنى ۋە قۇرئان كەرىمگە ھېچ قانداق شەك كەلتۈرمىگەن شەرت ئاستىدا، دىن ۋە قۇرئان كەرىم ھەققىدە سوئال سورىساق بولىدىكەن. مەن ئالىي مەكتەپنى تەبىئىي-پەندە ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئۆمۈر تەبىئىي-پەن، يۇقىرى تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بىرى بولغاچقا، «بىرگە بىرنى قوشسا ئىككى بولىدۇ» دېگەن سىزىقنى بويلاپ تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بىرەر يېڭى ئۇقۇمنى ئاڭلىغاندا، مەن ئۇنى دەرھال ئۆزۈم بىلىدىغان ئىلىم-پەن نەزەرىيىلىرى ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بويىچە چۈشىنىشكە تىرىشىمەن. ئۇ ئۇقۇمنىڭ ئىلىم-پەن نەزەرىيىلىرى، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۆزۈم ھازىرغىچە توپلىغان ھەر خىل بىلىملەر بويىچە ئويلىغاندا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكى-ئەمەسلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭ كاللامدا بەزى سوئاللار تۇغۇلىدۇ. مەن مەزكۇر كىتاب بىلەن ئۇنىڭ كېيىن تەييارلايدىغان 2 كىتابتىكى ماقالىلەردە جاۋاب تاپقان بەزى سوئاللار ئەنە شۇنداق ۋۇجۇدقا كەلگەن.

مەن مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزگەن ماقالىلەرنى ئۇيغۇرچە تورلارغا چىقارغاندىن كېيىن، «مەۋلانە»، «ئەزھەرى»، «Sword001» ۋە «تەۋبە» (بۇ بىر مۇكەممەل تىزىملىك ئەمەس) قاتارلىق بىر قىسىم قېرىنداشلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى چىقىرىپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا مېنىڭ يازمىلىرىمنىڭ مەزمۇنلىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بېيىتىدىغان، شۇنداقلا مەن سادىر قىلغان خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىنكاسلارنى يېزىپ تۇردى. شۇنداقلا باغداش (bagdax)، بوزقىر، ئىزدىنىش (izdinix) ۋە مىسرانىم قاتارلىق ئۇيغۇرچە تور مۇنبەرلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا يامان رول ئوينايدىغان ناچار ئىنكاسلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تازىلاپ، مەن يوللىغان تېمىلارنىڭ ساغلام مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ چىقاردى. مەن بۇ يەردە يۇقىرىدىكى ئىككى تۈركۈمگە تەۋە بارلىق ئۇكىلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇرۇنقى كىتابلار بىلەن ئوخشاش، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەردى. بۇ قېتىم ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلدى، ۋە كىتابنىڭ تور كىتاب ھۆججىتىنىمۇ بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. مەن «پىداكار» ئىنىمغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

**ئاخىردا مەن بۇ كىتابنى ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ پۇلى، ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ زېھنلىرىنى سەرپ قىلىپ، باغداش، بىلىۋال، بىلىك، بوزقىر، دىيارىم، گۈلستان، ئىزدىنىش، meripet.org، مىسرانىم، ئورخۇن، سەلكىن، شەبنەم قاتارلىق ئوخشىمىغان ئۇيغۇرچە تور بەتلىرى ۋە ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەرنى قۇرۇپ، يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن خالىسانە ۋە ساخاۋەتلىك خىزمەتلەرنى قىلغان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.**

**ئەركىن سىدىق**
**ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى**
**2017-يىلى 1-مارت**

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ........................................ 5

بىرىنچى كىتاب ھەققىدىكى ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار ........................ 10

دىنىي ئېتىقاد ھەققىدە ........................................ 14

ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرى قانداق شەكىللەنگەن؟ ........................ 23

مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىللار ........ 48

دىن ۋە زامانىۋىلىق ........................................ 79

سۈننى ئىسلامدىكى ۋاھابى ۋە سەلەفى ھەرىكەتلىرى ........................ 108

ياسىر قازى بىلەن تونىي بىلايېرنىڭ مۇنازىرىسى ........................ 112

ئىسلام دىنىدىكى ئوتتۇرا يول ھەققىدە ........................................ 120

شىئەلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ........................ 135

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدە ........................................ 146

دىن، مۇزىكا، ۋە ئۇيغۇرلار ........................................ 165

شەرىئەتنىڭ قىيىنچىلىق ۋاقتىدا ئاسانلىق بېرىشى ........................ 173

ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش ........................ 183

ئىسلام بىلەن ئىلىم-پەن بىر يەردىن چىقالامدۇ؟ ........................ 202

چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار ........................................ 208

2008-يىلدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ تىزىملىكى ........................ 263

# بىرىنچى كىتابىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرگە چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار

ئىلاۋە: 2015 ـ يىلى ئۆكتەبىردە مېنىڭ 1 ـ كىتاب نەشىردىن چىققاندا، مەن بىر قىسقا خەۋەر يېزىپ، ۋەتەندىكى «باغداش»، «بوزقىر»، «ئىزدىنىش» ۋە «مىسرانىم» قاتارلىق ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەرگە يوللاپ قويغان ئىدىم. بۇ قېتىم ئىزدەپ كۆرسەم، ئاشۇ خەۋەرگە چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى ساقلاپ قويۇپتىمەن (يۇقىرىدىكى تور بەتلىرى ھازىر پۈتۈنلەي تاقىلىپ كەتتى). تۆۋەندىكىسى ئاشۇ ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار.

**(1)**

**ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئۇستاز، تۇنجى كىتابىڭىزنىڭ نەشردىن چىققانلىقىنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. سىز دۇنيانىڭ ئىلىم-پەن ئىشلىرىغىلا زور تۆھپە قوشۇپلا قالماي، ئۇلۇغ مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۈن تىنىسىز، توختاۋسىز تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتىسىز. تورنىڭ كۈچى بىلەن سىزنىڭ ئىدىيىڭىز، بىلىمىڭىز مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى ئويغا سېلىۋاتىدۇ ۋە ئويغىنىۋاتىدۇ. كېيىسپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، سىز يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئۇيغۇر ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ تۆھپىكار ۋەكىلى. سىزنىڭ مىللەتنىڭ گۈللىنىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىڭىز ھازىرقى بىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، نەچچە ئەۋلاد، ھەتتاكى نەچچە ئون ئەۋلادنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن تەسىر كۆرسىتىدۇ. «ئەركىن سىدىق» دېگەن مۇبارەك نامىڭىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، فارابى، ناۋايىلارغا ئوخشاش مەڭگۈ يادلىنىدۇ. ئىشقىلىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت دۇنيا يۈزىدىن يوقالمىسىلا سىزنىڭ سۆيۈملۈك نام شەرىپىڭىز ھەرگىز يوقالمايدۇ. شەخسەن مەن ھەر قېتىم ئائىلەمدە ياكى دوستلىرىم بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ قالسام سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلماي قالمايمەن. مانا بۇ چىن يۈرەكتىن چىققان ھەقىقىي ھۆرمەت. سىز ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق تېڭىرقاپ قالغان ياشلارغا چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بىر قىسىم قورقۇنچاق زىيالىيلارغا ئۈلگە بولۇپ بەردىڭىز. سىزنى تونۇغان ھەرقانداق بىر ۋىجدان ئىگىسى سىزدىن پەخىرلەنمەي قالمايدۇ، ھەمدە سىز ئارقىلىق ھەقىقىي ئادىمىيلىكنىڭ ۋە ياشاش مەقسىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالدۇق. سىزگە يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. سىزنىڭ بۇ ئېسىل كىتابىڭىز ۋە توردا ئېلان قىلغان نۇرغۇنلىغان ماقالىلىرىڭىز گەرچە ۋاقتىنچە دىيارىمىزدا نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، مەن ئىشىنىمەنكى ھامان بىر كۈنى دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى كىتابخانىلىرىدا يورۇقلۇققا چىقىپ ئوچۇق ئاشكارا تارقىتىلىدۇ، ھەمدە ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدىكى زۆرۈر بولغان كىتاب بولۇپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا سىزگە ئائىلىڭىزدىكىلەرگە بەخت ئامەت ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن.** **bagdax, focus**

**(2)**

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئۇستاز، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئەركىن ئاكا تىنچلىقمۇ؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مەن ئەزىزانە شىنجاڭدىكى ئوقۇرمىنىڭىز، مەن خېلىدىن بىرى نامىڭىزنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بولسامۇ، لېكىن ئەھمىيەتسىز، تۇتۇرۇقسىز تۇرمۇش، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى تۈپەيلىدىن نادىر يازمىلىرىڭىزدىن ۋە ماقالىلىرىڭىزدىن خەۋەرسىز ياشاۋېتىپتىكەنمەن. يېقىندا تونۇشقىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، ئەمما پىكىر قاراش، ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز بىر يەردىن چىقىدىغان بىر ناتىۋان قېرىندىشىمنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن سىزنىڭ بىر قانچە يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇدۇم. بۇ يازمىلىرىڭىزدىكى كىشىلىك قەدىر-قىممەت، ياشاشنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى، ئادىمىيلىك توغرىسىدا كىشىنى ئالغا ئۈندەيدىغان، ھايات بوسۇغىسىدا تېڭىرقاپ قالغان ياشلىرىمىزنىڭ توغرا يولنى تېپىۋېلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان، ھازىرقى دەۋرىمىز خەلقىنى تەقەززا قىلىۋاتقان بىر نىشان كۆرسەتكۈچسىز، يول كۆرسەتكۈچسىز بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، چاڭقاق دىللارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان مول ھوسۇللۇق مەزمۇنلار مېنى خۇشال قىلدى، سۆيۈندۈم ھەم ئۆزۈم پەخىرلەندىم. شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىم، قانداق ياشىغانلىقىم، نېمىلەرنى قىلغانلىقىم، ئەسلى نېمە ئۈچۈن ياشىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدا يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا سوئال قويدۇم. گەرچە سىزگە تەشەككۇر سۆپىتىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان كۆڭلۈمنى ئورۇنلۇق سۆزلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسامۇ ، سىزنىڭ يات يۇرتتا خەلقىمىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان روھىڭىزغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن، ئاپىرىن سىزگە! تېخىمۇ مول ھوسۇللۇق بولۇڭ، ئاللاھ ئىگەم تېنىڭىزنى سالامەت، دىلىڭىزنى خۇش قىلغاي!**

**(3)**

**ئۆمىدىم شۇكى، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئالەم تەتقىقاتى ئورنى بولغان NASA دا سىزدىن كېيىن ئۇيغۇرنىڭ قەدىمى ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن ، ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىممۇ شۇ. سىز بىزنىڭ پەخرىمىز ، كىچىك ۋاقىتلىرىمدا دادام ماڭا سىزنى مىسال كەلتۈرۈپ مېنى ئۆگىنىشتە ئىلھاملاندۇراتتى، NASA غا يەنىمۇ كۆپ ئۇيغۇرنىڭ قەدەم بېسىشىنى تىلەيمەن. سىزنىڭ قازانغان نەتىجىلىرىڭىزگە ۋە مىللەت ئۈچۈن قىلغان ئەجرىڭىزگە بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. bagdax, Artteken**

**(4)**

**بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ ئۇيغۇرلار قەلبىدىكى ئورنى شۇنداق يۈكسەككى، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدۇ. بۇنىڭ بىر ئىسپاتى شۇكى، مۇنبەردە بىر-بىرىگە يول قويماي تالاش-تارتىش قىلىپ چىقىشالمايدىغان رەقىبلەرمۇ بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ يازمىلىرىنى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك مەدھىيىلىشىدۇ، باشقا زىيالىيلىرىمىزنى كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورلارمۇ بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ يازمىلىرى ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ قالىدۇ.**

**بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ بۇنداق يۈكسەك ئىناۋەتكە ئېرىشىشى مېنىڭچە تۆۋەندىكى خاسلىقلارنىڭ نامايەندە بولۇپ تۇرغانلىقىدىن بولغان:**

**1. ئۇ مىللىتىمىزنى چەكسىز سۆيىدۇ، لېكىن تار مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىدىن خالىي.**

2. ئىسلامغا بولغان ئېتىقادى مۇستەھكەم، لېكىن بىدئەت ئىدىيىلەردىن خالىي.
3. يازمىلىرىنىڭ ئىلمىيلىقى كۈچلۈك، لېكىن مۇرەككەپ، قىيىن ئەمەس.
4. ئادالەتنى ياقلايدۇ، پاكىتنى ئاساس قىلىدۇ، بىرتەرەپلىمە ئىدىيىلەردىن خالىي.
5. ئۇنىڭ يازمىلىرى ھەرقانداق مەنپەئەت ۋە شۆھرەتپەرەسلىك تەمەسىدىن خالىي، نەشر ھوقۇقى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ. bagdax, ashqin

(5)

ياخشىمۇ سىز بىلىمخۇمار ئاكا! ئالدى بىلەن سالام يوللاي .تۈنجى كىتابىڭىزنىڭ نەشردىن چىققىنى تەبرىكلەيمەن. ئۈتۈقلار بولسۇن! ئېلكىتاب كىتابخانىلارغا يەن-تېخىنكىنىڭ كۈچىنى، ئوقۇشقا قۇلايلىقلاشتۇرغان بولسىمۇ تۈنجى كىتابىڭىزنىڭ قىممىتى، سىزگە بولغان ھۆرمىتىم ئۈچۈن باسما نەشردىكى كىتابتىن ئالغۇم بار. ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىچىدىكى ئادىمىيلىكىڭىز ئىزچىل ھۆرمەتتە ئىدىم. شۇنداق ئالىمىز بارلىقىدىن مەستلىكىم كېلەتتى. ئىشلىرىڭىز ئۇتۇقلۇق بولسۇن! ۋەتەندىكى ۋە دۇنيادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئۈچۈن قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىڭىز ھەممىمىزنىڭ ئىستەك. bagdax, putin.

(6)

ھەربىر ماقالىڭىز ئىرادىلىك، تىرىشچان، ئىلىم سۆيەر كىشىلىرىمىزنىڭ كۆپلەپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ ھەم ئويناۋاتىدۇ. قايىل بولغان تەرەپلەر كۆپ، تېخىمۇ روناق تاپقايسىز ئۇستاز!  .bozqir, kitat

(7)

ئاللاھ ئەزىز تىنىڭىزنى ئامان، ئۆمرىڭىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! بىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز. ئاللاھ خالىسا بالام يېڭى تۇغۇلدى، سىزنى ئۈلگە قىلسىكەن، دەپ دۇئا قىلىمەن. قېرىنداشلارنىڭ ھەم ئوغلۇمنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن خالىس دۇئا قىلىپ قويۇشنى چىن كۆڭلۈمدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. رەھمەت سىلەرگە. bozqir, su

(8)

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ سىزنىڭ ھەربىر يازمىڭىز بىزگە مەجبۇرىيەت ـ مەسئۇلىيەتنىڭ نېمىلىكىنى تونۇتۇش بىلەن بىرگە، ئۈمىد ـ ئىشەنچ بېغىشلاپ كېلىۋاتىدۇ. ھەم بۇنىڭدىن كۆپ مەنپەئەتلىنىپ كېلىۋاتىمىز. ھەپتە ئاخىرى توردىن يازمىلىرىڭىزنى ئاختۇرۇپ كېتىمەن، يەنە بىر يازمىڭىزنى كۆرۈشكە شۇنچىلىك ئىنتىزارمەن. «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» نىڭ داۋامى ئۈزۈلۈپ قالمىسكەن، دەپ ئويلايمەن. مۇئەللىم بولۇش سۆيىتىم بىلەن سىزنى ۋە نەتىجىلىك ئۇيغۇرلارنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى چىڭىتىۋاتىمەن. كىتابىڭىزنى كۆرۈش مۇمكىن بولسا بەك ياخشى بولاتتى ئەلۋەتتە. بۇنداق يازمىلارنى ھازىرقى مەتبۇئاتلاردىن كۆرۈش

بەكمۇ تەس. ئاللاھ تېنىڭىزنى سالامەت، ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن. سىزنى بىزدىن بالدۇر ئايرىۋەتمىسۇن! bozqir, cheqin.

**(9)**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا، بۈگۈن سىزنى ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىدە كۆرۈپ ئىنتايىن خوش بولدۇم ۋە ھاياجانلاندىم. چۈشۈمدە بولسىمۇ كۆرۈشنى خالايدىغان ئارزۇلىرىم بۈگۈن ئەمەلگە ئاشتى. سىزنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازىڭىز ئەسلىدىنمۇ بەك يۇقىرى ئورۇندا ئىدى، ئەمما بۈگۈن بۇ ئورنىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا يۈكسەلدى. كەمتەرلىك ۋە كىچىك پېئىللىقىڭىز مېنى ھەيران قالدۇردى، ھەم تېخىمۇ قايىللىقىمنى قوزغىدى. ماشائاللا! ماڭا كىتابىڭىزنى سوۋغا قىلدىڭىز، ھەم ئوقۇشۇم توغرىسىدا تەكلىپ بەردىڭىز. ئاخىرىدا ھەم رەسىمگىمۇ چۈشتۇق. رەھمەت سىزگە!!!، سىزنىڭ غەلبە ۋە ئۇتۇقلىرىڭىز بىزگە ھەر زامان رىغبەت ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. مەنمۇ كومپيۇتېر كەسپىدىكى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇمنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇشقا تىرىشىمەن. مەندەك سىڭىلچاقنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئىنشاللاھ كېلەر يىلى ئۇتۇقلىرىمنى كۆرستىشكە تىرىشىمەن. ئاق يول تىلەيمەن، ئەركىن ئاكا. ئائىلىڭىزگە مەڭگۈلۈك خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ۋە بەخت تىلەيمەن، ئاللاغا ئامانەت. ئېلخەت، بىر سىڭىلدىن.

**(10)**

مېنىڭ بۈگۈنكى قىلغان ئىشىم شۇنداقلا ئېرىشكىنىم بۇ ماقالىنى ئوقۇش بولدى. ئەركىن سىدىق ئاكىمىز كۆپ جەھەتلەردە ئۆز مىللىتى ۋە يارەنلىرى ئۈچۈن ھەر كىمدە بولۇشقا تېگىشلىك «پىداكارلىق روھى» توغرىسىدا ئەتراپلىق قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. مەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆز قەۋمى-جامائىتى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئالىملارنى ھەقىقىي «ئالىم» دەپ قارايمەن. شۇنىڭدەك باشقا ساھەدىكى سىياسىيونلار بولسۇن، ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى، سەنئەتكار، ھۈنەرۋەن كاسىپلار، ھەتتا دېھقان-چارۋىچىلار بولسۇن ھەممىسىدە ئۆز قەۋمى-جامائىتى ئۈچۈن پىداكارلىق روھى بولغاندىلا ئۇلارنىڭ شۇ ئاتاقلىرىغا مۇناسىپ كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن. مەنمۇ ھاياتىمدا چوقۇم مۇشۇ نۇقتىنى ئېسىمدە ساقلايمەن. ئەركىن سىدىق ئاكا بارىكاللا!

# دىنىي ئېتىقاد ھەققىدە

## 2014-يىلى 2-ئاينىڭ 7-كۈنى

ئىلاۋە: مېنىڭ دىنغا ئائىت مەزمۇنلاردا ماقالە يېزىشىم ئۆزۈمنىڭ «غالىبلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ساۋاقلىرى» ناملىق 5 ـ كىتابىدىكى «ياپونلارنىڭ مىللىي روھى» دېگەن ماقالىسىدىن باشلانغان. مەزكۇر كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ تولۇق بولۇشى، ھەمدە ئوقۇرمەنلەرگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن مەن «ياپونلارنىڭ مىللىي روھى» دېگەن ماقالىدىكى دىنغا ئائىت مەزمۇننى بۇ يەرگە 1 ـ ماقالە قىلىپ كىرگۈزۈپ قويدۇم. بۇ ماقالىدىكى مەزمۇن كېيىنكى ماقالىلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، مەن ئوقۇرمەنلەرگە مەزكۇر كىتابتىكى باشقا ماقالىلەرنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن مۇشۇ قىسقا يازمىنى بىر قېتىم ئوقۇۋېتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**ياپونىيەدە ياشاۋاتقان بىر ئەرەب مېنىڭ بىر تونۇشۇمغا مۇنداق دېگەن: «ھەي، بۇلار ئاللاھنى تونۇماي تۇرۇپ بۇنچىلىك ئەدەپلىك، سەممىي ھەم تىرىشچان. بۇلار مۇسۇلمان بولغان بولسا، دىن ۋە پەننى قورال قىلىپ، پۈتكۈل دۇنياغا ھەقىقىي مۇسۇلمانىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەپ بىرەر ئىكەن.» ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، بىزنىڭ ھازىرغىچە توپلىغان چۈشەنچىمىزگە ئاساسلانغاندا، ياپونلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا قايىل قىلىش ئاسان ئەمەس. ئەمما مۇسۇلمانلارنى ياپونلارنىڭ ساپاسىدەك ساپاغا ئېرىشتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بار. بىراق ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولامدۇ-يوق، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىغا باغلىق. بىز ئۇيغۇرلار ساپا جەھەتتىن ياپونلاردەك بولالامدۇق-يوق، ئۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىش كۆرۈشىمىزگە باغلىق.**

**ئۇيغۇر دىيارىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى ماڭا يېقىندا يازغان بىر پارچە خېتىدە، ھازىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ۋە كۈچلۈك ئەمەس، ئوقۇشتا تىرىشىدىغانلار ۋە تىرىشمايدىغانلار، قاتتىق ئوينايدىغانلار ۋە ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغانلار دەپ بىر قانچە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، ھەمدە بۇ ئوخشىمىغان گۇرۇھلار ئۆز-ئارا ياخشى ئۆتۈشەلمەيدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. بىز ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك، ھازىر ئۇيغۇرچە تورلاردىكى ھەر خىل تېمىلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرىلەردە، ئوقۇرمەنلەر ئاسانلا دىنىي كۆز-قاراش جەھەتتە بىر قانچە قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىدە ئاشۇ تەرىقىدە بىر-بىرىنى ئەيىبلەيدىغان، ۋە بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىشلارمۇ خېلى كۆپ سادىر بولۇۋاتىدۇ. بىزگە كېلىۋاتقان خارلىق ھازىر يېتىپ ئاشىدىغان بولۇپ، مەن ھەر قېتىم تونۇشتىكى خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن كېلىپ چىققان، ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە پەيدا قىلىۋاتقان ئازابلارنى كۆرگەندە، يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتىدۇ.**

**ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىر قىسىم پىكىر ئىختىلاپلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىدەك بىر ھالەتكە كېلىپ قېلىشى ئىسلام دىنىدىن بولغان، دەپ قارايدىغانلار بىلەن، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ سەۋەنلىكى يوق، دەپ قارايدىغانلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتىدۇ. مەزكۇر ماقالە بىلەن ئالدىنقى ماقالىدە مەن ياپون**

پادىشاھى ۋە ياپون ئارمىيىسىدىن باشلاپ پۈتۈن ياپون خەلقىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان سەممىيەتلىكى، ئادىللىقى، ۋە مېھرىبانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەردىم. ئاشۇ سۈپەتلەرنىڭ ياپونلارنىڭ بۈگۈنكىدەك قۇدرەت تېپىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتتۈم. قېنى بىز ھازىر مۇشۇ يەردە «ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە كېلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىسلام دىنىمۇ، ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئازراق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ باقايلى.

مېنىڭچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئادىل ۋە توغرا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم چوقۇم ئىنتايىن يۇقىرى سۈپەتلىك، يەنى ئىنتايىن سەممىي، راستچىل، ھەققانىيەتچى، ئادىل ۋە ئىلمىي ئىسلامشۇناس، ھەدىسشۇناس، ۋە قۇرئان كەرىم مۇتەخەسسىسى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولالمىغان بىر ئادەمنىڭ يۇقىرىدىكى مەسىلە ئۈستىدە ئادىل يەكۈن چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ھازىرغىچە ئىگىلىگەن بىلىملەرگە ئاساسلانغاندا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، ۋە بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىمىز دىنىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان ئەمەس. ئىسلام بىر ئۇلۇغ دىن بولۇپ، بۇ ئىشتا دىنىنىڭ ھېچ قانداق گۇناھى يوق. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەر خېلى كۆپ ۋە ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە شەرھلەپ بولغىلى بولمايدۇ. مەن بۇ ھەقتە كېيىن بىر ئايرىم تېما يېزىشىم مۇمكىن. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، تارىختىن بۇيان دىنغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن بىر قىسىم كىشىلەر، يەنى، ئاخۇن، موللام، داموللام، ۋە شۇلارغا ئوخشاش دىنىي ئۆلىمالار ۋە دىنىنىڭ ئەمەل قالپاقلىرىنى كىيىۋالغان كىشىلەر، دىنىنى توغرا ۋە تولۇق چۈشەنمەي، دىنىي بىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىمەي، ئىقتىدارسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئەگەشكۈچىلىرىنى خاتا يولغا باشلىغان. ئىشنىڭ ئۇنداق بولۇپ قېلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر شەخسىي غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مەلۇم بىر شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، دىنىنى قەستەن بۇرمىلاپ، ئۆزىگە پايدا يەتكۈزىدىغان خاتا نەرسىلەرنى دىنىنىڭ تەلىماتى، دەپ تەرغىب قىلىپ، مۇسۇلمان ئەگەشكۈچىلەرنى ئالداپ، مۇسۇلمان ئەگەشكۈچىلەرنى گوللاپ، دىنىي ساھەدە ئىنتايىن چوڭ قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلغان. ھەمدە مۇسۇلمان ئەگەشكۈچىلەرنى ئىنتايىن نادان ۋە ئىنتايىن ھاماقەت ھالەتتە ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

مەن تۆۋەندە دىندا باشقىلارغا خاتا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن دىندا باشقىلارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىشقا بىردىن مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ھىندىستانلىق سەييىد ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى (1903ـ 1979) بىر ئاخباراتچى، ئىلاھىيەتشۇناس، مۇسۇلمانلار گۇللىنىش مەجلىسىنىڭ رىياسەتچىسى، سىياسىي پەيلاسوپ ۋە 20ـئەسىردىكى ئىسلامىيەت مۇتەپەككۇرى بولۇپ [7]، ئۇ مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ھەرقانداق بىر مىللەت قۇرئان كەرىمگە ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق مەغلۇبىيەت ۋە خارلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، ئۇلار چوقۇم ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە خىلاپلىق ۋە ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىنى ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن بىر يولى، مەزكۇر چوڭ گۇناھتىن يېنىپ، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ھەققىگە يارىشا قەدىرلەشكە (ئەمەل قىلىشقا) تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنداق قىلمايدىكەن، مەيلى ئۇ مىللەت ھەر بىر يېزىغا بىردىن مەكتەپ ئاچسۇن، مەيلى پۈتۈن ئەۋلادلىرى ئۇنىۋېرسىتېت پۈتكۈزگەن بولسۇن، مەيلى

خىلمۇ-خىل يوللار ئارقىلىق پۇل تېپىپ، مىليون-مىليونلاپ دۆۋىلىۋالغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ھەرگىز ئۆزگەرتىلمەيدۇ.»

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بار بولغىنىدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سەممىيلىك بىلەن لاياقەتلىك مۇسۇلمان بولۇشقا تىرىشىدۇ. ھەرگىزمۇ قەستەنلىك بىلەن ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە خىلاپلىق ۋە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە خىلاپلىق ۋە ئاسىيلىق قىلىپ قالىدىغانلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ھەتتا بەزىدە ساۋاتسىز بولۇپ، قۇرئاننى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىشكە ئىقتىدارى ياكى ئەقلىي قۇدرىتى يەتمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىسلام تونىغا ئورىنىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىگە داغ كەلتۈرىدىغان جىنايەت ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرۈۋاتقانلار، مەسىلەن، چەت ئەللەردە ھەر خىل تېررورىزم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار بار. ئۇ ئادەملەر ئەسلىدە مۇسۇلمان، دەپ ئاتىلىشقا شەرتى توشمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، مۇشۇ مۇھاكىمىنى يولىدا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قېنى بىز ئۇلارنى ھازىرچە «مۇسۇلمان» دەپ تۇرايلى. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىنى 1.6 مىليارد، چەت ئەللەردە ئىسلام تونىغا ئورىنىۋېلىپ جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ سانىنى 16000 دېسەكمۇ، بۇ يامان ئادەملەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران 0.001 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ [8]. يەنى، مۇسۇلمانلار ئاساسەن لاياقەتلىك مۇسۇلمانلار، ياكى لاياقەتلىك مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئەرەب زېمىنلىرىدىمۇ ياشىمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئەرەبچە قۇرئاننى ئوقۇيدۇ. ئەرەبچە سۈرە ۋە ئايەتلەردىن نۇرغۇنلىرىنى يادلىۋالىدۇ. ھەتتا پۈتۈن ئەرەب تىلىدىكى قۇرئاننى بېشىدىن ئاخىرىغىچە يادلاپ بولغان ئۇيغۇرلاردىنمۇ خېلى كۆپ ئادەم بار. مېنىڭ رەھمەتلىك چوڭ دادام، يەنى ئاپامنىڭ دادىسىمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تولۇقسىزنى پۈتتۈرگۈچە مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ بولمىغانلىقى، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ساۋاتسىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ھەر قانچە تىرىشسىمۇ، قۇرئاننى ۋە ئىسلامنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىپ كېتىش ئىمكانىيىتى يوق. مېنىڭ ھازىرغىچە ھېس قىلىشىمچە، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇپ، ئۇنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. يەنى، مېنىڭچە ئەڭ كەم دېگەندىمۇ مەكتەپنى تولۇقسىزنى تاماملىغۇچە ئوقۇپ بولالمىغان بىر ئادەمدىن قۇرئاننى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىپ بولۇشنى تەلەپ قىلىش خېلى ئېغىر ئادالەتسىزلىك بولۇپ قالىدىكەن.

يېقىندا خەلقئارالىق بىر ئورۇن پۈتۈن دۇنيادىكى ئەللەرنى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بويىچە تىزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئالدىنقى 50 دۆلەتنىڭ ئىچىگە مۇسۇلمانلار دۆلىتىدىن پەقەت قاتار بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكلا 40 نەچچىنچى ۋە 50-ئورۇنغا كىرەلىگەن [9]. بۇ ئىككى دۆلەتمۇ ئۇ ئىككى ئورۇنغا ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ ئەمەس، نېفىت سېتىپ تاپقان پۇلى بىلەن كىرگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، 2013-يىلى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئامېرىكا پاتېنتىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئىلتىماسى تەستىقلانغان پاتېنتلارنىڭ سانى جەمئىي 277835 بولۇپ، ئاشۇ پاتېنتلارنى ئەڭ كۆپ ئالغان دەسلەپكى 50 شىركەتنىڭ ئىچىدە 19 ياپونىيە شىركىتى بار ئىكەن [10].

دېمەك، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئاساسەن «مەغلۇبىيەت ۋە خارلىق ئىچىدە» ياشاۋاتىدۇ.

يۈقىرىدىكى تىزىملىكتىكى ئالدىنقى 40 ئورۇنغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىچىدە دىنغا ئىشەنمەيدىغان، ھەتتا خۇدانىڭ بارلىقىنىمۇ قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدىغان خەلقلەر كۆپ. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن بولغان، دېيىلسە، ھېلىقىدەك دىنسىزلارنىڭ، ۋە ياپونلارغا ئوخشاش ئېتىقادى بار بولسىمۇ ئىمانى يوق مىللەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز قۇدرەت تېپىپ مېڭىشىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

شۇڭلاشقا، مېنىڭچە مەۋدۇدىنىڭ يۈقىرىدىكى سۆزلىرىدە ئېغىر مەسىلە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) مەۋدۇدىنىڭ سۆزى بىرەر مۇقەددەس كىتابتىكى، يەنى، قۇرئان ياكى ھەدىستىكى، مەزمۇنلارغا ئاساسەن دېيىلمىگەن. پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ خىيالىغا ئاساسەن ئېيتىلغان .

(2) مەكتەپتە ئوقۇمىغانلار قۇرئان ۋە ئىسلامنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ. قۇرئان ۋە ئىسلامنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنەلمىگەنلەر ئۇنى توغرا ئىجرا قىلالمايدۇ. ئاشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ناچار كۈنگە قېلىشىنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن بولغان دېيىش، مېنىڭچە ئاللاھقا قىلىنغان تۆھمەت، ئاللاھقا قىلىنغان ھاقارەت، ۋە ئاللاھقا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك.

(3) مەكتەپ قۇرۇش ۋە مەكتەپتە ئوقۇش قۇرئاننى ۋە ئىسلامنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭلاشقا مەكتەپ ۋە مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىش ھېچ قانداق مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

(4) مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىپ كېتىشى ۋە ھازىرقىدەك ئارقىدا قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ يەنە بىرى، مۇسۇلمانلار لاياقەتسىز دىنىي لىدېر ۋە دىنىي داھىيلارنىڭ خاتا يېتەكچىلىكى ئاستىدا، «ھەممە بىلىم قۇرئاندا بار، شۇڭا باشقا پەنلەرنى ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق»، دەپ قاراپ، پەننىي بىلىم دەرسلىرىنى مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر قاتارىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. ھازىرقى زاماندىمۇ مەكتەپ ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇشنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىش، بىر ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك.

**ئىلاۋە:** يۇقىرىدا مەن پەقەت مەۋدۇدىنىڭ بىر ئابزاس سۆزى ئۈستىدىلا مۇلاھىزە يۈرگۈزدۈم. ئۇنىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك باھا بەرمىدىم. مەزكۇر مەسىلىگە قارىتا پىكىر قاتناشتۇرىدىغان قېرىنداشلارنىڭ بۇ نۇقتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەمدى مەن لاياقەتلىك دىنىي لىدېرلاردىن بىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. مەن تونۇشتۇرىدىغان كىشىنىڭ ئىسمى دوكتور ياسىر قازى (Abu Ammaar Yasir Qadhi) [13]. ياسىرنىڭ ئاتا-ئانىسى ئامېرىكىغا پاكىستاندىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ياسىر ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتىدا تۇغۇلغان. ئۇ بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى سەئۇدى ئەرەبىستانغا كۆچۈپ كەتكەن. ياسىر تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە شۇ يەردە ئوقۇغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتى بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقداشلىرىدىن ئىككى يىل بالدۇر پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، تېكساستىكى ھيۇستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئالغان، ھەمدە ئامېرىكىنىڭ «دوۋ خىمىيىسى» شىركىتى ( Dow Chemicals) دە بىر مەزگىل ئىشلىگەن. 1996-يىلى ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانغا قايتىپ بېرىپ

ئوقۇپ، مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەدىس ۋە ئىسلام ئىلمى فاكۇلتېتىدا ئەرەب تىلىنىڭ يەنە بىر باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. ھەمدە ئاشۇ مەكتەپنىڭ داۋا فاكۇلتېتىدا ئىسلام تېئولوگىيە كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. 2005-يىلى ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەن، ھەمدە يالى ئۇنىۋېرسىتېتى (Yale University) نىڭ ئىسلام تەتقىقاتى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئەنگلىيە «دەۋر ئالىي مائارىپى» ژۇرنىلى تىزىپ چىققان، 2013-2014-يىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان 50 ئالىي مەكتەپ تىزىملىكىدە، يالى ئۇنىۋېرسىتېتى 11-ئورۇندا ئىكەن (بۇ تىزىملىكتە بىزنىڭ باش ئىدارىمىز بولغان كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى 1-ئورۇندا بولۇپ، ئۇ 2011-يىلدىن باشلانغان 3 ئوقۇش يىلىنىڭ ھەممىسىدە بىرىنچىلىكنى ئېلىپتۇ) [12]. يەنى، ياسىر ئامېرىكىغا جايلاشقان دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئىسلام تەتقىقاتى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ ھازىر نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردە لىدېرلىق ۋە تەتقىقاتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ بىرى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىلىكى ئىكەن. ئۇ ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە نۇرغۇن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېرىپ، ئىسلام ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ لېكسىيىسىنىڭ سىن ھۆججىتى يۇتيۇب (YouTube) تا كەڭ تۈردە تارقىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

ياسىر ئەپەندىنىڭ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەنگەن لېكسىيىلىرى بىر-بىرىدىن ئېسىل بولۇپ، مەن ئۇلارنى ئىنتايىن ياقتۇرۇش ھەمدە ناھايىتى ھۇزۇرلىنىش ئىچىدە كۆرۈۋاتىمەن. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان لېكسىيىسىنىڭ تېمىسى «ئۈممەتلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتى» بولۇپ، بىر قىسىم ئوت يۈرەك ياشلىرىمىز بۇ لېكسىيىنىڭ تىلىنى ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ھەر بىر جۈملە سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلىشىنى ئەسلىدىكى سىن كۆرۈنۈشىنىڭ ئاستىغا چىقىپ تۇرىدىغان قىلىپ قويۇپتۇ (بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى قىلغان ئاشۇ قېرىنداشلارغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت). ئۇ سىن ھۆججىتىنى بۇ يەردىن كۆرەلەيسىز:

http://v.youku.com/v_show/id_XNTUyNzE1MTY4.html

ياسىر ئەپەندى مەزكۇر لېكسىيىدە پەقەت ھەدىستىكى مەزمۇنلارغىلا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ (قىسقىچە مەزمۇنى، ھەرگىزمۇ سۆزمۇ-سۆز تەرجىمىسى ئەمەس، تولۇق مەزمۇنغا قىزىققۇچىلار ئەسلىدىكى بىر سائەتلىك سىن ھۆججىتىنى كۆرۈڭ. شۇنىمۇ ئەستە ساقلاڭكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سۆزلەر ھەدىستىكى گەپلەر، ھەرگىزمۇ ياسىر ئەپەندى ئۆزى ئويلاپ چىققان سۆزلەر ئەمەس):

ئۈممەتلەرنىڭ ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە كېلىپ قالىدىغانلىقىدىن ھەدىستە ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن. بۇ يەردىكى «ھازىرقى ھالەت» دېگىنىمىز مۇنداق بىر ھالەت: مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۆپىيىدۇ. مەسىلەن، ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى 1.6 مىليارد بولۇپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما، سانى زور بولسىمۇ، ئۇلاردا ساپا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ سۈپىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. يەنى، مۇسۇلمانلار خۇددى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاپ قالىدۇ: سانى كۆپ، سۈپىتى يوق. بۇ چاغدا خۇدا مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇن «فىتنىلەر» نى ئەۋەتىدۇ. بۇ يەردىكى «فىتنە» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى «ئالتۇن رۇدىسىنى تاۋلاپ، ساپ ئالتۇننى ئايرىپ چىققۇچى ئادەم»، ياكى «ئالتۇن رۇدىسىنى كۆيدۈرۈپ، ساپ ئالتۇننى ئايرىپ چىققۇچى ئوچاق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ «ساپلاشتۇرغۇچى» ياكى «تاۋلىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. فىتنىلەر

دولقۇنسىمان كېلىدۇ. كېيىنكى دولقۇن ئالدىنقى دولقۇندىن چوڭراق ۋە كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بۇ پىتنىلەر مۇسۇلمانلارنى ئۆز مەيلىچە ياكى خالىغىنىچە ئاياق-ئاستى ۋە بوزەك قىلىدۇ، ھەممە خارلايدۇ.

ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز ئەھۋاللاردىن ئالدىن بېشارەت بېرىلىش بىلەن تەڭ، بۇ ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ مۇنداق 6 تەدبىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

(1) ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇش

(2) ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە كۆپەيتىش

(3) باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشنى كۆپەيتىش ۋە كۈچەيتىش

(4) ئىسلامنى ھەقىقىي تۈردە قاتتىق ئۆگىنىش، شۇ ئارقىلىق ئۇنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىۋېلىش

(5) ئىسلامنى باشقىلارغا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش، ھەممە باشقىلارغا كەڭ-كۆلەممە ۋە توغرا ئۆگىتىش

(6) ئاقىلانە ئىشلارنى قىلىش، ئىشلارنى ئەقىل-پاراسەتنى ئىشلىتىپ قىلىش، سەۋر قىلىش، ياخشى كۆڭۈلەر كەلگۈچە بەرداشلىق بېرىش ۋە قاتتىق تىرىشىش

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلەر ھەدىسكە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى بايانلارغا «ھەقىقەت» دەپ قارايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىمۇ ھەق گەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. مەن بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ لېكسىيەنى بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىز ئىسلام دىنىنىڭ پايدىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناھايىتى كۆپ زىيانلارنىمۇ تارتتۇق ھەم ھازىرمۇ تارتىۋاتىمىز. بىزنىڭ زىيان تارتىشىمىزنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرى، خەلقىمىزنى دىنىي جەھەتتە يېتەكلەش تۈزۈكرەك ئوقۇپ باقمىغان، ئىسلامنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنمەيدىغان بىر قىسىم چالا موللىلارنىڭ قولىغا قالغانلىقى، دېسەك، مېنىڭچە خاتالاشمايمىز. ئەگەر سىز مۇشۇ قاراشقا قوشۇلسىڭىز، بۇ خىل ناچار ھالەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا، مېنىڭ سىزگە يەنە تۆۋەندىكىدەك تەۋسىيەلىرىم بار:

-- ئەگەر سىز بىر دېھقان بولماقچى بولسىڭىز، ئوقۇغان دېھقان بولۇڭ.

-- ئەگەر سىز بىر موللام بولماقچى بولسىڭىز، ئوقۇغان موللام بولۇڭ.

-- ئەگەر سىز بىر ئوقۇغان ئادەم بولسىڭىز، ئىسلامنىمۇ توغرا ۋە تولۇق ئۆگىنىڭ، ھەممە شۇ ئاساستا خەلقنى دىنىي جەھەتتە نازارەت قىلىپ ۋە توغرا تەرەپكە يېتەكلەپ، ئۇلارنى باشقا ھەممە ئىشلاردا توغرا يولغا باشلاشقا تىرىشىڭ. ئۇنداق قىلىشنى خالىمىسىڭىز، ياكى ئۇنىڭغا قۇربىتىڭىز يەتمىسە، خەلقنى يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى مەكتەپ قارىسىنى تۈزۈكرەك كۆرۈپ باقمىغان موللىلارغا ئارتىپ قويغاندا، ھازىرقىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، يەنى، بىزنىڭ يامان كۈنگە قېلىشىمىز دىنىمىزنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەسلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

-- ئەگەر سىز بىر تەربىيىلىگۈچى بولسىڭىز، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ پۇچەك ئادەم، يالغان ئادەم، ۋە تايىنى يوق ئادەم بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنى ياپونلارغا ئوخشاش تولۇق ئادەم، ھەقىقىي ئادەم، ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان، پەخىرلىنىدىغان، غۇرۇرلىنىدىغان، ھەر قانداق زامان، ھەر قانداق ماكان، ۋە ھەر قانداق مۇھىت ئىچىدە «مەن ئۇيغۇر»

دەپ كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيىلەشكە قولىمىزدىن كېلىشىچە تىرىشىڭ.

دىن ۋە ئىلىم-پەننى ئىگىلەشتە ئاسانلا ئۇنۇم بېرىدىغان «قىسقا يول» (short-cut) مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ئىشتا چوقۇم ياپونلاردىكىدەك روھ بولۇشى كېرەك. مۇشۇ بىر ھەقىقەتنى يېڭى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك. ئۇيغۇرلاردا بىر-قەدەر ئېغىر ساقلىنىۋاتقان، يېپەك-يولى دەۋرىدىن قالغان «تىجارەتچى» خاراكتېرى بىر مەزگىل ئۇنۇم بەرگەن. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى بىزگە ياپونلار روھى ۋە ياپونلار خاراكتېرىگە ئوخشاش روھ ۋە خاراكتېر كېرەك. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىن ئېلىپ، ئۇ يەردە كىچىككىنە پايدىغا سېتىپ ئەمەس، ئۆزىمىز ياساپ چىققان نەرسىلەرنى سېتىپ ياشاشقا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك .

ئەگەر دىققەت قىلغان بولسىڭىز، يۇقىرىدىكى 6 تەدبىرنىڭ ئىچىدىكى 6-تەدبىر «ئاقىلانە ئىشلارنى قىلىش، ئىشنى ئەقىل-پاراسەتنى تولۇق ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ قىلىش» بولۇپ، بۇ ياپونلارنىڭ تەبىئي خاراكتېرىنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش.

دىنىي ساھەدە ياشلىرىمىز ئارىسىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئاجايىپ ئېسىل يېڭىلىقلار ۋۇجۇدقا كېلىۋاتىدۇ. مەن دىنىي جەھەتتە بىر مۇسۇلمان بولۇپلا ئەمەس، بەلكى بىر دىنىي لىدېر ياكى دىنىي داھىي بولۇپ ياشاشنى ئىستەيدىغان قېرىنداشلارغا، دوكتور ياسىر قازى ئەپەندىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ئۈلگە قىلىشنى، بولسا ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مەن ھازىرغىچە ياشىغان ھاياتىمدا ھېس قىلغان بىر نەرسە شۇكى، ئۆسمۈرلەرگە مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئۆز يۇرتىدىن كۆپ يىراق بىر ماكانغا جايلاشقان دەرسخانىلاردا دەرس قىلىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئۆگىتىش ئاسان ئەمەس. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىلىم ئېلىش ۋە باشقىلارغا بىلىم بېرىشتىكى سەممىيلىك، راستچىللىق، ئىلمىيلىق، ۋە ئادىللىقنى سەممىيلىك، راستچىللىق، ئىلمىيلىق ۋە ئادىللىق ئانچە مەۋجۇت ئەمەس بىر ماكاندا تۇرۇپ ئۆگىنىشمۇ ئاسان ئەمەس. مەن بىزدە ھەم بىرەر مۇسۇلمانلار دۆلىتىدە، ھەم غەرب ئەللىرىدە ياكى ياپونىيەدە ئوقۇپ باققان بىر قىسىم دىنىي لىدېرلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

ئەمدى مۇشۇ قىسىمنىڭ ئەڭ بېشىدىكى گەپكە قايتىپ كەلسەك، ھازىر دىن توغرۇلۇق گەپ تالىشىپ، ئۆز-ئارا كۆڭۈل ئازابى پەيدا قىلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخى ئۆگىنىش باسقۇچىنىڭ «چالا موللىلار» بالدىقىدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەر. شۇڭلاشقا، مېنىڭچە بىز ھازىرچە قۇرۇق گەپ تالاشماي، بىلىم توپلايلى. ھەممە ئۆز-ئارا بىلىم ئالماشتۇرۇپ، بىر-بىرىمىزنىڭ بىلىمىنى تولۇقلايلى ۋە كۆپەيتەيلى. ئاشۇنداق قىلىپ تەرەققىي قىلىپ، بىر يېتەرلىك سەۋىيىگە يەتكەندە، ئاندىن دىن توغرۇلۇق ئىجابىي مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارايلى. ئۇنداق قىلماي، بىلمەي تۇرۇپ تالاشساق، بىز ھېچ يەرگە بارالمايمىز. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆز-ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىمىز.

مەن ئاخىرىدا تەكىتلەپ قويىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ياسىر ئەپەندى تىلغا ئالغان يۇقىرىدىكى 6 تۈرلۈك ئىشنىڭ ئىچىدىكى 6-ئىشنى ھەرگىزمۇ خاتا چۈشىنىۋالماڭ. ئۇ يەردە دېيىلگىنى ھەرگىزمۇ خۇدا ياخشى كۆنگە ئېرىشتۈرگۈچە، قول-قولاشتۇرۇپ ساقلاپ تۇرۇش، ھەممە ئىشقا، جۈملىدىن ئادالەتسىزلىك، ھەققانىيەتسىزلىك ۋە قۇللۇققا، سەۋر قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر بەندىلىرىنىڭ

ئىشلىرىنى خۇدا ئۆزى قىلىپ بەرمەكچى بولغان بولسا، خۇدا ھەرگىزمۇ بەندىلەرگە ئەقىل بىلەن جىسمانىي كۈچنى ئاتا قىلمايتتى. بىز 5 ئەسىر سەۋر قىلدۇق. شۇڭا كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز ھازىرقى شۇ. ئەگەر بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سەۋر قىلىپ ياشاۋەرسەك، يوقاپ كېتىمىز، ئۆزىمىزنى ساقلاپ تۇرالايدىغانغا يەنە بىر-ئىككى ئەسىر ۋاقىت بارمۇ-يوق، ئۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. بۇ مەسىلىنى تولۇق ئانالىز قىلىش، كەم دېگەندە ئۇزۇن ماقالىدىن يەنە بىرنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن كېيىنچە ئاشۇنداق ماقالىدىنمۇ بىرنى يېزىشىم مۇمكىن. «ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىدىن قانداق ياشاشنى ئۈمىد قىلىدۇ؟» بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ياپونلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئىزدەڭ. بىزنىڭ مەزكۇر ماقالىدىن كۆرگىنىمىزدەك، ياپونلار ئىسلام، خىرىستىئان، جۇدائىزىم ۋە بۇددىزىم دىنلىرى بويىچە قارىغاندا بىر «دىنسىز» مىللەت. لېكىن، ئۇلار «ئېتىقادسىز مىللەت» ئەمەس. يەنى ئۇلار ئېتىقادى بار، ئەمما ئىمانى يوق مىللەت. ئەمەلىيەتتە ياپونلارنىڭ ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئىنتايىن تەكشى، ۋە ئىنتايىن ساپ. ئىشەنمىسىڭىز ئۇنى ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. مېنىڭچە بىز ھازىر قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى دىنىي ساھەدىكى «ئەخلەت» لەرنى تازىلاش. دوكتور ياسىر قازى ئەپەندىنىڭ ھەممە ئىنگلىزچە لېكسىيىلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ ئوقۇپ بېقىشىغا سۇنغاننىڭ زور پايدىسى بار. يەنى خەلقىمىز ئارىسىدا تارقالغان دىن جەھەتتىكى قالايمىقان چۈشەنچىلەرنى «رېمونت قىلىش» قا ناھايىتى زور پايدىسى بار. بۇ ئىشنى قىلالايدىغان قېرىنداشلارنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭ ھازىرغىچە ئىگە بولغان چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، پەقەت كۆڭزى تەلىماتىلا ئوقۇش ياكى مائارىپنى ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلىنغان 4 چوڭ مۇھىم ئىشنىڭ بىرى قاتارىدا قاتتىق ۋە ناھايىتى ئېنىق تىل بىلەن تەكىتلىگەن. قالغان چوڭ دىنلار بولسا ئىلىم-پەننى دىن بىلەن زىددىيەتلىك بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىمىغان. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىمدە «ئوقۇش» ۋە «بىلىم ئىگىلەش» سۆزلىرى كۆپ قېتىم ئىشلىتىلگەن. ئەمما، ئۇنى كۆڭزى تەلىماتىدىكىدەك ئەگەشكۈچىلەر چوقۇم قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلار قاتارىدا قاتتىق تەكىتلەپمۇ كەتمىگەن. بۇنداق بولۇشنى ئاشۇ دىنلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ ئاللاھتىن چۈشكەن ۋاقتىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. ياۋروپانىڭ 16- ۋە 17-ئەسىرلەردىكى ئىلىم-پەن ئىنقىلابى مەزگىلىدە، خىرىستىئانلار دىنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىپ، ئىلىم-پەنگە دىنىنىڭ سىرتىدا يول قويۇش قىلغان. يەنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەندە گۈللەنگەن دەۋرى ئاخىرلىشىشقا قاراپ ماڭغاندا، ياۋروپالىقلار ئىلىم-پەنگە دىنىي ساندۇقنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشنى باشلىغان. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، بىزنىڭ يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك 6 ئىشنىڭ ئىچىدە ئىلىم-پەننى ئۆگىنىش ئوچۇق، كۈچلۈك ياكى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكىتلەنمىگەن. شۇڭلاشقا بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم-پەننى ئۆگىنىش مەسىلىسىدە دىققىتىمىزنى دىنىنىڭ ئىچىدىن جاۋاب تېپىشقىلا ئەمەس، دىنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ھازىرقى دۇنياغا نەزەر سېلىپ، ئۆزىمىزگە بىر مۇۋاپىق جاۋاب ياكى يول تېپىشقىمۇ قارىتىشىمىز كېرەك. دوكتور ياسىر قازىنىڭ يەنە بىر لېكسىيىسىدە دېيىشىچە، ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ 7-ئەسىردىن باشلاپ گۈللىنىشىگە مۇنداق ئىككى ئامىل سەۋەبچى بولغان: بىرى ئىماننىڭ كۈچلۈك بولۇشى. يەنە بىرى زامانىۋىلىققا قۇچاق ئېچىشى. يەنى، زامانىۋى پەن ۋە زامانىۋى تېخنولوگىيىلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ قوبۇل قىلىشى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كېيىنچە خارابلىشىشقا قاراپ مېڭىشىمۇ ئاشۇ ئىككى ئامىلدىن بولغان. يەنى، ئىماننىڭ

سۈسلىششى، ۋە زامانىۋىلىقنى چەتكە قېقىشى. مەن بۇ ھەقتە كېيىن يازىدىغان بىر پارچە ماقالىدە يەنە مەخسۇس توختىلىمەن. خرىستىئان دىنىدىكىلەر ئىلىم-پەن ئىنقىلابىنى باشلىغاندا، دىنىنىڭ چەكلىمىسىدىن قانداق قۇتۇلغان؟ مۇشۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ ئۆزىلا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە بولالايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن خېلى زور پايدىسى بار. شۇڭا قىزىقىدىغان قېرىنداشلارنىڭ بۇ تېمىنى ئويلىشىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرى قانداق شەكىللەنگەن؟

**2014-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى**

مەندە 1550-يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا نېمە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، ھەمدە ئۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىۋېلىش ئىستىكى تۇغۇلغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. مەن ئالدىنقى قېتىم يازغان، ياپونلار ھەققىدىكى 1-ماقالەمدە ئاشۇ تارىختىن خەۋىرى بار قېرىنداشلار بولسا، ئۇنى يېزىپ چىقىپ، بىلىمنى بىز بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدىم. ئەمما، مەن ھازىرغىچە بۇ ھەقتە يېزىلغان يازمىلاردىن بىرەرنى تېخى كۆرمىدىم. شۇڭلاشقا بۇ ھەقتە ئۆزۈم ئازراق ئىزدەنگەچ تۇردۇم. ھەمدە يېقىندا ئىسلام دۇنياسىنىڭ گۈللىنىش ۋە ئاجىزلىشىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە بىر قىسىم قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم. مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەت تېپىش ۋە ئاجىزلىشىش جەريانىنىڭ بىر قىسمى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران قىلىنىشى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسىدىن ئايرىلىپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا تۇرىدىغان بىر خەلىپىسى مەۋجۇت بولمىغان بىر يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا مۇسۇلمانلار دۇنياسى نۇرغۇنلىغان كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى بىر يېڭى شەكىلگە كىردى. ئاشۇ شەكىل تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەن كېيىن يازىدىغان بىر پارچە ماقالىدا مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ سىياسىي ۋە ئىلىم-پەن جەھەتتىن دەسلەپتە گۈللىنىپ، 500 يىلدەك ۋاقىت «ئالتۇن دەۋر» دىن ھۇزۇرلىنىپ، كېيىن ئاجىزلىشىشقا قاراپ مېڭىش جەريانى بىلەن ئاساسىي سەۋەبلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمەن. ئاشۇ مەزمۇنلارغا ئاساس سېلىش يۈزىسىدىن، مەزكۇر ماقالىدا 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قانداق گۇمران قىلىنىپ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا نېمە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى، بولۇپمۇ ھازىرقى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

مەن مەزكۇر ماقالىنى تەييارلاشتا پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىيال دوكتور ياسىر قازىنىڭ «1914-يىلى: ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ شەكىللىنىشى» دېگەن ئىنگلىزچە لېكسىيىسى بولۇپ [1]، ماقالىغا ئاشۇ لېكسىيىنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىلىرىنى كىرگۈزدۈم. بۇ لېكسىيە 2014-يىلى 15-يانۋار كۈنى ئامېرىكا تېنىسى (Tennessee) شتاتى مەمفىس شەھەرلىك ئىسلام مەركىزى (http://www.memphisislamiccenter.org) دە سۆزلەنگەن. مەن دوكتور ياسىر قازى [2] ھەققىدە ئالدىنقى «ياپونلارنىڭ مىللىي روھى» [3] دېگەن ماقالەمدە ئازراق چۈشەنچە بەرگەن بولۇپ، ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمەن. مەن بۇ قېتىم يۇقىرىدىكى لېكسىينى قايتا-قايتا ئاڭلاپ، بەزى ئۇقۇملارنى دېگەندەك ئوبدان چۈشىنەلمىگەندە، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىنگلىزچە تور ماقالىلىرىنى تېپىپ كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ چۈشەنچىسىنى تولۇقلىدىم. ھەمدە ئاشۇنداق چۈشەنچىلەرنىڭ بىر قىسمىنىمۇ مەزكۇر ماقالىغا كىرگۈزدۈم.



1 ـ رەسىم: دوكتور ياسىر قازىنىڭ 2014 ـ يىلى 15 ـ يانۋاردا مەزكۇر لېكسىيىنى بېرىۋاتقان بىر كۆرۈنۈشى.


**مەن ئۆتكەندە يەھۇدىيلار توغرىسىدا ئىككى پارچە ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاشۇ ماقالىلەرگە چۈشكەن ئىنكاسلاردىن، بىزنىڭ بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يەھۇدىيلارغا ناھايىتى ئۆچ ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ھەمدە بۇنداق ئۆچلۈكنىڭ بىزنىڭ ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پەلەستىنلىك مۇسۇلمانلارغا بولغان ھېسداشلىقىدىن كەلگەنلىكى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەندە مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان تارىخىي تونۇشلارنى بىلىۋېلىش ئىستىكىمۇ تۇغۇلغان ئىدى. دوكتور ياسىر قازى يۇقىرىدىكى لېكسىيىسىدە 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ، مەن مەزكۇر ماقالىدە ئۇنىمۇ قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مەقسىتىم پاكىتلارنى ئېنىقلاپ چىقىش ئارقىلىق، قېرىنداشلارنى توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش. ھازىر بىز دوستلارنى كۆپەيتىشكە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان بىر دەۋرنى ئۆز بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتىمىز. شۇڭا ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، مۇھەببەت بىلەن نەپرىتىمىزنى توغرا ئاساسقا ئىگە قىلىش ھەممىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مۇھەببەت بىلەن نەپرىتىمىزنىڭ ئوبيېكتىنى تاللىغاندا، سەۋەب ناھايىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن بىز باشقىلارغا بىر تايىنى يوق مىللەت بولۇپ تۇيۇلۇپ، يېڭى دوست تۇتالىشىمىز ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بار دوستلىرىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئىشلىرىمىز ئاقماس بولۇپ قالىدۇ. مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇ جەھەتتىمۇ بىر ئاز ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.**

**سىز مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇش ئارقىلىق، 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا ياۋروپا بىرلەشمە كۈچىنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىدا، ئەنگلىيەنىڭ سۇيىقەستى ۋە شۇ سۇيىقەستكە ئالدانغان مىسىر بىلەن مەككىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ياردىمى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى، ھەمدە زىئونىست (ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇشنى ياقلايدىغان يەھۇدىي) لارنىڭ پەلەستىن تۇپرىقىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىش باشلىشىغا ئەنگلىيە يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيسىز.**

**مەندە مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرۇلغان تارىخقا ئائىت ھېچ قانداق ئۇيغۇرچە ماتېرىيال يوق. شۇڭلاشقا مەن بىر قىسىم ئادەم، جاي ۋە ۋەقەلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۇيغۇرچىدا توغرا ئالالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەردىن ئالدىن كەچۈرۈم سورايمەن، ھەمدە تۈزىتىپ ئوقۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.**

## 1. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئوسمان باي يېتەكچىلىكىدىكى ئوغۇز تۈركلىرى 1299-يىلى ئاناتولىيىدە ئوسمانلى دۆلىتىنى قۇردى [4]. 1453-يىلى مەخمەت-2 كونستانتىنوپول (Constantinople، ھازىرقى ئىستانبۇل) نى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئوسمانلى دۆلىتىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە ئۆزگەرتتى. 16- ۋە 17-ئەسىردە، بولۇپمۇ سۇلايمان سەلتەنەت خاندانلىقى ئەڭ كۈچلەنگەن مەزگىلدە، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۈچلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرقىي-جەنۇبىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا، كاۋكاز، شىمالىي ئافرىقا ۋە سومالى يېرىم ئاراللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسنى ئىگىلدى. 17-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە قارايدىغان 32 ئۆلكە ۋە نۇرغۇنلىغان قۇللۇق سالاھىيىتىدىكى دۆلەتلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنچە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە قېتىۋېتىلدى. قالغان بىر قىسمىغا بولسا كېيىنكى بىر قانچە ئەسىرلەردە مەلۇم شەكىلدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ھازىرقى ئىستانبۇلنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلىپ، شەرقىي ۋە غەربىي دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئوتتۇرا دېڭىز ۋادىسىدىكى كەڭ زېمىنلارنى 6 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت سورىدى. ئەمما، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى 1-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا ھالاك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىيىدە بىر يېڭى تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، ھازىرقى زاماندىكى بالقان ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرى ۋۇجۇدقا كەلدى.




2-رەسىم: قىزغۇچ رەڭ بىلەن كۆرسىتىلگىنى 16- ۋە 17-ئەسىرلەردە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولغان زېمىنلار.

## 2. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش

1914-يىلى، يەنى بۈنىڭدىن دەل 100 يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن دۇنياغا، بولۇپمۇ ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا شەرققە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بىر قاتار چوڭ ئىشلار يۈز بەردى. ئۇ چاغدا

ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى پۈتۈن دۇنيانىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى سورايتتى. ئامېرىكا تېخى دۇنيانىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچىگە ئايلانمىغان بولۇپ، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىگە ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا ئۇ چاغدا دۇنيانىڭ نەزىرىدە ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى ياۋروپا بولۇپ، ئامېرىكا ئەمەس ئىدى. مۇسۇلمانلار دۇنياسى بۆرۈنقى بىر زامانلاردىكىدەك سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك ۋە قۇدرەت تاپقان بولمىسىمۇ، بىر بىرلىككە كەلگەن خەلىپە (Caliphate) نىڭ لىدېرلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. گەرچە ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە فرانسىيەلەر بىر قىسىم مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان بولسىمۇ، بىر ئىسلام دۇنياسى يەنىلا مەۋجۇت، ھەمدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدمۇ يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى 1914-يىلدىن باشلاپ، يەنى 100 يىلنىڭ ئالدىدىكى بۇگۈنكى كۈندىن باشلاپ، شىددەتلىك ھالدا ئۆزگەردى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن باشلانغانلىقىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئازراق قاراپ چىقىشتا توغرا كېلىدۇ.

1867-يىلدىن كېيىن، ياۋروپا سىياسىي كۈچلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇ چاغدىكى دۇنياۋى زور كۈچلەر (Great Powers) دىن ئىتالىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ۋە رۇسىيەلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە ياۋروپا ۋە مۇستەملىكىلىك مەسىلىلىرى توغرۇلۇق نۇرغۇن سۈركىلىشلەر يۈز بەردى. ئۇرۇشنىڭ سەل ئالدىدىكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە، بالقاندىكى تېررىتورىيىلەر مەسىلىسى ئۈستىدىكى زىددىيەتلەر ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيىلەر سېربىيە ۋە رۇسىيە بىلەن ئاشۇ رايوندىكى تېررىتورىيىگە بولغان تەسىر كۈچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن رىقابەتلەشتى. ھەمدە ھەر خىل بىرلىكسەپ ۋە كېلىشىملەر ئارقىلىق يۈقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قالغان كۈچلۈك ئەللەرنى بۇ توقۇنۇشنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىردى.

## 3. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى

1914-يىلى 7-ئايدا، سېربىيە مىللىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە پادىشاھىنىڭ ئىزباسارى ئارچدۇك (Archduke Franz Ferdinant) نى قەستلەپ ئۆلتۈردى. ئۇ چاغدا ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى شۇ چاغدىكى 4 چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كېيىن 8 دۆلەتلەرگە بۆلۈۋېتىلدى. شۇڭا ئۇ ھازىر مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما ئۇ ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئىمپېرىيەلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئارچدۇك بولسا ئاشۇ ئىمپېرىيىنىڭ ھاكىمىيىتىدىكى ھوقۇقى ئەڭ چوڭ كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ۋەقە شۇ چاغدىكى كۈچلۈك ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاخىرىدا 1-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇ ئۇرۇشتىن بۇرۇن دۇنيادا ئۇنداق چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولۇپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ ئۇرۇش ئەينى ۋاقىتتا «ئالەمشۇمۇل ئۇرۇش» (Great War) دەپ ئاتالغان ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇ ئۇرۇشقا «1-دۇنيا ئۇرۇشى» دېگەن نام بېرىلدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەت تارىخىدا شۇ ۋاقىتقىچە يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ئۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا جەمئىي 70 مىليون ئەسكەر قاتناشتى. بۇ سان ھەرگىزمۇ ئۇرۇشقا كىرگەن دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۇ پەقەت رەسمىي ئۇرۇش جەڭچىلىرىنىڭ ساندۇر. بۇ ئۇرۇشتا 10 مىليونغا يېقىن ئادەم ئۆلدى. بۇ ئۇرۇشتا تۇنجى بولۇپ خىمىيىلىك قوراللار ئىجات قىلىندى. ھەمدە ئايروپىلان ئاسماندىن بومبا تاشلاش ۋە يەر يۈزىنى ئايروپىلان بىلەن ئوققا

تۈتۈشقا ئوخشاش ئەڭ زامانىۋى تېخنىكىلار ئىشلىتىلدى. ئۇرۇش جەمئىي 4 يىل داۋام قىلدى. بۇ ئۇرۇش تاماملانغاندا، شۇ ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چوڭ ئىمپېرىيىلەردىن گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە-ۋېنگىرىيە، رۇسىيە ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيىلىرى يەر يۈزىدىن غايىب بولدى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ئىككى پارچىغا بۆلۈندى. بۇ ئۇرۇش ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇرۇش بولۇپ، بىزگە ھەممىدىن بەك مۇناسىۋەتلىك بولغىنى مۇشۇ ئۇرۇشتا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك قىلىنىشىدۇر.

مۇشۇ ئۇرۇش گېرمانىيەدىكى گىتلېرنىڭ ھوقۇققا كۆتۈرۈلۈشى ۋە 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ياۋروپانىڭ بۆلۈنۈشى، ئوتتۇرا شەرقنىڭ پارچىلىنىشى، خەلىپە دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، ۋە ئامېرىكىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ 1914-يىلى باشلانغان ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولۇپ، مۇشۇ ئۇرۇشتىن كېيىن بىز ئادەتتە «ھازىرقى زامان» ياكى «زامانىۋى» دەپ ئاتايدىغان دەۋر رەسمىي باشلاندى.

مەزكۇر ماقالىدە توختالماقچى بولغان ئاساسىي نەرسە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بولۇپ، بۇ ئىمپېرىيىگە نېمە بولغانلىقنى چۈشىنىش ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى ئەھۋالنى بىلىش زۆرۈر بولغاچقا، مەن بۇ يەردە 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئۈستىدە ئازراق توختالدىم.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ كۈچ ئەنگلىيە بولۇپ، 2-ئورۇندىكىسى گېرمانىيە، 3-ئورۇندىكىسى رۇسىيە، ۋە 4-ئورۇندىكىسى ئاۋستىرىيە-ۋېنگىرىيە ئىدى. ئاۋستىرىيە-ۋېنگىرىيە بىلەن گېرمانىيە دوست بولۇپ، رۇسىيە بىلەن سېربىيە دوست ئىدى. ئامېرىكا بۇ ئۇرۇشقا قاتناشمىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ۋە ئىتالىيەلەرنىڭ ھەممىسى رۇسىيە بىلەن سېربىيە تەرەپتە بولۇپ، گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيە-ۋېنگىرىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلدى.




3-رەسىم: 1-دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەر خىل گۇرۇھلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى.

## 4. تۈركىيە 1-دۇنيا ئۇرۇشىغا قانداق كىرىپ قالغان؟

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە سۇلتان مەخمەت-5 سۇلتانلىق قىلدى. ئىسلام تارىخىدا ھەقىقىي ھوقۇقنى يۇرگۈزگۈچى ھاكىمىيەت بېشىدىكى سۇلتان ياكى خەلىپىلەر بولماي، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى بىر گۇرۇپپا ئادەملەر بولغان، شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا زور

**بالايىئاپەتلەر كەلگەن ئىشلار كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ئىدى. ئاشۇنداق پاجىئە بۇ دورام يەنە بىر قېتىم يۈز بەردى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى «ياش تۈركلەر» (Young Turks) دەپ ئاتىۋالغان بىر گۇرۇپپا ئادەملەر بار ئىدى. ياۋروپا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ پېيىغا چۈشكىلى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇلار ئەنە شۇ «ياش تۈركلەر» دىن پايدىلىنىش سۈيىقەستىنى ئىشلەتتى.**




4 ـ رەسىم: 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى سۇلتان مەخمەت ـ 5 .

**ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى دۇنيادىكى زېمىنلارنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلار تېخنولوگىيە جەھەتتە ناھايىتى قالاق بولۇپ، تېخنولوگىيە جەھەتتە ئىزچىل تۈردە ياۋروپاغا تايىنىپ كەلدى. يەنى، 1800-يىلى ئوسمانلىغا تېخنولوگىيە جەھەتتىن ياردەم قىلىدىغان دۆلەت ئەنگلىيە ئىدى. 1880-يىللىرىغا كەلگەندە بولسا ئوسمانلىغا تېخنولوگىيە جەھەتتىن ياردەم قىلىدىغان دۆلەت گېرمانىيەگە ئۆزگىرىپ، ئوسمانلى ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەلتۆكۈس ئۈزۈۋەتتى. ئوسمانلى بىلەن گېرمانىيەنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى نەتىجىسىدە 1899-يىلى ئىستانبۇل بىلەن گېرمانىيەنى ئۆز-ئارا بىۋاستە تۇتاشتۇرىدىغان بىر «شەرقتىكى تېز سۈرئەتلىك يول» ( Orient Express) دەپ ئاتالغان تۆمۈر يول ئىشقا چۈشتى. يەنى، بۇ چاغدا ئوسمانلى بىلەن گېرمانىيە ئىنتايىن كۈچلۈك دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ئىدى. تۈركىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى بىر-بىرىنىڭ دۆلىتىگە بېرىپ، كۆپ قېتىم زىيارەتتە بولدى. مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرىمۇ گېرمانىيەدە باشلاندى، ھەمدە پۈتۈن غەرب ئەللىرىنىڭ ئىچىدە گېرمانىيەدە ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، گەرچە سۇلتان مەخمەت-5 دەسلەپىدە ئۇرۇشقا كىرمەي، بىرتەرەپ تۇرغان بولسىمۇ، تۈركىيەدىكى «ياش تۈركلەر»نىڭ سۇلتان مەخمەتكە بىلىندۈرمەي قاتتىق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، باش ۋەزىر سېيىت پاشا بىلەن ئۇرۇش مىنىستىرى ئەنۋەر پاشا ئىككىيلەن 1914-يىلى 8-ئايدا گېرمانلار بىلەن گېرمانىيە-تۈركىيە ئىتتىپاقداشلىقىنى تۈزۈپ، ئۇرۇشقا كىرىش توغرۇلۇق مەخپىي كېلىشىم تۈزدى. بۇ چاغدا ئۇرۇش باشلانغانلىقىغا 6 ئاي بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مەخمەت 1914-يىلى**

**11ـ ئايدا قول ئاستىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، رۇسىيە ۋە ئامېرىكىدىن تەركىب تاپقان ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇدى. ئىسلامنىڭ قائىدىسى بويىچە، بىر خەلىپە ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى ھۇجۇم خاراكتېرلىك جىھادقا چاقىرالايدۇ. بۇ ۋەقە ئىسلام تارىخىدا ھازىرغىچە بولغان ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقىي ھۇجۇم خاراكتېرلىك جىھاد بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.**

**ئىلاۋە: يۇقىرىقىدەك تارىخىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، گېرمانلار خېلى كۆپ ساندىكى تۈركلەرنى كۆچمەن قىلىپ قوبۇل قىلغان بولۇپ، ھازىرقى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا گېرمانىيەدىكى تۈركلەرنىڭ نوپۇس سانى 2.5 مىليوندىن 4 مىليونغىچە كېلىدىكەن. بۇ گېرمانىيە نوپۇسىنىڭ 4 ـ 5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن.**

## 5. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى

**ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىسىگە جەڭ ئېلان قىلغان بولغاچقا، ياۋروپالىقلارنىڭ ئوسمانلىغا قارشى ھۇجۇم باشلىشى پەقەتلا بىر ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالدى. ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىسىدىن ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئىستانبۇلنى تېز سۈرئەت بىلەن قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن 1915ـ يىلى 4ـ ئايدا ھۇجۇم باشلىدى. مانا بۇ تارىختا تۇنجى ھەقىقىي ياۋروپانىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەدىن باشقا، گوللاندىيە بىلەن ئاۋستىرالىيىمۇ بۇ ھۇجۇمغا قاتناشتى. بۇ ئۇرۇش «گاللىپول جېڭى» (Battle of Gallipoli) دەپ ئاتىلىدۇ [5]. بۇ جەڭنى ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان رۇسىيە ئىمپېرىيىسىگە بىر دېڭىز يولى ئېچىپ بېرىش ئىدى. بىرلەشمە ئارمىيە ئالدى بىلەن دېڭىز ئۇرۇشى قوزغىدى. كېيىن گاللىپول يېرىم ئارىلى قۇرۇقلۇقىغىمۇ ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، بۇ ئۇرۇش بىرلەشمە ئارمىيە ئۈچۈن بىر چوڭ بالايىئاپەت بولدى. بۇ ئۇرۇش 1915ـ يىلى 25ـ ئاپرېلدا باشلىنىپ، 1916ـ يىلى 9ـ يانۋاردا ئاخىرلىشىپ، بۇ ئۇرۇشتا بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 150 مىڭ كىشى ئۆلدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىمۇ 150 مىڭغا يېقىن ئادەم چىقىم تارتىپ، بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. بۇ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى بىردىن-بىر غەلىبىسى بولۇپ، ئۇ تۈركىيەنىڭ كېيىنكى تارىخىنى بەلگىلىيدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ بولۇپ قالدى. تۈركىيەنىڭ كېيىنكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ ھۇل سالدى. بۇ ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلغان كىشى مۇستاپا كامال بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. مۇشۇ ھەقىقىي گاللىپولى ئۇرۇشىدا مۇستاپا كامال زور نام-شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، شۇ ئاساستا ئۇ كېيىن ئاتا تۈرك، دەپ ئاتىلىپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە پرېزىدېنت بولدى. قالغان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە بىرلەشمە ئارمىيە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەتتى. مۇستاپا كامال تۈركىيەنى چوڭ بالا-قازادىن ئىككى قېتىم قۇتۇلدۇرغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇش ئۇنىڭ بىرىنچىسىدۇر. مەن ئۇنىڭ ئىككىنچىسى ئۈستىدە سەل تۆۋەندە توختىلىمەن.**

**1915ـ يىلى بىرلەشمە ئارمىيە ئىراققا ھۇجۇم قىلدى. 1917ـ يىلى 3ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيىسى باغداتقا پىيادە يۈرۈش قىلىپ كىرىپ، باغداتتىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ بايرىقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەنگلىيە بايرىقىنى تىكلىدى.**

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە باش مىنىستىرى «ئېدمۇند ئېللېنبى» (Edmund Ellenby) ئىسمىلىك بىر گېنېرالنى يېنىغا چاقىرىپ كىرىپ، «ماڭا ئالدىمىزدىكى روژدېستۋو بايرىمىغىچە يېرۇسالېمنى ئېلىپ بېرىسەن»، دېدى. ئېللېنبى بىر قاتار يېڭى تاكتىكىلارنى ئىشلەتتى. ئۇنىڭ بىرى ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ روھىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇش بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يېرۇسالېمنى قوغداپ تۇرغان گېرمانىيە ۋە ئوسمانلى ئارمىيىسى بىلەن ئازراق سوقۇشۇپ، 1917-يىلى 9-دېكابىر كۈنى يېرۇسالېمنى قولغا چۈشۈرۈپ، بۇ غەلىبىنى ئەنگلىيە باش مىنىستىرىغا سوۋغا قىلدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنلا مىسىر ئەنگلىيەپەرەسلىككە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئۇ ئەنگلىيە تەرەپتە تۇردى. شۇڭا ئەنگلىيە ھۇجۇمنى مىسىر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئۇرۇشتا ئاسانلا غەلىبە قىلدى. بۇ ئۇرۇش 40 كۈن داۋام قىلدى. ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىدىن 18 مىڭ ئادەم ئۆلدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بولسا 25 مىڭ ئەسكىرىدىن ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ يېرۇسالېمدا 4 ئەسىر داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى. بۇ مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ پەيتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك بىر ئىش، مىسىردىن ئىبارەت بىر ئەرەب ۋە مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا ياردەملىشىپ، يەنە بىر مۇسۇلمان خەلقىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىدۇر.

بىرلەشمە ئارمىيە 1918-يىلى 10-ئايدا دەمەشق (Damascus) نى قولغا ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىستانبۇلغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، 30-نويابىر ئىستانبۇلغا ھۇجۇم باشلىدى، ھەمدە ئۇنىمۇ قولغا چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ، بىر قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، باغدات، يېرۇسالېم، دەمەشق ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىنىڭ چوڭ پايتەختلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. سىياسىي جەھەتتە يۈزى تۆكۈلۈش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ پەيتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇنىڭدىن چوڭراق سىياسىي بالا-قازا ئېھتىمال 1255-يىلىدىكى موڭغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان تاجاۋۇزى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا چىڭگىزخاننىڭ ئىز باسارى ئوگداي (Ogedei) پېرسىيە، سۈرىيە، مىسىر ۋە ئابباسىد خەلىپىسىنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن ئىدى [6]. ئوگداي پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى تەلتۆكۈس بەربات قىلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. ئەمما، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بىر ئىنتايىن چوڭقۇر تارتۇق قالدۇردى.

بىرلەشمە ئارمىيە مۇسۇلمانلار زېمىنىنىڭ بارلىق پايتەختلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيە تەسلىم بولۇشقا تەييار بولدى.

1915-يىلى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق ئەرمىنىيىلىكلەر ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، شەرقىي ئىستانبۇل رايونىدا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان رۇسىيە ئارمىيىسىگە ياردەملەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوسمانلى ھۆكۈمىتى بىر قىسىم ئەرمىنىيىلىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىر قىسمىنى ئۆز ماكانىدىن قوغلىۋەتتى. بۇنى ئەرمىنىيىلىكلەر ئوسمانلىنىڭ ئەرمىنىيىلىكلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئامېرىكىدىكى ئەرمىنىيىلىكلەر بۇ ئىشنى خەلقئاراغا رەسمىي ئېتىراپ قىلغۇزۇش يولىدا ئۇزۇندىن بۇيان لوببىيلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئىزچىل تۈردە مەغلۇپ بولدى.

ئىلاۋە: ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئەرمىنىيىلىكلەر بىلەن رۇسلار ناھايىتى يېقىن


ئۆتتى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تارىخىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. ئەرمىنىيلىكلەر خرىستىيانلار بولغاچقا، ئۇلار ئامېرىكىغا ناھايىتى كۆپ كۆچمەن بولۇپ كەلگەن. ئەرمىنىيلىكلەرنىڭ ئەرمىنىيىدىكى نوپۇس سانى 3.5 مىليون بولۇپ، بەزى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدىكى ئەرمىنىيلىكلەر نوپۇس سانى 800 مىڭدىن 1.5 مىليونغىچە كېلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆزۈمنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھازىر ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 2000 غىمۇ بارمايدۇ.

## 6. ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 3 چوڭ كېلىشىملىرى

مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئالدى كەينىدە، بىرلەشمە ئارمىيە ھۆكۈمەتلىرى ئىچىدە تۈۋەندىكىدەك 3 چوڭ كېلىشىملەر تۈزۈلۈپ چىققان بولۇپ، ئۇ كېلىشىملەر ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ يىقىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

(1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 632-يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام نۇقتىسىدىن، ئەرەبلەر مەككىنىڭ شارىفلىقى (ھاكىملىقى) نى ئىزچىل تۈردە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا تۇتقۇزۇپ كەلدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەككىنىڭ شارىفلىقىنى قولۇۋاتقان كىشىنىڭ ئىسمى ھۇسەيىن بىن ئەلى (Husayn bin Ali) بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 40-ئەۋلادى ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن بۇرۇنلا ھۇسەيىن ئەنگلىيە دۆلەت ئەمەلدارلىرىغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەرەب زېمىنىغا خەلىپە بولغۇسى بارلىقىنى، شۇڭا بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە ياردىمىنى ئىستەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئۇ چاغلاردا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ھۇسەيىنگە ھېچ بىر ئېھتىياجى بولمىغاچقا، ھۇسەيىننىڭ بۇ تەلىپىگە پەرۋا قىلمىدى. ئەمما، 1-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىش ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھۇسەيىننىڭ پېيىغا چۈشتى. ھۇسەيىننىڭ تارىخىي ئورنى، بىر ئەرەب بولۇشى، ھەمدە ئەرەبلەرگە خەلىپە بولۇش ئىستىكى ئەنگلىيەلىكلەر ئۈچۈن غايىۋى نىشان بولۇپ بەردى. ئۇلار «لورېنس» (T.E.Lawrence) ئىسىملىك بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىغا ھۇسەيىننى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇشى بىلەن لورېنس ھۇسەيىن بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇۋالدى. ھەمدە ئارىلىقتا كىرىپ يۈرۈپ، ئەنگلىيەنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئالىي كومىسسارى مەكماخون (Sir Henry McMahon) دىن ھۇسەيىنگە 1915-يىلى بىر پارچە ۋەدىنامە ئېلىپ بەردى. بۇ ۋەدىنامىدە ھۇسەيىن ئەرەبلەرنى باشلاپ تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تۆلەنمىسى سۈپىتىدە، پۇل بىلەن پارا بېرىشتىن باشقا، ئەنگلىيە ھۇسەيىنگە پۈتۈن ئەرەب زېمىنىنى بېرىپ، ئۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئەرەب زېمىنىغا خەلىپە قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەرەبلەرنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىش ئۈچۈن، لورېنسنى ھەر ئايدا 200 مىڭ ئەنگلىيە فوند ستېرلىڭ (ئەنگلىيە پۇلى) بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. مەزكۇر ۋەدىنامىگە ئالدىنىپ، ھۇسەيىن ئەرەب ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، تۈركلەرگە قارشى جەڭگە ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، 1-دۇنيا ئۇرۇش مەزگىلىدىكى مىسىردىن كېيىنكى يەنە بىر توپ ئەرەب مۇسۇلمان خەلق تۈركلەردىن ئىبارەت يەنە بىر مۇسۇلمان خەلققە قارشى جەڭگە ئاتلاندى. گەرچە بۇ ئەرەبلەر ھەربىي قورال ۋە تېخنىكا جەھەتتىن ناھايىتى قالاق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن تۈركلەرنىڭ تۆمۈر يول لىنىيىلىرىنى پارتلىتىپ ۋەيران قىلىش ئوبدانلا

كەلدى. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئەرەبلەر ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ئوسمانلى ئارمىيىسىنى بىر قىسىم جەھەتلەردە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ، ھوقۇق ۋە مال-دۇنيا ئۈچۈن بىر توپ ئەرەب مۇسۇلمانلار يەنە بىر توپ تۈرك مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئىشتا ئەرەبلەر ئۆتكۈزگەن گۇناھ ھەرگىزمۇ ئەنگلىيەنىڭ گۇناھىدىن يېنىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.




5-رەسىم: شارىف ھۇسەيىن بىن ئەلى.

(2) ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيە بىرلىشىپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئولجا ئالغان زېمىنلارنى قانداق تەقسىم قىلىش توغرىسىدا بىر ئىنتايىن مەخپىي كېلىشىم تۈزدى. بۇ كېلىشىم توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار 1915-يىلى نويابىردىن 1916-يىلى مارتقىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بولۇپ، رەسمىي كېلىشىمگە 1916-يىلى 16-ماي كۈنى ئىمزا قويۇلدى. بۇ كېلىشىمنىڭ نىشانى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەرەب يېرىم ئاراللىرى سىرتىدىكى ئەرەب ئۆلكىلىرىنى قانداق تەقسىم قىلىش بولۇپ، ئەنگلىيە تەخمىنەن ئىئوردانىيە (Jordan)، ئىراق قاتارلىق بىر قاتار زېمىنلارنى، فرانسىيە بولسا جەنۇبىي تۈركىيە، شىمالىي ئىراق، سۇرىيە ۋە لىۋاننى، رۇسىيە بولسا ئىستانبۇل، تۈركىيە دېڭىز بوغۇزى، ۋە ئوسمانلىنىڭ ئەرمېنىيە ۋىلايەتلىرىنى ئالماقچى بولدى. دېمەك، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1915-يىلى ھۇسەيىن شارىفقا بىر پارچە ۋەدىنامە يېزىپ بېرىش بىلەن تەڭ، يۇقىرىدىكى 2-كېلىشىم ئۈستىدىمۇ ئىش باشلىغان. مەزكۇر كېلىشىمگە ئىمزا قويغان فرانسىيە ۋەكىلىنىڭ ئىسمى پىكوت (Francois Georges-Picot) بولۇپ، ئەنگلىيە ۋەكىلىنىڭ ئىسمى بولسا سايكس (Sir Mark Sykes) ئىدى. شۇڭا بۇ كېلىشىم «سايكس-پىكوت كېلىشىمى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ دۇنيا تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. 1917-يىلى رۇسىيە ئىنقىلابى چار پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بولشېۋىكلار چار پادىشاھنىڭ قانچىلىك چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى پاش قىلىش مەقسىتىدە بۇ كېلىشىمنى دۇنياغا ئاشكارىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش پۈتۈن دۇنيادا خەۋەر قىلىنىپ، ئەنگلىيە ناھايىتى كەڭ ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەشلەرگە دۇچ كەلدى. ئاشۇنداق بولۇشقا قارىماي، ئەنگلىيەنىڭ بۇ ۋەھشىي سۈيىقەستىدىن تولۇق خەۋەر تاپقان نادان ئەرەبلەر تۈركلەرگە قارشى

ئۇرۇشنى ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

لورېنس ئەرەبلەرگە «ماۋۇ يەرگە ھۇجۇم قىل، ئاۋۇ يەرنى پارتلات، ماۋۇ ئۇرۇشنى مۇنداق قىل» دەپ مەككىلىك ئەرەبلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، تۈركلەرگە قارشى جەڭ ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، مەزكۇر سىكايىس-پىكوت كېلىشىمىدىن خەۋەر تاپتى. ئەمما، لورېنس ھېچ قانداق چاندۇرماي، ئەرەبلەرگە يالغان ۋەدىنى تەكرارلاپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشتا داۋاملىق پايدىلاندى. بىر ئامېرىكىلىق مۇخبىر ئەينى ۋاقىتتا لورېنس بىلەن بىر مەزگىل تۈركلەر تۇپرىقىدا بىللە بولغان بولۇپ، كېيىن ئۇ لورېنسنى كۆككە كۆتۈرۈپ بىر ئەسەر يېزىپ، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتۇۋەتتى. ئاشۇ مۇخبىر يازغان ئەسەرگە ئاساسەن ئامېرىكا ئىشلىگەن، ئىنگلىزچە «Lawrence of Arabia» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىنو بار. ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلار بۇ كىنونىڭ بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرىنى يۈتيۇبتىن چۈشۈرۈپ كۆرۈپ باقسا بولىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە لورېنس بىر ئەنگلىيە جاسۇسى بولۇپ، ئەرەبلەرنى ئالداپ، ئەنگلىيە مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لورېنس ئەرەبلەرنىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئازراق ئاغزاكى كۆرەش قىلدى. لېكىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ قارشىلىقىنى ھېچ بىر ئېتىبارغا ئالماي، ئۇنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي بوشىتىۋەتتى. لورېنس كېيىن لوندوندىكى بىر موتسىكلىت ۋەقەسىدە ئۆلدى.

شۇنداق قىلىپ، سايكس بىلەن پىكوتتىن ئىبارەت ئەرەب مىللىتى ياكى ئەرەب زېمىنىدىن ھېچ قانداق خەۋىرى يوق ئىككى دىپلومات ئالدىغا بىر پارچە خەرىتىنى قويۇۋېلىپ، ئۆزلىرى ئالماقچى بولغان ئەرەب زېمىنلىرىنى بۆلۈشۈپ چىقتى. ئەرەب ئەللىرىنىڭ ھازىرقىدەك بولۇپ قېلىشى ئەنە شۇ داڭلىق «سايكس-پىكوت كېلىشىمى» دىن كېلىپ چىققان.

(3) 1914-يىلى ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدا زىئونىست (يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشنى قوللىغۇچى يەھۇدىي) لارغا بىر پارچە يەر بېرىش توغرىسىدا مۇزاكىرە باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەدىكى زىئونىستلارنىڭ بىر ناھايىتى باي ۋە تەسىرى كۈچلۈك باياناتچىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى چېيىم ۋايىزمەن (Chaim Weizmann) ئىدى. ۋايىزمەن بىر خىمىيە ئالىمى ۋە بىر چوڭ خۇسۇسىي شىركەتنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ شىركىتى بومبا ياساشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاتسېتون (acetone) ئىشلەپ چىقىراتتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ئەنگلىيە ئاتسېتوننى گېرمانىيەدىن ئىمپورت قىلغان بولۇپ، 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئۆز-ئارا دۈشمەن بولغاچقا، ئەنگلىيە ئۆزىگە لازىم ئاتسېتوننى باشقا مەنبەلەردىن ھەل قىلىشقا مەجبۇرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋايىزمەننىڭ ئالدىغا كەلدى. ۋايىزمەن ۋە ئەنگلىيەدىكى بارلىق زىئونىستلار بىرلىشىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئاتسېتوننى بېرىشنى قارار قىلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ زىئونىستلار بىلەن باھا كېلىشىدىغاندا، بۇ زىئونىستلار ئاتسېتوننىڭ ھەققى ئۈچۈن پۇل ئەمەس، بىر زېمىن ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتى دەسلەپتە بۇ زىئونىستلارغا ئۇگاندانى بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ چاغدا ئەنگلىيە ئافرىقىنىڭ نۇرغۇن زېمىنلىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان بولغاچقا، ئاشۇ زېمىنلارنىڭ خالىغان بىرسىنى زىئونىستلارغا بېرەلەيتتى. زىئونىستلار بۇنىڭغا يېقىنمۇ كەلمەي، ئۆزلىرىگە پەلەستىندىن باشقا جاينىڭ كېرەك ئەمەسلىكىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتى قايتا يىغىن ئېچىپ، زىئونىستلارغا پەلەستىننى بېرىشنى قارار قىلدى. ھەمدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار كابىنېتىنىڭ باشلىقى بالفور (Arthur James Balfour) يەھۇدىيدىن بولغان كابىنېت ئەزاسى،

زىئونىست، ھەمدە ئەنگلىيە بويىچە ئەڭ باي كىشى روسچايىلد (Rothchild) قا بىر پارچە تېلېگىراف ئەۋەتتى. بۇ تېلېگىراف «بالفۇر خىتابنامىسى» (The Balfour Declaration) دېگەن ئىسىم بىلەن دۇنياغا داڭلىق بولۇپ، ئەگەر قىزىقسىڭىز ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ رەسىمىنى توردىن ئاسانلا تاپالايسىز. روسچايىلدنىڭ شۇ چاغدىكى بايلىقى نەچچە يۈز مىليارد دوللار بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى قۇرغان بانكا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بانكىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلە بانكىسى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قانچە تارمىقى ھازىر شۋېتسارىيىدە سودا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بالفۇر خىتابنامىسىنىڭ خەۋىرى پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بولۇپ، ئۇنى تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەرەبلەرمۇ ئاڭلىدى. ئەمما ئۇلار ئەنگلىيەنىڭ يالغان گېپىگە يەنە داۋاملىق ئىشىنىپ، تۈركلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

بالفۇر خىتابنامىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش سەۋەبى ھەققىدە دۇنيادا ئېقىپ يۈرگەن پەرەزلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دوكتور ياسىر قازىنىڭ قارىشىچە ئاساسلىق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىكەن:

(1) بىر تۈركۈم ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى قايتا سايلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى قوللايدىغانلارغا ئېرىشىش. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەدىكى يەھۇدىيلار ئىنتايىن باي ۋە كۈچلۈك بولغاچقا، بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ئاشۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. بۇ ئەھۋال ھازىرقى ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنى، ھازىر ئامېرىكىدىكى سايلامغا قاتنىشىپ، ھوقۇققا ئېرىشمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەھۇدىيلارغا خۇشامەت قىلىدۇ.

(2) يەھۇدىيدىن بولغان ۋايىزماننىڭ ئاتسېتوننى بولمىغاندا، ئەنگلىيە ئۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بومبىلارنى ئىشلەپ چىقىشتا ئامالسىز قالاتتى.

(3) ئەنگلىيەنىڭ باش مىنىستىرى جورج (David Loyd George) ۋە يۇقىرىدىكى بالفۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دىنىي ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك خرىستىيانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بىر توپ ئەمەلدارلار پەلەستىننى مۇسۇلمانلار ئىگىلەپ تۇرغانغا قارىغاندا، جۇدائىزمچى يەھۇدىيلار ئىگىلەپ تۇرغىنى ياخشىراق، دەپ ئويلىغان. ئۇلار يەھۇدىيلارغا قارىغاندا مۇسۇلمانلار بىر قالاق خەلق، دەپ قارىغان. ئەنگلىيەدىكى خرىستىئان دۆلەت رەھبەرلىرى ئىچىدە ئەگەر يەھۇدىيلار يېرۇسالېمنى «پاكلاشتۇرۇپ» بەرسە، مۇسا پەيغەمبەر يەنە بىر قېتىم قايتىپ كېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانلىرىمۇ بار بولغان.

(4) پەلەستىننى يەھۇدىيغا بېرىش ئارقىلىق، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قىستىشى بىلەن، ئامېرىكىنى 1-دۇنيا ئۇرۇشىغا ئېلىپ كىرمەكچى بولغان.

ئۇ چاغدا پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ نوپۇس سانى يەرلىك نوپۇسنىڭ ئاران 5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن ئىدى.

## 7. يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت

زىئونىستلار پەلەستىننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بارغان دەسلەپكى 40 يىل ئىچىدە، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار ئىزچىل تۈردە زىئونىستلارغا قارشى تۇرۇپ كەلدى. ئۇلار پەقەت گىتلېر ۋە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا بىر يەھۇدىي دۆلىتى بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. 1917-يىلى ئۆكتەبىردە، بۇ ئىش ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتىدا بىر قېتىم بىلەت تاشلاشقا قويۇلدى. بۇ يىغىندا پەقەت

بىرلا يەھۇدىيدىن بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك پارلامېنت (دۆلەت مەجلىسى) ئەزاسى بار بولۇپ، ئۇ پەلەستىننى يەھۇدىيغا بېرىشكە ئىنتايىن قاتتىق قارشى تۇردى. سەۋەبى، ئۇ مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار بۇرۇنقى بارلىق تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز-ئارا ئىناق ئۆتكەن بولۇپ، بۇنداق قىلىش يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارىدى.

دوكتور ياسىر قازى مۇنداق دەيدۇ: «پەلەستىندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار تاكى زىئونىزم باشلانغۇچە بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن. قەدىرلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار، بىز ھەرگىزمۇ زىئونىزمغا قارشى تۇرۇش بىلەن يەھۇدىيغا قارشى تۇرۇشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويمايلى. بۇ مەسىلىدە ئالاھىدە ھوشيار بولايلى. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇ ئىككى نەرسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بىز زىئونىستلارغا قارشى تۇرىمىز. بىز ھەرگىزمۇ يەھۇدىيلىققا قارشى تۇرمايمىز. بىز زىئونىستقا قارشى تۇرىمىز، ھەمدە زىئونىزمنى تەنقىدلەيمىز. تارىخ بويىچە قارىساق، يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار خرىستىيانلارغا قارشى كۆرەشتە بىر-بىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان. ھەر قېتىم خرىستىيانلار يەھۇدىيلارنى قىرغاندا، يەھۇدىيلار ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار زېمىنىدا بىخەتەر پاناھلىق جاي تاپقان. بۇ ھەممىگە ئايان بولغان بىر تارىخىي پاكىت. ئىسرائىلىيە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن خېلى كۆپ يەھۇدىي نوپۇسى ئەرەبلەر زېمىنىدا ياشىغان. بۇنى سىلەر ئەرەبلەر بىلىسىلەر. يەھۇدىيلار مۇسۇلمان زېمىنلىرىدا گۈللەنگەن. تارىخ بويىچە قارىغاندا، مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا ھازىرقىدەك ئۆچمەنلىك مەۋجۇت بولۇپ باققان ئەمەس. ھازىر نۇرغۇن مۇسۇلمانلار زىئونىستلارغا نىسبەتەن پەيدا بولغان غەزىپى بىلەن يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ بىر مەسىلە. مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى دەپ بېرەي: ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان زىئونىستلارغا ۋە زىئونىزمغا ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ كۈچلۈك قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ بىر قىسمى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى. بىزنىڭ تەنقىد قىلىدىغىنىمىز زىئونىستلار بىلەن زىئونىزم. زىئونىستلار مىللەتچىلەر. بۇ قىلچىمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. بىر قىسىم يەھۇدىيلار ئۆزلىرى 50 ئەسىر بېرىپ باقمىغان زېمىنغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئاھالىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالسا، بۇ بىر مىللەتچىلىك، بىر خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولىدۇ. شۇڭا بىز زىئونىزمغا قارشى تۇرىمىز. ئەمما بىز يەھۇدىيلارنىڭ بىر يەھۇدىي مىللىتى بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قارشى تۇرمايمىز. بىزنىڭ دىنىمىز يەھۇدىيلارغا ئىنچىل تۈردە ئاشۇنداق بىر ھوقۇقنى بېرىپ كەلگەن، ھەمدە ھازىرمۇ بېرىۋاتىدۇ. »

**ئىلاۋە:** ھازىر بىز ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. ئۇلارنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە تىزىپ كەلسەك، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ۋە يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۇ تىزىملىكنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ، ياكى كىرگەن تەقدىردىمۇ خېلى ئارقىدىن ئورۇن ئالىدۇ. شۇنداق بولغاچقا مېنىڭمۇ بۇ مەسىلىلەر ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلغۇم يوق ئىدى. ئەمما، مەن ئارىمىزدىكى خاتا چۈشەنچىلەردىن كېلىپ چىققان بۆلۈنۈشلەرگە قاراپ تۇرالمىدىم. ئۇيغۇر دىيارىدىكى نوپۇسىمىز ئىچىدە ئۆز ئۆمرىدە بىرەر يەھۇدىينى كۆرۈپ باققانلار ئاساسەن يوق. تارىختىن بۇيان يەھۇدىيلار بىزگە بىرەر قېتىم زۇلۇم سېلىپ باققان ئىشمۇ يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق نۇرغۇن كىشىلەر يەھۇدىيغا ئىنتايىن ئۆچ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر سىز دۇنيادىكى ئىشلارنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسىڭىز، مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى بايقايسىز: بىزنىڭ دىنداش قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىزنىڭ قانداش قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر بىزنى

سېتىپ خەجلەۋاتىدۇ. ئەمما ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئىشلىرىغا ئاشۇ ئەﷲردىكى بىزگە دىنداش ۋە بىزگە قانداش خەلق بىر ئاز تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان دەرىجىدە قارشىلىق كۆرسىتىپ باققىنى يوق. بۇنىڭغا قارىماي بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئاشۇ دىنداشلىرىمىز بىلەن ئاشۇ قانداشلىرىمىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك بولۇپ يۈرۈپ، تارىختىن بۇيان بىز بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇپ باقمىغان بەزى مىللەتلەرگە ئۆچمەنلىك كۆرسىتىۋاتىدۇ. مەن ھەر قېتىم تورلاردا مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ نامايەندىسىنى كۆرگەندە، ناھايىتى راھەتسىزلىنىپ كېتىمەن. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يەھۇدىيلار كەم دېگەندە مۇنداق 3 چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلىنىدۇ: (1) زىئونىستلار (Zionist)، (2) خرىستىيانلارغا قارشىلار (Anti-Christians)، ۋە (3) قالغان يەھۇدىيلار. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەھۇدىيلار پەلەستىنلىكلەرگە ئىنتايىن ئېغىر كۈنلەرنى سېلىپ كەلدى. پەلەستىندە يۈز بەرگەن ۋە ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئادەم ھەقىقەتەنمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ. ئامېرىكىدا «Fox News» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەملىكەتلىك تېلېۋىزور شىركىتى بار. ئۇنىڭدا داۋاملىق پەلەستىنلىكلەر ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى نەرسىلەرنى بېرىدۇ. مەن ئۇنى بۇرۇن كۆپ كۆرەتتىم. بەزىدە ئۇلارنىڭ پروگراممىسىدا بېرىلىۋاتقان ناھەقچىلىككە غەزىپىم كېلىپ، تېپىرلاپ كېتىپ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتىم. كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان ۋاقىتلىرىممۇ كۆپ بولاتتى. لېكىن، كېيىنچە مەن ئۇلارنىڭ تېلېۋىزور پروگراممىسىنى زادىلا كۆرمەيدىغان بولدۇم. تېخى يېقىندىلا يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنىڭ قانداقلىقىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەندىم. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئەسلىدە پەلەستىنلىكلەرگە يامان كۈن سېلىۋاتقانلار زىئونىستلار ئىكەن. زىئونىستلارنىڭ سانى يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن ئاز ساننى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىنتايىن ۋەھشىي ۋاستىلەر بىلەن پەلەستىنلىكلەرنىڭ يېرىنى تارتىۋالغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ پەلەستىنلىكلەرگە سالغان ۋە سېلىۋاتقان كۈنىگە ھەر قانداق بىر ئادالەتپەرۋەر ئادەم چىداپ تۇرالمايدۇ. ئەمما، مەن مۇشۇ يازما ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەرنىڭ زىئونىستلار بىلەن ئادەتتىكى يەھۇدىيلارنىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئامېرىكا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئادەتتىكى يەھۇدىيلار ئىچىدە زىئونىستلارغا قارشى تۇرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. ئادالەتپەرۋەر يەھۇدىيلار، مۇسۇلمانلارنى دوست كۆرىدىغان يەھۇدىيلار يەنىلا مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر بىزگە ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە ھېسداشلىق ۋە ياردەم قىلىۋاتقانلار دىنداشلىرىمىز بىلەن قانداشلىرىمىز ئەمەس. باشقىلار. ئاشۇ باشقىلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلارمۇ بار. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ چەت ئەلدىكى ھاياتى جەريانىدا يەھۇدىيلارنىڭ ياردىمىگە كۆپ ئېرىشتىم. ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. مەن ھازىر 10 دەك يەھۇدىيلار بىلەن بىللە ئىشلەيمەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە بەك چىڭ. ئەمما مېنى ئازراقمۇ كەمسىتمەيدۇ. مېنى ئازراقمۇ چەتكە قاقمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىدە، مېنى ناھايىتى قوللايدۇ. مېنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ. مەن ھازىر قىلىۋاتقان ئاساسلىق تەتقىقات تۈرىنىڭ باشلىقىمۇ يەھۇدىي. ئۇ مېنىڭ ھەر يىلى بىر قانچە قېتىم دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىغا بېرىپ، ئىلمىي دوكلات بېرىشىمنى ئىزچىل تۈردە ماددىي ۋە روھىي جەھەتتىن قوللاپ كېلىۋاتىدۇ.


دۇنيادىكى بىر قىسىم كىشىلەر زىئونىستلارنىڭ پەلەستىننىڭ يېرىنى ئىگىلىۋېلىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىشلىرىنى ئىنسانىيەت ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن جىنايەت، دەپ قارايدۇ. زىئونىستلار ئۆزلىرى بولسا قىلغان ئىشلىرىغا ئۆز مەنپەئىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوغداش يولىدىكى ئەڭ ئاقىلانە ئىشلار، دەپ قارايدۇ. ئىشلەتكەن تاكتىكىلىرىغا بولسا، ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت ئاستىدا ئىشنى ئەڭ ئاقىلانە

ئۇسۇل بىلەن قىلىش، دەپ قارايدۇ. ئاقىلانە ئىشلارنىلا قىلىش، ۋە ئىشنى ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل ياكى تاكتىكا بىلەن قىلىش جەھەتتە دۇنيادا ئۆز-ئارا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان 3 مىللەت بار. ئۇلار يەھۇدىيلار، ياپونلار، ۋە گېرمانلار. مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى 4 پارچە ماقالىسىدە يەھۇدىيلار بىلەن ياپونلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. شۇڭا سىز ھەر قېتىم زىئونىستلارنىڭ پەلەستىنلىكلەرنى قانداق بوزەك ئەتكەنلىكىنى كۆزەتكەن ۋاقتىڭىزدا، يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىلنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىغا، ئىشنى قانداق قىلىدىغانلىقىغا، ھەمدە خەلقئارالىق ئۆلچەم (مەسىلەن، ب د ت قائىدە-پەرمانلىرى) بويىچە قارىغاندا پۈتۈنلەي خاتا، ھەتتا ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، قانداق ئاقىلانە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىغىمۇ بىر ئاز دىققەت قىلىپ قويۇڭ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە زىئونىستلار ئېغىر گۇناھكار ھەتتا ئېغىر جىنايەتكارلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاشتا ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىمگە ۋە ھېچنېمىگە تايانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەڭ بۇرۇن ۋە ئەڭ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن كىشىلەر ئىكەنلىك تەرىپىمۇ بارلىقىنى ئەستىن چىقارماڭ.

مەن تورداشلاردىن بۇ جەھەتتىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىۋېلىپ، بىرلىككە كەلگەن توغرا چۈشەنچە ئاساسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىشنى، شۇ ئارقىلىق زېھنىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ قىممىتى بار بولغان ئىشلارغا ئورتاق ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 8. مەككىنىڭ شارىفى ھۈسەيىننىڭ 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تەقدىرى

شۇنداق قىلىپ، 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىسى غەلىبە قىلىپ، گېرمانىيە 1918-يىلى 11-ئاينىڭ 11-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە تەسلىمنامىگە ئىمزا قويىدى. بۇ ئۈچ دانە 11 مۇ دۇنيا تارىخىدا خېلى داڭلىق. 1919-يىلى 1-ئايدا فرانسىيەنىڭ پارىژ شەھرىدە «پارىژ تىنچلىق يىغىنى» (Paris Peace Conference) دەپ ئاتالغان بىر يىغىن چاقىرىلدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا ۋە ئىتالىيەلەر «4 چوڭ دۆلەت» سالاھىيىتى بىلەن بۇ يىغىنغا ساھىبخانىلىق قىلدى. بۇ يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن ۋەكىللەر كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى ئۆزلىرى دۈچ كەلگەن زېمىن ئىگىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇشۇ يىغىندا ھەل قىلماقچى بولدى. بۇ يىغىنغا ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ كېلىپ، ئامېرىكىدىن مۇستەقىل بولۇپ ئايرىلىپ چىقىپ كېتىش ئىلتىماسىنى سۇندى. مۇشۇ يىغىندا پەلەستىننى زىئونىستلارغا بېرىش قارارى ئېلىندى. ھەمدە گېرمانىيە ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە جازالانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارتىلغان ئۇرۇش چىقىمى تۆلىمىنىڭ مىقدارى بىر تىرىليون دوللاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. گېرمانىيە مۇشۇ قېتىم ئۇچرىغان خارلىنىشتىن ۋە يۈزى تۆكۈلۈشتىن كېيىن، گېرمانلارنىڭ گىتلېرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئۆزىنى قايتىدىن كۈچەيتىپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنى باشلىشىغا سەۋەب بولدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ياۋروپا ئاجىزلىشىپ، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئامېرىكا كۈچىيىپ، تەدرىجىي ھالدا ھازىرقىدەك دۇنيانى سورايدىغان ئورۇنغا ئېرىشتى.




6 ـ رەسىم: پارىژ تىنچلىق يىغىنىغا قاتنىشۋاتقان ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتلىرى.

**ئۇ چاغدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋۇدروۋ ۋىلسون (Woodrow Wilson) نىڭ رەھبەرلىكىدە ئامېرىكا زىئونىستلارغا ھېسداشلىق قىلماي، بىرتەرەپ تۇردى. ئۇلار پەلەستىننى زىئونىستلارغا بېرىشكە ئاۋاز بەرمەي، ئۆز ئالدىغا ئايرىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەمدە ئەرەبچىنى بىلىدىغان ئىككى چوڭ زىيالىيلارنى ئەرەب زېمىنلىرىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ماقۇل بولدى. بۇ ئىككى كىشى بىر قانچە ئاي ئەرەب زېمىنىدا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بىر تەكشۈرۈش دوكلاتى يوللاپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېدى: «ئۇ رايونلاردا بىرەر يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇلىدىكەن، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە بولماي قالمايدۇ.» لېكىن، ئامېرىكا بۇ دوكلاتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بۇ ئىشنى ئىككىنچى ئېغىزغا ئالمىدى. ئامېرىكىنىڭ چىك تۇرۇشى بىلەن «پارىژ تىنچلىق يىغىنى» دا «دۆلەتلەر بىرلىكى» (The League of Nations) دېگەن بىر خەلقئارالىق تەشكىلات قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلات 27 يىل ياشىغاندىن كېيىن، يەنى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسمى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» (ب د ت) غا ئۆزگەرتىلدى.**

**بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ 20 پىرسەنت ئەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقىپ، ئاياللار بۇرۇنقىدەك پەقەت ئۆيدىلا تۇرۇپ، ئائىلە ئىشلىرىنىلا بىر تەرەپ قىلىدىغان رولىنى ئۆزگەرتىپ، تۇنجى قېتىم سىرتقا چىقىپ ئەرلەر بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ئەھۋال ۋۇجۇدقا كەلدى. يەنى، 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى رولىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئاياللارمۇ ئىشلەيدىغان بولدى. ھازىرقىدەك ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەر بىلەن تەڭ خىزمەت قىلىشى مانا شۇ چاغدىن باشلانغان.**

**1918-يىلى ئىسپانىيەدە بىر خىل يۇقۇملۇق زۇكام پەيدا بولۇپ، ئۇ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ كەتتى. ئۇ كېسەل يېقىندىن بۇيان دۇنياغا تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان «H1N1 زۇكام» بىلەن**

**ئوخشاش بولۇپ، ئاشۇ كېسەل سەۋەبىدىن 1918-يىلىدىن 1920-يىلىغىچە پۈتۈن دۇنيا بويىچە 100 مىليوندەك ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 5 پىرسەنتىگە توغرا كېلەتتى.**

**پارىژ تىنچلىق يىغىنى بىر يىل داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان كېلىشىملەر ئىمزالاندى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى «سايكس-پىكوت كېلىشىمى» بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىم «ۋېرسايىل شەرتنامىسى» (Treaty of Versailles) دېگەن ئىسمدا تەستىقلاندى [7]. مەككىنىڭ شارىفى ھۈسەيىننىڭ ئوغلى فايسال (Feisal Ibn Sherif Husayn) مۇ پارىژدىكى بۇ يىغىنغا كېلىپ، پۈتۈن ئەرەب زېمىنىنى مۇستەقىل قىلىپ، ئۇنى دادىسىغا بېرىشنى، ھەمدە دادىسىنى خەلىپە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە سايكس-پىكوت كېلىشىمدە بېكىتىلگەن زېمىنلارغا ئىگە بولدى.**





7-رەسىم: ئالدىنقى قۇر ئوتتۇرىدىكى فايسال. ئەڭ سول تەرەپتىكى قارا پەلتو كىيىۋالغىنى لورېنس.

**فرانسىيە سۇرىيەنىڭ بىر قىسمىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى خرىستىئان ئەرەبلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا بىر ئايرىم دۆلەت قۇرۇپ بېرىش بولدى. بۇ دۆلەت بىز ھەممىمىز بىلىدىغان، ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان «لىۋان» دىن ئىبارەت. فرانسىيە بۇ زېمىندا «ئالاۋى دۆلىتى» (Alawite State) بىلەن «جابال ئال-دروز دۆلىتى» (Jabal al-Druze State) قاتارلىقلارنىمۇ قۇرۇپ چىقتى. يەنى، بۇ زېمىننى سۈننىيلەر زېمىنى، خرىستيانلار زېمىنى، ئالاۋىلار زېمىنى ۋە دروزلار زېمىنى دېگەن بىر قانچە پارچىلارغا بۆلۈۋەتتى. فرانسىيە بۇ دۆلەتلەرنى 2-دۇنيا ئۇرۇشىغىچە سورىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇرىيەلىكلەر قوزغىلاڭ قىلىپ، فرانسىيەلىكلەرنى قوغلاپ چىقاردى.**

**1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فرانسىيە سۇرىيەگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سۈننىي مۇسۇلمانلارغا قارشى ھالدا ئۆزلىرىگە ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىدىغان بىر خەلققە ئېھتىياجى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزى ئالاۋىلارغا چۈشتى. ئالاۋىلار قەدىمدىن تارتىپ 1919-يىلىغىچە ھېچ**

قانداق مەدەنىيەتلەشمىگەن (barbarian) خەلق بولۇپ، سۈرىيەنى فىرانسىيە بېسىۋېلىشتىن بۇرۇن ئالاۋىيلار سۈننىي مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ، ئۇلارنىڭ قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، قاراقچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار تاغدا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم زېمىنى بار ئىدى. ئەمما ھېچ قانداق تەربىيە كۆرمىگەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى سىرتقى دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن قىلچىمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەلىكلەر ئالاۋىيلارنى ئوقۇتتى. ئۇلارغا ھەربىي ماھارەتلەرنى ئۆگەتتى. ھەمدە ھەربىي مەكتەپلەردە مەخسۇس تەربىيىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ھەر خىل يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي گېنېراللىق ھوقۇقلىرىنى بەردى. ھازىرقى سۈرىيە پرېزىدېنتى ئاساد ئەنە شۇ فىرانسىيە تەرىپىدىن مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئالاۋىيلارنىڭ 2-ئەۋلادىدۇر. يەنى، ئاساد فىرانسىيە مەخسۇس سۈننىي مۇسۇلمانلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئالاۋىيلارنىڭ ئادىمىدۇر.




8-رەسىم: 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فىرانسىيە سۈرىيەدە بەرپا قىلغان كىچىك دۆلەتلەر.

ئەنگلىيە ئىېرىشكەن زېمىن ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلار كېڭەيتىلگەن ئىئوردانىيە، ئىراق ۋە ئەرەبىستاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىنلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا ساقلاپ، ئۇنى باشقۇرىدىغان ئىشنى مەككىنىڭ شارىفى ھۈسەيىننىڭ 3 ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. يەنى، ھۈسەيىننىڭ 3 ئوغلى 3 پارچە زېمىنغا قورچاق باشلىق بولدى. ھۈسەيىننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئەلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەرەبىستان بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى دۇنياغا ئۆزىنى «ھىجاز پادىشاھى» (King of Hejaz) دەپ ئېلان قىلدى. ھەمدە بىر مەزگىل ئۆزىنى «خەلىپە» دەپمۇ ئاتىۋالدى. ئەلى بۇ ھوقۇقنى ئاران 1924-يىلى 10-ئايدىن 1925-يىلى 12-ئايغىچىلا تۇتۇپ تۇرالىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەنگلىيە ئەلىنى بۇ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلىش بىلەن تەڭ، يەنە بىر ئەرەبلەر گۇرۇھىنى قوللاپ، ئۇلارغىمۇ ئىقتىسادىي ياردەم قىلىپ تۇردى. بۇ گۇرۇھ ئەرەبلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى «بىن سەئۇد» (bin Saud) بولۇپ، بۇ گۇرۇھ يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچەيگەندىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى بىلەن، ئەلى ھۈسەيىننى ئەرەبىستاندىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى ئىئوردانىيەدە ياشاپ، بىر ئىنتايىن ئېچىنىشلىق

هالەتتە ئۆلدى. شۇنداق قىلىپ ھۆسەيىن ئائىلىسىنىڭ مەككىدە 40 ئەۋلاد داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. سەئۇد ئۆزىنى دۇنياغا «سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى» دەپ جاكارلاپ، قول ئاستىدىكى زېمىنغا بولسا «سەئۇدى ئەرەبىستان» دېگەن نامنى بەردى. مانا بۇ بىز ھازىر بىلىدىغان سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدۇر.

شارىف ھۆسەيىننىڭ 2-ئوغلىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىئوردانىيە بېرىلدى. ھۆسەيىننىڭ 3 ئوغلىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى مۇشۇ ئابدۇللاھ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «ھاشىمىي ئىئوردانىيە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى» (King of Hashemite Kingdom of Jordan) دەپ ئاتىدى. ئابدۇللاھ 1950-يىلىغىچە پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى 1952-يىلىدىن 1999-يىلىغىچە پادىشاھ بولدى. ئۇ 1999-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ پادىشاھ بولغان بولۇپ، ئابدۇللاھ بۇ ئورۇندا ھازىرغىچە ئولتۇرۇۋاتىدۇ. يەنى، ھازىرقى ئىئوردانىيىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللاھ ئەنگلىيەگە باش ئۇرۇپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە تۆھپە قوشقان شارىف ھۆسەيىننىڭ چەۋرىسى بولىدۇ. ئۇ ئەسلىدە مەككىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىئوردانىيەدە ھېچ قانداق يىلتىزى يوق.

ئىلاۋە: مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ھېسابلىشى بويىچە، ئىئوردانىيىنىڭ ھازىرقى پادىشاھى ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 43-ئەۋلادى ئىكەن.

شارىف ھۆسەيىننىڭ 3-ئوغلىنىڭ ئىسمى فايسال (Faisal) بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىراق بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى «ئىراق پادىشاھى» دەپ جاكارلىدى. ئىراقلىقلار فايسالنى قەتئىي ئۆز ئىچىگە ئالماي، تەختكە ئولتۇرۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئىراقنى باشقۇرۇشتا فايسالنىڭ بىر قانچە نەۋرە قېرىنداشلىرىنى نۆۋەت بويىچە تەيىنلەپ تۇردى. 1958-يىلى ئىراق ئارمىيىسى قوزغىلاڭ قىلدى. قوزغىلاڭچىلار شارىف ھۆسەيىننىڭ ئىراقتىكى بارلىق تۇغقانلىرىنى، يەنى ئەر، ئايال ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسىنى، بىر ئۆيگە يىغىپ، ھەممىسىنى ئوقتا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىشنىڭ بېشىدا تۇرغانلار باشقا ئىراقلىق گېنېراللار بولسىمۇ، شارىف ھۆسەيىن ئائىلىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن مەيداندا سادىدام ھۆسەيىنمۇ بار ئىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، سادىدام ھۆسەيىن ئىراق ئارمىيىسى ئىچىدە تەدرىجىي ھالدا ئۆسۈپ، 1968-يىلى ئىراققا پرېزىدېنت بولۇپ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئامېرىكىنىڭ قولىدا ئۆلدى.

## 9. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيەنىڭ 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى زېمىن تەقسىماتىدا، يەنى 1920-يىلى، تۈركىيە ئەنگلىيەنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا تۈركىيەگە كىرگۈزۈلگەن زېمىن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىنىڭ 6 دەن بىر قىسمىغا توغرا كەلدى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا ئوسمانلى ئىمپېرىيە ئارمىيىسى ئىچىدە ئوفىتسېرلىق قىلىۋاتقان مۇستاپا كامال ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكچىلىكىگە قارشى قوزغىلاڭ قىلدى. بۇ قوزغىلاڭ كېيىن تۈركىيە مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا ئۆزگىرىپ، بۇ ئۇرۇش 1919-يىلى 19-مايدىن 1923-يىلى 24-ئىيۇلغىچە داۋاملاشتى. تۈركلەر بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، 1923-يىلى 29-ئۆكتەببىر كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بۇ مۇستاپا كامالنىڭ تۈركىيەنى چوڭ

**بالا-قازادىن 2-قېتىم قۇتۇلدۇرۇشى بولۇپ، يۇقىرىدىكى 2 قېتىملىق تۆھپىسىنىڭ شان-شەرىپى سۈپىتىدە تۈركلەر مۇستاپا كامالنى «ئاتا تۈرك» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.**

**دوكتور ياسىر قازىنىڭ دېيىشىچە، مۇستاپا كامال ئىسلامغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ دىنىي مەكتەپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ھىجابنى چەكلىگەن، ۋە قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا ئوقۇشنى مەنئى قىلىپ، ئۇنى تۈرك تىلىدا ئوقۇشنى يولغا قويغان.**

**ئىلاۋە: مېنىڭ چۈشىنىشىمچە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ھاكىمىيەت بېشىغا بىر توپ قالاق ئىدىيىدىكى ئىماملار چىقىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە چېكىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇستاپا كامال ئاشۇ سەۋەبلەردىن يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. مەن تورداشلارنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماي تۇرۇپلا بۇ ئىشنى تالاش-تارتىش قىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن. ئەگەر بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار قېرىنداشلار بولسا، ئۇلارنى يېزىپ يوللىغان بولساڭلار. مەن ئۇنىڭغا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. پەقەت بولمىسا تورداشلار بۇ مەسىلىلەرنى مېنىڭ كېيىنكى ماقالەمنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تالاش-تارتىش قىلىشقان بولساڭلار. مېنىڭ كۈچلىرىنىڭ بىھۇدە ئىسراپ قىلىنىشىنى كۆرگۈم يوق.**

**1924-يىلى ئاتا تۈرك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەلىپە ئابدۇلمەجىت (Abdul Majid 2) نى تۈركىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا بىر خەلىپە تۇرىدىغان دەۋر ئاخىرلاشتى. خەلىپە ئابدۇلمەجىت 1939-يىلى ئىئوردانىيەدە ۋاپات بولدى.**

**دوكتور ياسىر قازىنىڭ يەنە بىر لېكسىيىسىدە دېيىشىچە [8]، ھازىردىن باشلاپ زامان ئاخىرى بولغۇچە مۇسۇلمانلارغا يەنە بىر قۇتقۇزغۇچى كېلىدىكەن. بۇ قۇتقۇزغۇچى مەككىدە تۇغۇلىدىغان بولۇپ، تۇغۇلغاندا قويۇلغان ئىسمى مۇھەممەد ئابدۇللاھ بولىدىكەن. ھەدىستە بولسا ئۇ «مەھدى» (Mahdi) دەپ ئاتىلىدىكەن.**

**ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا ئىگە چىقالايدىغان بىرەر زاتنىڭ يوقلۇقى بىلىنىشكە باشلىدى. خەلىپە ئابدۇلمەجىتنىڭ ئەڭ كىچىك قىزى شۇ چاغقىچە ئۆتكەن، ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ باي دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ئوغلى بىلەن توي قىلدى. بۇ باي كىشى ھازىرقى ھىندىستاندىكى ھەيدەرابادنىڭ ھاكىمى Nizam of Hyderabad, His Exalted ) (Highness Nizam Sir Mir Osman Ali Khan Siddiqi Asaf Jah VII بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بايلىقى 200 مىليارد دوللاردىن كۆپ ئىدى [9]. بۇ ئىككى ئۇلۇغ زاتتىن بولغان بىر جۈپ ئەر-ئاياللىنىڭ ئۆيلىنىپ بولۇشىدىن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن مەھدىگە ئوخشاش بىر ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى تاما قىلىشقان ئىدى. ئەمما ئىش ئۇنداق بولماي قالدى. بۇ بىر جۈپ ئەر-ئاياللىنىڭ بىر قانچە پەرزەنتلىرى بار بولسىمۇ، ئۇلار ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچى بولۇپ چىقمىدى. ئۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇنمۇ كېيىنچە ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ھازىرمۇ ھايات.**

**سۈرىيە فىرانسىيەنىڭ قولىدىن 1946-يىلى مۇستەقىل بولدى. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك، ئۇنىڭ ھازىرقى پرېزىدېنتى ئاساد ئەينى ۋاقىتتا فىرانسىيە تەربىيىلىگەن ئالاۋى قاراقچىلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى بولىدۇ.**

**سەئۇدى ئەرەبىستان ئەنگلىيەنىڭ قولىدىن 1927-يىلى 20-ماي كۈنى ئازاد بولدى. «سەئۇدى**

**ئەرەبىستان» دېگەن ئىسمنى ئابدۇلئەزىز ئەل سەئۇد (Abdulaziz Al Saud) 1933-يىلى قوللىنىشقا باشلىدى. ئابدۇلئەزىز 1953-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ 5 ئوغلى نۆۋەتلىشىپ ھوقۇق تۇتۇپ كەلدى. 1953-يىلى ئابدۇلئەزىزنىڭ ھوقۇقىغا سەئۇد (Saud) ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن ئۇ قالغان قېرىنداشلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، 1964-يىلى ئورنىنى فايسال (Faisal) غا بوشىتىپ بەردى. فايسال 1975-يىلى بىرى تۇغقىنى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئىزىغا خالىد (Khalid) چىقتى. خالىدنىڭ ئورنىغا 1982-يىلى فاھد (Fahd) چىقىپ، ئاندىن 2005-يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھ چىقتى. ئابدۇللاھ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە پادىشاھلىق ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. يەنى، 1953-يىلدىن ھازىرغىچە بولغان 60 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھلىقى 5 قېتىم ئالمىشىپ بولدى [10].**


**بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىئوردانىيە ئىنگلىزچە « Hashemite Kingdom of Trasnjordan» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ 1946-يىلى ئەنگلىيەنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل بولدى. ھەمدە ئۇنىڭ ئىسمى 1948-يىلى ئىنگلىزچە « Hashemite Kingdom of Jordan» غا ئۆزگەرتىلدى. 1948-يىلدىكى ئەرەب-ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن ئابدۇللاھ-1 (Abdullah I) «ئىئوردانىيە ۋە پەلەستىن پادىشاھى» دېگەن تەختكە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھوقۇقى تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.**

**ئىلاۋە: تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادى ھازىر يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان بازار ئىقتىسادى (emerging market economy) غا كىرىدىغان بولۇپ، دۆلەت يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (GDP) جەھەتتە ھازىر دۇنيا بويىچە 17-ئورۇندا، ياۋروپادا بولسا 6-ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان 20 ئەللەر (G-20) نىڭ بىرى بولۇپ، ياۋروپادىكى ئىقتىسادى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتكە كىرىدۇ. تۈركىيە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، توقۇمىچىلىق، ماتورلۇق قاتناش قورallىرى، پاراخوت، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ۋە تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالىدۇ.**

## 10. ئاخىرقى سۆز

**شۇنداق قىلىپ، بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرىكى بۈگۈنكى كۈن، يەنى 1914-يىلى، ئىسلام خەلىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇسۇلمانلار زېمىننى بىزگە ھازىر تونۇشلۇق بولغان ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە بۆلۈۋېتىشتەك بىر قاتار بالايىئاپەتلىك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ باشلىنىشى بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن دۇنيادا پەقەت بىر خىللا مۇسۇلمانلار بار ئىدى. كېيىن مۇسۇلمان لىدېرلىرى ئارىسىدىكى ھوقۇق، نام-شۆھرەت، ۋە مال-دۇنيا تالىشىش كۈرەشلىرى ۋە ئىچكى ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە، بولۇپمۇ مىلادىيەدىن كېيىنكى 680-يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىن ھازىرقى ئىراقنىڭ كەربالا (Karbala) شەھرىدە شىئە سىياسىي گۇرۇھى تەرىپىدىن (ئۇ چاغدا شىئە ئېئولوگىيىسى تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولۇپ، شىئەلەر تېخى بىر سىياسىي گۇرۇھ ھالىتىدە ئىدى) ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار سۈننىي بىلەن شىئەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپكە بۆلۈندى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى چوڭ مەزھەپ ئىچىدە**

**يەنە نۇرغۇن كىچىك گۇرۇھلار ۋۇجۇدقا كەلدى. مۇسۇلمانلار ھازىر تۆۋەندىكى 9-رەسىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك بىر ئىنتايىن چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ياشىماقتا.**




9-رەسىم: مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى 2 چوڭ مەزھەپ ۋە نۇرغۇن كىچىك گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى.

**2010-يىلىغىچە بولغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا [12-11]، دۇنيادا 1.62 مىليارد مۇسۇلمانلار بار بولۇپ، بۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ 23.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ 62 پىرسەنتى ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونلىرىدا، 20 پىرسەنتى ئوتتۇرا-شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدا (يەنى ئەرەب ئەللىرىدە)، 15 پىرسەنتى ساخارا چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەﷲرەدە (Sub-Saharan Africa)، 3 پىرسەنتى ياۋروپادا، ۋە 0.3 پىرسەنتى ئامېرىكا قىتئەلىرىدە ياشايدۇ.**

**مەن ئۇيغۇرچە نۇر بەتلەرنى كۆرۈش، ۋە تونۇشلىرىم بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى غەلىتە ئىشلارنىڭ سادىر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم. مەسىلەن، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا «پەقەت قۇرئاننى ئۆگىنىشلا كۇپايە قىلىدۇ، پەيغەمبەر ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە سۈننەتلەرنى تۇتۇش ھارام»، «ھۆكۈمەتكە ئىشلەش ھارام» دېگەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم قاراشلار مەۋجۇت ئىكەن. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بۇنداق چۈشەنچىلەر نەدىن كەلگەن؟ مېنىڭ ئىسلام تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمگە سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى ئەنە شۇنداق سوئاللارغا جاۋاب تېپىش بولدى. بىر قىسىم ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان دىن جەھەتتىكى يۇقىرىقىدەك خاتا چۈشەنچىلەر ئەمەلىيەتتە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسى ئۇچۇن ئورتاق ئىكەنلىكىنى، ھەمدە سىرتقى مۇسۇلمان دۇنياسىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلەر ئۇيغۇرلار ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلەردىن خىلىلا كۆپ ۋە خىلىلا ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بولۇپمۇ بىرلىكنى ساقلاش جەھەتتە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار باشقا بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردىن كۆپ ياخشى ئىكەن. ھازىر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان دىن جەھەتتىكى مەسىلەرنىڭ سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. ئىسلام دۇنياسى گۈللىنىپ، ئەڭ يۇقىرى پەللەككە يەتكەندە، ياۋروپانىڭ ئەڭ قاراڭغۇ دەۋرلەر ئىچىدە تۇرغانلىقىنى، كېيىن ئىسلام دۇنياسى ئاجىزلىشىپ تۆۋەنلەپ ماڭغاندا، ياۋروپا گۈللىنىشكە باشلاپ، يۇقىرىلاپ ماڭغانلىقىنى، بىرى تۆۋەنلەپ، بىرى يۇقىرىلاپ، بۇ ئىككى دۇنيا تەخمىنەن**

1550-يىللىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىدە ئوخشاش بىر نۇقتىغا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار داۋاملىق تۆۋەنلەپ، ياۋروپالىقلار داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ، ئەڭ ئاخىرى بۈگۈنكى كۆندىكىدەك ھالەت شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. يەنى، 1550-يىللىرى يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش يالغۇز ئۇيغۇرلاردىلا يۈز بېرىپ قالماستىن، ئۇ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا يۈز بەرگەنلىكىنى، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر قىسمىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلىۋالدىم. مەن كېيىنكى بىر پارچە ماقالەمدە ئاشۇنداق مەسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن. تارىخنى ئۇنتۇپ قالغان ۋە تارىختىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ياخشى يەكۈنلىمىگەن ئادەم ياكى مىللەت تارىخىي خاتالىقلارنى قايتا سادىر قىلىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان دۇنياسىدا ھازىر ساقلىنىۋاتقان مەسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى تولۇق ۋە توغرا بىلىۋېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى تېپىپ چىقالماسلىقىمىز مۇمكىن. ئەمما، ھېچ بولمىغاندا بىز ئۆزىمىز بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇنداق خاتالىقلارنى قايتا سادىر قىلىشنى ئازلىتالىشىمىز، ھەتتا ئۇلارنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى پۈتۈنلەي ئالالىشىمىز مۇمكىن. مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ خەلقىمىزگە مۇشۇ جەھەتلەردە ئازراق پايدىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقىدەك پارچىلىنىپ كېتىش، ۋە ئىلىم-پەن بىلەن تەرەققىياتتا سۇس قاراش، ۋە تەرەققىياتتا بىر ئىنتايىن تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى مېنى ئىنتايىن قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ (مەن ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى ماقالىسىدە بۇ يەردىكى گەپلىرىمگە سانلىق ئىسپاتلارنى كۆرستىمەن). مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆزىتىش، ئۇلارنى ئانالىز قىلىش، ۋە ئۇلار ئۈستىدە بىر ئاز ئويلىنىش، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ۋە ياپونلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ساپاسى تۆۋەنلىكىنى، ساپانىڭ تۆۋەن بولۇشى ئۇلاردىكى دىنغا بولغان خاتا تونۇشلارنى ۋە ئىمان بىلەن ئېتىقادتىكى ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، ئاشۇ خاتا تونۇشلار بولسا ھازىرقىدەك پارچىلىنىشنى، ۋە ئىلىم-پەن بىلەن تەرەققىياتتا سۇس قاراش پوزىتسىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، مۇسۇلمانلارنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە ئېتىقادىنىڭ سۇس بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئاقىلانە ئىشلارنى تاللاپ قىلالماسلىقىنى، ئىش قىلغاندىمۇ ئۇلارنى ئاقىلانە ئۇسۇل بىلەن قىلالمايۋاتقانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىر ئادەم «مۇسۇلمانلار نېمىنى تالىشىپ ھازىرقىدەك شۇنچە كۆپ مەزھەپ ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى؟ ئۇلار ئۆز-ئارا نېمىنى تالىشىپ ئۇرۇشىدۇ؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە ئازراق ئويلىنىپ باقسىلا، مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان نۇقتىلارنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ. قېرىنداشلارنىڭ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۈنۈملۈك ئويلىنىپ بېقىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، مەن مەزكۇر ماقالىنى ھىندىستانلىقلارنىڭ دۇنياغا داڭلىق داھىيسى گەندى (1896 - 1948) نىڭ تۆۋەندىكى بىر قىسىم ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

--ھەر خىل دىنلار ئوخشاش بىر نۇقتىغا بېرىپ توختايدىغان تارماق يوللارغا ئوخشايدۇ. بىز پەقەت ئوخشاش مەنزىلگە يېتىپ بارالىساقلا، قايسى يولنى تاللاپ مېڭىشىمىز مۇھىم ئەمەس. مېنىڭ بۇددا دىنىم ماڭا ھەممە دىنلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ.

--مەن بىز ھەممىمىز ھەر خىل دىنلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئوقۇشىمىز كېرەك، دەپ ئويلايمەن. دىن خۇددى بىر كۆپ شاخلىق دەرەخكە ئوخشايدۇ.

--ھەر بىرىمىز باشقىلارنىڭ دىنلىرىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ھەممە ئۆزىمىزنى ھەتتا باشقىلارنىڭ دىنى توغرىسىدا يامان خىياللاردا بولۇشتىنمۇ تارتىنىشىمىز كېرەك.

--ئۆزىنىڭ دىنىنى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن كۆرۈش ئەڭ ئۆچىغا چىققان كەمسىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقىلاردىن ئېتىقادىنى ئۆزىنىڭكىگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىش ئادالەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. ھەممە ئادەملەر ئوخشاش خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، پەقەت ئېتىقاد قىلىشىنىڭ شەكىللا بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولمايدۇ. بىر دىننىڭ يەنە بىر دىندىن ئۈلۈغراق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ ئاللاھسى خرىستىيانلارنىڭ خۇداسى ۋە بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ ئىشۋارا (Ishvara) سى بىلەن ئوخشاش. بىزنىڭ دىندىن پەقەت بەرىسلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئېھتىياجىمىز يوق، بەلكى، بارلىق دىنلارغا ئوخشاش دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىشقا ئېھتىياجىمىز بار.

--مەن ئۆزۈمنىڭ دىنى قوشنامنىڭكىدىن ئۈستۈنرەك تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپ، قوشنامدىن ئۆز دىنىدىن ۋاز كېچىپ، مېنىڭ دىنىمنى قوبۇل قىلىشنى ئىستىسەم قانداق بولىدۇ؟ مەن قوشنامنىڭ بىر ھەقىقىي دوستى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆز دىنىدا ياشاپ، مۇكەممەللىككە يېتەلىشىنىلا ئۈمىد قىلالايمەن ۋە شۇنىڭغا دۇئا قىلالايمەن.

--ئەگەر بىر خرىستىئان مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ دىنىنى بۇددا دىنىغا ئۆزگەرتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىمەن. ئۇنىڭغا بۇددا دىنى تەمىن ئېتىدىغان نەرسىلەرنى ئىنجىلمۇ تەمىن ئېتىدىغانلىقىنى، شۇلارنى تېپىپ چىقىپ، بىر ياخشى خرىستىئان بولۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىمەن.

--بىز سەجدە ياكى تىلاۋەتنى كالپۇكىمىزدا قىلمايمىز، بەلكى يۈرىكىمىزدە قىلىمىز. كالپۇكنىڭ تىلىنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ، ئەمما يۈرەكنىڭ تىلىنى كىم ئۆگىتەلىسۇن؟

## مۇراجىئەتنامە:

مەن بۇ ماقالىنى پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ تەييارلىدىم. مەندە بۇ تارىخلارغا ئائىت ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار بولمىغاچقا، ئىسىملارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشتا مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇلغۇن لۇغىتىگە تاياندىم. بەزى سۆزلەرنى چەت ئەلدىكى دوستلىرىمدىن سورىدىم. يۇلغۇن لۇغىتىدىن تېپىلغان سۆزلەرنى ئۆزۈم ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغان بويىچە ئالدىم. شۇڭلاشقا مەن تورداشلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج. مېنى تەنقىد قىلىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا خاپا بولمايمەن. ئەمما، ئەڭ ياخشىسى ماڭا تەكلىپ بېرىڭ. ئەگەر مېنىڭ توردىكى ماقالىنى تەھرىرلەش ھوقۇقۇملا بولىدىكەن، مەن ماقالەمنى تەكلىپىڭىز بويىچە تۈزىتىپ قويۇشقا تىرىشىمەن. رەھمەت!

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] 1914: The Shaping of the Modern Muslim World - Part 1 ~ Dr. Yasir Qadhi | 15th January 2014

http://www.youtube.com/watch?v=qh9awD5KwNY

[2] Abu Ammaar Yasir Qadhi
http://en.wikipedia.org/wiki/Abu_Ammaar_Yasir_Qadhi

[3] بىلىمخۇمار، «ياپونلارنىڭ مىللىي روھى»

http://bbs.izdinix.com/thread-57078-1-1.html

[4] Osmanli Empire
http://en.wikipedia.org/wiki/Osmanli_Empire

[5] Gallipoli Campaign
http://en.wikipedia.org/wiki/Battle_of_Gallipoli

[6] The Mongol Invasion and the Destruction of Baghdad
http://lostislamichistory.com/mongols/

[7] Treaty of Versailles
http://en.wikipedia.org/wiki/Treaty_of_Versailles

[8] THE MAHDI BETWEEN FACT & FICTION - Yasir Qadhi
http://www.youtube.com/watch?v=5W_3Gg7rmjo

[9] Osman Ali Khan, Asaf Jah VII
http://en.wikipedia.org/wiki/Osman_Ali_Khan,_Asaf_Jah_VII

[10] History of Saudi Arabia
http://en.wikipedia.org/wiki/History_of_Saudi_Arabia

[11] Muslim world
http://en.wikipedia.org/wiki/Muslim_world

[12] Islam by country
http://en.wikipedia.org/wiki/Islam_by_country

# مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىللار

**2014-يىلى 3-ئاينىڭ 3-كۈنى**

مەن ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنى ئارىلاۋېتىپ، ھازىر قېرىنداشلار ئەڭ كۆپ سورايدىغان سوئاللارنىڭ بىرى «بىز قانداق قىلىپ بۇگۈنكىدەك بىر ھالەتكە كېلىپ قالدۇق؟» ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. نۇرغۇن قېرىنداشلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق بىلىملىرىنى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىدىكەن. بەزىلىرى ھازىرغىچە ئىگىلىگەن بىلىملىرىگە ئاساسلىنىپ ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بېرىپ باقىدىكەن. مەن ئاشۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئەڭ كۆپ كۆرگەن بىر مەنبە مەن يېقىندا يازغان «ئىماملار مارستا ياشاشقا پەتىۋا چىقاردى» دېگەن قىسقا خەۋەرگە چۈشكەن ئىنكاسلار بولدى. مەن ئۇ ئىنكاسلارنىڭ بىر قىسمىغا خۇشال بولدۇم ھەم ئۇلاردىن سۆيۈندۈم. يەنە بىر قىسمىدىن بولسا سەل ئۈمىدسىزلەندىم. بىزنىڭ بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز دىن جەھەتتىكى ئاڭ ۋە بىلىم جەھەتتە مېنىڭ بۇرۇن ئويلىغىنىمدىن خېلىلا ئارقىدا ئىكەن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىز ئاڭ ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتە تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى خەلقلىرىدىن تېخى خېلىلا ئارقىدا ئىكەنمىز. ئەمما مەن بۇنى خەلقىمىزدىن كۆرمەيمەن. مەن يەنىلا بىزگە يارىتىلغان شارائىت ئىچىدە بىزنىڭ خەلقىمىز ئىشلارنى خېلىلا يۇقىرى دەرىجىدە ياخشى قىلىپ كەلدى، دەپ ئويلايمەن.

مەن ئۇيغۇرلار 1500-يىللىرى ئەتراپىدا چېكىنىشكە باشلىغانلىقىنى بىلگەندىن تارتىپ، «ئاشۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار قايسىدۇر؟» دېگەن سوئال كاللامدىن زادىلا كەتمىگەن ئىدى. تېخى يېقىندىلا ئاشۇ سوئالغا جاۋاب بولالايدىغان بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشتىم. مەن ئېرىشكەن ئۇچۇرلار يالغۇز ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئەمەس. ئۇلار مۇسۇلمان ئۈممەتلىرى توغرۇلۇق. يەنى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ قانداق جەريان ۋە سەۋەبلەر بىلەن دەسلەپتە گۈللىنىپ ياكى قۇدرەت تېپىپ، كېيىن يەنە قانداق جەريان ۋە سەۋەبلەر بىلەن ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق. مەزكۇر ماقالىدا مەن ئاشۇ ئۇچۇرلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

مۇسۇلمانلارنى دەسلەپتە ئۈستۈرگەن، ۋە كېيىن چۈكتۈرگەن ئامىللار قايسىلار، دەپ سورىسىڭىز، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلار مۇنداق ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك كونسېرۋاتىپ مۇسۇلمانلار. ئۇلار سەۋەبنىڭ كۆپىنچىسىنى روھىي جەھەتتىكى ئامىللاردىن كۆرىدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، ۋە ئۇلارنىڭ قۇرئاندىن چەتنەپ كېتىشى قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھازىرقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى ئىماننى كۈچەيتىش، ئېتىقادنى كۈچەيتىش، ۋە مەسچىتلەرگە ۋاقتى-ۋاقتىدا بېرىپ، دۇئانى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرۇلىدىغان كۆز-قاراش ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ. يەنە بىر قۇتۇپنىڭ ئادەملىرى بولسا زىيالىيلاردىن، ۋە زامانىۋىلىقنى تەكىتلەيدىغان ئىلغار ئىدىيىلىك كىشىلەردىن تەركىب تاپقان (باشقا دىندىكى ياكى دىنسىز كىشىلەر ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق ئىدىيىدە تۇرىدىغانلار بار، ئەمما ئۇلار بۇ يەردىكى مۇلاھىزە بىلەن

مۇناسىۋەتسىز). بۇ گۇرۇپپىدىكى كىشىلەر كۆپىنچە ئەھۋالدا سەۋەبنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىم ۋە ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە سۇس قارىشى، زامانىۋىلىقنى قوغلاشماسلىقى ۋە يېڭىلىقنى قوبۇل قىلماسلىقى قاتارلىق «دۇنيا» غا تەۋە ئامىللاردىن ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىغا ئىمان ۋە تەقۋادارلىق جەھەتتىكى سەۋەبلەر ئاساسەن كەلمەيدۇ. بەزىلىرى ھەتتا بۇنداق بولۇشنى ئىسلام دىنىدىكى ئاجىزلىقلارغا ئارتىپ قويىدۇ. بۇنداق سەۋەبلەرمۇ توغرا ياكى تولۇق ئەمەس بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدە تونۇشتۇرۇلىدىغان كۆز-قاراش ئۇلارنىڭكىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ سەۋەبى يۇقىرىدىكى ئىككى گۇرۇپپا ئادەملەر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ بىرىكمىسىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئاشۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق توغرا كېلىدۇ. يەنى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ قۇدرەت تېپىشى بىلەن ئاجىزلىششىغا مۇنداق ئىككى نەرسە سەۋەب بولغان. ئۇنىڭ بىرى ئىمان ۋە تەقۋادارلىقنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاجىزلىششى. بۇ ھەممىدىن مۇھىم سەۋەب. يەنە بىرى بولسا دۇنيا. يەنى، بىلىم، ئىلىم-پەن، تېخنولوگىيە، ۋە باشقىلار. مەن بۇ ماقالىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان ۋە تەقۋادارلىق جەھەتتىكى كۈچلىنىش ۋە ئاجىزلىشش ئەھۋاللىرى ئۈستىدە توختالمايمەن. پەقەت 2-سەۋەب ۋە جەريان ئۈستىدىلا توختىلىمەن. بىرىنچى سەۋەب ئۈستىدە مەن بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئىزدىنىپ، يېتەرلىك ماتېرىيال توپلىيالىسام، ئاندىن ئۇلارنى يېزىپ چىقىشىم مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ مەن تورداشلارغا بۇ يەردە مۇنداق بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى توغرا تاپتىم: ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىزگە قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرگەن، ھەممە قۇرئاننىڭ 1-نۇسخىسى تەييارلانغاندىن تارتىپ (مەزكۇر ماقالىدا مەن قۇرئاننىڭ 1-نۇسخىسىنىڭ رەسىمنى كۆرسىتىمەن)، قۇرئاندا ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. يەنى ئىسلام دىنىدا ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ۋە ياكى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، ئىسلام دىنىنىڭ تېئولوگىيىسى ياكى ئاساسي پرىنسىپلىرىدا ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. تارىختا ئانچە كۆپ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. مۇسۇلمانلار دەسلەپتە گۈللەندى. روناق تاپتى. قۇدرەت تاپتى. كېيىن بولسا زاۋاللىققا يول تۇتتى. دىندا ئۆزگىرىش بولماي، مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولغىنىغا قاراپ، بىز بۇنداق ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ چوڭ ئامىل ئادەملەر، دېگەن يەكۈنگە كېلەلەيمىز. تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرسەك، ئەسلىدە ئۆزگەرگىنى بىرىنچىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ۋە تەقۋادارلىقى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن قالسا ھاكىمىيەت بېشىدىكى لىدېرلارنىڭ بىلىمگە، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ۋە زامانىۋىلىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مەن بىر قىسىم قېرىنداشلارنىڭ «ئىماملار مارستا ياشاشقا پەتىۋا چىقاردى» دېگەن خەۋەرگە قارىتا يازغان ئىنكاسلىرىغا ھەيران قالدىم. پەتىۋا ئاللاھدىن كەلگەن مۇقەددەس سۆزلەر ئەمەس. ئادەمدىن كەلگەن. ئادەمدىن كەلگەن بولغاچقا ئۇلارنىڭ ياخشىسىمۇ بولىدۇ، يامىنىمۇ بولىدۇ. توغرىسىمۇ بولىدۇ، خاتاسىمۇ بولىدۇ. ئاقىلانىسىمۇ بولىدۇ، ھاماقەتكە ياتىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. سىز مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئىمان ۋە تەقۋادارلىقتىكى ئاجىزلىششتىن باشقا يەنە ئادەملەر تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويغان پەتىۋالاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

ئەگەر سىز مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپتە قۇدرەت تېپىپ، كېيىن ئاجىزلىششىدىكى 2-سەۋەبكە پەقەت بىرلا ئامىل تاپماقچى بولسىڭىز، مەلۇم دەرىجىدە ئىزدەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەغەز ياساش بىلەن باسما خەت تېخنىكىسى ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەلۋەتتە قەغەز دەسلەپتە بەرپا قىلىنغان. باسما

خەت بولسا ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن.

مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىششى بىلەن قەغەز ۋە باسما خەتنىڭ مۇناسىۋىتى كىشىلەر ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلغان تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ. تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا ياسىر قازى دوكتورلۇقتا ئوقۇغان يالى ئۇنىۋېرسىتېتى «باسما خەتتىن بۇرۇنقى قەغەز: ئىسلام دۇنياسىدىكى قەغەزنىڭ تەسىرى ۋە تارىخى» (Paper before print: the history and impact of paper in the Islamic world) دېگەن بىر كىتابنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابنى ئامېرىكىنىڭ بوستون ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى جوناسىن بلۇم (Jonathan M. Bloom) يازغان. شۇڭا مەن مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرىدىغىنىم، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىششى بىلەن قەغەز ۋە باسما خەت تېخنىكىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

مەن بۇ قېتىم پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىيال دوكتور ياسىر قازىنىڭ «مۇسۇلمان ئۇممەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن چېكىنىشى ۋە باسما خەت» دېگەن تېمىدىكى ئىنگلىزچە لېكسىيىسى بولۇپ [1]، بۇ لېكسىيە 2012-يىلى 4-يانۋار كۈنى ئامېرىكا تېنىسى شتاتى مېمفىس شەھەرلىك ئىسلام مەركىزىدە سۆزلەنگەن. مەن بۇ لېكسىيىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىزىملىكىنى مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم.

مەن ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىش دەۋرى بىلەن چېكىنىش دەۋرىنىڭ ۋاقتى، ۋە ھەر بىر دەۋردىكى ئەھۋاللارنىڭ بىر قانچە مىساللىرىنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن. ئاندىن بۇ دەۋرلەردىكى ۋەقەلىكلەرنى بۇرۇنقى ۋاقىتتىن ھازىرقى ۋاقىتقىچە بولغان ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ھېكايە شەكلىدە بايان قىلىمەن. ئاخىرىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قىسىم ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، مەن مەزكۇر ماقالىدا مۇسۇلمانلارنىڭ يېقىنقى 1500 يىللىق گۈللىنىش ۋە ئاجىزلىشىش تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن. بۇ ئىشلاردىن بۇرۇن خەۋەرسىز قېرىنداشلارغا مەزكۇر ماقالە خېلى كۆپ پايدا يەتكۈزىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

مېنىڭ بۇ ماقالەم ئالدىنقى قېتىم تورلارغا چىقارغان «ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرى قانداق شەكىللەنگەن؟» دېگەن ماقالەم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا ئەگەر سىز ئۇ ماقالىنى تېخى ئوقۇپ باقمىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە ئالدى بىلەن ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇۋېتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. چەت ئەل تىلى ئۆگەنگەندە بىر تىلنى يەنە بىر تىلغا سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۆگەنسە ئۈنۈمى كۆپ ياخشى بولىدۇ. باشقا مىللەتلەرنى چۈشىنىشمۇ شۇنداق. ئەگەر سىز بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەت بىلەن سېلىشتۇرسىڭىز، بۇ مىللەتنى چۈشىنىشىڭىز كۆپ ئۈنۈملۈك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەگەر سىز تېخى ئوقۇپ باقمىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ يەھۇدىيلار ۋە ياپونلار توغرىسىدا يازغان ماقالىلىرىمنىمۇ تەۋسىيە قىلىمەن.

## 1. ئىسلام دۇنياسىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى

غەربتىكى ئىسلام توغرۇلۇق يېزىلغان ماتېرىياللاردا «ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرى» ( The Islamic

(Golden Age) دېگەن سۆزنى كۆپ ئۇچرىتىسىز. بۇ دەۋر 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئابباسىيلار (Abbasid) تارىخىي زامانىسىدىن باشلىنىپ، موڭغۇللار باغداتنى قولغا چۈشۈرگەن 1258-يىلى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ [2]. ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرى ئابباسىنىڭ خەلىپىلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئىسلام پايتەختىنىڭ دەمەشقتىن باغداتقا كۆچۈرۈلۈشى بىلەن باشلاندى. ئابباس خەلىپە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىستىكى «بىر زىيالىينىڭ قەلىمىنىڭ سىياسى بىر شېھىتنىڭ قېنىدىنمۇ بەكرەك مۇقەددەس بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى قاتتىق ئۇچرىغان. ئىسلامنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۆز-ئارا ئۇرۇش قىلىشۋاتقان ئەرەب تەبىقىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر كۈچلۈك ئىمپېرىيىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينىدى. ئابباس مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلدى. مۇشۇ دەۋردە ئەرەبلەر دۇنياسى ئىلىم-پەن، پەلسەپە، تېبابەتچىلىك، ۋە مائارىپ مەركىزىگە ئايلاندى. ئابباس مۇسۇلمانلارنى بىلىم ئېلىشقا يېتەكلەپ، باغداتتىكى «ئەقىل سارىيى» (House of Wisdom) نى قۇرۇپ چىقتى. بۇ سارايىنىڭ ئىچىدە كۇتۇپخانا، دوختۇرخانا، مەكتەپ ۋە مەسچىتلەر بار بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان ئەمەس زىيالىيلار مۇشۇ سارايغا كېلىپ، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئاشۇ دەۋرگىچە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بىلىملەرنى توپلاپ، ئۇلارنى باشقا ھەر خىل تىللاردىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدى. ئەرەبلەر ئۆزىدە بۇرۇن يوق بولغان يات مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئەڭ يۇقىرى تىرىشچانلىقلار بىلەن ئۆزىگە قوبۇل قىلدى. نۇرغۇنلىغان قەدىمكى زاماننىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى دەسلەپتە ئەرەبچە بىلەن پارسچىغا، كېيىنرەك تۈرك تىلى، يەھۇدىي تىلى ۋە لاتىن يېزىقىغا تەرجىمە قىلىندى. ئەگەر بۇنداق ئىشلار بولمىغان بولسا، ئاشۇ كلاسسىك ئەسەرلەر ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەن بولاتتى. بۇ چاغدىكى ئەرەب دۇنياسى تاپقىلى بولىدىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلىدى ۋە بىرلەشتۈردى. قەدىمكى رىم، جۇڭگو، ھىندىستان، پېرسىيە، مىسىر، گىرېك، بىزانتىن (Byzantine) ۋە فىنىشىيە (Phoenicia) قاتارلىق دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىدىن قولغا كەلتۈرگەن بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان بىر دۇنياغا ئايلاندى.

قىسقىسى، ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى مۇسۇلمان دۇنياسى ھازىرقى زاماندىكى ئامېرىكىغا ئوخشايتتى. يەنى، ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم بىلىم ۋە ئىلىم-پەنگە قىزىققان، يېڭىلىققا قۇچاق ئاچقان، ھەمدە زامانىۋىلىقنى قارشى ئالغان ۋە قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇ چاغدىكى باغدات ھازىرقى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوخشايتتى. يەنى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوخشىمىغان مىللەتتىن بولغان، ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان زىيالىيلار باغداتقا كېلىپ، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ، ئىلىم-پەندىكى قىيىن ئۆتكەللەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلاتتى. مۇددەتلىك ھالدا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنلىرىنىمۇ ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان ئىدى. مەن ئالدىنقى بىر ماقالەمدە تىلغا ئالغىنىمدەك، ئەنگلىيە «دەۋر ئالىي مائارىپى» ژۇرنىلى تىزىپ چىققان، 2014-2011-يىللىق دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان 50 ئالىي مەكتەپ تىزىملىكىدە، بىزنىڭ باش ئىدارىمىز بولغان كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى 2011-، 2012-، ۋە 2013-يىللىرىنىڭ ھەممىسىدە 1-ئورۇنغا ئېرىشتى [3]. مېنىڭ مۆلچەرىمچە، ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى پروفېسسورلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك چەت ئەللىكلەر. ئۇلار باشقا-باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن، باشقا-باشقا مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان، باشقا-باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى دىنغا ئېتىقاد

قىلمايدىغان كىشىلەردۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئاشۇنداق بىرلىشىشى دۇنيا بويىچە مۇكەممەللىكتە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بىر ئىنستىتۇتنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بىز بىر-بىرىمىزنىڭ ئەسلىدىكى دۆلىتىنى سورىمايمىز. مىللىتىنى سورىمايمىز. دىنىنى سورىمايمىز. پەقەتلا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئىنسانلار ھازىرغىچە قىلىپ باقمىغان ئىشلارنىلا قىلىمىز. ئېچىلمىغان يېڭى رايونلارنى ئاچىمىز. بېرىپ باقمىغان يېڭى جايلارغا بارىمىز. ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارمۇ مۇشۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمان زېمىنلىرى دۇنيادىكى ئەقلىي جەھەتتىكى كۈچ-قۇدرەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان، ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلارغا قايىل بولغان ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلار 10-، 11-، 12-، ۋە 13-ئەسىرلەردە ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات، سەنئەت، خەتتاتلىق قاتارلىق بىر قاتار جەھەتلەردە دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى پەللىلەرگە چىقىپ، دۇنياغا بۇ جەھەتتە باشلامچى بولغان ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق بىر زامانلاردا، يەنى، 10- ۋە 11-ئەسىرلەردە، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئاشۇ ئالتۇن دەۋر جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يېزىپ كەلسەك، شۇنىڭ ئۆزىلا بىر پارچە ئۇزۇن ماقالە بولىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەزكۇر ماقالىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا مەن تۆۋەندە ئاشۇ نەتىجىلەرنىڭ بىر قىسمىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

--ياۋروپادىكى بىرىنچى ئۇنىۋېرسىتېتنى مۇسۇلمانلار ئىسپانىيەدە قۇرغان [4].

--ھازىر غەرب ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ پروفېسسورلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا كىيىدىغان قارا پەلتونى ئەڭ دەسلەپتە مۇسۇلمانلار يولغا قويغان.

--ئىتالىيىلىك تەكشۈرگۈچى كىرىستوفېر كولومبۇس (Christopher Columbus, 1451 – 1506) پاراخوت بىلەن غەربكە سەپەر قىلىپ، يەر شارىنىڭ يۇملاقلىقىنى ئىسپاتلاشتىن 600 يىل ئىلگىرى، ئىراقنىڭ كۇفا شەھىرىدىكى مۇسۇلمان ماتېماتىكاشۇناسلار يالغۇز يەر شارىنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئايلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئىنتايىن يۇقىرى توغرۇلۇق دەرىجىسىدە ھېسابلاپ چىقىپ بولغان.

--ئالتىنچى ئەسىردىن 10-ئەسىرگىچە باغداد دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇ يەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىرلا ۋاقىتتا 6000 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. ئۇ دەۋردە باغدات دۇنيادىكى ھەممىدىن بەك مەدەنىيەتلەشكەن شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ كوچىلىرىغا سېمونت ياتقۇزۇلغان، كوچىلارنىڭ ئاستىغا مەينەت سۇ ئاقىدىغان تۇرۇبىلار ياتقۇزۇلغان، ۋە كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىراغلار يېقىلغان. ئۇ ۋاقىتلاردا ياۋروپا بىر خىل «قاراڭغۇ دەۋر» ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، پارىژنىڭ قاراڭغۇ ۋە پاتقاقلىق كوچىلىرىدا چوشقىلار يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

--700-يىلدىن 1100-يىلغىچە بولغان 4 ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە خەلقئارا ئىلىم-پەن تىلى لاتىنچە ئەمەس، ئەرەبچە بولغان. ئاشۇ دەۋردە نۇرغۇن خىرىستىئانلار ئەرەبچىنى ئۆگىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇغان.

--تۇنجى تېلېسكوپنى مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ خەلپە ئۈچۈن ياساپ بەرگەن. مۇسۇلمانلار مەككە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن يەر شارىنىڭ شەكلى بىلەن

چوڭ-كىچىكلىكىنى بىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغان. مۇسۇلمان زېمىنلىرىنىڭ ھەر قانداق يېرىدە تۇرۇپ مەككىنىڭ يۆنىلىشىنى بىلەلەيدىغان سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلاردا ئاسترونومىيە شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىش خەرىتىلىرىنى سىزىپ چىققان. بۇنداق خەرىتىلەرنىڭ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە ئەينى ۋاقىتتا باشقا ھېچ قانداق نەرسە تەڭ كېلەلمەيتتى. ناسىر ئال-دىن ئال-تۇسى (1201 - 1274) بىر پېرسىيەلىك بىلىملىك زات ۋە كۆپ ھوسۇللۇق يازغۇچى. ئۇ يەنە بىناكارلىق، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، خىمىيە، ماتېماتىكا، فىزىكا، پەلسەپە، دوختۇرلۇق ۋە تېئولوگىيە ئالىمى بولۇپ، ئۇ پلاتوننىڭ دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاسترونومىيىنى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. ئۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئاسترونومىيە بىلىمى كېيىنكى 100 يىل ئىچىدە دۇنيانى سوردى. http://en.wikipedia.org/wiki/Nasir_al-Din_al-Tusi))



0 ـ رەسىم: ناسىر ئال ـ دىن ئال ـ تۇسى بىر (1201 ـ 1274)

-- ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيە مۇتەخەسسىسى ئەل-بىرۇنى 973-يىلى ئۆزبېكىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ھىندىستاننىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە جۇغراپىيە ھەققىدىكى تەرەققىياتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، جەمئىي 146 پارچە ئىلمىي ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرلەر جەمئىي 13000 بەت كېلىدۇ.

-- ئونلۇق سان ۋە نۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەبچە سان سىستېمىسىنى مۇسۇلمانلار ئىجات قىلغان. ئەگەر ئۇلار بولمىغان بولسا، ھازىرقى زاماندىكى ئىلىم-پەن ۋە باشقا ساھەلەردىكى تەرەققىياتلار مۇمكىن بولمايتتى.

-- شېكەر، قەھۋە، گۈرۈچ، ئالۇچا، ۋە باشقا نۇرغۇن يېمىش ۋە تاماقنى ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن دارا-دامانلار ياۋروپاغا مۇسۇلمانلاردىن بارغان.

-- نۇرغۇن مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئالىملار ئىسلام ئالتۇن دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. مۇشۇ دەۋردە مۇسۇلمان زىيالىيلار ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىچىدە

ترىگونومېترىيىنىڭ ھازىرقى زاماندىكىدەك شەكىلگە كىرگۈزۈلۈشى، ئوپتىكا ۋە ئاسترونومىيىدىكى نۇرغۇن يۈكسىلىشلەر بار.

-- مۇسۇلمان زىيالىيلىرى ئىبىن رۇشد (Ibn Rushd) بىلەن ئىبىن سىنا (Ibn Sina) ئارىستوتىل (Aristotle) نىڭ پەلسەپىلىك ئەسەرلىرىنى قوغداشتا ئاساسىي رول ئوينىدى. ئارىستوتىل مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 384-322-يىللىرى ياشىغان مەشھۇر پەيلاسوپ بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي ۋە دىنىي ئەمەس ئىدىيىلىرى ئۇزۇن مۇددەت خرىستىئان ۋە مۇسۇلمان دۇنيالىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يۇقىرىدىكى 2 نەپەر زىيالىيلار جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئىدىيىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى تەتقىق قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن زور مىقداردىكى بىلىملەرگە قوشتى. ئىبىن سىنا ۋە مۇتەپەككۇر ئال-كىندى بىلەن ئۇيغۇرلارغا ناھايىتىمۇ تونۇشلۇق بولغان ئال-فارابىلار بىرلىشىپ، ئارىستوتىل ۋە پلاتون (Plato) نىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئىسلام ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن باشقا ئىدىيىلەر بىلەن بىرلەشتۈردى.

-- ئىبىن سىنا 981-يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخارا شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ يالغۇز بىر پەيلاسوپ بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە دوختۇر ئىدى. ئۇ بىر مىليون سۆزلۈك، ئىنگلىزچە « Canons of Medicine»، ئۇيغۇرچە «تېبابەتچىلىكنىڭ ئۆلچەملىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تېببىي قامۇس تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇ قامۇس غەربنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تاكى 17-ئەسىرگىچە دەرسلىك كىتاب قىلىپ ئىشلىتىلدى.

-- ئىلمىي ئۇسۇل: ئىبىن ئالھازېن (Ibn Al-Haytham) 965-يىلى ئىراقتا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىلمىي ئۇسۇل، بولۇپمۇ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا تەجرىبە بىلەن پەلسەپىلىك مۇلاھىزىگە تايىنىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى. ھەمدە نۇر ۋە ئادەمنىڭ كۆزى ئۈستىدە تەجرىبە ئىشلەپ، ھازىرقى زامان ئوپتىكا ئىلمىگە ئاساس سالدى. شۇڭا بىر قىسىم ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق تەزكىرە يازغۇچىلىرى ئۇنى «دۇنيانىڭ تۇنجى قېتىملىق ھەقىقىي ئالىمى» دەپ ئاتايدۇ. دوكتور لىندبېرگ (Linberg) ئۇنىڭغا «بىر ماتېماتىكاشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئارخىمېد (Archimedes)، كېپلېر (Kepler) ۋە نيۇتون (Newton) بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ»، دەپ باھا بەرگەن [5].

-- ماتېماتىكا: ئالھازېن ماتېماتىكىنىڭ قاتار فورمۇلىسىنى كەشىپ قىلدى. ئىبىن مۇئاد ئال-جاييانى (Ibn Muʿādh al-Jayyānī) بولسا ترىگونومېترىيىنىڭ بىر قىسىم قانۇنلىرىنى بايقىدى.

-- فىزىكا: مۇسۇلمانلار ئارىستوتىل فىزىكىسى قاتارلىق قەدىمكى زاماندا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن پەننىي بىلىملەرنى گىرېتسىيە تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئۇ پەنلەرنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى.

-- بىئولوگىيە: ئال-جاھىز تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى تەسۋىرلەيدىغان يېڭىلىقلارنى بايقىدى.

-- تېبابەتچىلىك: ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەدەنىيىتىدە مەركىزىي ئورۇن ئالغان نەرسە تېبابەتچىلىكتىن ئىبارەت. ئاشۇ زامان ۋە ماكاندىكى ئەھۋالغا ماسلىشىپ، ئىسلام دوختۇرلىرى ۋە ئىسلام زىيالىيلىرى تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر زور مىقداردىكى مۇرەككەپ ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

-- داۋالاش: ئاشۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار تۇنجى بولۇپ دوختۇرلارغا كېسەل كۆرۈش كىنىشكىسى بېرىشتە دىپلوم تەلەپ قىلىش رەسمىيىتىنى يولغا قويدى. بارلىق چوڭ شەھەرلەردە دوختۇرخانا قۇرۇلدى. مەسىلەن، قاھىرەدىكى قالاۋۇن دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەنلەر ئىچىدە دوختۇرلار، دورىگەرلەر، ۋە

سېپىرالار قاتارلىق تېبابەتچىلىكنىڭ ھەممە كەسىپلىرىدىن ئادەملەر بار ئىدى.

--مائارىپ: ماراكەشتە 859-يىلى قۇرۇلغان ئال-قاراۋىيىين ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنيادىكى ئەڭ كونا ئۇنىۋان بېرىشنى يولغا قويغان ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

--پاراخوت ئىلمى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان «كامال» دەپ ئاتىلىدىغان، ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى بۇلۇڭنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب بىلەن خەرىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، دېڭىز يولى ئارقىلىق بىر قىتئەدىن يەنە بىر قىتئەگە بېرىپ-كېلىپ يۈردى. مۇسۇلمانلار ياسىغان، ئوتتۇرا دېڭىزدا قاتناپ يۈرگەن 3 چوڭ سودا پاراخوتى دۇنياغا ناھايىتى داڭلىق.

--سەنئەت: ساپال بۇيۇملار، ئەينەك بۇيۇملار، تۆمۈر بۇيۇملار، توقۇمىچىلىق، ياغاچ سەنئەت بۇيۇملىرى، ۋە ھۆسنخەت ۋۇجۇدقا كەلدى، ۋە ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئىسلام دىنىدا ئىنسانلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش چەكلەنگەن بولغاچقا، بۇ دەۋردە خەتتاتلىق ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

--بىناكارلىق: ئۇ دەۋردە بىناكارلىقمۇ ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. تۇنىستا 670-يىلى قۇرۇلغان ئۇقبا مەسچىتى، ئىراقتا 847-يىلى قۇرۇلغان ساماررا مەسچىتى، ئىسپانىيەنىڭ كوردوبا (Cordoba) شەھرىدە 785-يىلدىن باشلاپ ياسالغان چوڭ بىنالىق كوردوبا مەسچىتى قاتارلىقلار بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.



1-رەسىم: تۇنىستا 670-يىلى ياسالغان ئۇقبا مەسچىتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى



2 ـ رەسىم: تۇنىزىيەدە 670 ـ يىلى ياسالغان ئۇقبا مەسچىتىنىڭ ناماز ئوقۇش زالى



3 ـ رەسىم: كوردوبا مەسچىتىنىڭ ناماز ئوقۇش زالى



4 ـ رەسىم: كوردوبا مەسچىتىنىڭ تۈۋرۈكلىرى

گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى تارىخىي ماتېرىياللاردا 1258-يىلى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەن جەھەتتىكى يۈكسىلىشى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە بىر مەزگىل داۋاملاشتى. 1394-يىلدىن 1449-يىلغىچە ئۆزبېكىستانغا سۇلتان بولغان ئۇلۇغ بەگ (1394 - 1449) نىڭ ئۆزى بىر ئاسترونومىيەشۇناس ۋە ماتېماتىكاشۇناس بولۇپ، ئۇ ئاسترونومىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماتېماتىكا ساھەسىدە بىر قىسىم يېڭى نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ سەمەرقەنتتە قۇرۇپ، 1424-يىلدىن 1429-يىلغىچە ئىشلەتكەن ئۇلۇغ بەگ كائىناتنى كۆزىتىش پونكىتى ياكى ئۇلۇغ بەگ تېلېسكوپى (Ulugh Beg Observatory) شۇ ۋاقىتتىكى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۈسكۈنە بولۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ تېلېسكوپ ئىدى [6]. ئۇلۇغ بەگ ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستاننى 1411-1449-يىللىرىدىن ئىبارەت يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت سورىدى. ئۇلۇغ بەگ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش جەھەتتە ئىلىم-پەن جەھەتتىكىدىنمۇ يۇقىرىراق تالانتلارنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە بالىسى ئۇنىڭ بىلەن ھوقۇق تالىشىش كۆرەشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، 1449-يىلى ئۇ مەككىگە كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇ بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلۇغ بەگدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەت خەلقلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭدەك داڭلىق ئالىم چىقىپ باقمىغان بولۇپ، رەھمەتلىك ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇستازىمىز ئۆزىنىڭ بىر پارچە ماقالىسىدە تىلغا ئالغىنى مانا مۇشۇنداق بىر پاكىتتۇر.



5-رەسىم: ئۇلۇغ بەگ كائىناتنى كۆزىتىش پونكىتى




6 ـ رەسىم: 1987 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان، ئۇلۇغ بەگ بىلەن ئۇنىڭ تېلېسكوپىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە پوچتا ماركىسى

**ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى ئۇلۇغ زىيالىيلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ قىزىقىدىغان ۋە ئەڭ پەخىرلىنىدىغان كىشى فارابىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردىكى ئىسمى «ئەل-فارابى» بولۇپ، ئۇ 870-يىلىدىن 950-يىلىغىچە ياشىغان. مەن كۆرگەن ئىنگلىزچە ماتېرىيالنىڭ ھېچ قايسىسىدا ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى بېرىلمەپتۇ [8-7]. مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇ تۈركىي مىللەتتىن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇغۇلغان. ئەرەبلەر ئۇنى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردىكى 1-ئۇستاز ئارىستوتىلدىن ئىبارەتتۇر. فارابىنى ئىبن سىنا قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىدا كېيىن مەيدانغا كەلگەن زىيالىيلاردىن تۆۋەنرەك كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ بار بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىجادكارلىق جەھەتتە ئۇ باشقا ھەر قانداق مۇسۇلمان زىيالىيلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا مېتافىزىكا ساھەسىدە ئۇنىڭغا «ئىسلامچە نېئوپلاتونىزمنىڭ ئاتىسى» دەپ نام بېرىلگەن. فارابى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ بىرىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە لوگىكىشۇناس، مۇزىكىشۇناس، ۋە بىر داڭلىق سىياسىي ئالىم ئىدى. ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان بىلىش نەزەرىيىسى (epistemology) جەھەتتە فارابى ئارىستوتىل بىلەن پلاتوننىڭ نەزەرىيىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بۇ جەھەتتە فارابى قالغان ئىككى قەدىمكى ئالىملاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. فارابىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق ئەسەرلىرىدىن «پەزىلەتلىك شەھەر» ((The Virtuous City، «ئۇلۇغ مۇزىكا كىتابى» ((The Great Book of Music، «ئەقىل داستانى» ((Epistle on the Intellect، «خەت-چەك كىتابى» ((The Book of Letters، ۋە «ئىلىم-پەنلەرنىڭ بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرۈلۈشى» ( The book of the enumeration of the sciensesدېگەن كىتابلار بار.)**



7 ـ رەسىم: فارابىنىڭ سىزىلغان رەسمى.

قىسقىسى، ئىسلامنىڭ بۇ ئالتۇن دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئاللاھقا بولغان چوقۇنۇشى ۋە ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادى تەكشى ھالدا سەممىي ئىدى. ئۇلار يېڭى مەدەنىيەتلەرگە قۇچاق ئاچقان، يېڭى بىلىملەرنى بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغلاشقان، قولغا چۈشۈرەلىگەن مەدەنىيەت بىلەن بىلىملەرنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرۈۋالغان، ھەمدە ئۇلارنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان ئىدى. يېڭىلىق يارىتىش، يوقنى بەرپا قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلار مەن ئالدىنقى ئىككى پارچە ماقالەمدە تونۇشتۇرغان ياپونلارغا ئوخشىشىپ كېتەتتى.

ئۇنداقتا كېيىن نېمە بولدى؟ نېمە سەۋەبلەردىن مۇسۇلمانلار 180 گرادۇس ئارقىغا بۇرۇلدى؟ مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ كېيىنكى بىر قانچە قىسىملىرىدا مۇشۇ مەسىلىلەرنى بايان قىلىمەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەن ئالدى بىلەن مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى سۈپەت جەھەتتىن خېلى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا مەن ئاساسەن مىقدار جەھەتتىكى بىر قىسىم پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 2. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى

مەن ئالدىنقى بىر ماقالەمدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، يېقىندا خەلقئارالىق بىر ئورۇن پۈتۈن دۇنيادىكى ئەللەرنى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بويىچە تىزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئالدىنقى 50 دۆلەتنىڭ ئىچىگە مۇسۇلمانلار دۆلىتىدىن پەقەت قاتار بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق 3 دۆلەت 40 نەچچىنچى ۋە 50-ئورۇنغا كىرەلىگەن [1]. بۇنىڭ ئىچىدىكى قاتار بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىمۇ ئۇ ئىككى ئورۇنغا ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ ئەمەس، نېفىت سېتىپ تاپقان پۇلى بىلەن كىرگەن.

ئامېرىكىنىڭ مىزورى شىتاتى ترۇمەن شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا پروفېسسورى تانىر ئەدىس تۈرك مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇشۇ پەيتتە، دۇنيادىكى ئاساسىي پەنلەر بىلەن

شۇغۇللىنىشۋاتقان بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار يەر يۈزىدىن تۈيۈقسىز غايىب بولىدىكەن، دۇنيادىكى قالغان ئىلىم-پەن جەمئىيەتلىرى ئۇنىڭغا ئاساسەن دىققەت قىلمايدۇ.» [7]

دۇنيا بانكىسى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى يېقىندا ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدىكى 20 دۆلەت ئۈستىدە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق بىر قىسىم ئىشلارنى بايقىغان [7]:

-- 1996-يىلىدىن 2003-يىلىغىچە، بۇ دۆلەتلەر ئومۇمىي دۆلەت كىرىمى (GDP) نىڭ پەقەت 0.34 پىرسەنتىنى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن. بۇ سان پۈتۈن دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سانى 2.38 پىرسەنتىنىڭ 7 دىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

-- تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ھەر 1000 ئادەمنىڭ ئىچىدە 140 نەپەر ئالىم، ئىنژېنېر ۋە تېخنىكىلىق خادىملار بار، يەنى بۇلارنىڭ نىسبىتى 140:1000 ئىكەن. پۈتۈن دۇنيا بويىچە قارىغاندا بۇ نىسبەت 40:1000 ئىكەن. ئەمما يۇقىرىدىكى 20 مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ بۇ نىسبىتى ئاران 10:1000 چىققان.

-- 2010-يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ 23 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما ھازىر مۇسۇلمانلار ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاران بىر پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

-- 2005-يىلى، ئەرەبچە سۆزلىشىدىغان 17 دۆلەتتىكى ئالىملار جەمئىي 13444 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئەمما، ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت بىر ئالىي مەكتەپتىكى ئالىم-پروفېسسورلار 2005-يىلى بىر يىل ئىچىدە ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ سانى بولسا يۇقىرىدىكى ئەرەبلەرنىڭكىدىن 2000 پارچە ئارتۇق ئىكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى ھەققىدە يۇسۇپ قەرداۋىنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ 20-ئەسىردىكى مەغلۇبىيەتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە يەنە بىر قىسىم مەزمۇنلار بار [8]. مەن ئۇنى تېخى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا ئۇنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويىمسام بولمايدىغان بىر ئىش، مەن قەرداۋىنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىدا مۇستاپا كامال ئاتا تۈرككە بەرگەن باھاسىغا قوشۇلمايمەن.

مەن مۇشۇ ماقالىنى تەييارلاۋاتقاندا، يەنى 2014-يىلى 25-فېۋرال كۈنى، مۇنداق بىر خەۋەرنى ئاڭلىدىم: ئىنگىلىزىيە يوبىي شتاتىدىكى «بوكو ھارام» دەپ ئاتىلىدىغان مىلىتانتلار بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە بېسىپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئوققا تۇتۇپ، 29 نەپەر ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە غەربچە مەكتەپلەر ھارام ئىكەن. شۇڭا مۇشۇ ئىشنى قىلىپتۇ.

مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئۇيغۇر دىيارىدىكى مولىلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىقىدەك «پەننىي مەكتەپلەر ھارام» دەپ تەرغىب قىلىشۋاتقانلار بار ئىكەن. «قەغەز پۇل ھارام» دەپ تەشۋىق قىلىشۋاتقانلار بار ئىكەن. «ھۆكۈمەتكە ئىشلەش ھارام» دەۋاتقانلارمۇ بار ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ياۋروپادىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپنى مۇسۇلمانلار قۇرغان. قەغەز پۇلنى بىرىنچى بولۇپ ئىشلەتكەنلەر جۇڭگولۇقلار بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى بولسا مۇسۇلمانلار. يەنى، مۇسۇلمانلار ياۋروپالىقلاردىن بۇرۇن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئاران 100 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن

ئابباسىد دەۋرىدىلا قەغەز پۇل ئىشلەتكەن. ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ھازىرقىدەك قەغەزگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىشنىمۇ ئەڭ دەسلەپىدە مۇسۇلمانلار يولغا قويغان. بىر مىڭ نەچچە يۈزنىڭ ئالدىدىدا مۇسۇلمانلار ئىجات قىلغان ۋە يولغا قويغان نەرسىلەر نېمە ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ھارام بولۇپ قالدى؟ بۇ پەتىۋالار ياكى ئىدىيىلەر ئۇيغۇرلارغا نەدىن كەلدى؟

ئۆتكەندە تورغا چىقىرىلغان بىر ئۇيغۇرچە ماقالىدە دېيىلىشىچە، ھازىر جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئۆلكىنىڭ بىر ناھىيە بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاق-چېكىملىكنىڭ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن 3000 دەك كىشى بار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى ئۆزۈم كۆرۈپ ياكى ئۇچۇرتۇپ باقمىدىم. شۇڭا مەندە كونكرېت پاكىت يوق. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ پەرىزىچە، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ھېسابلايدۇ. جۈمە كۈنلىرى جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، بىر ھەپتە ئاق چېكىملىك سېتىشتەك گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىپ، جۈمە كۈنى بىر ۋاق ناماز ئوقۇۋەتسە، ئۇلارنىڭ ھەممە گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. خۇددى مۇنچىغا چۈشسە بەدىنىدىكى ھەممە كىرلەر تازىلىنىپ كەتكەندەك. مەن ئۆز ئۆمرۈمدە ئادەتتە گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋېرىپ، جۈمە نامىزىغا بېرىش ياكى روزا تۇتۇشقا ئىشلارنى قىلىپ قويۇش ئارقىلىق «گۇناھىنى يۇيۇۋېتىپ» يۈرۈۋېرىدىغانلارنى خېلى كۆپ ئۇچراتتىم. ھازىرمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. بۇ قانداق ئىمان؟ بۇ قانداق ئېتىقاد؟ بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار يالغۇز ئەمەس. باشقا ھەممە مۇسۇلمانلاردىمۇ بۇنداق ئىشلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە بار. ھازىرقى مۇسۇلمانلار چوقۇنىدىغان ئاللاھ بىلەن 1000 يىل ئالدىدىكى ئاللاھ ئوخشاش. ھازىرقى مۇسۇلمانلار سەجدە قىلىدىغان دىن بىلەن 1000 يىلدىن بۇرۇنقى دىن ئوخشاش. ھازىرقى قۇرئان بىلەن 1000 يىلدىن ئىلگىرىكىسى ئوخشاش. ئۇنداقتا نېمىشقا ھازىرقى مۇسۇلمانلار 1000 يىلنىڭ ئالدىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى؟

مەن ماقالىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئىككى ساھەگە بۆلۈنگەن. بىرى دىن، يەنى ئىمان ۋە تەقۋادارلىق. يەنە بىرى دۇنيا، يەنى ئىلىم-پەن، تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىق. مەن تۆۋەندە 2-ساھەدىكى سەۋەبلەرنى تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ۋە جەريانلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

ئەگەر «دۇنيا» دېگەن ساھەدە مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىشىگە سەۋەب بولغان نەرسىدىن پەقەت بىرسىلا بار، دەپ قارىساق، ئۇ نەرسە قەغەز بىلەن باسما خەتتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەلۋەتتە قەغەز دەسلەپتە ۋۇجۇدقا كېلىپ، باسما خەت ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن. مەن تۆۋەندە ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنى بويىچە [1]، قەغەز بىلەن باسما خەتنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى بىلەن چېكىنىشىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## 3. مۇسۇلمانلار قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى قانداق ئىگىلىگەن؟

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، قەغەز بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزىلەر ئىنتېرنېت كەشىپ قىلىنغاندىن بۇيان قەغەزنىڭ ئىشلىتىشى ئازايدى، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىنتېرنېت پەيدا بولغاندىن بۇيان قەغەزنىڭ ئىشلىتىش مىقدارى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كۆپەيدى. ھازىر بەزى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر پۈتۈن دۇنيادا

**ئىشلىتىۋاتقان قەغەزلەرنى يېيىپ چىقساق، ئۇ يەر شارىنى بىر قانچە قېتىم قاپلايدىكەن. قىسقىسى، قەغەز ھازىرقى زاماندا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. قەغەزنىڭ رولى ئۆتمۈشتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولغان. يەنى، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشىدە قەغەز ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.**

**قەغەزنى ئەسلىدە جۇڭگولۇقلار مىلادىيە 100-يىللىرى كەشىپ قىلدى. ئەمما، ئۇلار قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇپ، ئۇنى جۇڭگودىن باشقا يەرگە زادىلا تارقاتمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى بىر ناھايىتى كىچىك جامائەتلا بىلىدىغان بولۇپ، بۇ تېخنىكىنى ئاشۇ جامائەتكە تەۋە بولمىغان كىشىلەردىنمۇ مەخپىي تۇتتى. قەغەز ياساش تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنىپ، 8-ئەسىرگىچە 600 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، مۇشۇ پۈتۈن دەۋرلەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ كاللىسىغا قەغەزگە خەت يازغىلى بولىدىغانلىقى كەلمىگەن بولۇپ، ئۇلار قەغەزنى بىر نەرسىلەرنى ئورايدىغان ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى ياسايدىغان ئىشلارغىلا ئىشلەتتى.**

**سەككىزىنچى ئەسىردىن بۇرۇن، مۇسۇلمانلار خەتلەرنى تاش، تۆگە دۈمبىسىنىڭ يوغان سۆڭەكلىرى، تۆگە تېرىسى، خورما دەرىخىنىڭ غازىڭى، ۋە پاپىرۇس ئۆسۈملۈكىدىن ياسالغان نېپىز يالتىراقلار قاتارلىقلارغا يېزىپ كەلدى. بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر تەرەپتىن ھەجمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغىلى بولمايتتى. شۇڭلاشقا 7- ۋە 8-ئەسىرلەردە تېرىگە يېزىلغان قۇرئاندىن ھازىرغىچە بىرەرسىمۇ ساقلىنىپ قېلىنمىدى. تۆۋەندىكى 7-رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى ئەڭ دەسلەپىدە تۆگە تېرىسىگە يېزىلغان بىر پارچە قۇرئاننىڭ رەسىمى. كۆرگىنىمىزدەك، بۇ قۇرئاننىڭ چوڭلۇقى ھازىرقى ئىشخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىزمەت ئۈستىلىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئىنتېرنېتتا ئەڭ دەسلەپكى قۇرئاننىڭ رەسىملىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارغا قىزىقىدىغان تورداشلار Google غا ئىنگلىزچە «Images for the first Quran» دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈپ ئىزدەپ باقسائىلار بولىدۇ.**



8-رەسىم: ئەڭ دەسلەپىدە تۆگە تېرىسىگە يېزىلغان بىر پارچە قۇرئاننىڭ رەسىمى.



9 ـ رەسىم: بىر دانە پاپىرۇس ئۆسۈملۈكىنىڭ كۆرۈنۈشى.

مىلادىيە 751 ـ يىلى ھازىرقى قىرغىزىستاندا مۇسۇلمانلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك جەڭ بولۇپ ئۆتتى. ھەممە بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار خەن سۇلالىسىنىڭ كىچىك بىر پارچە يېرىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ ئۇرۇش ئىنتايىن كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا تارىخىي كىتابلاردا ئانچە ئورۇن بېرىلمەيدۇ. ئەمما بۇ ئۇرۇش پۈتۈن دۇنيانىڭ تارىخىدا بىر چوڭ بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئاز ساندىكى جۇڭگولۇق ئەسكەرلەرنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى. كېيىن سوراق قىلىش جەريانىدا بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە ھېلىقى قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى بىلىدىغان جامائەتكە تەۋە 2 ئادەمنىڭ بارلىقى بايقالدى. ئۇ چاغلاردا گەرچە مۇسۇلمانلاردا قەغەز ئانچە يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار جۇڭگولۇقلارنىڭ قەغەز ياسىيالايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ھەممە قەغەزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. مۇسۇلمانلار تۇتىۋالغان ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە 2 نەپەر قەغەز جامائىتىنىڭ ئەزاسى بارلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قىممەتلىك مېھمانلارغا ئوخشاش ئەتىۋارلاپ، ھەممە ئۇلارنى قوراللىق قوغداپ، دەرھاللا شۇ ۋاقىتتىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ پايتەختى باغدادقا ئېلىپ باردى. باغداتتىكى خەلىپە بۇ 2 كىشىگە مۇنداق دېدى: «بىزگە سىلەر پۇل تۆلىمى تاپشۇرمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ئەگەر سىلەر بىزگە قەغەز ياساشنى ئۆگىتىپ قويساڭلار، بىز سىلەرنى ئۆلتۈرمەيمىز. بەلكى ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، سىلەرنى قويۇپ بېرىمىز.» بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا: ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار يېڭى

**تېخنولوگىيىگە نەقەدەر ھوشيار!؟ يېڭى تېخنولوگىيىگە نەقەدەر قىزىققان!؟ يېڭى تېخنولوگىيىگە ئېرىشىشكە نەقەدەر ئىنتىلگەن!؟ بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر خەلىپى مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىڭ تېخنولوگىيىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاشۇ دەۋردە بىلىمنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.**

**بۇنىڭدىن 100 يىلدەك ئىلگىرى، يەنى 624-يىلى 13-مارت كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غەربىي ئەرەبىستاننىڭ ھىجاز رايونىدا ئۆزىگە قارشى چىققان قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى ئەسىرگە ئالىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئىسلام تارىخىدىكى داڭلىق ئۇرۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «بەدىر ئۇرۇشى» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدىكى خەت ئوقۇيالايدىغان ۋە خەت يازالايدىغان كىشىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي، ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: مەن سىلەردىن پۇل تۆلىمى ئالمايمەن. پەقەت ھەر بىرىڭلاردىن بىزنىڭ 10 بالىلىرىمىزغا خەت ئوقۇش بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىمەن. شۇنداق قىلساڭلار سىلەرنى كېيىن قويۇپ بېرىمەن. دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا پۇلنى مۇھىم كۆرمىگەن. پۇلغا ئازراقمۇ قىزىقمىغان. بەلكى بىلىمنى، ئۆگىنىشنى ئىنتايىن مۇھىم بىلگەن. 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىمۇ ئاbbاسىد خەلىپە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «بىر زىيالىينىڭ قەلىمىنىڭ سىياسى بىر شېھىتنىڭ قېنىدىنمۇ بەكرەك مۇقەددەس بولىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئىتائەت قىلىپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئۆگىنىشكە، باشقىلارنىڭ بىلىملىرى بىلەن مەدەنىيىتىنى يىغىشقا، ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا، ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلىگەن ئىدى. مانا بۇ قېتىم باغداتنىڭ خەلىپىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك، ئاbbاس خەلىپىدەك ئىش تۇتتى. ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن مۇسۇلمان ئەمەس بىلىم ئىگىلىرىنى ئۆلتۈرمىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولدى. ئۇمۇ بىلىمگە ئەڭ مۇھىم نەرسە ئورنىدا مۇئامىلە قىلدى.**

**مۇسۇلمانلار ھېلىقى 2 نەپەر ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەردىن قەغەز ياساشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ھېچ قانداق ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايلا، ئالدى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەنت شەھىرىدە، ئاندىن باغداتتا بىردىن قەغەز زاۋۇتى قۇردى. مانا بۇلار تارىختىكى جۇڭگو زېمىنىنىڭ سىرتىدا تۇنجى قېتىم ياسالغان قەغەز زاۋۇتلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ھارۇن رەشىد ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان قەغەز ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار زېمىنىغا كېڭەيتتى.**

**«قەغەز» دېگەن سۆز ئەسلىدە خەنسۇچە سۆز بولۇپ، ئۇنى دەسلىپىدە پارسچىدا «قەغەز» دەپ ئەينەن قوبۇل قىلىپ، ئەرەبچىدە بولسا «قەغەد» دەپ قوبۇل قىلغان. يەنى، «قەغەز» دېگەن سۆز ئەسلىدە خەنسۇلاردىن كەلگەن.**

**ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار قەغەزنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يەتتى. شۇڭا قەغەزنىڭ كىرىشى بىلەنلا مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بىر بىلىم ئىنقىلابى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇرۇن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى خەت-چەك ۋە خاتىرە ساقلاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە تېرە ۋە تاشقا ئوخشاش ماتېرىياللارنى ئىشلىتەتتى بولسا، بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قەغەز ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قەغەز بىلىم ئېلىش ۋە بىلىم بېرىش ئىنستىتۇتلىرىدىمۇ ئىشلىتىلىشكە باشلاپ، قەغەز ياساش تېخنىكىسى ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى.**

**قەغەزنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى، بىلىم قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشنى، ۋە سەنئەتكارلىقتىكى ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ مائارىپنى ۋە كىشىلەرنىڭ ساۋاتلىق بولۇشنى**

ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. مائارىپ بولسا ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى بىلەن ئەقلىي تەرەققىياتنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئىسلامچە تەپەككۇر ۋە يېڭى ئىدىيە ئىنقىلابى مەيدانغا كەلدى. مۇسۇلمانلار قەدىمكى گرېكلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدى. ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. كىتابلارنى يازدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەندىكى گۈللىنىشى مەيدانغا كەلدى.

مۇسۇلمانلار قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە مۇنداق 2 ئىشنى قىلدى. بىرى بۇ تېخنىكىنى باشقا ھېچ قانداق يەردە تېپىلمايدىغان بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردى. ھەممە ئۇنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار زېمىنىغا كېڭەيتتى. بۇنداق ئىشنى ئاشۇ ۋاقىتتىچە جۇڭگولۇقلارمۇ قىلىپ باقمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەغەزنىڭ ئوخشىمىغان ماركىلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتا سۇلايمانى قەغىزى، ئاخمادى قەغىزى، نۇرانى قەغىزى، ۋە جافارى قەغىزى دېگەن قەغەزلەر ئىشلەپ چىقىرىلدى. ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئۈستىگە خەت يېزىلغان قەغەزلەرنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى. بۇرۇن مۇسۇلمانلار پاپىرۇس ۋاراقلىرىغا يېزىلغان خەتلەرنى يۆگەپ، بىرەر ساندۇق ياكى خالتىلارنىڭ ئىچىگە تىقىپ ساقلايتتى. ئەمما، قەغەز تەبىئىي ھالدا يۆگەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۈستىگە خەت يېزىلغان قەغەز ھۆججەتلەرنى بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرنى قەۋەتلەپ قويىدىغان بولدى. كېيىن بۇنداق قەغەز توپىنىڭ بىر تەرىپىنى ئۆز-ئارا يىپ بىلەن چېتىپ قويسا، ئۇنى ساقلىماق ۋە ۋاراقلىماق ئاسان بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئاندىن ھەر بىر قەغەز توپىنىڭ ئۈستى بىلەن ئاستىغا سەل قېلىنراق ياسالغان يالتىراقنى قويۇپ ئاندىن تىكسە، ئىچىدىكى ۋاراقلارنى ياخشىراق قوغدىغىلى بولىدىغانلىقنى ئۇقتى. ئەڭ ئاخىرىدا ھەر بىر قەغەز توپىنىڭ ئۈستىدىكى قېلىن ۋاراققا بۇ توپىنىڭ نېمە توغرۇلۇق ئىكەنلىكىنى يېزىپ قويسا، ئۇلارنى باشقۇرۇش ئاسان بولىدىغانلىقى ئويلاپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ھازىر ئىشلىتىۋاتقان كىتاب ۋۇجۇدقا كەلدى. يەنى، بىز بۈگۈنگىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان كىتابلارنى قانداق ياساشنى مۇسۇلمانلار ئىجات قىلغان.

## 4. ياۋروپالىقلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن قەغەز ياساشنى ئۆگىنىشى

مۇسۇلمانلار بارلىق ئىلىم-پەنلەرنى تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە يېڭى پەللىگە چىقىرىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، غەرب دۇنياسى تېخى قەغەزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇلار تېخى بىر «قاراڭغۇ دەۋر» دە ياشاۋاتقان بولۇپ، خەت ئوقۇش ۋە خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتى. غەربلىكلەر قەغەزگە ئەڭ دەسلەپىدە ئۇلارنىڭ 1-قېتىملىق كرېست (Crusade) ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاندىن خەۋەر تاپتى. يەنى 1096-يىلى غەربلىكلەر يېرۇسالېمغا قارىتا 1-قېتىملىق كرېست ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ھەممە بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا جەمئىي 500 -750 مىڭ مۇسۇلمان قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئۇرۇش قوماندانىنىڭ ئۆز پادىشاھىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە دېيىلىشىچە، بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرى ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈچە ئېگىزلىكتىكى قان بىلەن تولۇپ كەتكەن. ياۋروپالىقلار بۇ ئۇرۇشنى ھېچ بىر سەۋەبسىزلا قوزغىدى. بۇ ئۇرۇش تۇنجى قېتىملىق مۇسۇلمانلار بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ئۇرۇشتىن كېيىن غەربلىكلەر مۇسۇلمانلار ئىشلەپ چىقارغان قەغەزنى ۋە كىتابلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدى. ھەممە قايتىشىدا ئۆزلىرى بىلەن مەلۇم مىقداردىكى قەغەز بىلەن كىتابلارنى بىللە ئېلىپ قايتىپ، غەربكە

تۈنجى قېتىم قەغەز ۋە كىتاب دېگەن نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئۇلار بۇ قېتىم قەغەز ياساش تېخنىكىسىغا ئىگە بولالمىدى.

ئەگەر مۇشۇ قېتىملىق تاجاۋۇز ئۇرۇشى بولمىغان بولسا، ياۋروپالىقلار تاكى 13-ئەسىردە ماركوپولو جۇڭگوغا بارغىچە قەغەزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي يۈرگەن بولاتتى.

ياۋروپالىقلار قەغەز ياساشنى مۇسۇلمانلاردىن 11-ئەسىردە ئۆگەندى. يەنى مۇسۇلمانلار ئىسپانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئۆزلىرى بېسىۋالغان جايلىرىدىمۇ قەغەز زاۋۇتلىرىنى قۇرغان بولۇپ، 1086-يىلى ياۋروپالىقلار ئىسپانىيەنىڭ ئاندالۇسىيە (Andalusia) رايونىغا، 1072-يىلى ئىتالىيىنىڭ سىسىلى (Sicily) ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئىككى جاينى ئۇرۇش بىلەن قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جايلاردىكى قەغەز زاۋۇتلىرىمۇ ياۋروپالىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئۇلار مانا شۇ چاغدا تۇنجى بولۇپ قەغەز ياساش تېخنىكىسى بىلەن ئۇچراشتى. قەغەز زاۋۇتىدىن باشقا، مۇسۇلمانلاردىكى كىتاب، كۇتۇپخانا، مەكتەپ، ۋە دوختۇرخانىلارنىڭ ئومۇملىششى ۋە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى مۇسۇلمانلار بېسىپ تۇرغان بۇ زېمىنغا قايتا قەدەم باسقان ياۋروپالىقلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ياۋروپادىكى تۇنجى قەغەز زاۋۇتىنى ياۋروپالىقلار ئۆزلىرى ياساپ چىقمىدى. بەلكى ئۇلار ئۇنى ئاندالۇسىيەنىڭ بىر كىچىك شەھىرىدە مۇسۇلمانلاردىن ئۆتكۈزۈۋالدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ياۋروپالىقلار ھەر بىر مۇسۇلمان زېمىننى ئۇرۇش بىلەن قولغا چۈشۈرگەندە، ئۇ يەردىكى باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارنى ياكى ئۆلتۈرۈپ، ياكى قوغلىۋەتكەن بولسىمۇ، قەغەز ياساشنى بىلىدىغان، قەغەز زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان مۇسۇلمانلارنى بولسا ئۇنداق قىلمىدى. بەلكى ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قەغەز چىقىرىش ئىشىغا سالدى.


سىسىلى ياۋروپانىڭ ئۆزىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئۇ يەردىكى قەغەز زاۋۇتى ياۋروپانىڭ ئىلىم-پەن ئىنقىلابى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ياۋروپالىقلار بۇ يەردىكى قەغەز زاۋۇتىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلاردا ناھايىتى كۆپ بولغان دەريا سۇلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن ياخشىراق ۋە ئەرزانراق قەغەز ئىشلەپ چىقىرىدىغان بولدى. يەنى، 7- ۋە 8-ئەسىرلەردە دۇنيادا زور مىقداردا قەغەز ئىشلەپ چىقىرالايدىغانلار پەقەتلا مۇسۇلمانلار ئىدى. 11- ۋە 12-ئەسىرلەردە ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلاردىن قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدى. 12- ۋە 13-ئەسىرلەردە ئۇلار قەغەز ئىشلەشتە مۇسۇلمانلار بىلەن رىقابەتلىشىدىغان بولدى. 14-ئەسىرگە كەلگەندە بولسا ياۋروپالىقلار قەغەز ئىشلەش تېخنولوگىيىسى جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 14-ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ياۋروپا مۇسۇلمان زېمىنلىرىغا قەغەز ئېكسپورت قىلىشقا باشلىدى.

دېمەك، بۇ دەۋردىن 500 - 600 يۈز ئىلگىرى مۇسۇلمانلار جۇڭگولۇقلارنىڭ تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىشلىتىپ، جۇڭگولۇقلاردىن ياخشىراق قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان سەۋىيىگە يەتكەن ئىدى. ئەمدى بولسا ياۋروپالىقلار تېخنىكىنى مۇسۇلمانلاردىن ئۆگىنىپ، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، مۇسۇلمانلاردىن ياخشىراق ۋە ئەرزانراق قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. تېخنولوگىيە جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ كەتتى.

ياۋروپالىقلار قىلغان بىر ئالاھىدە ئىش، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان قەغەزلەرنىڭ ھەممىسىگە سۇ دېغى بىلەن قەغەزنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئورنى بىلەن ۋاقتىنى تامغىدەك بېسىپ قويىدى. ھازىرقى قىممەترەك

قەغەزلەرنىڭ ھەممىسىدىمۇ ئاشۇنداق سۇ دېغىدا بېسىلغان تامغىلار بار بولۇپ، ئەگەر سىز قەغەزنى بىرەر چىراغقا تۇتسىڭىز ئۇ خەتلەرنى كۆرەلەيسىز. شۇنداق قىلىپ 1300-يىلدىن باشلاپ ياۋروپادا ئىشلەنگەن قەغەزلەرنىڭ ھەممىسىگە سۇ تامغىسى بېسىلدى. 1400-يىللىرىدىن باشلاپ ياۋروپانىڭ قەغىزىنى ئىشلىتىپ يېزىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ ماڭدى. 1600- ۋە 1700-يىللىرىغا كەلگەندە مۇسۇلمانلار ئىشلىتىدىغان قەغەزنىڭ ھەممىسى ياۋروپادىن كېلىدىغان بولۇپ كېتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەغەز زاۋۇتلىرى ئاساسەن ۋەيران بولۇپ تۈگەشتى. بۇ ئەھۋال ھازىر جۇڭگونىڭ زاۋۇتلىرى غەربنىڭ زاۋۇتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن ئەھۋاللار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

1340-يىلى يېزىلغان سۈپىتى ئىنتايىن يۇقىرى قۇرئاندىن بىرى ھازىرمۇ بىر مۇزېخانىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇ قۇرئاننىڭ ئىشلەتكىنى ئىتالىيە ياسىغان قەغەزدۇر. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بۇ قۇرئاننىڭ ۋاراقلىرىنىڭ ھەممىسىدە سۇ دېغىدا بېسىلغان خىرىستىيانلارنىڭ «قوشۇش بەلگىسى» نىڭ تامغا ئىزى بار.




10 ـ رەسىم: 1370 ـ يىلى ئىراندا تەييارلانغان قۇرئاننىڭ كۆرۈنۈشى

## 5. باسما خەتنىڭ ئىجات قىلىنىشى

ياۋروپادا قەغەزنىڭ زور مىقداردا ئىشلەپ چىقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، قەغەز ئۇچۇن بىر قىسىم يېڭى ئىشلىتىش ئورۇنلىرىنى تېپىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. گېرمانىيىلىك جوخانىس گۇتېنبېرگ (Johannes Gutenberg, 1398 – 1468) بىر تۆمۈرچىلىك ۋە زەگارلىق شىركىتىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر دوستىنىڭ قەغەز زاۋۇتى بار ئىدى. ئۇ قانداق قىلغاندا قەغەزدىن ئوبدانراق پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرۈپ، 8 بۇرجەكلىك كىچىك ياغاچقا ھەرپلەرنى تەتۈر ئويۇپ، ئۇنى رەڭگە چىلاپ، قەغەز يۈزىگە تامغا باسقاندەك باسسا، قەغەزگە ئاشۇ ھەرپنى يازغاندەك

بولىدىغانلىقىنى، ھەممە شۇ ئارقىلىق ئوخشاش بىر تېكىستنى كۆپلىگەن قەغەز ۋاراقلىرىغا كۆچۈرۈپ باسقىلى بولىدىغانلىقىنى 1439-يىلى كەشىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن باسما خەت ۋۇجۇدقا كەلدى. گۇتېنبېرگنىڭ بۇ ئىجادىيىتى «باسما خەت ئىنقىلابى» (Printing Revolution) نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئىش ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەغەز بولمىغان بولسا، باسما خەتمۇ ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولاتتى. بەزىلەر باسما خەتنى جۇڭگولۇقلار بىلەن ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ تامغىسى بىلەن باغلاشقىمۇ ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ كەشپىياتىدۇر. باسما خەت تېخنىكىسى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 1500-يىلغا كەلگۈچە ياۋروپادىكى 300 چوڭ شەھەرلەردە باسما زاۋۇتى قۇرۇلۇپ بولدى. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگۈچە 20 مىليون كىتاب سېتىلىپ بولدى. ئۇ چاغدا 20 مىليون كىتاب دېگەن ناھايىتىمۇ چوڭ بىر سان ئىدى. بۇنىڭدىن 100 ئىلگىرى ياۋروپالىقلار خەت ئوقۇش ياكى خەت يېزىشنى بىلمەيتتى. بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرىكى ياۋروپادا، ئەگەر سىزدە بىر پارچە پەننىي كىتاب بار بولغان بولسا، كاتولىك چېركاۋ سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. دېمەك، مۇشۇ دەۋرگە كەلگەندە ياۋروپانىڭ مەدەنىيىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. كىتابلارنىڭ كۆپلەپ بېسىلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆسۈشكە، ۋە مائارىپ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. يېڭى پەننىي كەشپىياتلار ئارقا-ئارقىدىن ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىدى. نيۇتون قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر ئالىملار ئەنە شۇ 1500- ۋە 1600-يىللىرى دۇنياغا كەلدى.



11-رەسىم: باسما خەتنى كەشىپ قىلغان گېرمانىيىلىك جوخاننېس گۇتېنبېرگ.

كولومبو ئامېرىكىغا كەلگەندە، باسما خەت تېخنىكىسىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن 1500-يىللىرى باسما زاۋۇتلىرى ياۋروپا بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە جايلاشقان مېكسىكىدىمۇ قۇرۇلۇپ بولدى.

## 6. مۇسۇلمانلار ئىشكىنىڭ سىرتقا قارىتا تاقىلىشى

باسما خەت 1440-يىللىرى كەشىپ قىلىنىپ، بىر قانچە 10 يىلدىن كېيىنلا پۈتۈن ياۋروپا، ھەتتا مېكسىكادىمۇ باسما زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ تېخنىكا ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان زېمىنلىرىدىمۇ توساتتىنلا بېسىلغان كىتابلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇرۇنقىدەك ۋاقىت بولغان بولسا، مۇسۇلمانلار بۇنداق يېڭىلىققا قىزىقىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە خىزمەت قىلدۇراتتى. ئەمما بۇ ۋاقىتچە مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەر، يالى خېلى زور چېكىنىشلەر بولغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇلار سىرتتىن كىرگەن باسما كىتابلارنى كۆرگەندىن كېيىن، مەخسۇس پەتىۋا ۋە پەرمانلارنى چىقىرىپ، سىرتتىن كىرگەن كىتابلارنى پۈتۈنلەي چەكلىۋەتتى. 1485-يىلى ئوسمانلى خەلىپە ۋە سۇلتانى بايازىد-2 (Bayezid II) ئەتراپىدىكى ئۆلىمالار ۋە ئىماملارنىڭ قوللىشى بىلەن «ھەممە باسما كىتابلار ھارام» دېگەن پەتىۋانى چىقاردى. ئۇ يەنە ياۋروپانىڭ باسما خەت تېخنىكىسىنى ھېچ قانداق مۇسۇلمانلار زېمىنغا ئەكىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ياۋروپادا بېسىلغان ھەر قانداق كىتابنىمۇ ئوسمانلى زېمىنلىرىغا ئەكىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئەمما بۇ پەتىۋانىڭ ئۆمرى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. 1515-يىلى سۇلتان بايازىد-2 نىڭ ئىزباسارى سۇلتان سېلىم-1 بىر يېڭى پەرمان چىقىرىپ، ئوسمانلى زېمىنىدا بىرەر كىتاب ياكى خەت بېسىش ماشىنىسى ساقلىغان ھەر قانداق ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يەنى، بىر كىتاب ساقلىغان كىشىگە بېرىلىدىغان جازا باسقۇنچىلىق قىلغان، قاتىللىق قىلغان، ۋە يوللاردا ئادەم بۇلىغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان جازا بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈم جازاسىدۇر. شۇنداق قىلىپ ئوسمانلى زېمىنلىرىدا كىتاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلار پۈتۈنلەي چەكلەندى. ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ قويغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازا ئۆلۈم جازاسى بولدى.

1492-يىلى كاتولىكلەر ناسىرىد سۇلالىسىنىڭ گرانادا خەلىپىلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان 10 يىللىق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. گرانادا خەلىپىلىكىنىڭ ئاستىدا ئىسپانىيەنىڭ ئاندالۇسىيە رايونىدا ياشاۋاتقان ناھايىتى كۆپ ساندىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىر قىسىم خرىستىئانلار ئوسمانلى زېمىنىغا قېچىپ كېلىپ، ئوسمانلى زېمىنىغا يەرلەشتى. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى سۇلتان سېلىم-1 گە ئۆزلىرىنىڭ باسما خەت ئىشلىتىشىگە يول قويۇش توغرىسىدا مۇراجىئەتنامە سۇنۇش بولدى. مۇراجىئەتنامىدە بۇ يەھۇدىيلار ئۆزلىرى بۇرۇن ياشىغان يەردە باسما خەت ئۇسكۇنىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنى بۇ يەردىمۇ ئىشلەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان سېلىم-1 ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ئەمما ئۇلار ئىشلەپ چىقىرىدىغان باسما ماتېرىياللار پەقەت يەھۇدىي تىلىدىلا بولۇشنى، ھەمدە پەقەت يەھۇدىيلار ئىچىدىلا ئىشلىتىلىشى كېرەكلىكىنى شەرت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار باسما كىتاب چىقىرىپ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقىلا ئىشلەتتى. مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدە، ئەينى ۋاقىتتا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنلىرىدا ياشىغان ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر ئاساسەن يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلاردىن تەركىب تاپتى. دوختۇر ۋە ئىنژېنېرلارمۇ يۈزدە-يۈز شۇلاردىن بولدى. بۇنىڭدىن 500 يىل ئىلگىرى مۇسۇلمان دۇنياسىنى دوختۇرلۇق ساھەسىدە ئىبنى سىنا سورىغان ئىدى. 500 يىلدىن كېيىنكى بۇ دەۋردە بولسا، مۇسۇلمانلار پۈتۈنلەي ئوقۇشنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ، ئەقلىي ئەمگەك

ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارغا بوشتىپ بەردى.

مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىدا باسما كىتابلار چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئەرەب يېزىقىدىكى تۇنجى قېتىم بېسىلغان قۇرئان مۇسۇلمان ئەمەس كىشلەر تەرىپىدىن، مۇسۇلمان ئەمەس كىشلەر ئۈچۈن، ئىتالىيىنىڭ ۋېنېتسىيە (Venice) شەھىرىدە 1537-يىلى بېسىلدى. بۇ قۇرئاننىڭ باشقا بارلىق نۇسخىلىرى بىر ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى 1980-يىلى ۋېنىستىكى بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدىن تېپىلدى. ئۇ قۇرئان ھازىرمۇ بار.



12-رەسىم: 1537-يىلى ئىتالىيىنىڭ ۋېنىس شەھىرىدە بېسىلغان قۇرئاننىڭ كۆرۈنۈشى. بۇ 1-قېتىملىق بېسىلغان قۇرئان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان 2-قېتىمدا 1694-يىلى گېرمانىيەدە بېسىلغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى نۇسخىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

قۇرئان 3-قېتىم رۇسىيەدە بېسىلدى. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلار كىتاب بېسىشتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈۋېتىپ، ئۆزىگە تەۋە بولغان قۇرئاننىمۇ ئۆزى بېسىپ چىقىرالماس بولۇپ قالدى.

1520 - 1540-يىللىرى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار ئوسمانلى زېمىنلىرىدا بىر يۈرۈش كىتاب چىقىرىش زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. لېكىن ئۇلار باسقان كىتابلار ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئىشلىتىۋاتقان زىيالىيلار ۋە ھۆكۈمەت تىلى ئەرەب تىلىدا بولماستىن، پەقەت يەھۇدىي بىلەن خرىستىئانلارنىڭ يەرلىك تىلىدا چىقىرىلدى. بۇ كىتابلارنى ئاشۇلار ئۆزلىرىنىڭ مائارىپى، ئىلىم-پەن ۋە باشقا تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن قوللاندى. شۇڭلاشقا بۇ چاغقىچە كىتاب بېسىش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچ قانداق ئالاقىسى بولمىدى.

1720-يىلغا كەلگەندە، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك مىنىستىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىبراھىم مۇتەففەرىكا شۇ چاغدىكى باش مۇپتىغا بىر كىتاب يازدى. ئۇ چاغدا كىتاب بېسىش چەكلەنگەن بولغاچقا، ئۇ بۇ كىتابنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىقتى. ئىبراھىم ئەسلىدە ياۋروپادا ياشىغان ۋېنگىرىيەلىك خرىستىئان بولۇپ، ئۇ كېيىن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇ بۇ كىتابتا ھازىر

ياۋروپالىقلارنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئەگەر كىتاب بېسىش قاتارلىق ئىشلارنى داۋاملىق يولغا قويماي كېتىۋېرىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ كەينىدە قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى باشقا بىر قىسىم ئۆلىما ۋە ئىماملارمۇ قوللىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا ياۋروپا تەرەققىياتتا ئالللىقاچان ئوسمانلىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ چاغدىكى ئوسمانلى سۇلتانى سىرتتىكى بۇنداق ئەھۋالدىن بىخەۋەر بولغاچقا، ئىبراھىم كىتابنى شۇنداقراق بىر تەرىقىدە يازغان ئىدى. ئىبراھىمنىڭ تەكلىپىگە شۇ چاغدىكى سۇلتان بىلەن باش مۇپتى ماقۇل بولۇپ، ئوسمانلى زېمىنلىرىدا كىتاب بېسىشنى يولغا قويۇشقا قوشۇلدى. ئەمما، ئۇلار بۇ ئىشنى مۇنداق 3 شەرت ئاستىدا قىلىشقا پەرمان چىقاردى:

(1) ھېچ قانداق كىتاب ئەرەب يېزىقىدا بېسىلماسلىقى كېرەك. ئۇ چاغدىكى زىيالىيلار ياكى ھۆكۈمەت يېزىقى ئەرەب يېزىقى ئىدى.

(2) بېسىلىدىغان كىتابلار ھەرگىزمۇ ئىسلام توغرىسىدا بولماسلىقى كېرەك. ئىسلام تارىخىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

(3) بېسىلىدىغان بارلىق كىتابلار ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشى بىلەن تەستىقتىن ئۆتىشى كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىسىز بىرەر كىتابنى بېسىشقىمۇ بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 1726-يىلى، يەنى گۇتېنبېرگ باسما خەتنى ئىجات قىلىپ ساق 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ كىتاب بېسىشىغا رۇخسەت قىلىندى. ئەمما ئىسلامغا ئائىت كىتابلارنى بېسىش يەنىلا چەكلەنگەن بولغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي ھالىتىدە ھېچ بىر ئۆزگىرىش بولمىدى. دەمەشق ۋە قاھىرەدە باسما زاۋۇتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، يەر شارىنىڭ ئىنتايىن يىراق بۇرجەكلىرى بولغان جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى خايىتى ۋە خاۋايىلاردا باسما زاۋۇتلىرى ئالللىقاچان قۇرۇلۇپ بولغان ئىدى. ھۆكۈمدارلارنىڭ خاتا يېتەكچىلىكىدە مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇ دەرىجىدە زاماننىڭ كەينىدە قالدۇرۇلدى.

مۇسۇلمانلارغا قويۇلغان كىتاب بېسىشتىكى چەكلىمە 1798-يىلىغا كەلگەندە ئاران بىكار قىلىندى. ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى، بۇ ئىشنىمۇ مۇسۇلمانلار قىلمىدى. تۇنجى قېتىملىق باشقا زېمىننى ئاكتىپ ھالدا مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ۋەقەسى ئاشۇ 1798-يىلى يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا فرانسىيىلىك ناپولېئون (Napoleon Bonaparte, 1769 – 1821) ھېچ قانداق سەۋەب يوقلا مىسىرغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى بىر-ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئاسانلا بېسىۋالدى. ئۇ چاغدا ناپولېئوننىڭ ئەسكەرلىرى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ئۇلار مىسىرغا بېسىپ كىرگەندە، مىسىرنى قوغداپ تۇرۇۋاتقانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىلى 700 يىل بولغان مامىلۇك سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىدى. بۇ مامىلۇك ئەسكەرلىرى ناپولېئوننىڭ زامانىۋى قورالى بار ئەسكەرلىرى بىلەن ئاتنىڭ ئۈستىدە ئوقيا بىلەن ئۇرۇشتى. شۇڭا ئۇلار ئاسانلا يېڭىلدى.

بۇ چاغدىكى قىزىقارلىق ئىشلارنىڭ بىرى، ناپولېئون مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە، پاراخوتقا باسما زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنىمۇ بېسىپ ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەلدى. ھەمدە مىسىرنى بېسىپ تۇرغان بىر قانچە يىل ئىچىدە مىسىردا باسما زاۋۇتلىرىدىن بىر قانچىنى قۇردى. ئەمما، ناپولېئونمۇ باشقا بارلىق تاجاۋۇزچىلارغا ئوخشاش، مەسىلەن ئافغانىستاندىكى رۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئىراقتىكى ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى قاتارلىقلار، يەرلىك خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي، مىسىرنى بىر قانچە يىل بېسىپ


تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن چېكىنىپ، ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى. بىراق، قايتىپ كېتىشتە ھېلىقى باسما زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى مىسىرغا تاشلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلار باسما زاۋۇتىغا ئىگە بولۇپ قالدى.

ئۇ چاغدا ئوسمانلىنىڭ مىسىردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۇنچىۋالا كۈچلۈك بولمىغاچقا، ناپولېئون چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مىسىر ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم ئەركىن كىتاب بېسىشنى يولغا قويغان مۇسۇلمان زېمىنى بولۇپ قالدى. مىسىر نېمىشقا باشقا مۇسۇلمان زېمىنلىرىدىن بەكرەك تەرەققىي قىلدى، بىلەمسىز؟ بۇ ئاشۇ باسما زاۋۇتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاشۇ باسما زاۋۇتى ئۇلارنى تېز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق باسما زاۋۇتىمۇ 1870-يىلى مىسىردا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «بۇلاق باسما زاۋۇتى» ئىدى. ھازىرغا قەدەر بېسىلغان ئىسلامغا ئائىت ئەڭ سۈپەتلىك كىتابلار ئاشۇ بۇلاق باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىلىرى كارخانىچىلار بولماستىن، ئۇلار زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان. شۇڭلاشقا ئۇلار چىقارغان كىتابلار زىيالىيلارغا ماس كېلىدىغان سۈپەت بىلەن ئىنتايىن ياخشى ئىشلەنگەن.

ئاشۇ مەزگىلدىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قول ئاستىدىكى تۈرك گېنېراللارنىڭ بىرى بولغان مەخمەت ئەلى پاشا (1769 ـ 1849) ئوسمانلىنىڭ تەستىقى بىلەن مىسىرغا ۋالىي بولدى. ئۇ مىسىردا ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، مىسىرنى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا «ھازىرقى مىسىرنىڭ قۇرغۇچىسى» دەپ قارايدۇ. ئۇ قۇرغان ئىمپېرىيە مىسىر بىلەن سۇدانىنى تاكى 1952-يىلدىكى مۇھەممەد ناگۇيىب يېتەكلىگەن مىسىر ئىنقىلابىغىچە سورىدى.

1840-1860-يىللىرى، گەرچە يەر شارىنىڭ يىراق بۇرجەكلىرىدىكى خايىتى ۋە خاۋايى دېگەندەك يەرلەردىمۇ كىتاب بېسىش ئومۇملىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بۇنداق زاۋۇتلار پەقەت قاھىرە ۋە باغدات قاتارلىق بىر قانچە چوڭ شەھەردىلا بارلىققا كېلەلىدى. بۇنىڭدىن 40-50 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن 1-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇ چاغدا نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى مەن ئالدىنقى ماقالەمدە بايان قىلىپ بولغان بولۇپ، ئۇلارنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمەن.

دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى بىلەن ئاجىزلىششى قەغەز بىلەن باسما خەت تېخنىكىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇسۇلمانلار قەغەز تېخنىكىسىنى يۈكسەلدۈرۈش بىلەن گۈللەندى. كىتاب بېسىشنى چەكلەش بىلەن ئاجىزلاشتى.



13 ـ رەسىم: مەخمەت ئەلى پاشانىڭ 1840 ـ يىلىدىكى رەسىمى



14 ـ رەسىم: ئىسپانىيەنىڭ گرانادا رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ياسىغان بىر باغچە

## 7. مۇسۇلمانلار ئىشكى نېمە ئۈچۈن تاقالدى؟

**بىز مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، نېمە ئۈچۈن 800ـ يىللىرى پۈتۈن دۇنياغا قەغەزنى كېڭەيتكەن مۇسۇلمانلار 700 يىلدىن كىتاب بېسىشنى چەكلەيدۇ، دەپ سورىماي تۇرالمايمىز. بۇنىڭ بىر كىچىك ئىقتىسادىي سەۋەبى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەگەر كىتابلار ئومۇملىشىپ كەتسە، سېكرېتارلىق قىلىدىغان ۋە خەت-چەك يېزىشنى كەسىپ قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئىشسىز قېلىشىدىن**

ئىبارەت. ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ھەممە نەرسىنى قول بىلەن يازىدىغان بولغاچقا، خەت-چەك يېزىشنى كەسىپ قىلىۋالغانلارنىڭ سانى خېلى كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ كەسىپتىكى كىشىلەر كىتاب بېسىشقا قاتتىق قارشى تۇردى. لېكىن بۇ بەزى بىر يازغۇچىلار كۆپتۇرۇۋەتكەندەك مۇھىم سەۋەب ئەمەس.

يەنە بىر سەۋەب، ئەرەب يېزىقى ئىنگلىزچىدىن كۆپ مۇرەككەپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئەرەبچە كىتابلارنى باسماقچى بولسا، كىچىك 8 بۇرجەكلىك ھەرپ ياغىچىدىن 700 دانىسى زۆرۈر بولاتتى. بۇنداق قىلىش ئاسان ئەمەس، ئەمما پۈتۈنلەي مۇمكىنسىزمۇ ئەمەس. ئەگەر مۇسۇلمانلار چوقۇم كىتاب باسماقچى بولغان بولسا، بۇنداق تېخنىكىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىگەن بولاتتى. شۇڭلاشقا بۇمۇ ئاساسلىق سەۋەب ئەمەس. ئەمەلىيەتتە 1840-يىلى مۇسۇلمانلار ئەرەبچە كىتابلارنى بېسىپ چىقىرىدىغان تېخنىكىنى ھەقىقەتەنمۇ ئىشقا ئاشۇردى.

ھەقىقىي سەۋەب، ياكى 1-سەۋەب بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ «كىتاب بېسىش تېخنىكىسىنى مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەر ئىجات قىلغان، ئۇنى كاپىرلار ئىجات قىلغان، شۇڭلاشقا ئۇ ھارام» دەپ قارىغانلىقىدۇر. 1550-يىللىرىدىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار تەرەققىياتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەچكە، 1550-يىللىرىدىن كېيىن ئۇلار ھەم ئۆزلىرىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ھەم ئىنتايىن ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى. ئۇلار سىرتتىن كىرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە «بۇنى بىز ئىجات قىلمىغان، شۇڭا ئۇنىڭدا چوقۇم مەسىلە بار» دەپ قارايدىغان بولۇۋالدى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىنتايىن زور دەرىجىدە قانائەت ھېس قىلىپ، سىرتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى، ھەمدە ئۇلارغا نىسبەتەن ئىشكىنى تاقىۋالدى.

ئىككىنچى سەۋەب زىيالىي سەۋەب بولۇپ، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى مۇنداق: ئۆلىمالار ۋە ئىسلام زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى. يەنى، كىتابلار كۆپلەپ بېسىلىدىكەن، ئۆلىمالار بىلەن زىيالىيلار ئوقۇيدىغان كىتابلارنى ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ ئوقۇيالايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھازىر پەقەت ئۆلىمالار بىلەن زىيالىيلارلا بىلىدىغان ئىشلارنى ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ بىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە بۇ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئابرۇيى كۆپ كىشىلەرگە تارقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا مۇشۇنداق ھوقۇق-تالىشىش كۈرىشى مەلۇم دەرىجىدە يۈز بەردى. يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىلىمنى ئومۇملاشتۇرماسلىق ۋاستىسىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزلۇق ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى.

مۇشۇ يەردە ئوقۇرمەنلەر بىر ئاز ئويلىنىپ باقسا بولىدۇ. ھازىر دوختۇرلار ئوقۇيدىغان كىتابلارنى باشقىلارمۇ ئوقۇيالايدۇ. ئەمما باشقىلار ھەقىقىي دوختۇر بولالمايدۇ. ئالىملار ئوقۇيدىغان كىتابلارنى باشقا ھەممە كىشىلەرمۇ ئوقۇيالايدۇ. ئەمما ئۇ ھەممە كىشىنىڭ رەسمىي تەربىيە كۆرگەن ئالىملاردەك ئالىم بولۇپ كېتەلىشى ئاسان ئەمەس. ئەگەر سىز 2-3 دوختۇرلارنىڭ ئالدىغا بارسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىسى ياخشى، قايسىسى ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايسىز. دوختۇر ئەمەس تۇرۇپ دوختۇر قىياپىتىگە كىرىۋالغان كىشىلەرنىمۇ ئانچە قىينالمايلا بىلىۋالالايسىز. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمى تۆۋەندىكىلەر ئۈچۈن ئىشكىنى پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىپ، بىلىملەرنى تۆۋەندىكىلەردىن پۈتۈنلەي يوشۇردى.

بەزى زىيالىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى بىلەن ئاجىزلىششى، شۇنداقلا ياۋروپالىقلارنىڭ قاراڭغۇ دەۋرى بىلەن كېيىنكى گۈللىنىشنى ئىككى دانە ئايرىم-ئايرىم ئەگرى سىزىق شەكلىدە ۋاقىتنىڭ فۇنكسىيىسى قىلىپ سىزىپ باققان بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا قارىسىڭىز، مۇسۇلمانلارنىڭ سىزىقى دەسلەپتە

يۇقىرىغا مېڭىپ، كېيىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭىدۇ. ياۋروپاغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىزىق بولسا دەسلەپتە بىر تۆۋەن سەۋىيەدە تۇرۇپ، كېيىن يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ھەممە بۇ ئىككى سىزىق 1550-يىلىغا كەلگەندە بىر-بىرى بىلەن كېسىشىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ 1550-يىللىرىدىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭغانلىقىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 8. ئاخىرقى سۆز

قېرىنداشلارنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، مەن ياپونىيەدە ياشاپ باقتىم. غەربتە ياشاشنى باشلىغىلىمۇ ھازىر 25 يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن مىللەت كىشىلىرى، ھەر خىل دىنلارنىڭ كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئافغانلىق، ئىرانلىق، ئىراقلىق ۋە ئەرەب مۇسۇلمان كىشىلىرى بىلەنمۇ ئۇچراشتىم. مەن بۇرۇن 7 يىل ياشىغان بىر رايوندا، ماشىنا رېمونت قىلىدىغان رېمونتخانىلاردا ئافغانلار كۆپرەك ئىدى. ماشىنا سېتىش شىركەتلىرىدىمۇ ئۇلار ئاز ئەمەس ئىدى. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان بىر نەرسە، بىز «مەمەت» نىڭ قېشىغا بارساق، «ھەرگىز سەمەتنىڭ قېشىغا بارما. ئۇ دېگەن يالغانچى ھەم قويمىچى»، دەيتتى. «سەمەت» نىڭ قېشىغا بارساق «ھەرگىز مەمەتنىڭ قېشىغا بارما. ئۇ دېگەن يالغانچى ھەم قويمىچى»، دەيتتى. باشقا ھەر خىل مۇلازىمەت ئىشلىرىدىمۇ مۇسۇلماندىن بولغان كىشلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىش بېجىرىپ، ئۇلارنى خرىستىئانغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاق تەنلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئاشۇ بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ساپاسى ئاق تەنلىكلەرنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، بۇ بىر قىسىم مۇسۇلمانلار يالغانچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئىمكان بار ئاق تەنلىكلەرنى ئىزدەيدىغان بولدۇق. بىر ئىش ئۈچۈن ئافغانلارنىڭ ئالدىغا بېرىشقا مەجبۇرى بولۇپ قالغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ يالغانچى ۋە قويمىچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىراقىنى تېپىشقا تىرىشىدىغان بولدۇق.

روزى ھېيتى ۋە قۇربان ھېيتى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن نەچچە ئۇيغۇرلار بىرلىكتە ئوخشاش بىر مەسچىتكە بارىمىز. بەزىدە نامازدىن بۇرۇن قاتار ئولتۇرغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدىن بىر-ئىككى زاكات يىغىدىغان قەغەز ساندۇق ئۆتىدۇ. مېنىڭ بەزىدە ھەيران قالغىنىم، بىز 3- ياكى 4-قۇردا ئولتۇرساقمۇ، ھېلىقى ساندۇق 1-قۇردىن باشلاپ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەندە قارىساق، ئۇ ساندۇق يەنىلا قۇرۇق تۇرغان. پەقەت بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىلا يانچۇقىمىزدىن پۇل چىقىرىپ زاكات بېرەتتۇق. مەن بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلۈم ئارىسىدا ياشاپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ساپا جەھەتتىن يېقىنمۇ كەلمەيدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ھېس قىلدىم.

ئاشۇنداق ئىشلار بېشىمدىن كۆپ ئۆتكەن بولغاچقا، مەن ئالدىنقى بىر ماقالەمدە تەسۋىرلىگەن، ياپونىيەدە ياشاۋاتقان بىر ئەرەبنىڭ «ئەگەر ياپونلار مۇسۇلمان بولۇپ قالسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى»، دېگىنىگە ئوخشاش، مەنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە بەك ئېچىنىپ كەلدىم. مېنىڭ بىلىشىمچە، دىندا ئىنسانلارنىڭ ئەقىل جەھەتتە پەرقلىق يارىتىلغانلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. پەندىمۇ ھەم شۇنداق. شۇنداق بولغاچقا كاللامغا داۋاملىق بىر قىسىم ناھايىتى قىيىن سوئاللار كېلىۋاتتى:

-- ياپونلار بىلەن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدىن كېلىپ چىققان؟

-- ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىنمۇ؟

**-- يەيدىغان تاماقلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىنمۇ؟**

**--كىيىدىغان كىيىملىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىنمۇ؟**

**-- ياكى باشقا ئامىللاردىنمۇ؟ ئەگەر باشقا ئامىللار بولسا، ئۇلار قايسىلار؟**

**يېقىندا يەھۇدىيلار، ياپونلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخى ھەققىدە بىر ئاز ئىزدىنىش ئارقىلىق، بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم. مېنىڭ ھېس قىلغىنىم، ئادەملەر توپىدىكى بۇنداق پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ئىچىدە ئېتىقاد، ئېتىقادتا بولغان ساداقەتمەنلىك ۋە سەممىيلىك، ھەمدە ھەر بىر ئادەم توپىنى يېتەكلەيدىغان لىدېرلارنىڭ تۇتقان يولى قاتارلىقلار بار ئىكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئابباس خەلىپە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىستىكى «بىر زىيالىينىڭ قەلىمىنىڭ سىياسىي بىر شېھىتنىڭ قېنىدىنمۇ بەكرەك مۇقەددەس بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئۆزى ئۈچۈن يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان پەتىۋالارنى چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە تەرەققىيات دائىرىسىنىڭ پۈتۈن يەر شارىنى قاپلىشى جەھەتتە ئىنسانلار تارىخىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان مۆجىزىلەرنى ياراتقان. ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان باشقا نۇرغۇن مىللەت كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر مۇسۇلمان بولۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆكۈنگەن بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەزى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بىر ياپونلۇقتەك بولالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈۋاتىدۇ. ئالدىنقى 1600 يىل مابەينىدە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئۆزگەرمىدى. زېمىنىمۇ ئاساسەن ئۆزگەرمىدى. ئۆزگەرگىنى پەقەتلا ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمدارلار. 8-ئەسىردە مۇسۇلمانلار ئەسىرگە ئالغان خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدە قەغەز ياسىيالايدىغان ئىككى ئەسكەر بارلىقىنى بايقىغاندا، ئۇلارنى قىرغىزىستاندىن قوراللىق قوغداپ، پۈت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي شۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ پايتەختى باغداتقا ئاپىرىپ، ئۇلاردىن قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، بىر قانچە يىل ئىچىدىلا مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە قەغەز زاۋۇتى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭدىن 1600 يىل كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، يەنى 2013-يىلى، گوللاندىيىدىكى «مارس بىر» دېگەن بىر تەشكىلات 2024-يىلى 4 نەپەر ئادەمنى مارسقا ئاپىرىپ يەرلەشتۈرىمىز، دېسە، بىرلەشمە ئەرەب خەلىپىلىكىدىكى بىر دىنىي تەشكىلات بىر پەتىۋا چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مارسقا بېرىشىنى چەكلىدى. مەن ئويلايمەن، ئەگەر مۇسۇلمانلار ئابباسىيلار خەلىپە دەۋرىدىكىدەك تەرەققىي قىلىپ مېڭىۋەرگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە مارسقا ئادەم ئاپىرىدىغان شىركەت گوللاندىيەنىڭ بولماستىن، مۇسۇلمانلارنىڭ بولار ئىدى. مارسقا بېرىش ئۈچۈن ياۋروپالىقلار مۇسۇلمان شىركەتلىرىگە پۇل تۆلەپ، ئۆزلىرىنى تىزىملاتقان بولاتتى.**

**قىسقىسى، ھازىر دۇنيادا مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش مەۋجۇت. ئوخشىمىغان دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار مەۋجۇت. ئوخشىمىغان ئادەملەر توپى ئارىسىدا ھوقۇق ۋە ماددىي-مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى مەۋجۇت. ئەگەر تەرەققىي قىلمىسىڭىز ئاشۇ ئۇرۇش، توقۇنۇش ۋە كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇتتۇرۇپ قويىسىز. ھەتتا ئۆزىڭىزنى ساقلاپ قالالماسلىقىڭىزمۇ مۇمكىن. تەرەققىي قىلىشنىڭ بىردىن-بىر يولى، ئۆز ئىمانى بىلەن ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بىلىم ئىگىلەش. بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلار بۇرۇن قىلالىغان. ھازىرمۇ قىلالايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ سىز ئاشۇنداق قىلىشنى خالامسىز ياكى خالىمامسىز، دېگەندىن ئىبارەت.**

## مۇراجىئەتنامە:

مەن ئالدىنقى ماقالىدىمۇ تىلغا ئالغاندەك، بۇ ماقالىنى پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ تەييارلىدىم. مەندە بۇ تارىخلارغا ئائىت ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار بولمىغاچقا، ئىسىملارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشتا مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇلغۇن لۇغىتىگە تاياندىم. بەزى سۆزلەرنى چەت ئەلدىكى دوستلىرىمدىن سورىدىم. يۇلغۇن لۇغىتىدىن تېپىلمىغان سۆزلەرنى ئۆزۈم ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغان بويىچە ئالدىم. شۇڭلاشقا مەن تورداشلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج. مېنى تەنقىد قىلسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا خاپا بولمايمەن. ئەمما، ئەڭ ياخشىسى ماڭا تەكلىپ بېرىڭ. مەن ھازىرغىچە ماڭا تەكلىپ بېرىپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ ئىنكاسلىرىنى تولۇق ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما، بەزىلىرىگە جاۋاب بېرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن - مەن بەزىدە ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي قېلىۋاتىمەن. بۇنى قېرىنداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن. ھەممە ماقالەمگە ئىنكاس قايتۇرغان ۋە ماڭا تەكلىپ بەرگەن قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئەڭ ئاخىرقى بىر گەپ، مېنىڭ ماقالەمدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئىشەنچلىك ۋە نوپۇزلۇق مەنبەلەردىن كەلگەن. ئەگەر سىز بىرەر مەزمۇنغا قارىتا جەڭ ئېلان قىلماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ مەنبەسىنى قايتا بىر قېتىم ئوبدان تەكشۈرۈپ بېقىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ھەر ئىككىمىزگە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بولمايدۇ. رەھمەت!

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


**[1] The Rise & Fall of the Muslim Ummah and the Printing Press - Dr. Yasir Qadhi | 4th January 2012**
http://www.youtube.com/watch?v=4dEvEFBpVjg

**[2] Islamic Golden Age**
http://en.wikipedia.org/wiki/Islamic_Golden_Age

**[3] Times Higher Education World University Rankings**
http://en.wikipedia.org/wiki/Times_Higher_Education_World_University_Rankings

**[4] Ink of a scholar is more holier than the blood of a martyr**
https://www.islamicity.com/articles/Articles.asp?ref=IC0707-3325

**[5] Dennis Overby, "How Islam won, and lost, the lead in science", Islam and Science, Oct. 30, 2001.**

[6] Ulugh Beg Observatory
http://en.wikipedia.org/wiki/Ulugh_Beg_Observatory

[7] Steve Paulson, « Does Islam Stand Against Science?», June 19, 2011
http://chronicle.com/article/Does-Islam-Stand-Against/127924/

[8] يۈسۈپ قەرداۋى، «مۇسۇلمانلارنىڭ 20-ئەسىردىكى مەغلۇبىيەتلىرى»
http://bbs.bagdax.cn/thread-21183-1-1.html

[9] بىلمخۇمار: «هازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرى قانداق شەكىللەنگەن؟»
http://bbs.bagdax.cn/thread-23219-1-1.html
http://bbs.izdinix.com/thread-57355-1-1.html
http://bbs.misranim.com/thread-119719-1-1.html

## قوشۇمچە كىچىك تېما:

### هازىرقى قاتار، كۇۋەيت، يەمەن ۋە سۇداننىڭ شەكىللىنىش جەريانى

ئالدىنقى ماقالىنى تورلارغا چىقارغاندىن كېيىن، بەزى قېرىنداشلار يۇقىرىدىكى 4 ئەلنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى سوراپ ئىنكاس قالدۇرۇپتۇ. شۇڭلاشقا مەن ئۇلارنى بۇ يەردە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

قاتار: 1871-يىلى ئوسمانلىغا ئۆتتى. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئەل تانى (Al Thani) ئائىلىسىنىڭ مۇتلەق پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇنىمۇ ئەنگلىيە بېسىۋالدى. ئۇ 1971-يىلى ئەنگلىيىدىن ئازاد بولۇپ، مۇستەقىللىققا ئېرىشتى.

كۇۋەيت: 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كۇۋەيتمۇ ئەنگلىيەنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيەنىڭ قولىدىن 1961-يىلى 19-ئىيۇن كۈنى مۇستەقىل بولۇپ قۇتۇلدى.

يەمەن: ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى يەمەننى 1538-يىلى بېسىۋالدى. يەمەندە ئارىلىقتا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتۈپ، ئوسمانلى ئاخىرقى قېتىم يەمەندىن 1918-يىلى چېقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەمەندە يەنە نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتۈپ، ئۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا 1990-يىلى 22-ماي كۈنى بىرلىككە كەلدى. ئۇمۇ 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇخشىمىغان دەرىجىدە ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرۇپ باقتى.

سۇدان: يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئۇ بۇرۇن ئوسمانلىنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. 1899-يىلى مىسىر بىلەن ئەنگلىيە بىر كېلىشىم تۈزۈپ، سۇداننى مىسىر تەيىنلىگەن ھاكىم باشقۇرىدىغان بولدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بولسا، سۇدان ئەنگلىيەنىڭ بىر مۇستەملىكىسى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. هازىرقى سۇدان مىسىر بىلەن ئەنگلىيەنىڭ چاڭگىلىدىن 1956-يىلى 1-يانۋار كۈنى قۇتۇلدى.

# دىن ۋە زامانىۋىلىق

## 2014-يىلى 3-ئاينىڭ 14-كۈنى

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى بىر قانچە پارچە ماقالىلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. ھەمدە دېھقان بىلەن مولىلارغا پەن ئۆگىنىشنى، ئوقۇغانلارغا بولسا ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلدىم. ھازىر 20 ياشلار ئەتراپىدىكى دىندىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بىر ياش ئىسلام دىنى ھەققىدە ئازراق ئىزدىنىپ باقماقچى بولىدىكەن، ئۇ كەم دېگەندىمۇ مۇنداق 2 مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئۇ مولىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن دىن ھەققىدە بىر ئاز ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولماقچى بولغىنىدا، ئۇ ھېلىقى مولىلامدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. يەنى، مولىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىسلام دىنى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئۇ ياشقا ھازىرقى زامان بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتسىزدەك تۇيۇلۇپ، ئۇ ياشنىڭ قىزغىنلىقى بىراقلا سوۋۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، ئۇ ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قېلىشى مۇمكىن.

كۆپىنچە كىشىلەر دىنىمىز ھەققىدە ئىزدىنىشنى قۇرئاننى قولغا ئېلىپ، بىر باشتىن ئوقۇشتىن باشلايدۇ. ئەمما، ئۇنداق قىلغاندا، قۇرئاندىكى جۈملىلەر بىر-بىرى بىلەن باغلاشمىغاندەك، ۋە مەزمۇنلارمۇ ئۆز-ئارا تۇتاشمىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىش ئۆزى بۇرۇن ئويلىغان يەردىن چىقماي قېلىشى مۇمكىن. مەن ياشلارنىڭ 2-مەسىلىنى ھەل قىلىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، بۇرۇنقى بىر ۋاقىتلاردا ئۆزلۈكىدىن دىنىنى ئۆگىنىشنى باشلىغان، ھەمدە نۇرغۇن ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ بىر ياخشى ئۇسۇلىنى بايقىغان بىر قانچە تونۇشلىرىمغا ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى ماڭا بېرىشنى ھاۋالە قىلدىم. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرى ماڭا ئاشۇنداق يازمىدىن بىرنى تەييارلاپ بېرىپ قالسا، مەن ئۇنى كېيىنكى ماقالىنىڭ ئاخىرىغا «قوشۇمچە كىچىك تېما» تەرىقىسىدە كىرگۈزۈپ قويىمەن. مەن ئىسلام دىنىنى مەكتەپسىز ۋە ئۇستازسىز ئۆگىنىپ، مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قېرىنداشلاردىن ئۆز تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى مۇشۇ ماقالىنىڭ كەينىگە ئىنكاس شەكلىدە يوللاپ بېرىشنى سورايمەن. ياكى بولمىسا سىز ئۇنى ئايرىم بىر تېما قىلىپ يېزىپ چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ. مېنىڭچە بۇ بىلىدىغانلار بىلمەيدىغانلارغا ئۆگىتىشنىڭ، شۇ ئارقىلىق بىلىمنىڭ زاكىتىنى بېرىشنىڭ بىر ياخشى ئۇسۇلى. شۇنداقلا ياشلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بىر مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك تەدبىرى. ئۆزىنىڭ يولىنى تاپالمايۋاتقان بىرسىگە، «ماڭ، ماڭ» دەۋەرسەك، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئۇ ھەم ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا قانداق ۋە نەگە مېڭىشنىمۇ دەپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلساق، دىنىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بىز بىر ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىمىز.

مەن مەزكۇر ماقالىدا يۇقىرىدىكى 1-مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن. ئىسلام دىنىدا ئۆزگەرسە بولمايدىغان نەرسىلەر بار. مەسىلەن، ئاساسىي پرىنسىپلار ۋە ئىسلام قانۇنلىرى. شۇنداقلا ئۆزگەرتىپ، ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرمىسا بولمايدىغان نەرسىلەرمۇ بار. مەسىلەن، مەسچىتلەردە زامانىۋى

**ئېلېكترونلۇق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىنىشى قاتارلىقلار. ئەگەر ئاللاھ دىنىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنىڭ ئازراق ئۆزگەرتىلىشىگە يول قويمىغان بولسا، ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن ئۇنچىۋالا تېز تارقىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تارىختىكىدەك شىددەت بىلەن كۆپەيمىگەن بولاتتى.**

**ھازىر قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى مۇنداق بىر پاكىتنى ئوبدان بىلىدۇ: ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھازىر ئوقۇغانلار ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر دىنغا ئانچە قىزىقمايدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك، دىنغا بەك كىرىشىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى بولسا ئوقۇشقا ئانچە قىزىقمايدۇ، ياكى ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى دېگەندەك چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىسىنىڭ 2-خىلدىكى ياشلارغا بىر ئاز ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. نۆۋەتتە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر ۋەزىپە، مۇشۇ 2 خىل كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى تىندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى بىر-بىرسىنىڭكىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تىرىشىدىغان بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش. مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئۆزۈم ئاشۇ يولدا ئالغان بىر قەدەم بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.**

**مەن ماقالىنىڭ ھەجمىنى بەك چوڭ قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق «مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىششىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللار» دېگەن ماقالىسىدە دوكتور ياسىر قازىنىڭ «مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن چېكىنىشى ۋە باسما خەت» دېگەن تېمىدىكى ئىنگلىزچە لېكسىيىسىنىڭ خۇلاسە قىسمىنى كىرگۈزمىگەن ئىدىم [1]. مەن ئۇ قىسمىنى مەزكۇر ماقالىدا بايان قىلىمەن. ياسىر قازى لېكسىيىسىنىڭ بۇ قىسمىدا ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كەلگەن دەسلەپكى 50 يىل ئىچىدە ئۇنىڭ باشقا زېمىنغا قانداق تارقالغانلىقىنى كۆپ يەردە تىلغا ئالىدۇ. مەن ئۇلارنى بۇ ماقالىگە شۇ پېتىلا كىرگۈزسەم، نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىيالماي قېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مەن ئالدى بىلەن قۇرئان ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ، ئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى 50 يىل ئىچىدىكى گۈللىنىش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ياسىر قازىنىڭ يۇقىرىقى لېكسىيىسىنىڭ خۇلاسە قىسمىنى بايان قىلىمەن. ئەڭ ئاخىرىدا 2013-يىلى ئەنگلىيەنىڭ بىر مۇسۇلمانلار تېلېۋىزور قانىلى ياسىر قازى بىلەن ئۆتكۈزگەن تېلېۋىزور سۆھبىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى زامانىۋىلىق بىلەن قانداق ماسلاشتۇرۇش ھەققىدىكى مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن.**


## 1. قۇرئان ھەققىدە

**مەن بۇ بۆلۈمنى ئىسلامدىن ئانچە بەك خەۋىرى يوق ياشلار ئۈچۈن قوشۇپ قويدۇم.**


**ياسىر قازىنىڭ دېيىشىچە، ئەرەبچە قۇرئاننىڭ تىلى سۈپەت جەھەتتىن ئەرەب تىلىغا ئۆلچەم بولالايدىكەن. يەنى، ھازىرغىچە يېزىلغان ئەرەب تىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ سۈپىتى جەھەتتىن قۇرئاننىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئەسەر يوق ئىكەن. مېنىڭ ھازىرغىچە چۈشىنىشىمچە، ھەممە دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ تىلى ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. قۇرئانمۇ ھەم شۇنداق. ئېھتىمال ئاللاھ ئىنسانلاردىن ئۆزى ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، قۇرئانغا يوشۇرۇنغان تەلىمات، ئىدىيە ۋە مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ بايقاپ چىقىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان**

**بولۇشى مۇمكىن.**

**ئاللاھ قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا 609-يىلى 22-دېكابىر كۈنى چۈشۈرۈشكە باشلىغان. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگەن ئىدى. بۇ جەريان 632-يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئاخىرلاشتى. يەنى، ئاللاھنىڭ قۇرئاننى تولۇق چۈشۈرۈپ بولۇشى ئۈچۈن جەمئىي 23 يىل ۋاقىت كەتتى.**



1 ـ رەسىم: پەيغەمبىرىمىز ئىسمىنىڭ ھۆسنە خەت بىلەن يېزىلىشى [2].



2 ـ رەسىم: ئاللاھدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا 1 ـ ئايەت چۈشكەن جاي ـ مەككىدىكى جابال ئال ـ نۇر ( Jabal al ـ nour) تېغىنىڭ ھىرا ئۆڭكۈرى.

**قۇرئاندىكى مەزمۇنلار بەزىدە شۇ زاماندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قارىتا چۈشۈرۈلگەن. بەزىدە مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرگە مەسىلە ۋە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەندە، پەيغەمبەرگە ياردەم قىلىش يۈزىسىدىن چۈشۈرۈلگەن. قالغان ۋاقىتلاردا بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۇرمۇشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان قانۇن ۋە تۈزۈملەرنى تۈرغۈزۈش يۈزىسىدىن چۈشۈرۈلگەن. دىنى زىيالىيلارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، تۇنجى قېتىم چۈشۈرۈلگەن سۈرە قۇرئاندىكى 96- سۈرە، ئەلەقتىن ئىبارەتتۇر [3]. تۆۋەندىكى 4-رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى سۈرىلەرنىڭ چۈشۈش تەرتىپى بىلەن قۇرئاندىكى تەرتىپىنىڭ مۇناسىۋىتى، ھەمدە ھەر بىر سۈرىدىكى ئايەتلەرنىڭ سانى دىن ئىبارەت [4].**

| چۈشۈش تەرتىۋى | قۇرئاندىكى تەرتىپ | ئايەت سانى | چۈشۈش تەرتىۋى | قۇرئاندىكى تەرتىپ | ئايەت سانى | چۈشۈش تەرتىۋى | قۇرئاندىكى تەرتىپ | ئايەت سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 96 | 19 | 41 | 36 | 83 | 81 | 79 | 46 |
| 2 | 68 | 52 | 42 | 25 | 77 | 82 | 82 | 19 |
| 3 | 73 | 20 | 43 | 35 | 45 | 83 | 84 | 25 |
| 4 | 74 | 56 | 44 | 19 | 98 | 84 | 30 | 60 |
| 5 | 1 | 7 | 45 | 20 | 135 | 85 | 29 | 85 |
| 6 | 111 | 5 | 46 | 56 | 96 | 86 | 83 | 36 |
| 7 | 81 | 29 | 47 | 26 | 227 | 87 | 2 | 286 |
| 8 | 87 | 19 | 48 | 27 | 93 | 88 | 8 | 75 |
| 9 | 92 | 21 | 49 | 28 | 88 | 89 | 3 | 200 |
| 10 | 89 | 30 | 50 | 17 | 111 | 90 | 33 | 73 |
| 11 | 93 | 11 | 51 | 10 | 109 | 91 | 60 | 13 |
| 12 | 94 | 8 | 52 | 11 | 123 | 92 | 4 | 176 |
| 13 | 103 | 3 | 53 | 12 | 111 | 93 | 99 | 8 |
| 14 | 100 | 11 | 54 | 15 | 99 | 94 | 57 | 29 |
| 15 | 108 | 3 | 55 | 6 | 165 | 95 | 47 | 38 |
| 16 | 102 | 8 | 56 | 37 | 182 | 96 | 13 | 43 |
| 17 | 107 | 7 | 57 | 31 | 34 | 97 | 55 | 78 |
| 18 | 109 | 6 | 58 | 34 | 54 | 98 | 76 | 31 |
| 19 | 105 | 5 | 59 | 39 | 75 | 99 | 65 | 12 |
| 20 | 113 | 5 | 60 | 40 | 85 | 100 | 98 | 8 |
| 21 | 114 | 6 | 61 | 41 | 54 | 101 | 59 | 24 |
| 22 | 112 | 4 | 62 | 42 | 53 | 102 | 24 | 64 |
| 23 | 53 | 62 | 63 | 43 | 89 | 103 | 22 | 78 |
| 24 | 80 | 42 | 64 | 44 | 59 | 104 | 63 | 11 |
| 25 | 97 | 5 | 65 | 45 | 37 | 105 | 58 | 22 |
| 26 | 91 | 15 | 66 | 46 | 35 | 106 | 49 | 18 |
| 27 | 85 | 22 | 67 | 51 | 60 | 107 | 66 | 12 |
| 28 | 95 | 8 | 68 | 88 | 26 | 108 | 64 | 18 |
| 29 | 106 | 4 | 69 | 18 | 110 | 109 | 61 | 14 |
| 30 | 101 | 11 | 70 | 16 | 128 | 110 | 62 | 11 |
| 31 | 75 | 40 | 71 | 71 | 28 | 111 | 48 | 29 |
| 32 | 104 | 9 | 72 | 14 | 52 | 112 | 5 | 120 |
| 33 | 77 | 50 | 73 | 21 | 112 | 113 | 9 | 129 |
| 34 | 50 | 45 | 74 | 23 | 118 | 114 | 110 | 3 |
| 35 | 90 | 20 | 75 | 32 | 30 | | | |
| 36 | 86 | 17 | 76 | 52 | 49 | | | |
| 37 | 54 | 55 | 77 | 67 | 30 | | | |
| 38 | 38 | 88 | 78 | 69 | 52 | | | |
| 39 | 7 | 206 | 79 | 70 | 44 | | | |
| 40 | 72 | 28 | 80 | 78 | 40 | | | |

3 ـ رەسىم: سۈرىلەرنىڭ چۈشۈش تەرتىپى بىلەن قۇرئاندىكى تەرتىپىنىڭ مۇناسىۋىتى، ھەمدە ھەر بىر سۈرىدىكى ئايەتلەرنىڭ سانى. مەسىلەن، تۇنجى قېتىم چۈشكىنى قۇرئاندىكى 96 ـ سۈرە، ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشكىنى قۇرئاندىكى 68 ـ سۈرىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېزىپ قويۇلغان ۋە يادلىنىۋېلىنغان سۈرە ۋە ئايەتلەرنى يىغىپ، ھازىرقى قۇرئاننى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى [5]. ئاللاھ قۇرئاننى ئىنسانلارنى بىر پىشقان، راۋۇرۇس ئادەم قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىش ئۈچۈن چۈشۈردى. پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ جامائىتىنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىپىسى، ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئىلغار ۋە دىنامىك ئۆرنەك تىكلەپ بېرىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۇستاز ۋە يېتەكچى بولۇپ بېرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈچە تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. قۇرئان ئۈچۈن يۈكلەنگەن ۋەزىپە ئىنسانلارنىڭ بىر ياكى ئىككى يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتىش بولماستىن، ھەممە نەرسىلەرنى يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتىش بولدى. يەنى، ئىنسانلارنىڭ قانداق ياشىشى ۋە ئۆلۈشى، توي قىلىشى، نەرسىلەرنى سېتىشى ۋە سېتىپ ئېلىشى، ئىختىلاپلارنى بىر تەرەپ قىلىشى، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشى، ۋە باشقىلارنى مەزمۇن قىلدى. كۆزلەنگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاشۇنداق كۆپلۈكىدىن، بىز نېمە ئۈچۈن قۇرئاننىڭ 23 يىل ئىچىدە نۇرغۇن بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى بىر ئاز چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

مېنىڭ بۇ يەرگە بۇلارنى كىرگۈزۈپ قويۇشتىكى مەقسىتىم، دىننى يېڭىدىن باشتىن باشلاپ ئۆگەنمەكچى بولغان ئىنى-سىڭىللارغا مۇنداق ئىككى نەرسىنى بىلدۈرۈپ قويۇش: بىرى، ھازىرقى بېسىلغان قۇرئاندىكى سۈرە ۋە ئايەتلەرنىڭ تەرتىپى ئۇلارنىڭ ئاللاھدىن چۈشكەن تەرتىپى بىلەن ئوخشاش ئەمەس. يەنە بىرى بولسا، قۇرئاندىكى خېلى كۆپ مەزمۇنلار ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق بولغاچقا، مېنىڭ بىر قىسىم تونۇشلىرىمنىڭ دېيىشىچە، ئالدى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ، ئاندىن قۇرئاننى ئاللاھتىن چۈشكەن تەرتىپ بويىچە ئوقۇسا، ئۆگىنىش ئۈنۈمى كۆپ ياخشى بولىدىكەن. مېنىڭ تورداشلاردىن ئۆتۈنىدىغىنىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرىدىغان قانداق ماتېرىياللار بار، ھەمدە ئۇلارنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ، دېگەن سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلسەڭلار، ئاشۇ ئۇچۇرلارنى مۇشۇ يازمىنىڭ كەينىگە ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويغان بولساڭلار. رەھمەت!

## 2. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى 50 يىل ئىچىدىكى گۈللىنىشى

مەن مەزكۇر ماقالىغا «دىن ۋە زامانىۋىلىق» دېگەن تېمىنى قويدۇم. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش ھەرگىزمۇ يېڭى ئىش ئەمەس. بۇنداق قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىلا باشلانغان. ئاللاھ پەرىشتە جىبرىئىل (Jibreel) ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ دەسلىپىدە مۇنداق 5 ئايەتنى چۈشۈردى: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى (96-سۈرە، 1-5-ئايەت).» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ تۇرغان دەسلەپكى 3 يىل ئىچىدە، ئۇ دىننى پەقەت ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە تۇغقانلىرى ئىچىدىلا تارقاتتى [2]. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھدىن ئۇنىڭغا دىننى خەلق ئارىسىدا ئاشكارا تارقىتىش توغرۇلۇق تېلىم كەلدى. ئۇ چاغدا مەككىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇتپەرەسلەر بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرگە قاتتىق ئاچچىقلاندى، ھەمدە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق زىيانكەشلىك قىلىشقا

باشلىدى. ئۇ زاماندا مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. بۇتپەرەسلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىر چىدىغۇسىز دەرىجىگە يېرىپ يەتكەندە، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئابىسسىنىيە (Abysinnia) گە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردىكى بىر خرىستىئان پادىشاھنىڭ پاناھلىقىغا ئېرىشتى. بۇ پادىشاھ خانىدانلىقىمۇ كېيىنچە ئىسلام دىنىغا كىردى.

مەككىدىكى مۇسۇلمانلار چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى زۇلۇمغا دۇچ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئۇلارنى مەدىنىگە كۆچۈپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ھەمدە مەدىنىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ مۇسۇلمان بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 622-يىلى، ئۆزىمۇ مەدىنىگە كۆچۈپ كەلدى. بۇ ۋەقە «ھىجرا» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئىسلام كالېندارى ياكى «ھىجرى كالېندارى» ئەنە شۇ 622-يىلدىن باشلانغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ، مەدىنىدە بىر مۇسۇلمان دۆلىتى قۇردى. ھەمدە مۇسۇلمانلارغا دىنى پائالىيەتلەرگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشىش ئەركىنلىكىنى بەردى. مەككىدىكى دىنسىزلار بۇنى ياقتۇرماي، ئىسلامنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن مەدىنىگە قايتا-قايتا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ھەر قېتىم مۇسۇلمانلار ئۇتۇپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا مەككىدىكى دىنسىزلار بىلەن مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار بىر تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈپ چىقتى. گەرچە بۇ كېلىشىم دىنسىزلارغا بەكرەك پايدىلىق بولسىمۇ، دىنسىزلار كېلىشىمنى بىكار قىلىپ، باشقا دىنسىزلارغا ياردەملىشىپ، مۇسۇلمان زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۈچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ناھايىتى مەخپىي تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ، مەككىگە ھۇجۇم قىلدى، ھەمدە مەككىدىن ئايرىلغىلى 8 يىل تولغان ۋاقىتتا، مەككىنى قولغا ئېلىپ، پۈتۈن بۇتلارنى چېقىپ، كەبىنىڭ ئىچىنى بۇدسىزلاندۇردى. گەرچە مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارغا شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت زۇلۇم سالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار مەككىلىكلەرنى ئاسانلا تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتەلەيدىغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىنچلىقپەرۋەر ۋە مېھرىبان بولغاچقا، قول ئاستىدىكىلەرگە مەككىلىكلەرنى ئۆلتۈرمەسلىكنى، پەقەت ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغاندىلا ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشنى بۇيرۇدى. مەككىلىكلەرگە بولسا قوراللىرىنى تاشلاپ، ئۆيلىرىنىڭ ئىچىدە جىم تۇرغانلارغا ھېچ قانداق زەيىم-زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار مەككىگە ھېچ قانداق قارشىلىق يوق ھالەتتە ئۇرۇشسىز كىردى. مەككىگە كىرگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەرنىڭ ئۆز زېمىنىدا تۇرۇۋېرىشى ياكى باشقا جايلارغا كېتىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىغا قويدى. شۇ كۈنى مەككىلىكلەر ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنەگە قايتىپ كەتتى. ئۇ مەدىنىدە تۇرغان ۋاقىتدا، ناھايىتى كۆپ ساندىكى قەبىلىلەر مەدىنىگە كېلىپ، مۇسۇلمان بولدى. مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ 10 يىل توشقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر مەككىگە خوشلىشىش تاۋىپى ئۈچۈن باردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ 114 مىڭ مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى. شۇ قېتىم ئۇ ئارافات تۈزلەڭلىكىدە بۇ يەرگە يىغىلغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەسىھىتىنى يەتكۈزدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئەرەبىستان خەلقى مۇسۇلمان بولۇپ بولغان ئىدى. مەدىنىگە كۆچۈپ بارغىنىغا 11 يىل بولغان ۋاقىتتا، يەنى 633-يىلى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالدى. ئۇ جەمئىي 13 كۈن كېسەل بولۇپ يېتىپ، ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ 63 ياشقا

كىرگەن ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبۇ بەكرى (Abu Bakr, 632 - 634) ۋارىسلىق قىلىپ، خەلىپە بولدى. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە يولۇققان مەسىلە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ زاكات تۆلەشنى رەت قىلىشى، ۋە بەزىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر»، دەپ ئاتىۋېلىشى بولدى. ئابۇ باكىر ئۇلارغا ئىنتايىن كەسكىن تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ كەلدى.

ئابۇ باكىر دەۋرىدە پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئىسلامغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن خەلقلەرگە ياردەم قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر تەھدىت بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارسلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. تۇنجى قېتىملىق «چائىنس ئۇرۇشى» (Battle of Chains) دەپ ئاتالغان ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىپ، پارسلارنىڭ يۈزنى يەرگە قاتتىق تۆكتى. مىڭلىغان پارسلارنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار مازاردا يەنە پارسلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنىمۇ يەڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ۋالاجا ۋە ئۇللەيسلاردىمۇ ئۇرۇش قىلىپ، ئۇ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىپ، ھىرا خانلىقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. مۇسۇلمانلار بىزانتىن (Byzantines) لىكلەرگە قارشى ئاجنادېيندىمۇ ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى يەڭدى. ھەمدە دەمەشقنىمۇ ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ يەردىن ئابۇ باكىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن چېقىپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر (Umar ibn al-Khattab, 634 - 644) خەلىپە بولدى. پارسلار مۇسۇلمانلارغا قاراتقان پاراكەندىچىلىكنى توختاتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەر ئۇلارغا قارشى داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى. مۇسۇلمانلار نامارراقتىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى، ئەمما، جاسرىدىكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالدى. مۇسۇلمانلار يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تارىختىكى ئەڭ مۇھىم ئۇرۇشلارنىڭ بىرى نىخاۋاندىكى ئۇرۇش بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتىكى غەلىبىسى، ئۇلارنىڭ پېرسىيىگە قارىتىلغان ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ، كېيىنچە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. ئۆمەرمۇ بىزانتىنلىقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، يارمۇك ئۇرۇشىدىن كېيىن سۇرىيەنى ئىگىلەپ، ئاندىن يېرۇسالېم بىلەن مىسىرنى بېسىۋالدى. رۇسىيىدە مۇسۇلمانلار ئازەربايجان بىلەن تابارىستاننىمۇ بېسىۋالدى.

مۇسۇلمانلار ئوسمان (Uthman ibn Affan, 644 - 656) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى (Ali ibn Abi Talib, 656 - 661) لارنىڭ خەلىپىلىكى ئاستىدا تۇرغان مەزگىلدە، پېرسىيىلىكلەر بىلەن بىزانتىنلىقلار قوزغىلاڭ قىلدى. ئوسمان بۇ قوزغىلاڭچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى يەنىمۇ چىڭىتتى. مۇسۇلمانلارغا ئوسمان خەلىپىلىك قىلغان مەزگىلدە، مۇسۇلمانلار ھازىرقى لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە ماراكەش قاتارلىق يەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جەنۇبىي ئافرىقىنى بېسىۋالدى. ئوسمان ھازىرقى ئىراننىڭ خۇراسان (Khurasan) دېگەن يېرىگە، ھەمدە ئەرمېنىيە بىلەن ھازىرقى تۈركىيىگىمۇ ئەسكەر ئەۋەتتى.

مۇئاۋىياھ (602 - 680) ئۇماييااد قەبىلىسىدىن بولغان 2-خەلىپە بولۇپ، ئۇ خەلىپىلەرنىڭ ئۇماييااد خاندانلىقىنى قۇردى. ئۇ مۇسۇلمانلارغا يېتەكچىلىك قىلغان دەۋردە، مۇسۇلمانلار تۇنىزىيىدىكى قائىرۇۋان شەھىرىنى قۇردى، كابۇلنى بېسىۋالدى، رود (Rhodes) ئارىلىنى بېسىۋالدى، ھەمدە ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى سەمەرقەنت بىلەن تىرمىزنى قولغا چۈشۈردى. ھازىرقى ئىراننىڭ خۇراسان زېمىنىغا ئەسكەر ئەۋەتتى، ھەمدە ئۆزبېكىستاندىكى بۇخارانى ئۆزىگە قاراتتى.

سۈننىلەر ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىلەرنى قوشۇپ، «راشىدۇنلار» دەپ ئاتايدىغان

**بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «توغرا يېتەكلەنگەنلەر» دىن ئىبارەت [6].**

**مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيىسىنى چاقماق تېزلىكىدە كېڭەيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردەك ۋاقىت ئىچىدە، 3 چوڭ قىتئە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، ھەمدە ئاشۇ زاماندىكى پېرسىيە ۋە رىمدىن ئىبارەت 2 چوڭ ئىمپېرىيە ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.**

**مۇسۇلمانلارنى مۇشۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى، خاراكتېرى ۋە جاسارىتىدىن ئىبارەتتۇر.**

**مەن ئوقۇرمەنلەردىن يۇقىرىدىكى جۈملىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى ئۆتۈنىمەن. ئۇ جۈملە مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس. مەن ئۇنى مەزكۇر تارىخ بايان قىلىنغان ئىنگلىزچە ماتېرىيالدىن ئەينەن ئالدىم. دېمەك، ئۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلار مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى ئىككى پارچە ماقالىسىدە تونۇشتۇرغان ياپونلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان خەلىپە ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە تۇغقىنى ۋە كۈيئوغلى بولۇپ، ئۇ يېتەكلىگەن مۇسۇلمانلار ھازىرقى ياپونلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى ئېتىقادقا، ئوخشاش دەرىجىدىكى خاراكتېرگە، ۋە ساموۇرايلاردا بار بولغان جاسارەتكە ئىگە ئىكەندۇق. يەنى، ئاشۇ دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەنمۇ ھازىرقى ياپونلار ئىگە بولغان سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەندۇق.**

**ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى ئامىللارمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇنداق گۈللىنىشكە تۆھپە قوشتى:**

**--مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ھەمراھلىرىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ قويدى. مۇسۇلمانلار ئاللاھ يولىدا ئېلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بېسىۋالغان زېمىنلارنى تالان-تاراج قىلمىدى، ھەمدە ئۇ زېمىنلاردىكى خەلققە قاتتىق قوللۇق قىلمىدى. ئۇلار ھەم باتۇر، ھەم جاسارەتلىك بولۇپ، ئۆلۈمدىن قورقمىدى.**

**--ئۇلار نەپسى يامانلىق قىلمىدى، ياكى بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى ئىستىمىدى. ئۇلار ناھايىتى مەردلىك قىلىپ، دائىم باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ، ئۆزلىرىنى زادىلا ئويلاشمىدى. تۇرمۇشتا پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىرى ئادەتتىكى ئەسكەرلەر بىلەن ئوخشاش، ناھايىتى ئاددىي ياشىدى. ئادەتتىكىچە كىيىنىپ، يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىمۇ قورسىقى ئاران تويىدىغان بىر سەۋىيىنى ساقلىدى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نەچچە كۈنلەپ ئاچ قورساق يۈردى. ئۇلار تاپالىغاندا بىر پارچە نان، ئازراق خورما ۋە سۇ بىلەن ئۆرە يۈردى. كۆپ يەرلىرى يامالغان كىيىملەرنى كىيدى.**

**--خەلىپىلەر پېرسىيە ۋە رىم ئىمپېرىيىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن ناھايىتىمۇ پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن ئوخشاش ياشىدى. باشقا ئىمپېرىيىنىڭ چوڭلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، كۆپىنچە ۋاقىتتا كىمنىڭ خەلىپە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قالاتتى. خەلىپىلەر ئۆزلىرىگە مۇھاپىزەتچى ئىشلەتمىدى، ھەمدە ئۆزىنىڭ كىر-قاتلىرىنى ئۆزى يۇسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئايىغىنى ئۆزى يامىسىمۇ، ۋە قوشنىسىنىڭ ئۆچكىسىنى سېغىپ بېرىشتەك باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ بەرسىمۇ ھەرگىز خورلۇق ھېس قىلمىدى.**

**--مۇسۇلمانلار بېسىۋالغان زېمىنلارنىڭ خەلقىگە ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ھەر بىر زېمىننى بېسىۋالغاندا، ئۇ يەردىكى بۇتخانا ياكى چېركاۋلارنى بۇزمىدى. ئۇلار بېسىۋالغان زېمىننىڭ خەلقىگە ئادىللىق قىلدى. پەقەت باشقا تاللاش يولى قالمىغاندىلا ئۇلار يېڭى زېمىنلارنى ئۇرۇش بىلەن ئالدى.**

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يەرلىكلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، يەرلىكلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. مۇسۇلمانلار يەرلىكلەرنى قوغداپ، ئۇنىڭ تۆلىمى ئۈچۈن يەرلىكلەردىن ئاز مىقداردىكى «جىزىياھ» دەپ ئاتىلىدىغان باج ئالدى. ئۇلار يەرلىكلەردىن زاكات ئالمىدى، ھەمدە يەرلىكلەرنى ئەسكەر بولۇشقىمۇ مەجبۇرلىمىدى. 5-ئەسىردە ياشىغان ھونلارنىڭ دۇنياغا داڭلىق داھىيسى ئاتتىلامۇ ئاشۇنداق قىلغان، 15-ئەسىردىن باشلاپ ياشىغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىمۇ ئاشۇنداق قىلغان ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرىقىدەك خاراكتېرلىرى بېسىۋېلىنغان زېمىندىكى يەرلىكلەرنى ناھايىتى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ، يەرلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇنداق ئالىيجانابلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن مۇسۇلمان بولدى. ھېچ قانداق ئادەم مەجبۇرلاشقا ئۇچرىمىدى. ئۇلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مۇسۇلمان بولدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن 10 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئافغانىستاندىكى تالىبانلارنىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ياسالغان ناھايىتى چوڭ بۇتلارنى چاققانلىق ئىشلىرى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلار دەسلەپتە ئۇنداق ئەمەس ئىكەندۇق.

## 3. قەغەز ۋە باسما خەت تارىخى مۇسۇلمانلارغا نېمىنى ئۆگىتىدۇ؟

مەن ئالدىنقى ماقالىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، 1800-يىللىرىغا كەلگۈچە ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىرەر پارچە بېسىلغان كىتابنى كۆرۈپ باقمىدى. سەۋەبى، ئۇنداق قىلىش ئۆلۈم جازاسىغا ئېلىپ باراتتى. ئەمما، ياۋروپا بولسا مەتبەئە جەھەتتىن ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ كەتتى. مەتبەئە بىلىمنى ئەكەلدى. بىلىم بولسا كۈچ-قۇدرەت ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار بولسا ناھايىتىمۇ ئارقىدا قالدى.

ئالدىنقى ماقالىدە سۆزلەپ ئۆتكەندەك، مۇسۇلمانلارنى ئارقىدا قالدۇرغان مۇنداق 2 ئاساسىي سەۋەب بار. بىرى ئىمان ۋە تەقۋادارلىق. يەنە بىرى بولسا دۇنيا. ھازىرقى دۇنيا. بۇ 2-سەۋەب بۇرۇنقى ئەنئەننى ساقلاپ قالغان ئاساستا، زامانىۋىلىقنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇرۇن قازانغان غايەت زور ئۇتۇقلىرىدىن بەك مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، ئىشىكنى پۈتۈنلەي تاقاپ، ئۆزلىرىنى زامانىۋىلىقتىن يىراق تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرى زامانىۋىلىق قىستاپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنى بىر تۈۋەن ئورۇنغا ئىتتىرىپ، پاتقاققا پاتتۇرۇپ قويدى.

ئەمدى بىز ۋاقىت جەھەتتىن بۇرۇنقى دەۋرگە قايتىپ، يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان، ئىسلام ئەڭ گۈللەنگەن دەسلەپكى 50 يىلغا قاراپ باقايلى. ئاشۇ زاماندىكى ساھابىلەر [6]، ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھ ۋە ئۇلپەتلىرى، ھەرگىزمۇ شۇ زاماندىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگىچە ئوقۇپ باققانلار ئەمەس ئىدى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى مەدەنىيەتلىشىش سەۋىيىسى بويىچە قارىغاندا، ھەرگىزمۇ بىر يۇقىرى سەۋىيىگىچە ئوقۇپ باققانلار ئەمەستى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىمانى تەڭدىشى يوق دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭغا قوشۇپ، ئۇلار يېڭىلىقنى، زامانىۋىلىقنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن پايدىلاندى. ئۇلار بىر يېڭى زېمىننى بېسىۋالغاندا، ئۆزلىرىنى شۇ زېمىننىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇردى. شۇ زېمىننىڭ

ئورۇپ-ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. دەسلەپكى 50 يىل ئىچىدە، بېسىۋېلىنغان نۇرغۇن زېمىننىڭ خەلقى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھۆججەتلىرى ئاشۇ مۇسۇلمان ئەمەس يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىدا يېزىلدى. مۇسۇلمانلار يېڭى زېمىنلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە قادىر بولسىمۇ، نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلارغا سوزۇلغان زېمىنلارنى ئىدارە قىلىشقا قادىر بولمىغاچقا، ئۇلار ئۇ زېمىنلارنى يەرلىك، مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە تايىنىپ ئىدارە قىلدى. دەسلەپكى ئابباسىدلارنىڭ چوڭ-چوڭ ۋەزىرلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەر بار ئىدى. ئۇمايياد خەلىپىلىكلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە [7]، ئاندىن ئەرەب تىلى رەسمىي ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ بېكىتىلدى. ئۆزلىرى ئۈچۈن ئايرىم پۇلمۇ چىقاردى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن رىملىقلارنىڭ پۇلىنى، ۋە پارسلارنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىۋەرگەن ئىدى. دىنغا بېرىپ تاقالمىغاندا، مۇسۇلمانلار رىملىقلارنىڭ بىر قىسىم ئىش بېجىرىش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ قوللىنىۋەرگەن ئىدى. يېڭىلىققا ئىنتىلىش دېگەن مانا شۇ. زامانىۋىلىققا قۇچاق ئېچىش دېگەن مانا شۇ. مۇسۇلمانلار ئەڭ دەسلىپىدە قەغەزنى كۆرگەندە، ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قەغەز مۇسۇلمان دۇنياسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن 1000 يىل ئۆتكەندە مۇسۇلمانلارغا باسما خەت ياكى مەتبەئە يېتىپ كەلسە، «ياق، ياق، بۇ مۇسۇلمانلار ئىجات قىلغان نەرسە ئەمەس، شۇڭا چوقۇم ئۇنىڭدا مەسىلە بار، ئۇ چوقۇم ھارام»، دەپ، ئىشىكنى تاقىۋالدى. مانا شۇ چاغدىكى روھىي ھالەت ياكى خاراكتېرنىڭ زىيىنىنى مۇسۇلمانلار تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە تارتىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلارچۇ؟ بىر قىسىم ئۇيغۇرلارغا نېمە بولدى؟ نېمىشقا ئۇلار ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قەغەز پۇل ھارام بولۇپ قالدى؟

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ھازىر ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ياخشىلىققا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىمۇ بارغانسېرى يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالايدىغان تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. لېكىن، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھازىرمۇ ئىككى قۇتۇپ مەۋجۇت. ئۇنىڭ بىرى، دىنىي جەھەتتە بىر تەرەپلىمە قاراشقا ئىگە، يېڭىلىقنى قەتئىي قوبۇل قىلالمايدىغان، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىدىغان، «بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىسلامنى قانداق ئېلىپ بارغان بولسا، ئىسلام دېگەن ئەنە شۇ» دەپ قارايدىغان كىشىلەر. بۇنداق ئادەملەرنى بىز ھەممىمىز بىلىمىز. مۇشۇنداق پەتىۋالارنى بىز ھەممىمىز بىلىمىز. شىمالىي ئامېرىكىدا ھازىرغىچە ئاياللارنىڭ مەسچىتلەرگە كىرىپ، ناماز ئوقۇشىنى چەكلىگەن مەسچىتلەر بار. سەۋەبى قەدىمكى ئىسلامدا ئاياللار مەسچىتكە كىرمىگەن. شىمالىي ئامېرىكىدا ھازىرمۇ خۇتبە (Khutbah) نامىزىنى ناھايىتىمۇ بۇزۇق، ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى چۈشەنمەيدىغان ئەرەب تىلىدا ئوقۇيدىغان مەسچىتلەر بار. ئۇنىڭ سەۋەبى بىر قىسىم كىشىلەر «بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىز نامازنى ئاشۇنداق ئوقۇغان، شۇڭا بىزمۇ شۇنداق ئوقۇيمىز، نامازنى ھېچ كىم چۈشەنمىسىمۇ مەيلى»، دەپ قارايدۇ. ھەمدە ئەرەبچە قۇرئاننى قولغا ئېلىپ، بىر باشتىن ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇنى ھېچ كىمنىڭ چۈشەنمىگەنلىكى بىلەن كارى يوق. مىكروفون يېڭى كەشپ قىلىنغاندا، دىنىي ئۆلىمالار پەتىۋا چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتتە مىكروفون ئىشلىتىشىنى چەكلىدى. رادىئو بىلەن تېلېۋىزور چىققاندىمۇ مۇسۇلمانلار «بىز ئۇنى ئىشلەتمەيمىز. ئۇلار دېگەن رەزىل نەرسىلەر. ئۇلار دېگەن ھارام نەرسىلەر» دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمما سىز دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تاقابىل

تۇرالمايسىز. شۇڭا ئۇلارنى قوبۇل قىلماي ئىلاجىڭىز يوق. قىسقىسى، بۇ قۇتۇپتىكى كىشىلەر «ئىسلامنى ئاتا-بوۋىمىز قانداق ئېلىپ ماڭغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق ئېلىپ ماڭىمىز. ھېچ نېمىنى ئۆزگەرتمەيمىز. ھەقىقىي ئىسلام دېگەن ئەنە شۇ»، دەپ قارايدۇ.

بىزدە يەنە بىر قۇتۇپمۇ بار. ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئىلغار ئىدىيىلىك كىشىلەر» دەپ قارايدۇ. ئۇلارچە بولسا بۇرۇنقى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يوق قىلىنىۋېتىلىشى كېرەك. جەمئىيەتتە نېمە ئەڭ تارالغان بولسا، ئىسلاممۇ شۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

بۇرۇنقىدەكلا، ھەقىقەت مۇشۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق بىر يەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقىقەتنىمۇ ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىن بولغان بىر ساھە. بۇ يەردىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش، ھەم دىنىي زىيالىيلىقنى (religious scholarship)، ھەم يېڭى ئىدىيىگە قۇچاق ئاچىدىغان كاللىنى تەلەپ قىلىدۇ. رېئاللىقتا قاراپ باقىدىغان بولساق، نۇرغۇن دىنىي زىيالىيلار يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش روھىغا ئىگە ئەمەس. نۇرغۇن ئىلغار پىكىردىكىلەر بولسا دىنىي زىيالىيلىقتا ئىگە ئەمەس، ياكى يېتەرلىك سەۋىيىدىكى ئىسلامىلىقتا ئىگە ئەمەس. نۇرغۇن دىنىي زىيالىيلار ئىسلاھاتچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. نۇرغۇن ئىسلاھاتچىلار بولسا، دىنىي زىيالىيلارنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئىككى گۇرۇپپا كىشىلەر ئارىسىدىكى كۈچلۈك دەرىجىدىكى سۈركىلىش ۋە توقۇنۇش مەۋجۇت.

بۇرۇنقىدەكلا، بىزگە كېرەكلىكى مۇشۇ 2 خىل كىشىلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن 3-خىل كىشىلەردۇر. يەنى، ئىسلامدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە يېڭى ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلالايدىغان، قەلبىنىڭ ئىشىكىنى ئوچۇق تۇتىدىغان دىنىي زىيالىيلار يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئەنە ئاشۇنداق كىشىلەر ئىسلامدىكى قايسى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتسە بولىدىغانلىقىنى، قايسى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتسە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بېرىشى كېرەك. چېگرىنى ئەنە ئاشۇنداق كىشىلەر سىزىپ بېرىشى كېرەك. ھازىر بەزى كىشىلەر «ئەينى ۋاقىتتا دىنىي زىيالىيلار نېمە ئۈچۈن باسما خەتنى چەكلىگەن بولغىيتتى؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە قەھۋە، رادىئو ۋە تېلېۋىزور قاتارلىق نەرسىلەر يېڭى چىققاندا، دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىلىغان، يۈزلىگەن پەتىۋالارنى چىقىرىپ، ئۇلارنى چەكلىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەھۋەنىڭ ھېكايىسى ئەڭ قىزىق بولۇپ، مەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئايرىم تونۇشتۇرۇشۇم مۇمكىن.

ياسىر قازى مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاۋاتقىلى نەچچە يىل بولۇپتۇ: مۇسۇلمانلار خۇتبىنى يالغۇز يەرلىك تىلدا ئوقۇپلا قالماي، يالغۇز مىكروفون ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە مەسچىتنىڭ ئىچىدە چوڭ ئېكرانلارنىمۇ ئىشلىتىپ، مىكروسوفت شىركىتىنىڭ PowerPoint يۇمشاق دېتالىنى ئىشلىتىپ، خۇتبە نامىزىنى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئاشۇ چوڭ ئېكراندا كۆرسىتىپ تۇرۇش. خۇتبە ئوقۇشتىن مەقسەت ئۇنىڭ مەزمۇنىغا دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بىلىۋېلىش. ئاشۇنداق ئۇچۇرلارنى ئىگىلىۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى كۆرۈش قابىلىيىتىگە تايىنىشتىن ئىبارەت. كۆز بىلەن كۆرۈپ ئۆگەنگەندە ياخشىراق ۋە كۆپرەك ئۆگەنگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ نېمىسى خاتا؟ مەسچىتتە چوڭ ئېكرانلارنى ئىشلىتىشنىڭ نېمىسى خاتا؟ ئەينى ۋاقىتتا، باسما خەت پەيدا بولغاندا كىشىلەر «ھازىر باسما خەتكە يول قويساق، كېيىن نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟» دەپ ئەنسىرەپ، مەتبەئەنى چەكلىگەن ئىدى. ئەگەر بىز ھازىرلا چوڭ ئېكراننى يولغا قويساق، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا قارشى چىقىشى مۇمكىن. بەزىلىرى «ھازىر ناماز تېكىستلىرىنى ئېكراندا كۆرسەك، كېيىن ئىمامنىمۇ ئېكراندىلا كۆرۈپ، خۇتبىنى يېتەكلەيدىغان ئىمام يوقلا خۇتبە ئوقۇيمىزمۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇ

ئىشلارنى قىلىشتا چوقۇم دىنىي زىيالىيلار باشلامچى بولۇشى، بۇنداق ئىشلار چوقۇم شۇلارنىڭ قوللىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدتا چىقىرىلىشى كېرەك.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ياسىر قازى ئامېرىكىنىڭ مېمفىس شەھىرىدىكى يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئىسلام مەركىزىگە ئاشۇنداق چوڭ ئېكرانلارنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ياسىر قازى خۇددى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدە مىنىستىر بولۇپ ئىشلىگەن ئىبراھىم پاشاغا ئوخشاش، بۇ قېتىم مېمفىس ئىسلام مەركىزىنىڭ دىرېكتورلار گۇرۇپپىسىغا مەسچىتتە چوڭ ئېكران ئىشلىتىش ھەققىدىكى ئىلتىماسنى ئۆزى يازدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: بۇنداق ئۆزگىرىشنى چوقۇم بىر ئادەم باشلىشى كېرەك. ئەگەر بىز باشلىمىساق باشقا بىرى چوقۇم باشلايدۇ. ئەگەر باشقا بىرى بۇ ئىشنى دىنىي زىيالىيلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەس، ئۇنى ئۆز ئالدىغا قىلىدىغان بولسا، يەنە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئىشلىرى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ئىسلامنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا دىنىي زىيالىيلار يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. مەن ھەر بىر ئادەمنىڭ دىن ۋە يېڭى دۇنياغا قەلب ئىشىكىنى ئېچىۋېتىشىنى، دىنىي ئۆلىمالار بىلەن ئىلغارلاردىن ئىبارەت ئىككى سىنىپنىڭ ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چەكلىمە ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇق چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز شۇنى چوقۇم بىلىشىمىز كېرەككى، ئاللاھ بۇ ئۇلۇغ دىننى چۈشۈرگەندە، ئۇنى ھەممە زامان، ھەممە ماكان، ۋە ھەممە ئورۇنلارغا ماس كېلىدىغان قىلىپ چۈشۈرگەن. ئاللاھ دىندا بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويىغان. ئەگەر ئاللاھ ئاشۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە يول قويمىغان بولسا، ئىسلامنىڭ ئالىياسكا (ئامېرىكىنىڭ كانادادىكى تۇتىشىدىغان بىر شتاتى) دىن جۇڭگوغىچە، ئۇ يەردىن يەنە ئاۋۇستىرالىيىگىچە تارقىلىپ بارالىشى قەتئىي مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. بىز ھازىر دۇچ كەلگەن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلارغا دىننىڭ قايسى قىسمىنى ئۆزگەرتسە بولىدىغانلىقى، قايسى قىسمىنى ئۆزگەرتسە بولمايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ بىر ناھايىتى سەزگۈر مەسىلە. زور بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئىسلامدىكى ئۆزگىرىش ھەققىدە سۆز بولسىلا ناھايىتى راھەتسىزلىنىپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بولسا دىننىڭ ھەممە ساھەسىدە ئۆزگىرىش بولۇشنى ئىستەيدۇ. ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىنى ساقلاپ قېلىشنى خالىمايدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان بىر ئوتتۇرا سىزىق بار. ھازىر مەن ئاشۇ سىزىقنىڭ قايەرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن.

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى مەن ئاساسەن ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىن ئەينەن ئالدىم [1].

## 4. دوكتور ياسىر قازى ھەققىدە

مەن ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى بىر قانچە ماقالىلىرىدە يەنە ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىلىرىنى تونۇشتۇرىمەن. شۇڭا مەن ياسىر قازى توغرۇلۇق مۇشۇ يەردە بىر ئاز چۈشەنچە بېرىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ياسىر قازى [8] (Abu ammaar yasir qadhi) نىڭ ئاتا-ئانىسى ئامېرىكىغا پاكىستاندىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ياسىر ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتىدا تۇغۇلغان. ئۇ بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى سەئۇدى ئەرەبىستانغا كۆچۈپ كەتكەن. ياسىر تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە شۇ يەردە ئوقۇغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتى بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقداشلىرىدىن ئىككى يىل بالدۇر پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ،

تېكساستىكى هيۇستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە باكالاۋۇر ئۇنۋانى ئالغان، ھەمدە ئامېرىكىنىڭ «دوۋ خىمىيىسى» شىركىتى (Dow Chemicals) دە بىر مەزگىل ئىشلىگەن. 1996-يىلى ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانغا قايتىپ بېرىپ ئوقۇپ، مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەدىس ۋە ئىسلام ئىلمى فاكۇلتېتىدا ئەرەب تىلىنىڭ يەنە بىر باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. ھەمدە ئاشۇ مەكتەپنىڭ داۋا فاكۇلتېتىدا ئىسلام تېئولوگىيە كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. 2005-يىلى ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەن، ھەمدە يالى ئۇنىۋېرسىتېتى (Yale University) نىڭ ئىسلام تەتقىقاتى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئەنگلىيە «دەۋر ئالىي مائارىپى» ژۇرنىلى تىزىپ چىققان، 2014-2013-يىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان 50 ئالىي مەكتەپ تىزىملىكىدە، يالى ئۇنىۋېرسىتېتى 11-ئورۇندا ئىكەن (بۇ تىزىملىكتە بىزنىڭ باش ئىدارىمىز بولغان كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى 1-ئورۇندا بولۇپ، ئۇ 2011-يىلدىن باشلانغان 3 ئوقۇش يىلىنىڭ ھەممىسىدە بىرىنچىلىكنى ئېلىپتۇ) [12]. يەنى، ياسىر ئامېرىكىغا جايلاشقان دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئىسلام تەتقىقاتى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ ھازىر نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردە لىدېرلىق ۋە تەتقىقاتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ بىرى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىلىكى ئىكەن. ئۇ ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە نۇرغۇن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېرىپ، ئىسلام ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ لېكسىيىسىنىڭ سىن ھۆججىتى يۇتيۇب (YouTube) تا كەڭ تۈردە تارقىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

ياسىر قازى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەرەب ۋە غەرب دۆلەتلىرىدە ئىسلام كەسپى بويىچە يەنە 20 يىل ئوقۇغان بىردىن-بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ بۇ جەھەتتە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى 16 يېشىدا پۈتتۈرگەن بولۇپ، شۇ چاغدىن باشلاپ خۇتبە بېرىشنى باشلىغان. يېقىندا ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا داڭلىق «نيۇ يورك دەۋر گېزىتى» ئۇنىڭغا «دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك مۇسۇلمان باياناتچىلارنىڭ بىرى» دەپ نام بەردى.

ياسىر قازىنىڭ ئاشۇنداق ئوقۇش تارىخى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەرب ئىدىيىسى بىلەن شەرق ئىدىيىسىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر يېڭى ئىدىيە بىلەن پروگراممىلاپ، ئۇنى بىر ئالاھىدە دىنىي زىيالىي قىلىپ يېتىلدۈرگەن. مەن بۇرۇن «ئويلاشنىڭ 6 قالپىقى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يازغان ئىدىم. غەربلىكلەر بىر ئادەملەرنىڭ ئوخشىمىغان روللارنى ئېلىشنى «ھەر خىل قالپاقلارنى كىيىش» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا تونۇشتۇرىدىغان ياسىر قازى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە، سوئال سورىغان مۇسۇلمان قىزمۇ «قالپاق» سۆزىنى كۆپ يەردە ئىشلەتتى. ئەگەر ئاشۇ ئۇقۇم بويىچە قارىساق، ياسىر قازى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن مۇھىتلارغا ماسلىشالايدۇ. بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن قالپاقلارنى كىيەلەيدۇ. ئۇ ھازىرغىچە كىيىپ باققان ۋە ھازىرمۇ كىيىۋاتقان قالپاقلىرىنىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: دىنىي زىيالىي، خەلقئارالىق باياناتچى ۋە نۇتۇقچى، پروفېسسور، دىنىي تەلىم بەرگۈچى، ئاكادېمىك، شەيخ، ئىمام، ئوخشىمىغان دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرگۈچى (interfaith)، دۆلەتلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە لېكسىيە بەرگۈچى.

ياسىر قازى ھازىر ئامېرىكىنىڭ مېمفىس شەھىرىدىكى رودس ئىنستىتۇتى (Rhode Colleges) نىڭ ياردەمچى پروفېسسورى. ئۇ يەنە ئاشۇ مېمفىس شەھىرىگە جايلاشقان ئەلمەغرىب ئىنستىتۇتى

(Almaghrib Institute) نىڭ ئوقۇتقۇچىلار ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، ۋە شۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئەلمەغرىب ئىنستىتۇتىنىڭ ئامېرىكىدىكى 21 چوڭ شەھەرلەردە شۆبىسى بار بولۇپ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىسلام تەتقىقاتى كەسپى بار ئەڭ چوڭ ئالىي مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىدىن باشقا، بۇ مەكتەپنىڭ ئاۋستىرالىيە، ئەنگلىيە، كانادا، ۋە ھىندىستان قاتارلىق باشقا 9 ئەللەردىمۇ شۆبە مەكتىپى بار ئىكەن [10].

ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر شەرقتە ئوقۇغان دىنىي زاتلارنىڭ غەربكە ماس كەلمەسلىكى، غەربتە ئوقۇغان دىنىي زاتلارنىڭ بولسا شەرققە ماس كەلمەسلىكىدەك بىر ئېغىر ئەھۋال مەۋجۇت. ھەر خىل تارىخىي ۋە زامانىۋى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار بولسا ھازىر ئاساسەن دىنىي زىيالىيلىرى يوق بىر خىل ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەر ئىككىسىدە تەڭ تەربىيە كۆرگەن ئادەم توغرۇلۇق گەپ ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا كەلگۈسىدە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلىپ، مىللەت ئىچىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇشنى ئىستەيدىغان ئۇكا ۋە سىڭىللاردىن بەزىلىرىنىڭ ياسىر قازىنىڭ ئىزىنى بېسىشنى ئويلىشىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ياسىر قازى ھازىر شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەر ئىككىسىدە تەڭ ئوقۇماي، پەقەت ئامېرىكىدىلا ئوقۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىدەك ئادەم بولالايدىغان كىشلەرنى تەربىيلەيدىغان بىر ئالىي مەكتەپ قۇرۇشنى پىلانلاۋېتىپتۇ. ئەگەر ئاشۇنداق مەكتەپ قۇرۇلۇپ قالسا، چوقۇم بىر قانچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن. خۇدايىم بۇيرۇسا مەن ياسىر قازى قۇرماقچى بولغان ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئىشىغا داۋاملىق دىققەت قىلىپ تۇرىمەن. ھازىر شەرقتىكى مۇسۇلمان ئەللىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلار خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىكەن. مېنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان تەكلىپىم، ئەگەر ئىمكانىيىتىڭىز بولسا، ھازىرقى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، غەربتىمۇ بىرەر باكالاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىشنىمۇ ئويلىشىپ بېقىڭ. ئەگەر ئاشۇنداق قىلسىڭىز، سىز شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەر ئىككىسىگە ماس كېلىدىغان، ھەمدە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان بىر ھەقىقىي دىنىي زىيالىي بولۇپ يېتىشىپ چىقالايسىز.

## 5. دوكتور ياسىر بىلەن سۆھبەت

يېقىندا ئەنگلىيەنىڭ بىر مۇسۇلمان تېلېۋىزور قانىلى ياسىر قازى بىلەن بىر تېلېۋىزور سۆھبىتى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، بۇ سۆھبەتنىڭ فىلمى 2014-يىلى 17-يانۋار كۈنى تورلارغا قويۇلدى. مەن ماقالىنىڭ مەزكۇر قىسمىدا، ئاشۇ سۆھبەتتىكى مۇشۇ ماقالىنىڭ تېمىسىغا ماس كېلىدىغان قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.




5 ـ رەسىم: ئەنگلىيە تېلېۋىزورى ياسىر قازى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت مەيدانىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

**سوئال: سىز يۇقىرىدا كونسېرۋاتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئىلغار پىكىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەلپىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان بىر سىزىق بار دېدىڭىز. ئۇ سىزىقنى تېپىش نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟**

جاۋاب: ئۇ سىزىقنى تېپىش نېمىنىڭ ئىسلامدىكى تۈپ پرىنسىپ ۋە قانۇنلار ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ بولسا ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئايرىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۈپ پرىنسىپ بىلەن قانۇنلار ئۆزگەرتىلسە بولمايدۇ. ئەمما دىنىنىڭ قالغان تەرەپلىرى زامانىۋىلىققا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا ئۆزگەرتىلسە بولىدۇ. مەسىلەن، ھازىر قاراپ باقىدىغان بولساق، سىز بىر مۇسۇلمان ئايال مەندىن ئىبارەت بىر مۇسۇلمان ئەر بىلەن بىر مەملىكەتلىك تېلېۋىزوردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتىسىز. بۇنداق ئىش بۇنىڭدىن 100 يۇرۇنقى ۋاقىتلاردا زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى تېلېۋىزورلاردا ئاياللارمۇ سۆزلەيدۇ. مانا مۇسۇلمان ئاياللارمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ ھېچ يېرى خاتا ئەمەس. بۇ دۇنياغا ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئۆلۈغ دىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

**سوئال: سىزنىڭ ئوقۇش تارىخىڭىز ناھايىتىمۇ باشقىچە. شۇڭا سىز ئاشۇنداق ئوقۇپ توپلىغان بىلىملەرنى ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىغا يەتكۈزۈشنى ئۆزىڭىزنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارامسىز؟**

جاۋاب: شۇنداق. مەن ئۇنى يالغۇز مېنىڭ ئۈستۈمگىلا يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت دەپ قارايمەن. بۇنىڭ سەۋەبى غەربنىڭ ئىلىم ـ پەنلىرىنى ئۆگەنگەن ئۆلىمالار ئاساسەن يوق. غەربتە ئىسلام تەتقىقاتى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىملىرىدىن ئاساسەن خەۋەرسىز. غەربتىكى ئىسلام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پروفېسسورلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئانچە سادىق ئەمەس. مەن بىر ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ناھايىتى سادىق بولۇپ تۇرۇپ، يەنە ئىسلام تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ماڭالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، شەيخ ۋە ئۆلىمالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەنلىرىنى ئۆگىنىپ باقمىغان. شۇڭلاشقا ئۇلار ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر بىلەن ھەپىلىشەلمەيدۇ. مەسىلەن، تېخى ئالدىنقى ھەپتە بىر 20 نەچچە ياشلاردىكى ياش ئوقۇغۇچى ماڭا ناھايىتى ئۇزۇن خەتتىن بىرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى گۇمانلىرىنى بايان قىلىپتۇ. بۇ ئىسلام تېئولوگىيىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. مېنىڭ ئىسلام تېئولوگىيىسى كەسپى

بويىچە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانىم بار. شەرقتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان تېئولوگىيە ئىلمى بۇ ياش بالا سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، مەدىنە، ئەزھەر قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دىنىسىزلىق دېگەنگە ئوخشاش تېمىلار ئۈستىدە دەرس بېرىشكە سالاھىيىتى توشمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەرسلىرىدە سۆزلىنىدىغىنى بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇن، ياكى بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن، ئىسلامدا تالاش-تارتىش قىلىنغان مەسىلىلەر. ماۋۇ گۇرۇپپا مۇنداق دېگەن، ئاۋۇ گۇرۇپپا ئۇنداق دېگەن، دېگەندەك مەزمۇنلار. مەن بۇ مەزمۇنلارنى پۈتۈنلەي قىممىتى يوق بىر نەرسىگە چىقارماقچى ئەمەسمەن. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە چۇشلۇق ئورنى، ئۆزلىرىگە چۇشلۇق قىممىتى بار. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئامېرىكىدا، ئەنگلىيىدە، كانادادا، ياكى ئاۋستىرالىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇقىرىقىدەك بىر بالا بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ باققان ئوخشىمىغان گۇرۇپپىلارغا ئازراقمۇ قىزىقمايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈل بولىدىغىنى، «ماڭا ھازىر بىئولوگىيە دەرسىدە دارۋىنىزملىقنى ئۆتتۈۋاتىدۇ. بىئولوگىيە دەرسى بىزنى بۇرۇنقى ھاياتلىقلارنىڭ شەكلىدىن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگەن، دەيدۇ. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟» دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر. تەدرىجىي تەرەققىيات ئىلمى باشقا ھەممە پەنلەرگە ئوخشاش بىر ناھايىتى مۇكەممەل پەن. ئەمما، قۇرئاندا «ئادەم بىلەن ھەۋۋا (Eve) جەننەتتىن چۈشكەن» دېيىلىدۇ. شۇڭا ھېلىقى ياش بالا ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى گەپنىڭ قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىنى ئۆگىنىپ باقمىغان بىر دىنىي زات ئۇچۇن بۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرىش بىر ئاسان ئىش ئەمەس. شەخسەن مەن ئۆزۈم دارۋىنىزم ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىنمۇ جىق كۆپ بولغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**سوئال: سىز مۇشۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە، بېشىڭىزغا ھەر خىل قالپاقلارنىڭ ئېچىدىكى بىرىنى كىيىشكە مەجبۇرى بولامسىز؟**

**جاۋاب: ئەلۋەتتە. يۇقىرىقىدەك خەتكە جاۋاب بېرىش مەندىن ئۆزۈمدە بار بولغان قالپاقلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭ كىيىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەندىن ئۆزۈم بىلىدىغان ھەممە نەرسىلەردىن پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھېلىقى ياش بالا دۇچ كەلگەن مەسىلە ئىمان بىلەن ئاللاھقا ئىشەنمەسلىك (kufr) مەسىلىسىدۇر. شۇڭا ئۇ بۇ مەسىلىنى ئۆزى ھەل قىلالماي، باشقىلاردىن ياردەم سوراش مەقسىتىدە ماڭا خەت يازغان گەپ. ئەگەر بۇ بالىنىڭ چىن كۆڭلىدە دىندىن ئايرىلماسلىق مەقسىتى بولمىغان بولسا، ئۇ ماڭا ئۇنداق خەتنى يازمايتتى. مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن جاۋابتىن بىرنى يازدىم. ئۇنىڭدىن تېخى جاۋاب كەلمىدى. بۇ مېنىڭچە بىر ياخشى ئىشنىڭ بېشارىتى بولۇشى، ئۇ ھازىر ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.**

**سوئال: مۇشۇنداق خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، سىز مەلۇم دەرىجىدە بېسىم ھېس قىلامسىز؟**

**جاۋاب: مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىم بەك كۆپ بولغاچقا، ماڭا ئوخشىمىغان ئىشلاردىن ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى بېسىملار كېلىدۇ. ئۆتكەن يىلى بىر گۇرۇپپا «چاي پارتىيىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئوڭچى ئامېرىكىلىقلار ماڭا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، مېنى «جىھاد ۋە رادىكال ئىسلامنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ» دەپ قارىلاپ، مېنى ھازىر ئۆزۈم ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئالىي مەكتەپتىكى خىزمىتىمدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. ھەقىقىي رادىكال ئىسلامچىلار بولسا ماڭا**

«خائىن» دەپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. سەۋەبى مەن ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ تۇرىمەن. ھەقىقىي ئىلغار پىكىردىكى مۇسۇلمانلار مېنى «بەك كونسېرۋاتىپ بولۇپ كەتتى»، دەپ ئەيىبلەيدۇ. كونسېرۋاتىپ مۇسۇلمانلار بولسا مېنى «دىنىدىن بەك چەتنەپ كەتتى»، دەپ ئەيىبلەيدۇ. مەن بۇنداق ئەھۋالغا بەك نارازى بولۇپ كەتمەيمەن. سەۋەبى، مەن ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ ياشاش يولىنى تاللىغان بىر ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۇقىرىقىدەك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ كېلىۋاتىمەن.

## سوئال: ئاشۇنداق تەنقىدلەرگە ئۇچرىغاندا، سىز ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرىسىز؟

جاۋاب: ئەگەر مەن «تەنقىدلەر ماڭا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ» دېسەم، مەن يالغانچىلىق قىلغان بولىمەن. تەنقىدلەرنىڭ ماڭا بولغان زەربىسى چوڭ بولىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى. ئۇنداق ئەمەس، دېگۈچىلەر يالغانچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەنقىدلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ تەسىر قىلغان. شۇڭا قۇرئاندا ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ئۇلارنىڭ دېگەن گەپلىرى سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئېچىشتۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز»، دېگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاللاھ بۇنىڭغىمۇ جاۋاب بېرىپ: سەجدە قىلىشنى كۆپەيتكىن، ھەمدە ئۆلۈپ كەتكۈچە ئاللاھقا سەجدە قىلغىن، دېگەن. شۇڭا بىر ئادەم ئاشۇنداق تەنقىدلەرنىڭ زىيىنىدىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاللاھدىن ياردەم سورىشى كېرەك. مەن تۇنجى قېتىملىق خۇتبىنى 16 ياش ۋاقتىمدا بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئىسلام توغرۇلۇق دەرس ئۆتۈۋاتقان ۋە دىنىي تېلىم بېرىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىلى ھازىر 20 يىل بولدى. مۇشۇ جەرياندا مەن مۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالدىم: باشقىلارنى تەنقىدلەش دۇنيادا قىلىش ئەڭ ئاسان بولغان ئىش. ھەر قانداق ئادەم باشقىلارنى تەنقىد قىلالايدۇ. تەنقىدچى بولۇش ھېچ قانداق سالاھىيەت تەلەپ قىلمايدۇ. بىر غەلتەك ئۈستىدە ئولتۇرىدىغان مېيىپ ئادەممۇ پەقەت ئېغىزىنى ئېچىپلا باشقىلارنى تەنقىدلىيەلەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇتۇپ چىقىدىغىنى بىر ئادەمنىڭ سۈپىتى. مەن ئۆز ئۆمرۈمدە نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن ئىش شۇكى، سىز ئۆزىڭىز قىلىۋاتقان ئىشنى قىلىپ مېڭىۋەرسىڭىز، ئۆزىڭىزدىكى ئېسىل سۈپەتلەرنى نامايان قىلىپ كېتىۋەرسىڭىز، ئاخىرىدا كىشىلەر سىزگە يەنىلا قايىل بولىدۇ. ئەرەبچىدە بىر گەپ بار: «ئىتنىڭ قاۋىشى بۆلۈتنىڭ مېڭىشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ». شۇڭا مەن تەنقىدلەرنى ئۆزۈم ياشايدىغان مۇھىتنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايمەن. ئەگەر سىز سەمىمىي بولسىڭىز، ھەقنى سۆزلىسىڭىز، كىشىلەر ئەڭ ئاخىرىدا سىزنى توغرا چۈشىنىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى سىز قىلغان ئىشتىن ئاللاھ خوش ۋە رازى بولىدۇ. مەن ئاللاھدىن داۋاملىق ماڭا سەمىمىيلىك ۋە كەمتەرلىك ئاتا قىلىشىنى، مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى تىلەپ تۇرىمەن.

## سوئال: ئىسلامنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىسى، تۇرمۇش ئادىتى، ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيىتىگە بىر كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشنى ئىستەمسىز؟

جاۋاب: مەن غەربتىمۇ ياشاپ باققان، ھەم شەرقتىمۇ ياشاپ باققان بولغاچقا، ئۆزۈمنى جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن تارماقلىرى بىلەن باغلىيالايمەن. مەن 80- ۋە 90-يىللىرى تازا ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە، ئۆزۈم ھۆرمەت قىلغۇدەك، ئۆزۈم قايىل بولغۇدەك دىنىي زىيالىيلارنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىسلام دۇنياسىدا ئاشۇنداق بىر بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. شەرقتە يېتىلگەن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ غەربكە زادىلا ماسلاشمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالدىم. مېنىڭ ئالدىمغا نۇرغۇن ياشلار

**نۇرغۇنلىغان، بىر-بىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان سوئاللار بىلەن كەلدى. مەسىلەن، ماڭا كېلىپ، «مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن ئوخشاش جىنسىدىكى ياشقا كۆڭلۈم چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟» دەپ سورىغانلارمۇ بار. سىزچە مۇشۇ ياش بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بىرەرسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇشۇنداق دېيەلەمدۇ؟ ئۇنداق دەيدىغان بولسا، ئۇلار «ئەستاغپۇرۇللا! ئاللاھدىن قورق!» دەپلا ئۇ ياشنى ئەيىبلەپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇلار مېنىڭ مەندىن ئەقىل ئىشلىتىپ تۇرۇپ سورىغان سوئاللارغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىمنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ. سىز بىر دىنى ئېتىقادى بار ياشقا «ئاللاھدىن قورق! ئۇنداق، مۇنداق» دېيىشىڭىز بولىدۇ. ئەمما بەزى ياشلاردا ئېتىقاد تېخى رەسمي شەكىللىنىپ بولالمىغان بولۇپ، ئۇلار تېخى ئىمان ئېيتىش ياكى ئېيتماسلىقنىڭ چېگراسىدا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز ئۇلارغا بىر مۇكەممەل ئىلمي ئاساسقا ئىگە، ھەم مۇكەممەل روھي ياكى دىنى ئاساسقا ئىگە بولغان چۈشەنچە ۋە تەلىملەرنى بېرىشىڭىز كېرەك. مېنىڭ ئالدىمغا ئاشۇنداق ياشلار كەلگەندە، مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن، ھەمدە ئۇلارغا ئۆزلىرىگە لايىق ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن. ھەرگىزمۇ «سەن قانداقمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلدىڭ؟ سەن قانداقمۇ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلدىڭ؟» دەپ ئۇلارنى بىراقلا رەت قىلىۋەتمەيمەن. شۇڭا ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ. مەن ئۇلار بىلەن ئىنتېرنېتتا پاراڭلىشىش ئارقىلىق، ھازىر تېخىمۇ كۆپ ياشلارنىڭ ئىسلامنى رەسمي كەسىپ، رەسمي ئاكادېمىك سۈپىتىدە ئۆگىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مەن ئۆزۈم يالغۇز يېتىشىپ بولالمايمەن. شۇڭا مەن كۆپلىگەن ئىنى-سىڭىللارنىڭ، بولۇپمۇ سىڭىللارنىڭ دىنىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنى دىنىي بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، مۇسۇلمان قىزلار ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. «بىلىم كۈچ دېمەكتۇر». بۇ سۆز ھەقىقەتەنمۇ توغرا. ئەگەر سىزدە بىلىم بولىدىكەن، سىزدە كۈچ-قۇدرەت بولىدۇ. سىزدە ئىشەنچ بولىدۇ. سىزدە باشقىلار بىلەن ئىلمي نەزەرىيىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مۇنازىرىلىشىدىغان ئىقتىدار بار بولىدۇ. مانا بۇ ھەممە بىلىملەرنىڭ ئاساسى. ياشلارغا ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان دىنىي بىلىملەرنى بېرىش مېنىڭ ھازىرقى نىشانىم. مەن ھازىر ئاشۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن.**

**سوئال: سىز ھازىر ئەلمەغرىب ئىنستىتۇتىدا ياش ئوقۇغۇچىلارغا دىنى دەرسلەرنى بېرىۋاتىسىز. سىز ئاشۇ ئىش بىلەن ئۆز مەقسىتىڭىزگە يېتەلەمسىز؟**

**جاۋاب: مەن ھازىر بىزگە ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە، كلاسسىك ئەنئەنىنى زامانىۋى ئۆرۈپ-ئادەتكە ئايلاندۇرىدىغان، بارلىق ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ ۋە قايتىدىن قاچىلاپ چىقىپ، بىر 19 ياشلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاغزىغا تېتىيدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرەلەيدىغان ئاكادېمىيە ياكى ئالىي مەكتەپلەر، دەپ قارايمەن. ھازىرغىچە بىزنىڭ كلاسسىك ئەنئەنىمىز بىلەن ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىنىڭ روھي ھالىتى ئوتتۇرىسىدا زور پەرق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن ھازىر بىزدە ئىككى قۇتۇپ شەكىللىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بىرى ئىلغار ئىدىيىلىك مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار ھەممە نەرسىنى ھالال ھېسابلايدۇ. يەنە بىرى بولسا ھەددىدىن تاشقىرى كونسېرۋاتىپ بولۇپ، ھەممە ئىشلارغا بىر ئىنتايىن تار نەزەر دائىرە بىلەن قارايدۇ. شۇڭا بىزگە ھازىر لازىم بولغىنى مۇشۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق توغرا كېلىدىغان نەرسە. مەن ئۆزۈم ئەنئەنىگە ناھايىتى سادىق بولۇپ، ئاشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ قارىغاندا، مەن ئۆزۈمنى بىر**

كونسېرۋاتىپ، دەپ ھېسابلايمەن. ئەمما، مېنىڭ كىيىنىشىم، ئىش قىلىش ئۇسۇلۇم، ۋە گەپ-سۆزلىرىم بىر كونسېرۋاتىپقا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، كونسېرۋاتىپلىق نەزەر دائىرىسى تار بولۇش، دېگەننى كۆرسەتمەيدۇ. كونسېرۋاتىپلىق دېگىنىمىز ئەنئەنىمىزگە ۋە ھاياتىمىزغا سادىق بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى مەسىلىلەرنى ۋە مۇرەككەپلىكلەرنى چۈشىنىپ، ئۇلارنى ئاكتىپلىق ۋە رېئالىستىك ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش دېگەننى كۆرسىتىدۇ. مەن بىزنىڭ دىنىمىز رېئالىستىك ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان (pragmatic) دىن، دەپ ئويلايمەن. بىزنىڭ دىن بىر نەزەرىيىۋى فانتازىيە دىنى ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىسلامنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇش مەن ئۈچۈن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ئويلىغىنىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان دەرىجىدىكى بىر رېئاللىق. مەن ئالماغىرىپ ئىنستىتۇتىدا تېئولوگىيە، ئەخلاق ۋە قانۇن دەرسلىرىنى ئۆتىمەن. ئىسلام قانۇنى دەرسىدە بىز قۇرئاننى قولىمىزغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى شۇ پېتىلا سۆزلىمەيمىز. بىز مەلۇم بىر ئۇقۇمنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدىكى مەزمۇنلارنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق قۇرئاندا ئەسلىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىنى سۆزلەيمىز. نۇرغۇن كىشىلەر «بىز سۈننەت بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭكى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش كىيىنىشىمىز كېرەك»، دەپ ئويلايدۇ. مەن بولسام سۈننەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز زامانىغا ماس كېلىدىغان كىيىملەرنى كىيىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ قارايمەن. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىيىم لايىھىلەش ئىنقىلابى قوزغاپ باقمىغان. ئۇ پەقەت ئۆز خەلقىنىڭكى بىلەن ئوخشاش كىيىملەرنى كىيىپ ياشىغان. كىيىمنىڭ بىرەر تۈگمىسى، بىرەر ياقىسىنى ئۆزگەرتىپ باقمىغان. شۇڭا گەرچە داڭلىق دىنى ئالىم ئىبىن قېيىۇم بىر ناھايىتى كونسېرۋاتىپ كىشى بولسىمۇ، ئۇ «مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەدەنىيىتى بويىچە كىيىنىشى كېرەك»، دەيدۇ. بۇ يەردىكى بىردىن-بىر شەرت، كىيگەن كىيىم بەدەننىڭ ئىسلامدا بەلگىلەنگەن قىسمىنى يېپىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر مەن يەكتەك (Thobe, shalwar kameez) دىن بىرنى كىيىپ، مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەر تولىپنىڭ ئالدىغا چىقىپ لېكسىيە سۆزلەيدىكەنمەن، مەن سۈننەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىمەن. سۈننەت ھەر بىر ئادەمدىن ئۆزى راھەت ھېس قىلىدىغان ھالەتتە كىيىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ھەر بىر ئادەمنىڭ كىيگەن كىيىمى شۇ ئادەم ياشاۋاتقان دەۋردىكى باشقا كىشىلەرگە بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزى ئادەملەر ماڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇ كىيگەن كىيىمگە ئوخشاش كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇلارغا دەيمەنكى، سىز ئۇ يېگەن تاماقنى يېمەيسىز. ئۇنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئۆيدە ياشىمايسىز. ئۇ كىيگەن كەشنى سىز كىيمەيسىز. نېمە ئۈچۈن پەقەت بىرلا نەرسىنى تاللاپ، شۇنى سۈننەت دەپ ئاتاپ، قالغان نەرسىلەرنى ئېتىبارغا ئالمايسىز؟ نېمىشقا ھازىرقى زامان قاتناش قوراللىرىنى ئېتىبارغا ئالمايسىز؟ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىرەر قېتىم ماشىنىدا ئولتۇرۇپ باققان ئەمەس). باشقا ھەممە نەرسىلەرنى ئېتىبارغا ئالمايسىز؟ نېمىشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېگەن يېمەكلىكلەرنى قايتا ياساپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ باقمايسىز؟ مۇھەممەد پەيغەمبەر بىرەر قېتىممۇ گۆرۈچ تامىقى يەپ باققان ئەمەس. سەۋەبى گۆرۈچ مەككىگە ساھابە دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن كىرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن قاتتىق قېتىپ كەتكەن نانلارنى يەپ يۈرگەن. سىز ھازىر ئاشۇنداق ناننى يەپ، ئۇنى سۈننەت دەپ ئاتامسىز؟ شۇڭلاشقا مېنىڭ ۋە باشقا زىيالىيلارنىڭ بىر ۋەزىپىسى، ئەنئەنىگە سادىق بولغان ھالدا ئىسلامنى ھازىرقى رېئاللىققا ئۇيغۇن قىلىشتۇر.

مۇسۇلمان زىيالىيلار ئارىسىدا ئىسلامدا نېمە ئۆزگەرسە بولىدۇ، نېمە ئۆزگەرسە بولمايدۇ، دېگەن

مەسىلىدە ئىزچىل تۈردە تالاش-تارتىش بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، ساھابە دەۋرىدە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننى پۈلگە سېتىشنى چەكلىدى. ئۇلار قۇرئاننى قول بىلەن كۆچۈرۈپ، باشقىلارغا بىكارغا بەرسەڭ بولىدۇ، ئەمما ساتساڭ بولمايدۇ، دېدى. سەۋەبى، ئۇلار مۇشۇ بويىچە قۇرئانغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكچى بولدى. دېمەك، ھۆرمەت نۇقتىسىدىن مۇشۇنداق بىر پەتۋانىڭ چىقىرىلغىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئەمما، ئۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر قۇرئاننى قول بىلەن كۆچۈرۈپ جان باقىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن قۇرئاننى باشقىلارغا بىكارغا بېرىۋېتىش رېئاللىقتا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. قۇرئاننى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىش ئۇلار ئۈچۈن بىر جان بېقىش ۋاستىسى ئىدى. شۇڭلاشقا دەسلەپدە قۇرئاننى سېتىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى پەتۋاغا ھەممە ئادەم بىردەكلا قوشۇلغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ پەتۋا پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى. دېمەك، ھەر بىر يېڭى دەۋردە، بىر قىسىم يېڭى تالاش-تارتىشلار، يېڭى سۈركىلىشلەر مەيدانغا چىقىپ تۇردى. مەسىلەن، مىكروفون توغرۇلۇق، ۋە باشقا يېڭى تېخنىكىلار توغرۇلۇق شۇنداق بولدى. شۇڭا نېمىنى ئۆزگەرتسە بولىدۇ، نېمىنى ئۆزگەرتسە بولمايدۇ، دېگەننى بەلگىلەش دىنى زىيالىيلارنىڭ ۋەزىپىسى.

**سوئال: ئۇنداقتا بۇنداق ئۆزگىرىش نەگە بېرىپ توختايدۇ؟**

جاۋاب: تېئولوگىيە ئۆزگەرسە بولمايدۇ. ئىسلام قانۇنلىرى ئۆزگەرسە بولمايدۇ. ئەمما، كەلتۈرۈپ چىقارغان (derived) قانۇنلار ئۆزگەرتىلسە بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن، قۇرئان بىلەن ھەدىستە «قۇرئاننى قول بىلەن كۆچۈرۈپ، ئۇنى ساتساڭ بولمايدۇ» دەيدىغان بىر ئايەت يوق. دەسلەپدە كىشىلەر مۇشۇنداق قىلىشنى چەكلەيدىغان پەتۋا چىقاردى. كېيىن بولسا ئۇنى بىكار قىلدى. مىكروفون مەسىلىسىدىمۇ شۇنداق بولدى. ھازىر ئامېرىكىدا يېڭى ئاي چىققان-چىقمىغانلىقنى بىلىشتە ئاسترونومىيىگە تايانسا بولامدۇ-يوق، دېگەن مەسىلىدە نۇرغۇن تالاش-تارتىشلار بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە يېرىم ئەسىر ياكى بىر ئەسىردىن كېيىن دىنى زىيالىيلار بۇ مەسىلە ئۈستىدىمۇ بىرلىككە كېلىپ، بىر قارار ئېلىشى مۇمكىن.

**سوئال: ئاشۇنداق ئىشلارغا قارىتا قارار ئېلىشتا، قانداق قەدەم-باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولىدۇ؟ ئۇنىڭ 1-قەدىمى نېمە؟**

جاۋاب: ئۇنىڭ 1-قەدىمى مەسىلىنى چۈشىنىش. بىرىنچى قەدەم ھەقىقىي مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئانالىز قىلىش. مەسىلەن، ئاسترونومىيىلىك ھېسابلاش دېگەن نېمە؟ ئۇ ھېسابلاشنى كىم ئېلىپ بارىدۇ؟ ھېسابلاش نەتىجىسىنىڭ توغرۇلۇق دەرىجىسى قانچىلىك؟ ئىككىنچى قەدەم بولسا، شەرىئەتتە نېمە دېيىلگەنلىكىگە قاراپ بېقىش. بىزنىڭ دىنىي زىيالىيلىرىمىز مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن بىر ھۆكۈم چىقىرىش ئاشۇ ئىشنى تولۇق چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەيدۇ. ئاسترونومىيە «بۈگۈن يېڭى ئاي تېخى چىقمىدى» دەپ، بىر ئادەم «مەن بۈگۈن يېڭى ئاينى كۆردۈم» دېسە، چوقۇم ئاشۇ ئادەم خاتالىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئاينى ئەمەس، باشقا بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بىر ئادەمنىڭ يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن.

**سوئال: سىزنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا قانداق پىلانىڭىز بار؟**

**جاۋاب: مېنىڭ بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىم بار. ئۇ بولسىمۇ مەن شەرق بىلەن غەربتە ئوقۇپ قولغا كەلتۈرگەن بىلىملەرنى يېڭى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش. مېنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىم شەرقنىمۇ ۋە غەربنىمۇ تەڭلا چۈشىنىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد دىنى زىيالىيلىرىنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرىدىغان بىر دىنى مەكتەپ قۇرۇش. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئەگەر دىنىمىزنى ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ماكاندا گۈللەنسۇن، دەيدىكەنمىز، بىز دىنى زىيالىيلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ماكانىدا تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز داۋاملىق تۈردە ئىمپورت قىلىنغان دىنى زىيالىيلارغا تايانساق بولمايدۇ. ئەگەر بىز دىنى زىيالىيلارنى سىرتتىن كىرگۈزسەك، ئۇلار داۋاملىق بىزگە ئېھتىياجلىق ئەمەس نەرسلەر قاچىلانغان خۇرجۇندىن بىرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىنى ئۆزىمىز تەربىيلىگەندىلا دىنىمىز بىزنىڭ زېمىنىمىزدا قايتىدىن گۈللىنىدۇ. مەن مەدىنەدىمۇ ئوقۇپ باقتىم. ئامېرىكىدىمۇ ئوقۇپ باقتىم. مەدىنە ۋە ئەزھەر قاتارلىق شەرقتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھېچ قايسىسى غەربتىكى ئىماملىقنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتمەيدۇ. ئىمامنىڭ 1-ۋەزىپىسى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە پوپ بولۇش. يەنى كىشلەر ئۇچرىغان پسىخولوگىيىلىك مەسىلە، نىكاھ مەسلىسى، ياشلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىش مەسلىسى، ۋە بىرسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغىنىغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش. شەرقتىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەتمەيدۇ. دارۋىنىزم مەسلىسىگە دۇچ كەلگەن بىر ياشنىڭ مەسلىسىمۇ شۇنداق. شەرقتىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەرگىزمۇ دارۋىنىزم مەسلىسىدە غەربلىكلەر مۇنداق دەيدۇ، بىز مۇنداق دەيمىز، بۇ مەسلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ماۋۇ ماۋۇ، دېگەن نەرسىنى ئۆگەتمەيدۇ. بىر 17 ياشلىق ياش ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن گۇمانلىنىپ، ئالدىڭىزغا كەلسە، سىز ئۇنىڭغا «بېرىپ قۇرئاننى ئوقۇ!»، دەپلا قويسىڭىز بولمايدۇ. سىزدە بۇ ياشنىڭ ئاشۇنداق گۇمانى نەدىن پەيدا بولغانلىقى، ۋە ئۇ گۇماننى قانداق يوقتىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى بىلىم بولۇشى كېرەك. مەن قۇرىدىغان ئالىي مەكتەپ بىر يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلىرىنى، بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان زىيالىيلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرىدۇ. مەن ھازىرقىدەك ھالەتكە كېلىش ئۈچۈن شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئوقۇپ، نۇرغۇن ئەگرى-توقايلىقلارنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مېنىڭ ھېلىقىدەك بىر ئالىي مەكتەپ قۇرۇشتىكى مەقسىتىم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش. مەن كۆڭلۈمگە پۈككەن مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، جەمئىيەتكە چىقىپلا، شۇ جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۆھپە قوشالايدۇ. شەرقتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بىر ياشنىڭ غەربتە يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالايدىغان بىر سەۋىيىگە يېتىشى ئۈچۈن يەنە كەم دېگەندە 10 يىلدەك ۋاقت كېتىدۇ. مېنىڭ ئارزۇيۇم كېيىنكى 10-20 يىل ئىچىدە ئاشۇنداق مەكتەپتىن بىرنى قۇرۇپ، 1-تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش. بۇ ئىشتا مەن كۆزلىگەن پەللە خېلى ئېگىز. ئەمما نىشاننى ئېگىز قىلمىسىڭىز، ئۇنىڭغا يېتەلمەيسىز. مەن ھازىر بۇ يولدا ئىشنى باشلاپ بولدۇم.**

**ياسىر قازىنىڭ جاۋابلىرىدىكى مەزكۇر تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار يۇقىرىقىدىن ئىبارەت. شۇڭا مەن ياسىر قازى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر سۆھبەتنى تونۇشتۇرۇشنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمەن. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ سۆھبەتنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىلا ئايرىپ قويدۇم.**

## 6. تەنقىد ھەققىدە

بىز يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ياسىر قازى مەزكۇر سۆھبەتتە تەنقىد ئۈستىدە ئازراق توختالدى. مەنمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈمنىڭ تەنقىد ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ۋە ئويلىغانلىرىنى قىسقىچە تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن.

مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىر پەيغەمبىرى يوق ھالەتتە ياشاپ كەلدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بولسا، ئۆزىنىڭ بىر خەلىپىسى يوق ھالەتتە ياشاپ كەلدى. بىز ئىسلام تارىخىغا قارىساقمۇ، ياكى ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىغا قارىساقمۇ، قۇرئان، ھەدىس، سۈننەتتىكى مەزمۇن ھەققىدە، شۇنداقلا ھازىرقى زامان مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىنتايىن كۆپ چۈشەنچە ئىختىلاپلىرى، ۋە پىكىر ئىختىلاپلىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. دىنىي مەسىلىلەرگە بولغان چۈشەنچە ۋە كۆز-قاراشتىكى پەرقلەر ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ ئىنتايىن ئېغىر. بۇنى بىز مەن يازغان ھەر بىر تېمىغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىنمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە ئارىمىزدا بىر مەسىلىگە نىسبەتەن ھەر خىل كۆز-قاراشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇنچىۋالا ئازابلىنارلىق ئىش ئەمەس. ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەقىل بىلەن، ھەمدە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ ياراتقان. ئوخشىمىغان ئىنسانلارغا ئوخشىمىغان يولنى تاللىسا بولىدىغان قىلىپ ياراتقان. شۇڭلاشقا چۈشەنچىنىڭ ھەر خىل بولۇشىنى، ۋە پىكىرنىڭ رەڭدار بولۇشىنى ئىنسانلارنىڭ تۇپ خۇسۇسىيىتى بەلگىلىگەن بولۇپ، بىز ئۇلاردىن خالىي بولالمايمىز. بۇنداق بىر رېئاللىققا قارىتا، مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن: ئۇنداقتا مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكىدەك پۈتۈن مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر نوپۇزلۇق پەتىۋا ياكى پەرماننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولماسمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى: بولىدۇ. ئاللاھ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاشۇنداق بىر مېخانىزىمنىمۇ يارىتىپ قويغان بولۇپ، مەن ئۇنى كېيىنچىرەك يازىدىغان بىر ماقالىدا بايان قىلىمەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، ئىنسانلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى يۈزدە-يۈز بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ دېگەنلىك، سىز قانچىلىك دەرىجىدە مۇكەممەللىككە يەتكەن بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىز ئەتراپىڭىزدىكى ھەممە ئادەمنى رازى قىلىپ بولالمايسىز. ھەممە ئادەمنى خوش قىلىپ بولالمايسىز. شۇڭلاشقا ھەممە ئادەمنى تەڭلا رازى قىلىش، ھەممە ئادەمنى تەڭلا خوش قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل نورمالسىزلىق.

مەن يۇقىرىدا ياسىر قازىنىڭ تەنقىد ھەققىدىكى كۆز-قارىشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. مەنمۇ باشلانغۇچتىن باشلاپلا ھەم ماختىلىنىش، ھەم تەنقىدلىنىش ئىچىدە ياشاپ كەلدىم. تەنقىدكە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاقلارنى توپلىدىم. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە نورمال بەس-مۇنازىرىلەرنى، ئىلمىي تەنقىدلەرنى، ۋە يوللۇق پىكىرلەرنى نورمالسىزلىقلاردىن ۋە ھۇجۇمدىن پەرقلەندۈرۈش مەسىلىسى. ئالدىنقىسى بىز ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇ بىزنىڭ چوڭقۇرلاپ تەپەككۇر قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ، بىلىمىمىزنى ئاشۇرىدۇ، ۋە بىزنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېيىنكىسىدىن ساقلانغىلىمۇ بولمايدۇ. مەن نورمالسىزلىق بىلەن ھۇجۇمغا دۇچ كەلگەندە، غەربلىكلەرنىڭ تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزلىرى بويىچە ئىش كۆرىمەن:

- ئاجىز ئادەم ھۇجۇمچىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ.
- كۈچلۈك ئادەم ھۇجۇمچىنى ئەپۇ قىلىدۇ.
- ئاقىلانە ئادەم ھۇجۇمچىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

غەربلىكلەرگە يۇقىرىدىكى ھېكمەت بەك كەلكىن سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار پارتلاپ كېتىدىغان نۇرغۇن ئىشلارغا ئۇلار قىلچىمۇ پەرۋا قىلىپ قويمايدۇ. مەن بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرۈپ بېرەي: نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر جۇڭگو دۆلەت رەھبىرى ئامېرىكىغا زىيارەتكە كەلدى. ئوباما ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ زىياپەتتە بىر جۇڭگولۇق داڭلىق سەنئەتكار پىئانىنو چېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەپسۇسكى، بۇ سەنئەتكارنىڭ ئۇ زىياپەتتە ئورۇنلىغان مۇزىكىسى 50-يىللىرى جۇڭگو شىمالىي كورېيەگە ياردەم بېرىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشنى مەزمۇن قىلغان بىر مۇزىكا بولدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشقا ئىنتايىن قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. جۇڭگو رەھبىرىنى ھەر خىل سەت گەپلەر بىلەنمۇ ھاقارەتلىدىكى. جۇڭگو تىلىدىكى گېزىتلەرگە خېلى كۆپ ماقالىلەرمۇ چىقتى. ئەمما ئامېرىكا بۇنىڭغا پۈتۈنلەي سۈكۈت قىلدى. ئۇنىڭغا ئازراقمۇ پەرۋا قىلىپ قويمىدى. بۇ مەسىلىدە خەلقئارا سەھنىدە كىمنىڭ ئىناۋىتى ئۆسۈپ، كىمنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئۆزىڭىز پەرەز قىلىۋېلىڭ.

ئەگەر سىز نوپۇز، بىلىم ۋە باشقا جەھەتلەردە ھۇجۇمچىڭىزدىن كۆپ ئۈستۈن بولسىڭىز، سىز ھۇجۇمچىڭىز بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن مۇنداق 2 قەدەمنى بېسىشقا مەجبۇرى بولىسىز: بىرىنچىسى، ئېگىزدىن پەسكە چۈشىسىز، يەنى ھۇجۇمچىڭىز تۇرغان يەرگە چۈشىسىز. ئىككىنچىسى، ھۇجۇمچى بىلەن ئېلىشىسىز. سىزنىڭ ئېگىزدىن پەسكە چۈشكىنىڭىزنىڭ ئۆزىلا سىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق يېڭىلىش بولىدۇ. چۈنكى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئورنى، دەرىجىسى ۋە ئابرۇيىنى قۇربان قىلدىڭىز. ئۆزىڭىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىلىم سەۋىيىسى، ئورنى ۋە ئابرۇيى جەھەتتە سىزدىن جىق تۆۋەن تۇرىدىغان، سەممىيەتلىكى يوق، ئادالەتلىك بىلەن كارى يوق، ياكى كۆڭلىگە بىر غەيرىي مەقسەتنى پۈككەن كىشى بىلەن مۇنازىرىلىشىش خۇددى بىر چوشقا بىلەن چېلىشىشقا ئوخشاش ئىش (مەن ئادەتتە بۇنداق قوپال ياكى سەت گەپلەرنى ئىشلىتىشتىن ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي تارتاتتىم. ئەمما مەن ئۈچۈن بۇ يەردىكى ئىشنى ئەڭ ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىدىغىنى مۇشۇ «چوشقا» دېگەن سۆز بولغاچقا، مەن ئۇنى ئىشلىتىپ سالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەردىن ئالدىن ئالا ئەپۇ سورايمەن). چوشقا سىزنى بېسىۋالسا، سىز پاتقاقتا مۆلۈنىسىز. سىز چوشقىنى بېسىۋالسىڭىز، سىز ئوخشاشلا پاتقاقتا مۆلۈنىسىز. شۇڭا كىم ئۇتىدۇ؟

بۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار بار. ئەگەر بىرى سىزگە توردا قارا چاپلاپ، يۈز-ئابرويىڭىزنى سىز ئۆزىڭىز چىداپ تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە تۆكۈۋەتكەن بولسا، سىزنى تونۇيدىغانلار توردا سىزگە چاپلانغان تۆھمەتكە ئىشەنمەيدۇ. سىزنى تونۇمايدىغانلار سىزگە چاپلانغان تۆھمەتكە ئىشىنەمدۇ-يوق، ئۇ سىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ھازىرقى ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ بايقىشىچە، بۇنداق قارا چاپلاش جەريانى پەيدا قىلغان تەسىرلەر ئەڭ ئۇزۇن بولسا بىر ئاي ئىچىدە باشقا بارلىق كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى تۈپ سەۋەب، باشقىلارنىڭ كاللىسىدىكى بارلىق ئىشلارنىڭ ئىچىدە، سىزنىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىغانلىق ئىشىڭىزنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، باشقىلار بۇ ئىشنى ئەستە ساقلاش يولىدا ھېچ قانداق تىرىشچانلىق

كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئىش سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ئۇپرىتىشىغا ئەرزىمەيدىغان بىر ئىش بولۇپ، سىز ئۇنى قانچە تېز ئۇنتۇلۇپ كەتسىڭىز سىز ئۈچۈن شۇنچە ياخشى. مەن يۇقىرىقىدەك ئىشلارغا يولۇقۇپ، مەندىن مەسلىھەت سورىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئەنە شۇنداق مەسلىھەت بېرىپ كېلىۋاتىمەن. سوتقا ئەرز قىلماقچى بولغان نەچچە كىشىنىڭ رايىنى مۇشۇ بويىچە ياندۇرۇۋەتتىم.

ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىسى بېنجامىن فرانكلىن (1706 ـ 1790) مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق ئەخمەق تەنقىد قىلالايدۇ، ئەيىبلىيەلەيدۇ، ۋە نارازىلىق بىلدۈرەلەيدۇ ـ ـ ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى ئەخمەقلەر ئەنە شۇنداق قىلىدۇ» ( Any fool can criticize, condemn and complain ـ and most fools do).

بەشىنچى ئەسىردە ياشىغان، ھازىرمۇ پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغان ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كەينىدىن تارقالغان ھېچ قانداق گەپنى تاپقىلى بولمايدىكەن، بۇ ئادەم چوقۇم ھېچ قانداق نەتىجە ياراتمىغان بولىدۇ.» [11]

سىزگە بىرى تەنقىد بەرگەندە، سىز ئالدى بىلەن ئۇ سىزگە دىققەتسىزلىكتىن بېرىلگەن تەنقىدمۇ، كۆرەلمەسلىكتىن بېرىلگەن تەنقىدمۇ، غەيرىي مەقسەتتە بېرىلگەن تەنقىدمۇ، ياكى ئورۇنلۇق تەنقىدمۇ، شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ھەممە ئادەم سىزنى تەڭلا ئەيىبلەيدىكەن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىز چوقۇم بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغان بولىسىز. بۇنداق ۋاقىتتا سىزنى تەنقىدلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا خاتا قىلىپ قويۇشى ئاسانلىقچە مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر كىشىلەر سىزنى مەلۇم بىر ئىشتىن توسماقچى بولىدىكەن، سىز ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىڭ. تەنقىدنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چۈشىنىڭ. سىز ئاڭلىغان ۋە ئوقۇغان ھەر بىر تەنقىدنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلىڭ. تەنقىد بەزىدە سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى ئېچىشتۇرىدۇ. كۆڭلىڭىزنى زەخىملەندۈرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭ.

ـ ـ مەن قىلغان ئىش مۇشۇنداق تەنقىدكە ئۇچراشقا مۇناسىپمۇ؟

ـ ـ مەن چوقۇم بىر ئىشنى خاتا قىلدىممۇ؟

ـ ـ ئۇ تەنقىد پىكىردىكى ئوخشىماسلىقتىن كېلىپ چىققانمۇ؟

ـ ـ ئۇ بەزىلەرنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەس، ياكى كۆڭلى يېرىم ۋاقتىدا دېگەن گېپىمۇ؟

ئۆزىڭىزگە ئەنە شۇنداق سوئاللارنى قويۇپ ئويلىنىڭ. ئۇنداق قىلماي، تەنقىدلەرگە نىسبەتەن قۇلىقىڭىزنى يوپيۇرۇپ يۈرۈۋېرىدىكەنسىز، ئۇ چوقۇم سىزنى ئۆز-ئۆزىنى ۋەيران قىلىشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەممە تەنقىدلەرنى قارشى ئېلىڭ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىڭ. بىر قىسمىنى رەت قىلىڭ. يەنە بىر قىسمىنى بولسا ئۆزگەرتىپ ياكى توغرىلاپ قوبۇل قىلىڭ. ئەمما، ھەرگىز تەنقىدتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ.

بىر ئادەم قانچە رەزىل بولغانسېرى، ئۇ ئۆزىگە شۇنچە كۆپ رەزىللىكلەرنى جەلپ قىلىپ ئەكېلىدۇ. بىر ئادەم قانچە ياخشى بولغانسېرى، ئۇ ئۆزىگە شۇنچە كۆپ ياخشىلىقلارنى جەلپ قىلىپ ئەكېلىدۇ. مانا بۇ «ئۆزىگە تارتىش قانۇنىيىتى» نىڭ بىر مىسالى. مەن بۇ قانۇننى ئۆزۈمنىڭ «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە تونۇشتۇرغان [12]. ئۇنى تېخىچە

ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا ئۆزى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىر قىسىم قېرىنداشلار ماڭا چۈشكەن بىر قىسىم تەنقىد، ۋە مەن يازغان ماقالىغا چۈشكەن بىر قىسىم تەنقىدلەرگە قاراپ، ماڭا كۆپ ھېسداشلىق قىلدى. ھەممە مېنى ئاياش نۇقتىسىدىن ئاشۇنداق تەنقىدلەرنى ئازايتىشقا تىرىشتى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن بارلىق قېرىنداشلاردىن بۇنداق ئىشلارغا قارىتا مەندىن قىلچمۇ ئەنسىرىمەسلىكنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئۆز-ئۆزۈمنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. مەن ھەر قانچە قىلسامۇ تەنقىدلەردىن خالى بولالمايدىغانلىقىمنىمۇ ئوبدان ئۇقىمەن. شۇڭلاشقا مەن قېرىنداشلارنىڭ مەندىن خاتىرجەم بولۇپ، زېھنىنى تېمىغا ۋە باشقا مۇھىم ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بەزى توردا شلار مېنى ناچار تەنقىدلەرنىڭ دەستىدىن بۇنىڭدىن كېيىن ماقالە يازماي قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى تېزرەك خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، بۇ ماقالىنى يېقىنقى 10 كۈننىڭ مابەينىدە كۈنىگە ئاران 3 سائەتتىن ئۇخلاپ يۈرۈپ تېز پۈتتۈردۈم.

## 7. ئوقۇرمەنلەرگە تەۋسىيە قىلىدىغان يېڭى ماتېرىياللار

بىر قىسىم ئوت يۈرەك قېرىنداشلىرىمىز تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىنگلىزچە لېكسىيە فىلىملىرىنىڭ تىلىنى ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان بولۇپ، ئاشۇ قېرىنداشلار مەندىن بۇ ماتېرىياللارنى ئوقۇرمەنلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندى. مەن ئالدى بىلەن ئاشۇ ئوت يۈرەك قېرىنداشلىرىمىزغا چىن كۆڭلۈمدىن كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. مەن ئۆزۈم بۇ ماتېرىياللارنى تېخىچە تەپسىلىي كۆرۈپ، ئۇلار ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقالمىدىم. گەرچە مېنىڭ بۇ ماتېرىياللارنى ھازىرلىغان قېرىنداشلارغا چوڭقۇر ئىشەنچىم بار بولسىمۇ، مەن ھازىرچە تېخى ئۇ ماتېرىياللارنى ئوقۇرمەنلەرگە تەۋسىيە قىلىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس. شۇڭلاشقا قېرىنداشلارنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى سورايمەن.

-- خالىد ياسىن لېكسىيىسى، «ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىكى دۈشمەنلەر»، ئۇيغۇرچىسى يازما شەكلىدە:
http://www.koklem.biz/forum.php?mod=viewthread&tid&4539=extra&=page2=

-- دوكتور ياسىر قازىنىڭ «ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلىرى» دېگەن لېكسىيىنىڭ فىلىمى، تىلى ئىنگلىزچە، ئاستىدا ئۇيغۇرچە خەت بار:
http://v.youku.com/v_shöw/id_XNjcwNzMyNTky

--شەيخ خالىد ياسىننىڭ «ھاياتنىڭ مەقسىتى نېمە؟» دېگەن لېكسىيىنىڭ فىلىمى، تىلى ئىنگلىزچە، ئاستىدا ئۇيغۇرچە خەت بار:

http://v.youku.com/v_shöw/id_XNjg0ODgwMTQw.html?x&from=singlemessage&isappinstalled0=

## 8. ئاخىرقى سۆز

مەن مەزكۇر ماقالىدا ئىسلامدىن ھازىرقى زاماندا ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش، ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەنئەنىگە سادىق بولغان ھالدا دىنغا بىر قىسىم ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم.

مەن بەزىلەردىن «بۇ دۇنيا بىر ئۆتكۈنچى دۇنيا، ئۇنىڭ ئانچە قىممىتى يوق، ھەممە ئىشلار كېيىنكى دۇنيادا بولىدۇ»، دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. مەن يەنە «ئاللاھ بۇ دۇنيانى پەقەت بىزنى سىناش ئۈچۈنلا، پەقەت بىزدىن بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىپ بېقىش ئۈچۈنلا ياراتقان» دېگەن گەپلەرنىمۇ ئاڭلىدىم. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمغا مۇنداق بىر ئەھۋال كەلدى: بەزىلەردىن ئاڭلىشىمچە، ياۋروپا ئەللىرىدىكى بەزى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرى ئىچىدە، ھۆكۈمەتتىن ياردەم پۇلى ئېلىپ، قەتئىي ئىشلىمەي، ياكى قەتئىي ئوقۇماي، ساقالنى ئۇزۇن قويۇپ، ھەر كۈنى 5 ۋاق ناماز ئوقۇش ۋە باشقا دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەنلا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بار ئىكەن. بەزى جايلاردا بۇنداق ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىكەن. مەن مۇشۇنداق كىشىلەر تۇتقان ياشاش يولىنى يۇقىرىدىكى سۆزلەر بويىچە تەھلىل قىلىپ، بۇ قېرىنداشلىرىمىز ئاشۇنداق چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ھازىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جەننەتكە كىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشتەك بىر يولنى تاللاپ ياشاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئەمما، بىز مەزكۇر ماقالىنىڭ «ئىسلامنىڭ دەسلەپكى 50 يىل ئىچىدىكى گۈللىنىشى» دېگەن قىسمىدىن، بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك چۈشەنچىلىرىنىڭ، ھەممە يۇقىرىقىدەك تاللىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. يەنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى ۋە كۈيئوغلى ئەلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر گۇرۇپپا خەلىپىلەر بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچى دۇنيا، دەپ ئويلىمىغان. ئۇلارنىڭ قولىدىكى زېمىننىلا تۇتۇپ تۇرۇپ، باشقا ئىش قىلماي، پەقەت ئۆزلىرىنى پۈختا ھازىرلاپ، ئاللاھنىڭ سىناقلىرىدىن ئوبدان ئۆتۈپ، جەننەتكە ئۆزىلا بېرىۋېلىشنى ئويلىمىغان. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈستىدە ئاساسەن ئويلاشمىغان. پەقەت ئۆز قەۋمىنىلا ئويلىغان. ئۆز زېمىننى ئوبدان قوغدىغان. مۇسۇلمانلارغا تەھدىت سالغانلارنىڭ زېمىنغا ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى تازىلىغان. ھەمدە يېڭى زېمىنلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، يېڭى زېمىنلارنى ئىگىلەپ، ئۇ يەرلەردە ئىسلامنى تارقاتقان.

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، پەقەت ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىشىنىلا مەقسەت قىلىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئەھۋالىغا، ۋە ئۆز قوۋمىنىڭ ئەھۋالىغا ھېچ قانداق كۆڭۈل بۆلمەي، ئۇلار ئۈچۈن ھېچ قانداق خىزمەت قىلمىغان بولماي ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ كېيىنكى دۇنيادا ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغاندەك تەقدىرگە ئېرىشەلىشىمۇ ناتايىن. چۈنكى، ھەممىمىز بىلىمىز، ئاللاھ ئىنتايىن مېھرىبان، ۋە ئىنتايىن ئادىل. ئاللاھ پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچىلەر بىلەن بارلىقىنى ئۆز خەلقىگە ئاتىغان ئۇلۇغلارغا پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. مەن بىر داڭلىق دىنىي زاتنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى ئاڭلىغان: سىز پەقەت ئۆزىڭىز ئۈچۈنلا ئىسلامدىكى پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ ياشاش ئارقىلىق جەننەتنىڭ ئاچقۇچىغا ئېرىشەلمەيسىز.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى 2-3 پارچە ماقالىسىگە چۈشكەن ئىنكاسلارنى ئوقۇش ئارقىلىق، ھازىر

ئۇيغۇر دىيارىدا ۋاھابىزمنىڭ ئېلېمېنتلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۇنداق ئېلېمېنتلار بارغانسېرى كۆچىيىش تەرەپكە تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ۋاھابىزم ھەققىدە ئازراق ئىزدىنىپ باقتىم. بۇ ئىزدىنىشىمنىڭ نەتىجىسى مېنى قاتتىق ئېچىندۇردى. مېنى قاتتىق چۆچۈتتى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: سۈننى ئىسلامنىڭ ئىچىدە «سالافى ئىسلام ھەرىكىتى» دەيدىغان بىر ھەرىكەت بار بولۇپ [8]، ئۇ 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. كېيىنچە ئۇ سۈننى ئىسلامنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر ھەرىكەت، «ۋاھابى ھەرىكىتى»، بىلەن بىرلىشىپ كېتىپ، ۋاھابى سالافىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان [9]. ۋاھابى ھەرىكىتىنى 1703-يىلدىن 1792-يىلغىچە ياشىغان ۋاھاب (Muhammad ibn abd al-wahhab) سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ سەئۇدى ھۆكۈمىتى دىنىي ئىشلارنى ۋاھابىچىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇنداقتا مەن نېمە ئۈچۈن چۆچۈپ كەتتىم؟

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دۇنيادىكى مىللەتلەرنى مۇنداق 2 چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرى، ئىشلارنى ئاقىلانە قىلىدىغان، ۋە ئاقىلانە ئىشلارنى كۆپرەك قىلىدىغان مىللەت. يەنە بىرى بولسا، ئىشلارنى ھاماقەتلىك بىلەن قىلىدىغان، ھەمدە ھاماقەتلىك ئىشلارنى كۆپرەك قىلىدىغان مىللەت. بىر مىللەتنىڭ بۇ ئىككى تۈرنىڭ قايسىسىغا كىرىدىغانلىقىنى ئاشۇ مىللەتنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنى، ئەگەر بىز تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەم قىلساق، يەھۇدىيلار بىلەن ياپونلار 1-تۈردىكى مىللەتكە تەۋە، دەپ ئېيتالايمىز. سەئۇدىدىكى ئەرەبلەر بولسا 2-تۈردىكى مىللەتكە كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان 50 دۆلەتنىڭ ئىچىدە يوق. بۇ تەرىپىنى «بوپتۇ» دەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، سەئۇدىنىڭ يەنە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۈزىنى تۆككەن، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا غايەت زور نومۇسلارنى ئەكەلگەن، ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ھازىرقىدەك بىر ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان تەرەپلىرىمۇ بار. مەسلەن، سەئۇدىلار قۇللۇق تۈزۈمى ھەققىدە «ھالال» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ، قۇللۇق تۈزۈمنى يولغا قويغىلى نەچچە يۈز يىل بولغان بولۇپ، تېخى 1962-يىللا ئۇلار «قۇللۇق ھارام» دەپ يېڭى بىر پەتىۋا چىقىرىپ، قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلدى. يەنى، مۇشۇ ماقالىنى ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم قېرىنداشلار تۇغۇلۇپ، تالادا يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، مەككىدە ئادەملەرنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان، ۋە ئادەملەرنى پۇلغا ساتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىكەن. تېخى قۇللارنى ئېلىپ-سېتىش ئىشلىرى داۋاملىشىۋاتقان ئىدى. سەئۇدى ھەققىدىكى بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار ئەللىرىنى تەرەققىيات ۋە دىنىي ئەقىدە ئىشلىرىنى ياخشى قىلالىغان دەرىجىسى بويىچە بىر بالداقلىق دەرىجىگە تىزىپ باقىدىغان بولساق، سەئۇدىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەگەر بىز ئىسلام دىنىدىكى ئوخشىمىغان مەزھەپ ۋە گۇرۇھلارنى تەرەققىيات ۋە دىنىي ئەقىدە ئىشلىرىنى ياخشى قىلالىغان دەرىجىسى بويىچە بىر بالداقلىق دەرىجىگە تىزىپ باقىدىغان بولساق، ۋاھابىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمدى بىز ئۆز-ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى: ئۇيغۇرلارغا نېمە بولدى؟ سۈننى ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن ئازراق چەتنەپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، نېمە ئۈچۈن باشقا سەل ياخشىراقىدىن بىرىنى

**تاللىمىدۇق؟ بىز زادى نەگە ماڭماقچى؟ مەن ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى، ھەر بىر غۇرۇر ئىگىسى ۋە ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىدىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.**

**ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر سەئۇدى ۋە مىسىرنىڭ ئەھۋالىغا ئازراقمۇ يېقىن كەلمەيدۇ. بەلكى ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا بەكرەك يېقىن كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا مەن مۇشۇنداق ماقالىلەرنى يېزىشتا ياسىر قازىنى ئۇستاز تۇتتۇۋاتىمەن. بىز پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە شۇنى چوقۇم بىلدۈرۈشىمىز كېرەككى، ئۇيغۇرلارغا ۋاھابىزىم قەتئىي ماس كەلمەيدۇ.**

**مەن ئەسلىدە ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى ماقالە تېمىسى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى زامانىۋىلىققا ماسلاشتۇرۇش ھەققىدىكى يەنە بىر قىسىم يېڭى مەزمۇنلارنى تاللىغان ئىدىم. لېكىن يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، مەن ئۇ پىلاننى ئۆزگەرتتىم. مەن كېيىنكى 2 ماقالىدا ۋاھابى بىلەن سالافىي ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب مېنىڭ ئۇ 2 ھەرىكەتلەرنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتكىنىمدىن ئەمەس. بەلكى، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىقىدىن. مېنىڭچە نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇلارنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىۋېلىش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىدا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان بىر قىسىم ئىشلارنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكى، ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە بىر مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇۋېلىش ناھايىتىمۇ زۆرۈر.**

**ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى جەھەتتىكى ناچار ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى، ئوقۇغان كىشىلىرىمىز دىن ئۆگىنىپ، ئوقۇمىغان موللىلىرىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەشتۇر. مەن بۇنى ئالدىنقى بىر ماقالەمدىمۇ تىلغا ئالدىم. مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقۇنۇم ئوقۇغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىنىي ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئەمەس. ئۇنداق بولسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى. لېكىن بىزنىڭ ھازىر ئۇنىڭغا شارائىتىمىز يوق. بىز دىنى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا شۇ نەرسىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر بىز ئۈچۈن پۈتۈن خەلقنىڭ بىرلا ئېقىمى، يەنى ئاساسىي ئېقىمنى بويلاپ مېڭىشى بەكمۇ زۆرۈر. ھەر قانداق شەكىلدىكى بۆلۈنۈش ياكى پارچىلىنىش بىزنى خارابلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئاساسىي ئېقىمغا تەۋە بولمىغان باشقا ھەر قانداق دىنى ئېقىم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خاتا ئېقىمدۇر. ئىسلامنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى ۋە تۈپ قانۇنلىرىنى ئەينەن ساقلاپ قالغان ھالدا زامانىۋىلىققا ماسلىشىش ئەمەس، قارىغۇلارچە ئۆتمۈشكە قايتىش يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭىدىغان ھەر قانداق ئېقىم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خاتا ئېقىمدۇر. بۇ بىر ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بولغان ھەقىقەت. ئۇيغۇرلار بىر مەدەنىيەتلىك مىللەت. بىر مەدەنىيەت ئاساسى ئىنتايىن كۈچلۈك مىللەت. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى دىنى ئىشلىرىنى قانداق ئېلىپ بېرىشتا ھازىر ھاماقەتلىك قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى ئەمەس، ئاقىلانە ئىش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى دورىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە بۇ جەھەتتە ھەقىقىي تەقۋادارلىق بىلەن زامانىۋىلىشىش يولىنى تەڭ تاللىغان تۈركلەر بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. خۇددى ياسىر قازى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىدەك، ئۇيغۇرلارغا ئەرەب دۆلەتلىرىدىن ئىمپورت قىلغان دىنى زىيالىيلار ئۇنچىۋالا ماس كېلىپ كەتمەيدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ دىنى زىيالىيلىرىنى ئۆزىمىز يېتىشتۈرۈشىمىز، ئەگەر ئۇ مۇمكىن ئەمەس ياكى يېتەرلىك ئەمەس بولۇپ قالسا، دىنى ئىشلاردىكى ئۈلگىنى ئۆزىمىزنىڭ قان قېرىندىشى بولغان تۈركلەردىن ئىزدىشىمىز، ھەمدە بىر قىسىم ياشلىرىمىزنى غەرب ئەللىرىدىكى ئىسلام تەتقىقاتى ئىنستىتۇتلىرىدا ئوقۇتۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يول ئەنە شۇ.**

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] The Rise & Fall of the Muslim Ummah and the Printing Press. Dr. Yasir Qadhi, January 4, 2012.

[2] Muhammad
http://en.wikipedia.org/wiki/Muhammad

[3] Why the Qur'an Was Revealed Over 23 Years

[4] Revelation Order of the Qur'an
http://www.missionislam.com/quran/revealationorder.htm

[5] Quran
http://en.wikipedia.org/wiki/Quran

[6] The Rise of Islam During its First 50 Years

[7] Umayyad Caliphate

[8] Abu Ammaar Yasir Qadhi
http://en.wikipedia.org/wiki/Abu_Ammaar_Yasir_Qadhi

[9] Times Higher Education World University Rankings

[10] Almaghrib Institute

[11] بىلىمخۇمار، «ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا ۋە ئاتتىلائىزم »

[12] بىلىمخۇمار، «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى»
http://bbs.misranim.com/thread-90186-1-1.html

# سۈننى ئىسلامدىكى ۋاھابى ۋە سەلەفى ھەرىكەتلىرى

**2014-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى**

ئىلاۋە: ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇ ماقالىنى ئۇيغۇرچە تورلارغا چىقارغاندىن كېيىن، بىر قانچە ئۇيغۇر دىنىي زىيالىيلار مەن پايدىلانغان 2 ئاساسىي مەنبەنى توغرا كۆرمەي، بۇ ماقالىنى تورلاردىن ئېلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش نۇقتىسىدىن، شۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىلدىم. بۇ قېتىم مەزكۇر كىتابقا ماقالە تاللىغاندا، مەن بۇ ماقالىنىڭ ھېلىقى 2 مەنبەدىن ئېلىنغان قىسمىنى چىقىرىۋېتىپ، قالغان قىسمىنى ئالدىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 8. ياسىر قازىنىڭ ۋاھابى ھەققىدىكى قاراشلىرى

**مەن يېقىندا دوكتور ياسىر قازى بىلەن ئامېرىكىدىكى ئوخشىمىغان دىنلار ئوتتۇرىدىكى ئېتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر رادىئو پروگراممىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ ئاۋازلىق ھۆججىتىنى ئاڭلاپ چىقتىم [7]. ھەممە ئۇنى قايتا-قايتا ئاڭلاش ئارقىلىق، ياسىر قازىنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئۇيغۇرچىلاشتۇردۇم. تۆۋەندىكىسى ئاشۇ سۆھبەتتە ياسىر قازىنىڭ دېگەنلىرى. بۇ سۆھبەت ئەسلىدە سوئال-جاۋاب شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مەن سوئاللارنى ئېلىۋېتىپ، پەقەت ياسىر قازىنىڭ جاۋابلىرىنىلا بۇ يەرگە كىرگۈزدۈم. بۇ ئاۋازلىق ھۆججەت 2013-يىلى 13-ئاپرېل كۈنى تورغا قويۇلغان ئىكەن.**

**بۈنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى مەن بىر ئون نەچچە ياشلىق ياش ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى سەلەفى ھەرىكىتىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، يېقىندا مەن ئۇ ھەرىكەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتىم [7]. سەۋەبى، بۇ ھەرىكەت ئىلمىلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئادەملەرنى مەن ئۈمىد قىلغاندەك روھلاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھەرىكەت ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يېڭى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. بىر قىسىم ئىشلاردا باشقا ھېچ كىمنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار ئىسلام ئۈستىدىكى باشقىچە چۈشەندۈرۈلۈشلەرگىمۇ ناھايىتى دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ. شۇڭا مەن سەلەفى ھەرىكىتىنىڭ مېتودولوگىيە جەھەتتە تۇتقان يولىنى قوبۇل قىلالمايدىكەنمەن.**

**مېنى سەلەفى ھەرىكىتى ئەڭ دەسلەپتە جەلپ قىلغان ئامىللاردىن بىر قانچىسى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل، سەلەفى ھەرىكىتىنىڭ سىزدىن ئىسلامنى چۈشىنىشنى بىۋاستە قۇرئاندىكى تېكىستلەر بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىماتى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇر. بۇ ئەقلىنىڭ ئازادلىققا چىقىرىلىشى بولۇپ، بۇنداق قىلغاندا سىز ئىسلامنى چۈشىنىشتە ئوتتۇرىدىكى كىشى ياكى دىنى ئۆلىمالارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە تايانمايسىز. سەلەفىنىڭ ئەنئەنىسىنىڭ بىرى، بىر دىنى ئۆلىما مەلۇم بىر نەرسىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇ مەزمۇنغا ئاشۇنداق يېشىم بېرىدىغانلىقىغا قارىتا**

جەڭ ئېلان قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتۇر. سەلەفىلەر كىشىلەردىن ھەر بىر ئىسلام ھەققىدىكى پىكىرگە نىسبەتەن يېتەرلىك مىقداردىكى پاكىتلارنى تېپىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ مۇسۇلمانلارنى ئىسلام ئەنئەنىسى بىلەن قايتىدىن باغلىنىش ھاسىل قىلىشقا ئېلىپ باردى. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت بىلەن دىننى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ دىنني نەرسىلەر ئەمەس، مەدەنىيەتكە ئائىت نەرسىلەر ئىكەنلىكى بايقالدى. مەسىلەن، بىر قىسىم قانداق كىيىنىش ۋە ئائىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى قائىدىلەر مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئادەتلەر ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلدى. كىشىلەردىن پاك، ساغلام ۋە ھەقىقىي ئېتىقادنى يولغا قويۇش تەلەپ قىلىندى.

كىشىلەرنى قۇرئاننى بىۋاستە ئوقۇپ، قۇرئاندىكى مەزمۇنلارنى ئۆزلىرى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆزلىرى بىۋاستە چۈشىنىشكە رىغبەتلەندۈردى. مانا بۇ سەلەفنى ياقلايدىغان كىشىلەرنىڭ سانىنىڭ ناھايىتى تېز كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. سەلەفى مۇسۇلمانلىرىدىن بۇرۇنقى ئەنئەنىگە قايتىپ، كىتابلارنى تەنقىدىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ بىۋاستە ئوقۇش، ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە بىۋاستە قايتىدىن قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلىندى. ئۇلار يەرلىك ئۆلىمالارغا، ئۇلارنىڭ دىن بىلەن مەدەنىيەتنى ئارىلاشتۇرىۋېلىشىغا قارىتا جەڭ ئېلان قىلىشقا ئۈندەلدى. ئۇلار ھەقىقىي ئىسلامنى قايتىدىن بايقاشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى.

ئەمما، سەلەفى ھەرىكىتى ئىچىدە يەنە نۇرغۇن گۇرۇھلار مەيدانغا كېلىپ، ئۇلار نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۆز-ئارا بىرلىك ھاسىل قىلالمىدى. بولۇپمۇ سىياسەت ۋە قوراللىق كۈرەش جەھەتلەر شۇنداق بولدى. زوراۋانسىز سەلەفى بىلەن زوراۋانلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان سەلەفىلار ۋۇجۇدقا كەلدى. سىياسەتكە قاتنىششنى تەشەببۇس قىلىدىغان سەلەفى بىلەن سىياسەتكە قاتناشسا دىن ياكى روھىي جەھەتتىكى پاكلىقنى ساقلىغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدىغان سەلەفىلەر بارلىققا كەلدى. شۇڭلاشقا سەلەفى ئىسلام بىر بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت ئەمەس، بىر خىل يۈزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

ۋاھابىزىم بولسا بىر ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك قۇرۇلما ئىچىگە جايلاشقان سەلەفىدىن ئىبارەت. 17-ئەسىردە سەئۇد قەبىلىسى ئەرەبىستاننى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىپ، بىر ئالاھىدە سەلەفى ئۆلىماسى ۋاھاب بىلەن بىرلەشتى. «ۋاھابى» دېگەن ئىسىم ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، سەئۇدنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرغىچە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ۋاھابنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا دىنني ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ۋاھابى ئىسلام بولسا سەلەفى ئىسلامنىڭ بىر ئالاھىدە ماكان ۋە بىر ئالاھىدە زاماندىكى سىياسىي نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى، ۋاھابىزىم سەلەفىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ۋاھابىچىلار جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن پەقەت سەئۇدى ئەرەبىستاندىلا ياشىغان ۋە ھازىرمۇ ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەلەفى ھەرىكىتىگە كىرگۈچىلەرنىڭ سانى ھازىر پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كۆپىيىپ مېڭىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، سەلەفىچىلارنىڭ ئىسلامنى چۈشىنىشنى بىۋاستە قۇرئاندىكى تېكىستلەر بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىماتى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى، ئىسلامدا تېخى تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرى بىلەن بۇلغانمىغان، تېخى ئىنسانلارنىڭ خاتا چۈشەنچىسى سەۋەبىدىن بۇزۇلمىغان ئەڭ دەسلەپكى ئىسلام، ياكى سەلەف دەۋرىدىكى ئىسلامغا قايتىشنى تەلەپ قىلىشى، ئىسلامنى چۈشىنىش ۋە ئىجرا قىلىشتا دىنني ئۆلىمالارنىڭ قۇرئاندىكى ئايەتلەر ۋە ھەدىستىكى تەسۋىرلەر

**ھەققىدىكى ھەر بىر چۈشەندۈرۈشكە قارىتا جەڭ ئېلان قىلىپ، بۇ جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئويلاش ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سېلىشنى تەلەپ قىلىشىدىنىدۇر.**

**ئەمما، ۋاھابىچىلار بىلەن سەلەفىچىلارنىڭ مۇنداق بىر ئورتاق مەسىلىسى مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار تېخى «ئەڭ دەسلەپىدىكى ئىسلام يولىنى ھازىرقى زامانغا قانداق ماسلاشتۇرىمىز؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ باقمىدى. ئۇلار بۇ جەھەتتە تېخى بىر ئېنىق ئىدىيىگە ئىگە ئەمەس.**

## 9. قۇرئاندىكى «ئاللاھ» ھەققىدىكى سۈرە

**مەن يېقىندا ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىلىرىنى ئاڭلاش جەريانىدا، دىننى يېڭىدىن ئۆگىنىشكە باشلىغانلارغا زور پايدىسى بولىدىغان، ھەمدە ۋاھابى-سەلەفىلەرنىڭ ئاللاھ ھەققىدىكى ئىدىيىسىدىكى مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بىر سۈرە ھەققىدىكى لېكسىيىسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم [8]. مەن بۇ يەردە ئۇ مەزمۇننى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بۇ سۈرە ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ياسىر قازى بۇ سۈرىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. مەن تەپسىلىي چۈشەنچىلەرنىمۇ بۇ ماقالىگە كىرگۈزۈشكە ئاجىز كېلىپ قالدىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئىنگلىزچە بىلەن دىندىن ياخشى خەۋىرى بار قېرىنداشلاردىن بىرسى بۇ لېكسىيىنى تولۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، تورغا يوللاپ قويسا، بەك ياخشى بولاتتى.**

**112-سۈرە «ئىخلاس» (610-بەت، ئاللاھتىن 22-نۆۋەت چۈشكەن) تا مۇنداق دېيىلگەن:**
**«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ – ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.»**

**بۇ سۈرە سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز سىزگە تۇنجى قېتىم يادلاتقان سۈرە بولۇشى مۇمكىن. مۇھەممەد ئەلەيھسسالام بۇ سۈرە توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «مەن ئاللاھقا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ شۇنى ئېيتالايمەنكى، بۇ سۈرە پۈتۈن قۇرئاننىڭ 3 دىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.» بۇنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ سىز مەزكۇر سۈرىنى 3 قېتىم ئوقۇۋەتسىڭىز، قۇرئاننىڭ قالغان قىسمىنى ئوقۇمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، سىز بۇ سۈرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشەلەيدىغان مۇكاپات پۈتۈن قۇرئاننىڭ مۇكاپاتىنىڭ 3 دەن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، دېگەنلىك. دىنى زىيالىيلارنىڭ ئېيتىشىچە، قۇرئاننىڭ مەزمۇنى مۇنداق 3 ساھەگە بۆلۈنگەن: (1) قۇرئاننىڭ 3 دەن بىر قىسمى ئاللاھنىڭ كىملىكى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلغان ئىسىملارنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. قۇرئاننىڭ ئاشۇ قىسمى مۇشۇ ئىخلاس سۈرىسىدە خۇلاسىلەنگەن. (2) قۇرئاننىڭ 3 دەن بىر قىسمى قانۇن ھەققىدە، يەنى نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام، يېيىش، ئىچىش، روزا تۇتۇش قاتارلىقلار ئۈستىدە سۆزلەيدۇ. (3) قۇرئاننىڭ قالغان 3 دەن بىر قىسمى بولسا جەننەت، دوزاخ، ۋە مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ ھايات ھېكايىلىرى ئۈستىدە سۆزلەيدۇ. دېمەك، ئىخلاس سۈرىسى قۇرئاننىڭ مەنىسىنىڭ 3 دەن بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ گۈزەل سۈرە ئاللاھتىن بىر قەدەر بالدۇر چۈشكەن. يەنى، ئۇ 22-نۆۋەتتە مەككىگە چۈشكەن. شۇ چاغدا مەككىدىكى باشقا بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا بىر يېڭى دىننىڭ چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا كېلىپ سورايدۇ: «ھەي مۇھەممەد ئەلەيھسسالام، سەن كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىۋاتقان خۇدا قايسى خۇدا؟ بۇ يېڭى دىن قانداق دىن؟» مۇھەممەد ئەلەيھسسالام «ئاللاھ»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ باشلىق يەنە سورايدۇ: «ئاللاھنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويغىن. ئۇ**

ئالتۇندىن ياسالغانمۇ، ياكى كۈمۈشتىنمۇ؟ ياكى ئۇ پاختىدىن ياسالغانمۇ ياكى ياغاچتىنمۇ؟ بۇ زادى قايسى خۇدا؟» ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ يۈرگەنىدى. ئۇ بۇتلارنى بولسا كىشىلەر ئۆز قولى بىلەن بىرەر نەرسىنىڭ تۇرقىغا ئوخشىتىپ ياساپ چىققان ئىدى. شۇڭا ھېلىقى باشلىق يەنە سوراپدۇ: «سەن سەجدە قىلىۋاتقان خۇدا نېمىگە ئوخشايدۇ؟ ئۇنىڭ دادىسى كىمۇ؟» ئەگەر سىز قەدىمكى دىنلار، مەسىلەن، گرېكلەرنىڭ دىنى ۋە بۇددا دىنى قاتارلىقلارغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ خۇداسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەر بىر خۇداسىنىڭ بىردىن ئائىلىسىمۇ بار بولغان. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى قەبىلە باشلىقىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن، ئاللاھ «ئىخلاس» سۈرىسىنى چۈشۈرگەن.

سۈرە ئىخلاستىن باشقا، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئەڭ دەسلەپىدىلا ئۆگىنىدىغان، ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل تۈردە ياخشى كۆرۈپ ياشايدىغان يەنە بىر سۈرە بار. ئۇ بولسىمۇ 108-سۈرە كەۋسەردىن ئىبارەت (621-بەت): «بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ.» سۈرە كەۋسەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نام-شۆھرىتىنى قوغدايدۇ. سۈرە ئىخلاس بولسا ئاللاھنىڭ نام-شۆھرىتىنى قوغدايدۇ. ئىسلام دىنى مانا مۇشۇ ئىككى سۈرىدىن تەشكىل تاپقان. سۈرە ئىخلاس ئاللاھنىڭ مۇكەممەللىكىنى تەسۋىرلىسە، سۈرە كەۋسەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇكەممەللىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئىككى سۈرىنى بارلىق مۇسۇلمانلار، قېرىلار بىلەن ياشلار، ئەرلەر بىلەن ئاياللار، ئېتىقادى كۈچلۈكلەر بىلەن ئېتىقادى ئاجىزلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. بۇ ئىككى سۈرە بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئويغىنىپ قىلىدىغان 1-ئىشى سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇش بولغان. ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىشىمۇ سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇش بولغان. يەنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەر بىر يېڭى كۈنى سۈرە ئىخلاس بىلەن باشلىنىپ، ھەر بىر كۈنى يەنە سۈرە ئىخلاس بىلەن ئاخىرلاشقان.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


**[7] Ex-Salafi Shaikh Yasir Qazi `s Repentence from Salafism & Wahhabism**
**https://www.youtube.com/watch?v=NW8jxMu0wTs**

**[8] Khutbah: Tafseer Surat Al Ikhlas - Love for Jesus, Mary & Celebrating Christmas ~ Dr. Yasir Qadhi, Delivered on Dec 27, 2013**
**https://www.youtube.com/watch?v=JSnU2wAnBP8**

# ياسىر قازى بىلەن تونىي بلايېرنىڭ مۇنازىرىسى

**2014-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى**

مەن ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋە ئىنتايىن قايىل بولغان ئىككى مۇسۇلمان زىيالىي بار. ئۇنىڭ بىرى مەھدى ھەسەن (Mehdi Hasan) [1]. يەنە بىرى ياسىر قازى. تورداشلار ياسىر قازى بىلەن خېلى ياخشى تونۇشۇپ بولدى، دەپ ئويلايمەن [2]. ئەگەر ئۇنى تېخىچە بىلىپ بولالمىغان ئوقۇرمەنلەر بولسا، تۆۋەندىكى 2-نومۇرلۇق مەنبەگە قاراپ باقسا بولىدۇ. مەھدى ھەسەن ئەنگلىيىنىڭ «Huffington Post UK» گېزىتىنىڭ سىياسىي دىرېكتورى، ۋە «ئەل جەزىرە» ئىنگلىزچە تېلېۋىزورىنىڭ رىياسەتچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. مەن ئۇنى 2013-يىلى ئەنگلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق «ئىسلام بىر تىنچلىقپەرۋەر دىنمۇ-ئەمەسمۇ؟» دېگەن مۇنازىرە ئارقىلىق تونۇغان [3]. بۇ مۇنازىرىنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى سىن ھۆججىتى تۆۋەندىكى 3-نومۇرلۇق ئۇلانمىدا بار. ھازىر ئىنگلىزچىنى ۋە ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىۋاتقان، ھەمدە ئىمكانىيىتى بار (بۇ يۇتيۇب ئۇلانمىسى ۋەتەندە ئېچىلماسلىقى مۇمكىن) ئۇكىلار ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلغان باشقىلارنىڭ مۇنازىرىسىنى بىر قېتىم ئاڭلاپ باقساڭلار، سىلەر ئۈچۈن بىر ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. 4-نومۇرلۇق مەنبەدىكى رادىئو سۆھبىتى ياسىر قازىنىڭ مۇنازىرىنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا خېلى پايدىلىق. قىزىقىدىغان ۋە ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلار ئۇنى ئاڭلاپ باقسا بولىدۇ [4].

ياسىر قازى 2008-يىلى ئامېرىكىنىڭ يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقاندا، ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى تونىي بلايېر (Tony Blair) ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە كېلىپ، بىر مەۋسۇم بىر دەرس ئۆتكەن. ناھايىتى قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە تاللاش جەريانىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ياسىر قازى بۇ دەرسكە تاللانغان، ھەمدە پۈتۈن بىر مەۋسۇملۇق دەرس جەريانىدا سوئال سوراش ۋە مۇنازىرىلىشىش جەھەتتە سىنىپتىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئوقۇغۇچى بولۇش رولىنى ئالغان. 2009-يىلى 4-فېۋرال كۈنى ئۇ ئاشۇ دەرستىن ئالغان تەسىراتلىرى بىلەن ئۇ دەرستە بولۇپ ئۆتكەن بىر قىسىم ئىشلارنى يېزىپ چىقىپ، توردا ئېلان قىلىپتۇ [5]. مەن مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ ماقالىدىكى مەزمۇنلارنى قىسقارتىپ تونۇشتۇرىمەن.

بۇ تېما ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما مەن بىر مۇسۇلمان زىيالىينىڭ ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇنى بىر قانچە قېتىم سوئالدا تۇتىۋالغان مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمىدىم. ئۇنىڭدىن خوش بولماي تۇرالمىدىم. شۇڭلاشقا مەن ۋەتەندىكى ياشلارنى بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىپ قويۇش ئۈچۈن مەزكۇر يازمىنى تەييارلىدىم.

مەن بۇ ماقالىدا پەقەت ياسىر قازىنىڭ ماقالىسىدىكى مەزمۇننىلا تونۇشتۇرىمەن. ئەگەر ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، مەن ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن. ئەگەر «ئاخىرقى

سۆز» قىسمىدىن باشقا يەرلەردە «ئىلاۋە» بىلەن باشلانغان ئابزاسنى ئۇچراتمىسىڭىز، مەزكۇر ماقالىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ياسىر قازىنىڭ ماقالىسىدىن كېلىپتۇ، دەپ چۈشەنسىڭىز بولىدۇ.

ياسىر قازى ماقالىسىدا ئۆزىنى 1-شەخس سۆپىتىدە «مەن» دەپ ئالغان بولۇپ، مەن تەييارلىغان مەزمۇننىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەنمۇ ياسىر قازىنى «مەن» دەپ ئالىمەن. يەنى، تۆۋەندىكى «ئاخىرقى سۆز» دىن باشقا قىسىملاردا «مەن» دېگەن سۆز «ياسىر قازى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## 1. تونى بلايېرنىڭ دەرسى ھەققىدە

بۇ دەرسنىڭ ئىسمى «ئېتىقاد ۋە دۇنياۋىلىشىش» بولۇپ، ئۇنىڭغا يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن 250 تەك كىشى ئىلتىماس قىلىپتۇ. تاللىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئوخشىمىغان فاكۇلتېت ۋە ئوخشىمىغان ئوقۇغۇچى كاتېگورىيىسىگە مەلۇم نىسبەتتە تەقسىم قىلىنىپتۇ. مەسىلەن، قانۇن كەسپىدىن 6 ئوقۇغۇچى، ئىلاھشۇناسلىق كەسپىدىن 6 ئوقۇغۇچى، ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدىن 6 ئوقۇغۇچى، تولۇق كۇرستىن 5 ئوقۇغۇچى، ئاسپىرانتلاردىن 2 ئوقۇغۇچى، دېگەنگە ئوخشاش. مەن بۇ دەرسكە قوبۇل قىلىنغان 2 نەپەر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپتىمەن. مەن ئۇ چاغدا دوكتورلۇقنىڭ 4-يىلىدا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئاكادېمىك سالاھىيىتى جەھەتتىن مەن ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپتىمەن.

بۇ دەرس مەن ئۆزەمنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى 17 يىللىق ھاياتىمدا ئاڭلاپ باققان دەرسلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ باشقىچە بىر دەرس بولدى. بىزگە بىر تەييارلىق دەرسى ئۆتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇشۇ دەرس ئۈچۈنلا ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى چۈشەندۈرۈلدى. مەسىلەن، بومبا تاپىدىغان ئىت، سىنىپقا كىرىشتىن بۇرۇن كىملىك تەكشۈرۈش ۋە مېتال تاپىدىغان ئۈسكۈنىدىن ئۆتۈش، مۇخبىرلارغا سۆز بېرىش، ۋە قانداق كىيىنىش قاتارلىقلار.

بلايېر ئەپەندى 1-قېتىملىق دەرسكە ئۆزى بىۋاستە قاتناشماي، يىراقتىن بىزگە ئېكران ئارقىلىق سالام بەردى. تاللانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى باشقىچە بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان كاندىداتلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چوڭ-چوڭ ئىشلارنى باشلاپ بولغانلارمۇ بار ئىكەن.

بلايېر ئەپەندى 3-قېتىملىق دەرسكە كەلدى. ئۇ سىنىپنى ئايلىنىپ، ھەممىمىز بىلەن بىر-بىرلەپ قول-ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئىسمىمىزنى سوراپ چىقتى. مەن بۇ دەرستىكە ئۆگەنگەن بىر نەرسە ئاممىۋى سورۇندا سۆزلەش سەنئىتى بولدى. يەنى، بلايېر ھازىرقى دەۋردىكى كىشىنى ئەڭ قايىل قىلىدىغان سىياسەتچى ۋە باياناتچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

## 2. ئېتىقادتا بولغان ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋەتىنىگە بولغان ساداقەتمەنلىك

بىرىنچى قېتىملىق دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپلا، بلايېر «سوئالىڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن دەرھاللا قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرسەم، بلايېر سوئال سوراشقا مېنى تاللىدى. بۇ دەرسنىڭ بىر مەزمۇنى بىر دۆلەتنىڭ بارلىق گراژدانلىرىغا باپ-باراۋەر ھالدا ئوخشاش ھۆرمەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى، ھەممە ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن گراژدانلارنى ئوخشىمىغان دەرىجىلەرگە ئايرىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ناھايىتى

خەتەرلىك ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئىدى. مەن قانداق قىلغاندا بىر ئادەمنىڭ ئۆز دىنىغا بولغان ساداقەتمەنلىكى بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا تەڭپۇڭلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر سوئال سورىدىم. بلايېر ھەر قانداق دۆلەتنى بىر ئىنتايىن گۈزەل نەرسىگە ئوخشىتىپ، ئاشۇنداق ئىدېئال كۆڭۈلدىكى ئەڭ گۈزەل جەمئىيەت بولۇپ، ئۇ بىر «ئۆلچەم» سۈپىتىدە قوللىنىلىدىكەن، ئاشۇ ئۆلچەمگە يەتمىگەنلەر دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ ئىش قىلغانلار بولۇپ قارىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن يەنە قاتتىق دىنىي ئېتىقاد بىلەن بىر غايىۋى گىراژدان ھەققىدىكى چۈشەنچىنى قانداق قىلىپ بىر يەرگە ئەكەلگىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدىم. مەن يەنە مۇنداق دېدىم: «خرىستىئان، مۇسۇلمان، ياكى باشقا بىر دىنچى ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىدىن باشقىسىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مۇشۇنداق بىر ئادەمدىن ئۆز دۆلىتىنىڭ باشقا گىراجدانلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى بىر يەرگە قايرىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلامسەن؟» (ئەسكەرتىش: مەن بۇ يەردە بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى ئۇلار ئۇنداق ئەمەس. مەن بۇ ھەقتە بۇرۇن ماقالىمۇ يازغان بولۇپ، مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، دۆلەتنىڭ ئۆز گىراژدانلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ئۆز خەلقى ئارىسىدا كۈچلۈك ساداقەتمەنلىك يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قانداق رول ئويىنىشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك. بىر دۆلەت بىر دىنىنىڭ ئورنىنى، رولىنى ۋە فۇنكسىيىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالسا بولمايدۇ.)

بلايېر ماڭا بىر قېتىم سوئال مەنىسىدە قارىۋېتىپ، مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «بۇ بىر ناھايىتى ياخشى سوئال بولدى. ئەمما مەندە ھازىر ئۇنىڭغا جاۋاب يوق. ئەگەر مەن بىر جاۋاب تاپالىسام، ساڭا كېيىنچە جاۋاب بېرىمەن.» بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ بىر مەۋسۇملۇق دەرسنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا بلايېر بىلەن يەنە بىر پروفېسسور مېنىڭ بۇ سوئالىمنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالدى.

شۇنداق قىلىپ دەرس مانا مۇشۇنداق باشلىنىپ كەتتى. ھەر قېتىم بلايېر دەرسكە كىرگەندە، مەن قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپلا تۇرىدىغان بولدۇم. ھەمدە تۈپ-تۈز ۋە ئادەمنى راھەتسىزلەندۈرىدىغان سوئاللارنى سوراپ تۇردۇم.

## 3. دىنىنىڭ باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىمەسلىكى

بىر قېتىملىق دەرستە بلايېر ئەركىنلىك ھەققىدە سۆزلەپ، ھەر بىر دىندىكىلەر ئۆز دىنىنىڭ باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قارىتا مۇنداق دەپ جەڭ ئېلان قىلدىم: بۇ بىر ئىككى يۆنىلىشكە ماڭىدىغان كوچا. دىنسىز دېموكراتىيەمۇ ئۆزلىرى ماقۇل كۆرمىگەن دىنىي ئەركىنلىكنى چەكلىسە بولمايدۇ. ئۇ «بىز ئۇنداق قىلمايمىز» دەپ ئىنكاس قايتۇرغاندا، مەن ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ھىزبۇل تەھرىر ( Hizb ul-Tahreer) گە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدىم. بۇ تەشكىلاتقا مەن تېئولوگىيە جەھەتتىن ھېسداشلىق قىلمايمەن، ھەمدە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىغا قەتئىي قوشۇلمايمەن. مەن ئۇنىڭ ئېسىگە مۇنداق بىر ئىشنى سىلىپ قويدۇم: بۇ تەشكىلات ھەرگىزمۇ تېرورچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بلايېرنىڭ ئۆزى بۇرۇن بۇ تەشكىلاتنى چەكلىمەكچى بولغان. بلايېر

مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ئۇلارنىڭ تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقى راس، ئەمما ئۇلار باشقىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان بايانلارنى ئېلان قىلىدىغان بولۇپ، بۇنداق ئىش-ھەرىكەت تېررورلۇققا ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: ئەگەر مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە قارىساق، بالايېر ئاسىيالىقلار بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان «ئەنگلىيە مىللىي پارتىيىسى» (British National Party, BNP) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مىللەتچى گۇرۇھلارنىمۇ چەكلىشى كېرەك. ئەمما ئۇ بۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

يەنە بىر قېتىملىق دەرستە، بالايېر سىنىپقا كىرىپ، سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇ ماڭا ئەڭ ئاخىرىدا قاراپ، ماڭا كەلگەندە توختىدى، ھەممە مەندىن، «ياسىر، بۈگۈنمۇ سوئالىڭنى تەييارلاپ قويدۇڭمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «ھازىرچە تەييارلاپ بولالمىدىم. ئەمما دەرس تۈگەپ بولغىچە تەييار بولۇپ بولىدۇ.» دەپ جاۋاب بەردىم.

## 4. چۇمبەل تاقاش ۋەقەسى

مەن ماقالە يېزىش تاپشۇرۇقى ئۈچۈن 2006-يىلى ئەنگلىيەدە يۈز بەرگەن بىر چۇمبەل تاقاش ۋەقەسىنى تېما قىلىپ تاللىدىم. ئۇ ۋەقەدە ئەنگلىيەدىكى بىر مۇسۇلمان ئوقۇتقۇچى چۇمبەل تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ھەيدەلدى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ، بۇ ئىش سوتقا چىقىشنىڭ ئالدىدا، بالايېر بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىپ، مەكتەپنىڭ بۇ قارارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن دەرستە پىكىر بايان قىلىپ، مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان سۆزلەرنىڭ يامان تەسىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ھەممە سىياسەتچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەنگلىيىنىڭ باش مىنىستىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر ناھايىتى يالغۇز قالغان ۋە ئىنتايىن خاپىچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان ئاز سانلىق گۇرۇھقا قارشى كۆپ سانلىق خەلق بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇشى، ھەرگىزمۇ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلدىم. سىياسەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى كېلىشتۈرۈش، ھەرگىزمۇ بىر كىشىلەر توپى تەرەپتە تۇرۇۋېلىش ئەمەس، دېدىم. مەن 2006-يىلى بىر توپ كىشىلەرگە سۆزلىگەن ۋاقتىمدىمۇ بالايېرنىڭ بۇ ئىشنى تەنقىت قىلغان ئىدىم. بۇ قېتىم، يەنى 2008-يىلى ئۇنى يۈز-تۇرانە تەنقىت قىلدىم.

## 5. ئىراق ئۇرۇشى

پۈتۈن بىر مەۋسۇملۇق دەرس جەريانىدا بىر چوڭ پىل (elephant) سىرتتا ساقلاپ تۇرغان بولۇپ، ئۇنى سىنىپقا ئەكىرىشكە ھېچ كىم پېتىنالمىدى. ئۇ بولسىمۇ ئىراق ئۇرۇشىدىن ئىبارەت. ئىراق ئۇرۇشى بۇ دەرسنىڭ پىلانىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن بولۇپ، بۇ تېمىنى زادىلا مۇزاكىرە قىلمىدۇق. ئىراق مەسىلىسى زادىلا تىلغا ئېلىنمىغان بولغاچقا، ھېچ كىم بۇ تېمىنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقالمىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ دەرس، ۋە بۇ مەۋسۇم ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن بۇرۇنقى بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا بىر قېتىم چىقىرىش مېنىڭ ئەخلاقى بۇرچۇم، دەپ ئويلىدىم. مەن بۇرۇنقى ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن. ئەمما مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش، ۋە ئۆزەمنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى ئوچۇق-ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇش ئىستىكىدە بولدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە تۆۋەندىكىلەرنىمۇ چۈشىنىۋالماقچى بولدۇم:

(1) بلايېر ئۆزى قىلغان ئىراققا كىرىش قارارى ئۈچۈن پۇشايمان قىلامدۇ-يوق،

(2) ئۆز خەلقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇ ئۇرۇشقا قارشى تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، بلايېر ئۆز خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئەنگلىيىنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. بۇ قىلىق نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن دېموكراتىيىنىڭ كۆرۈنىشتە بىر خىل، ئەمەلىيەتتە يەنە بىر خىل بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بلايېر بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتەلىدىمۇ-يوق،

(3) بلايېرنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇن قىسىملىرىدىكى ئوبرازى «ئۇرۇشقا ئامراق ئادەم» بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئۈچۈن «تىنچلىق ئەلچىسى» بولۇشقا لاياقەتسىز قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئەھۋالنى بلايېر چۈشىنەمدۇ-يوق؟ بلايېر يېقىندا پەلەستىن كرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بىر 4 تەرەپلىمە ئۆمەكنىڭ «ئالاھىدە ۋەكىلى» بولدى. ئەمما ئاشۇ رايوندىكى ھەممە كىشىلەر بۇ ئىشقا نىسبەتەن «بىر چوڭ ئەمەلىي چاقچاق» (a big practical joke) دەپ قارىماقتا.

بۇ تېمىنى ئوتتۇرا ئېلىپ چىقىش ئادەمنى ئىنتايىن راھەتسىزلەندۈرىدىغان بولسىمۇ، مەن باشقا بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىمنىڭ ياردىمىدە، بۇ مەسىلىنى ئەڭ ئاخىرقى دەرىستە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتىم. مەن قەتئىي ۋە ئېغىربېسىق بولۇشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم. مەن شۇنچە تىرىشقان بولسامۇ، مېنىڭ توك تېگىشىم ئۇنى خېلىلا ھودۇقتۇردى (بۇنىڭغا مېنىڭ دوستلىرىم گۇۋاھ). بىز 10 مىنۇتتەك مۇنازىرىلەشتۇق. شۇ ئارقىلىق مۇنداق ئەھۋال ئېنىق بولدى: بلايېر ئۆزى ئالغان قارارغا پۇشايمان قىلمايدىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە شۇ بولدىكى، بىز بىر قەبىھ دىكتاتورچىنى يوقاتتۇق.» ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى «دېموكراتىيىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئەگەر خەلق ئۇنىڭ تۇتقان يولىغا قوشۇلمىغان بولسا، ئۇلار ئۆزىنى سايلامدا سايلىمىغان بولاتتى»، دەپ ئويلايدىكەن. خەلقلەر كېيىن ھەقىقەتەنمۇ ئۇنى سايلىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئوبرازىنى ئۇنچىۋالا ناچار ئەمەس، دەپ ئويلايدىكەن. سەۋەبى، ئۇ ئىراقنىڭ قەيېرىگە بارسا، ئۇ يەردىكى خەلقلەر ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. مەن بۇنىڭغا قارىتا ئۇنىڭغا «سەن يالغۇز مەخسۇس تاللانغان باياناتچىلار بىلەنلا كۆرۈشمەي، كوچىلاردىكى كىشىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ باققان بولساڭ بولاتتى»، دېدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ «ياۋروپا بىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئۈچۈن بېكىتكەن ئالاھىدە ئەلچىسى» بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكىگە ئىنتايىن قاتتىق ئىشىنىدىكەن.

## 6. خۇلاسە

مېنىڭ بۇ دەرسنى تاللىغىنىم بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئەمما، مەن قاتناشتۇرغان پىكىرلەرگە باشقىلار ناھايىتى زور دەرىجىدە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ھەممە پىكىرلىرىمنى باشقىلار ناھايىتى قەدىرلىدى. بىر قىسىم پروفېسسورلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ بۇ دەرىستە بولغۇنۇم بۇ دەرىستە بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك پەيدا قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان تەرىقىدە ئويلىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ دەرسكە قاتنىشىش-قاتناشماسلىق ھەققىدە قارار ئېلىش مەن ئۈچۈن بىر ناھايىتى قىيىن تاللاش بولغانىدى. ئەمما مەن بۇ دەرسكە قاتنىشىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجىلەردىن ناھايىتى رازى بولدۇم. مەن كەلگۈسىدە بۇنىڭدىن بىر قىسىم ياخشى ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**مۇشۇ زېمىندا ھازىرقىدەك ياشاۋاتقان بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جەمئىيەتتىكى ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئارىلىشىپ بېقىشنى تولىمۇ پايدىلىق ۋە زۆرۈر ئىش، دەپ ئويلايمەن. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىمىز بىلەن قەتئىي بىر پىكىردە بولمىغان سىياسەتچىلەرمۇ بار. بىز پەقەت كاللىمىزنى بىر قۇملۇقنىڭ ئىچىگە پاتۇرىۋېلىش، باشقىلارغا قەھرى غەزىپىمىزنى بىلدۈرۈش، ياكى ئۇلارغا لەنەت ئوقۇش ئارقىلىقلا ھېچ ئىشنى ھەل قىلالمايمىز. بىز باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارغا بىر قىسىم ئىشلارغا نىسبەتەن ئۆزىمىزنىڭ قانداق تونۇشتا ئىكەنلىكىمىزنى، ۋە نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ئويلايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىش ئارقىلىق، بۇرۇن مۇمكىن بولمىغان نۇرغۇن يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.**

**مېنىڭ بىلىشىمچە، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار «باشقىلار» بىلەن ئارىلىشىشقا نىسبەتەن رادىكال پوزىتسىيە تۇتىدۇ. باشقا بارلىق رادىكاللىقلارغا ئوخشاشلا، بۇ ئىشتىمۇ ئىككى تەرەپ بار. بەزىلەر سىياسىيغا ئارىلىشىش، ۋە مېدىئاغا ئاۋاز بېرىش ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى، دەپ ئويلايدۇ. تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە كىرىش بىزنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈپ، ئۈممەتلەر ئارىسىدا ۋە ئۈممەتلەر ئۈچۈن تىنچلىق بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى، دەپ قارايدۇ. بۇنداق مۇسۇلمانلار پەقەت ماددىي ۋاستىلارنىلا تەشەببۇس قىلىپ، روھىي ياكى دىنىي ۋاستىلارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇشقا مايىل كېلىدۇ.**

**يەنە بىر قۇتۇپتىكى مۇسۇلمانلار بولسا ئىنتايىن قاتتىق بېكىنمىچىلىك قىلىپ، سىياسەت ۋە مېدىئا ئىچىگە كىرمەكچى بولغانلارغا «خائىنلار» دېگەن قالپاقنى كەيدۈرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىدىن پەس كۆرىدىغان كىشىلەردە خورلۇقتىن باشقا نەرسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمەيدۇ.**

**بۇرۇنقىدەكلا، ئوتتۇرا يول ئەڭ ياخشى يولدۇر. ئۆزىدە دىنغا بولغان ئىخلاسمەنلىك ۋە ئېسىل خاراكتېرلارنى يېتىلدۈرۈش ھەممىدىن مۇھىم. ئۇنىڭدىن قالسا، «باشقىلار» بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتتۈشمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ بىردىن-بىر يولى ئەمەس بولۇپ، ئۇ پەقەت بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى، ۋە كېيىنكى دۇنيادىكى، ھاياتىمىزنى مەنىلىكرەك قىلىشتىكى مۇھىم ۋە زۆرۈر قەدەملەردۇر. بىز پەقەت باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىقلا ئۇلارغا ئۆزىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتالايمىز. بىز پەقەت دىنى ئېتىقادىمىزنى ساقلىغان ھالدا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىقلا، بىزنىڭ ماددىي جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىمىزنى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرەلەيمىز.**

**پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنى بىر تەرەپتىن ئاللاھقا ئىشىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تۆگىلىرىمىزنى باغلاپ قويۇشقا بۇيرىغان. مېنىڭ قارىشىمچە، بىزنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتتۈشىمىز تۆگىنى باغلاپ قويۇشنىڭ بىر قىسمى، ئەمما بىز ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك.**

## ئاخىرقى سۆز

**تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ سۆزلىرى ئەمەس. ئۆزەمنىڭ سۆزلىرى.**

**مەن ھازىرغىچە مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش، ئىچكى توقۇنۇش، ساپانىڭ تۆۋەن بولۇشى، ۋە تەرەققىياتنىڭ ئارقىدا قېلىشنى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىز باشقىلاردىن كۆپ ياخشى، دەپ ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. مەن ئۆزەمنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىسىغا**

چۈشكەن ئىنكاسلارنى كۆرۈپ، مەن سۆيىدىغان مىللىتىمنىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ بىر كۆرۈنۈشىنى يېڭىدىن بىلگەندەك بولدۇم. ئېھتىمال باشقا زىيالىيلىرىمىزمۇ شۇنداق قىلغاندۇ. ياكى ئۇلار بۇنداق ئەھۋالنى بۇرۇندىن تارتىپلا بىلىدىغان بولۇپ، شۇڭا ھازىرقىدەك يول تۇتىدىغان بولۇپ قالغاندۇ.

بىر قىسىم قېرىنداشلار بۇ قېتىممۇ مەندىن بۇرۇنقىدەكلا ئەنسىرىدى. ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. مەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مىللەت ئۈچۈن ئەسقاتمىغان ئىناۋەتنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوق. خەلقىمىزگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ئابروينىڭ ماڭا ھېچ بىر كېرىكى يوق. مەن خاتا قىلدىم، دەپ ئويلىمايمەن. مەن يۈزۈم تۆكۈلدى، دەپمۇ ئويلىمايمەن. شۇڭا ماڭا كۆيۈنىدىغان قېرىنداشلارنىڭ مەندىن خاتىرجەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بىر ئۆمۈر قاتتىق تىرىشتىم. ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. بەزى ساھەلەردە ياخشى قىلالىدىم. ئەمما بەزى ساھەلەرگە يېتىشەلمىدىم. يېتىشەلمىگەن ساھەدە خەلقىمگە بېرەي دېسەم بىلىمىم ئانچە يوق. ھازىرقى ئەھۋالغا قاراپ، ئۆزەمنىڭ كەسپىي ئەمەس ساھەدە بىر ئاز ئىش كۆرمىسە بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر خىل تەقەززالىق مېنى داۋاملىق قىستاۋاتىدۇ. شۇڭا تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىمنى ئىشقا سېلىشقا تىرىشىۋاتىمەن. ئاللاھ خالىسا، ئۇنداق قىلىشنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرىمەن.

بۇنىڭدىن 5 ـ 10 يىل ئىلگىرى، بىر دۇنياغا داڭلىق جۇڭگولۇق ئەرباپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «جۇڭگو بىنا ياساشتا غەربلىكلەرگە ئاسانلا يېتىشىۋالالايدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئېڭىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۇنداق قىلىش ھازىرقى تۈزۈلمە ئاستىدا مۇمكىن ئەمەس. نەچچە يۈز يىل غەربلىكلەرگە مۇستەملىكە بولۇپ خوڭكوڭلۇقلارنىڭ ئېڭى ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېڭىدىمۇ ئاشۇنچىلىك يۈكسىلىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو كەم دېگەندە بىرەر يۈز يىل غەربلىكلەرگە مۇستەملىكە بولۇشى كېرەك.» (بۇ نەقىل ئەمەس، مەن پەقەت ئېسىمدە قالغىنىنى يېزىپ قويىدۇم) ئۇ كىشىنىڭ بۇ سۆزلىرى جۇڭگو دائىرىلىرى ۋە بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىغا ئۇچرىدى.

ياسىر قازىنىڭ دېيىشىچە، بۇنىڭدىن 10 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىر يېقىن دوستى، بىر ئوتتۇرا شەرقلىق تونۇلغان دىنى ئالىم تەكلىپ بىلەن ئامېرىكىغا كېلىپ، بىر ئىسلام مەركىزىدە 6 يىل ئىماملىق قىلىپتۇ. شۇ 6 يىلنىڭ ئىچىدىكى ئاخىرقى 4 يىل ئىچىدە، ئۇ دەسلەپكى 2 يىل ئىچىدە چىقارغان پەتىۋالىرىنى بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرى بولۇپتۇ. بۇ سۆزلەر تۆۋەندىكى 4-نومۇرلۇق مەنبەدە بار.

مەن بۇ قېتىم كۆرۈلگەن ئەھۋالنىڭ ۋەتەندىكى ۋە چەت ئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئويغىتىش پۈشتىكى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇ قېتىم بىزگە شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەر ئىككىسىدە تەربىيە كۆرگەن مەھدى ھەسەن بىلەن ياسىر قازىدەك زىيالىيلارنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەن ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈۋاتقان بارلىق ئىنى-سىڭىللىرىمىزنىڭمۇ بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن 80-يىللارنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر بوشلۇق ۋە ئەڭ مۇھىم كەسپ ياسىر قازى ھازىر قىلىۋاتقان كەسپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. ھەمدە شۇ چاغدا كەسپىمنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كېلىپ، مەن فاكۇلتېتىنىڭ بىر باشلىقىغا كەسپىمنى ئېلېكتىر كەسپىدىن بىر ئىجتىمائىي-پەن كەسپىگە ئۆزگەرتىش ئىلتىماسىنى ئېيتىپ باققان ئىدىم. ئەمما مەن سۆزلەشكەن

رەھبەر مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تەبىئىي-پەن كەسپى بىلەن «ئۇيغۇر ۋەكىلى» بولۇپ قالغانلىقىمنى تەكىتلەپ، ئۇنداق قىلىشىمنىڭ مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان، ھەمدە شۇ ئاساستا مېنىڭ ئىلتىماسىمنى رەت قىلغانىدى. مەن 90-يىللارنىڭ بېشىدا چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىمۇ مىللەت ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇشنىڭ بىر يولى ئەنە شۇ ياسىر قازى يولى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەمما مەن ئۇ چاغدا ياپونىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ، ئامېرىكىدىكى يېڭى ئوقۇشنى باشلاپ، تەبىئىي-پەنگە خېلى چوڭقۇرلاپ كىرىشىپ كەتكەن بولغاچقا، كەسپ ئۆزگەرتىش يولىنى تۇتمىغان ئىدىم. مېنىڭ بۇ يەردە بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب، بىز ھازىر ياسىر قازىدەك ئادەملەرگە تولىمۇ مۇھتاج بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇنداق ئادەملەرگە تېخىمۇ مۇھتاج بولىمىز. شۇڭا ھازىر ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش باسقۇچىدا كېتىۋاتقان ئىنى-سىڭىللارنىڭ بۇ ئىشنى ناھايىتى ئوبدان ئويلىشىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] https://www.facebook.com/MrMehdiHasan?ref=br_tf

[2] بىلىمخۇمار، «سۈننى ئىسلامدىكى ۋاھابى ۋە سەلەفى ھەرىكەتلىرى» 27-3-2014

[3] Mehdi Hasan: Islam is a peaceful religion—Oxfor Union
https://www.youtube.com/watch?v=Jy9tNyp03M0

[4] Ex-Salafi Shaikh Yasir Qazi `s Repentence from Salafism & Wahhabism
https://www.youtube.com/watch?v=NW8jxMu0wTs

[5] To Blair or Not to Blair, That is The Question (Tony Blair, Yasir Qadhi & a Classroom in Yale)
http://muslimmatters.org/2009/02/04/to-blair-or-not-to-blair-that-is-the-question/

# ئىسلام دىنىدىكى ئوتتۇرا يول ھەققىدە

## 2014-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنى

مەن ئەسلىدە بۇ قېتىم ئىسلامنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا ئائىت بىر تېما يېزىشقا تەييارلىنىپ، ئۇنى يېزىشقىمۇ باشلىغان ئىدىم. ئەمما، ئۇ مەزمۇن ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولۇپ، مەن تېخى ۋاھابى-سەلەفى ھەققىدىكى تېمىدىن كېيىن ئۆزۈمدە پەيدا بولغان يۈرەك ئېچىشىشىدىن تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىدىم. ئۆزۈم ۋە مەن بىلەن ئوخشاش ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن باشقا قېرىنداشلارنى ئويلاپ، بۇ قېتىم مەزكۇر تېمىنى يېزىش قارارىغا كەلدىم.

مەن ئالدىنقى تېمىدا ئەنگلىيىلىك مۇسۇلمان زىيالىي مەھدى ھەسەن، ۋە ئۇ قاتناشقان بىر مۇنازىرىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلار مەھدى ھەسەننىڭ ئاشۇ مۇنازىرىدە ئوتتۇق سۆزلىگەن سىن ھۆججىتىنى بىر قېتىم كۆرۈپ چىقتى، دەپ ئويلايمەن. ئەنگلىيىدە 1823-يىلى قۇرۇلغان «ئوكسفورد بىرلەشمىسى جەمئىيىتى» دەيدىغان بىر جەمئىيەت بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن كىشىلەر ئەزا بولىدۇ. ھەممە ئۇلار ئارىلاپ-ئارىلاپ نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىم، دەپ قارالغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىككى تەرەپ بولۇپ نەق مەيداندا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، مۇنازىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنازىرە تېمىسى ئۈستىدە بېلەت تاشلاپ، قارار ئالىدۇ. ئاشۇنداق مۇنازىرىنىڭ بىرسى 2013-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئىسلام دىنى بىر تىنچلىقپەرۋەر دىنمۇ-ئەمەسمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مۇنازىرىدە ئاقلىغۇچىلاردىن 3 كىشى، قارىلىغۇچىلاردىن 3 كىشى مۇنازىرىگە چۈشكەن بولۇپ، ئاقلىغۇچىلارنىڭ بىرى مەھدى ھەسەن ئىدى. بېلەت تاشلاش نەتىجىسىدە «تىنچلىقپەرۋەر» دېگەنگە قوشۇلىدىغان بېلەت 286، قارشى تۇرىدىغان بېلەت 168 چىقىپ، «ئىسلام دىنى بىر تىنچلىقپەرۋەر دىن» دېگەن خۇلاسە چىقتى. بۈگۈن قارىسام بۇ مۇنازىرىدە مەھدى ھەسەن نۇتقىنىڭ يۈتۇيۇب (YouTube) دىكى سىن ھۆججىتى جەمئىي 1335887 قېتىم كۆرۈلۈپتۇ [1]. بۇ سىن ھۆججىتىنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ بىر مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايدۇ.

**Mehdi Hasan,** Muslim journalist and political editor of the UK edition of the Huffington Post, gives his argument for Islam being a peaceful religion:




1 ـ رەسىم: مەھدى ھەسەن لوندوندا مۇنازىرە نۇتقى سۆزلەۋاتقان بىر كۆرۈنۈش


**بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ 11ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار باشقىلار تەرىپىدىن ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە خارلاندى. غەرب ئەللىرىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىدىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقىنى مەخپىي ئېلىپ بېرىشقا ئۆتتى. ئەمما، 2009ـ يىلى ياسىر قازى سابىق ئەنگلىيە باش مىنىستىرىنى مۇنازىرىلىشىش جەريانىدا كۆپ قېتىم سوئالدا تۇتتۇۋالدى. 2013ـ يىلى مەھدى ھەسەن ئەنگلىيىدىكى بىر مۇنازىرىدە ئۇتۇپ چىقىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادىكى ياخشى ياكى ئەسلى ئوبرازىنىڭ قايتا تىكلىنىشىگە زور تۆھپە قوشتى. ئۇلار نېمىشقا ئاشۇنداق قىلالىدى؟ «بىلىم ـ ـ كۈچ» بولغانلىقى ئۈچۈن. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا قورال بىلەن يەڭگىلى بولمايدىغان دۈشمەننى بىلىم بىلەن يەڭگىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكىسى شۇنىڭ ئىككى مىسالى. «بىلىم ـ ـ كۈچ» دېگەن سۆزنى ئىنگلىزچە «Knowledge is power» دەيدۇ. بىز ئادەتتە «power» دېگەن سۆزنى «كۈچ» دەپ ئالىدىغان بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە «كۈچ» ئەسلىدىكى سۆزنىڭ مەنىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئىنگلىزچە سۆزنىڭ يەنە «ھەممىدىن ئۈستۈن كېلىدىغان كۈچ-قۇدرەت»، «ھاكىمىيەت بەشىدىكى ھوقۇق»، «باشقىلارنى ئىدارە قىلىدىغان ھوقۇق»، «باشقىلارنى بويسۇندۇرغۇزىدىغان قابىلىيەت»، «پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرىدىغان ئۈستۈنلۈك» دېگەندەك مەنىلىرىمۇ بار.**

**ئىسلام دىنى بىر ئۇلۇغ دىن. بۇ ھەقىقەتنى ھەممە مۇسۇلمانلار بىلىدۇ. بۇ پاكىتنى ھەممە ئۇيغۇرلارمۇ بىلىدۇ. ئەمما، بىرسى «نېمىشقا ئىسلام دىنى ئۇلۇغ دىن، دەيسەن؟»، دەپ سورىسا كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. كۆپىنچە ئۇيغۇرلارمۇ ھەم شۇنداق. كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ تەرەپلىرىنى، ياكى ئىسلام دىنىنى ئۇلۇغ قىلغان ئامىللارنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى باشقىلارغىمۇ**

دەپ بىرەلمەيدۇ. ئۇ ئارتۇقچىلىقلارنى، ئۇ كۈچلۈكلۈكلەرنىمۇ جارى قىلدۇرالمايدۇ. ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى مانا شۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇ ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، «زەھەر» نى «ھەسەل» دەپ قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىسلامدىن يىراقلىشىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىۋاتقان ئەھۋال مەۋجۇت. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تەتۈر يولدا مېڭىشى، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇنداق توسقۇنلۇقنى ئۇلار بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقارمىسىمۇ، ئاشۇنداق توسقۇنلۇقلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال ۋاقتىدا ئۆزگەرتىلمەيدىكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ھاياتى تېخىمۇ زور خەتەرلەرگە دۇچ كېلىدۇ.

قىسقىسى، بىلىم – كۈچ. ئىسلامنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ، جۈملىدىن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. مۇنداق دېسەم، بەزىلەر «بىز ئۇلارنى بىلىمىز»، دېيىشى مۇمكىن. توغرا، ئۇلارنى بىلىدىغانلار بار. ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلارمۇ بار. لېكىن، بىلمەيدىغانلارمۇ كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ، باشقىلارغا خاتا ئۇچۇر بېرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

دوكتور ياسىر قازىنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە ئوخشىمىغان شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارغا سۆزلىگەن بىر قاتار لېكسىيىلىرى بار بولۇپ، بۇ لېكسىيىنىڭ ئەڭ يېڭىسىنى ئۇ 2014-يىلى 23-مارت كۈنى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە سۆزلىگەن. ئۇنىڭ تېمىسى «ئوتتۇرا يولنى ئىزدەش» ( In Pursuit of the Middle Path) [2]. مەن بۇ لېكسىيىنى كۆپ قېتىم ئاڭلاپ، مەن بۇرۇن باشقىلاردىن ئاڭلىغان بەزى دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ھەمدە ئىسلام توغرىسىدا بىر قىسىم ئىنتايىن قىممەتلىك يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ لېكسىيىنىڭ مەزمۇنىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق تونۇشتۇرىمەن. بۇ لېكسىيە ئىسلام دىنىنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان قېرىنداشلارنى نۇرغۇن ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاران ئېرىشەلەيدىغان يېڭى بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ، ھەمدە ئىسلام دىنىدا خېلى كۆپ بىلىم توپلاپ بولغان، ھەمدە بىر دىنىي زىيالىي دەرىجىسىگىچە كۆتۈرۈلۈپ بولغان قېرىنداشلارنىمۇ بىر ئىچچام ھەم تەرتىپلىك خۇلاسە بىلەن تەمىنلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن. ياسىر قازى بىر ئەقىدىشۇناس ۋە بىر ھەدىسشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ لېكسىيىلىرى ئاساسەن قۇرئان، ھەدىس ۋە سىيرەت (Seerah، ياكى پەيغەمبەر تەرجىمھالى) نى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، ئىسلام ئېتىقادىدا قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتىشنى ئىستەيدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇنىڭ لېكسىيىلىرى تولىمۇ پايدىلىق، دەپ قارايمەن.




2 ـ رەسىم: ياسىر قازى 2014 ـ يىلى 23 ـ مارت كۆنى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە نۇتۇق سۆزلەۋاتقان بىر كۆرۈنۈش.




3 ـ رەسىم: ياسىر قازى 2014 ـ يىلى 23 ـ مارت كۆنى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە نۇتۇق سۆزلەۋاتقان زالنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

**مەن بۇ ماقالىدا پەقەت ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنلارنىلا تونۇشتۇرىمەن. ئەگەر ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن. ياسىر قازى ئۆز نۇتقىدا**

قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەر بىلەن ھەدىستىكى بەزى مەزمۇنلارنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنى ئالدى بىلەن ئەرەبچە دەپ، ئاندىن ئىنگلىزچە چۈشەندۇرىدۇ. ئەمما ئۇ قۇرئاندىكى مەزمۇنلارنى مىسال قىلىپ ئالغاندا، ئۇنىڭ قانچىنچى سۈرە ۋە قانچىنچى ئايەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمايدىكەن. مەن ئاشۇ ئايەتلەر بىلەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى ئىمكانقەدەر ماقالىگە بىۋاستە ياكى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزۈپ قويدۇم. ئەمما ئۇلارنىڭ قايسى سۈرە ۋە قايسى ئايەت ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلاردىن بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەسلى تېكىستىنى مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئىنكاس شەكلىدە چاپلاپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق قىلساق، بۇ ماقالە نۇرغۇن ئاپتورلارنىڭ تۆھپىسى بىلەن پۈتكەن بىر پارچە ماقالە بولىدۇ. ھەمدە قۇرئان ۋە ھەدىسنى پىشىقتىن ئۆگىنىۋاتقان قېرىنداشلارغا زور پايدىسى بولىدۇ. مەن كېيىنكى ماقالىلىرىمدىمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشىم مۇمكىن. مەن قېرىنداشلارنىڭ مۇشۇنداق ياردىمى ئۈچۈن ئالدىنئالا رەھمەت ئېيتىمەن.

تۆۋەندە مەن ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنلارنى باشلايمەن.

## 1. ئەرەبچە «ۋاسات» دېگەن سۆز ھەققىدە

قۇرئان كەرىمدە «ۋاسات» ۋە «ۋاساتان» دېگەن سۆزلەر كۆپ يەرلەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىدە مۇنداق ئىككى مەنىسى بار. ئۇنىڭ بىرسى «ئوتتۇرىسى، مەركىزى، ئوتتۇراھال» دېگەندىن ئىبارەت. «ۋاساتا» دېگەن سۆزنىڭ ئاساسلىق مەنىسى مۇشۇ بولۇپ، ئۇ بىر نەرسىنىڭ ئىككى قۇتۇپنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى مەنىسى بولسا «ئەڭ ئېگىز، ئەڭ يۇقىرى» دىن ئىبارەت بولۇپ، «بىر توپ ئادەملەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەم»، ۋە «ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان جامائەت» دېگەندەك يەرلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

«ۋاساتا» نىڭ مەركىزىي لېكسىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەنىسى ئۇنىڭ «ئوتتۇرا، ئوتتۇراھال» دېگەن مەنىسى بولۇپ، قۇرئاندا «بىز سىلەرنى ئوتتۇرىدىكى جامائەت قىلىپ ياراتتۇق» (We have made you a Ummatan Wasata) دېگەن مەنىگە يېقىن بىر ئايەت بار. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇسۇلمان جامائەتلىرى دۇنيادىكى بارلىق جامائەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان قىلىپ يارىتىلغان، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان قىلىپ يارىتىلغان، مۇسۇلمانلار ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرسىگە توغرا كېلىدىغان ئەمەس، ئىككى قۇتۇپنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان قىلىپ يارىتىلغان، دېگەندىن ئىبارەت. تۆۋەندە مەن مۇسۇلمانلارنىڭ «ئوتتۇرىدىكى جامائەت» قىلىپ يارىتىلغانلىقىنىڭ 10 مىسالىنى چۈشەندۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇنداق مىسالدىن بىرەر يۈزنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردە مەن پەقەت 10 مىسال ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

**ئىلاۋە:** مەن بۇگۈن ئىنگلىزچە تورلارنى ئىزدەپ، «ئۇمماتان ۋاساتا» دېگەن سۆز ئىنگلىزچىدا «ئوتتۇراھال دۆلەت» (middle nation) ۋە «ئوتتۇراھال جامائەت» (middle community) دەپ ئېلىنغانلىقىنى، ھەمدە «ئۇمماتان ۋاساتا» دېگەن سۆز 2-سۈرە، 143-ئايەت (ئۇيغۇرچە قۇرئاندا 23-بەت) تە ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ئايەتتىكى 1-جۈملە سۆز قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە مۇنداق ئېلىنىپتۇ: «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى

ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. (143ـ2، 23ـبەت)» يەنى، ياسىر قازىنىڭ «ئوتتۇراھال جامائەت قىلىپ ياراتتۇق» دېگەن چۈشەندۈرۈشىدىكى مەزمۇن بۇ يەردە «ياخشى ئۈممەت قىلدۇق»، دەپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە «ئوتتۇراھال» دېگەن سۆز ئىشلىتىلمەپتۇ. مەن ئەرەبچىنى بىلىدىغان دىنىي زىيالىيلاردىن بىرىنىڭ بۇ ئەھۋالنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ئىنكاس شەكلىدە ئازراق ئىزاھات بېرىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ياسىر قازى بۇ يەردە «مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا يولنى تۇتىدىغان خەلق قىلىپ يارىتىلغان، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا يولنى تۇتىدىغان دىن قىلىپ چۈشۈرۈلگەن» دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 2. ئىسلامدىكى ئوتتۇرا يولنىڭ 10 مىساللىرى

### (1) ئىسلام يولى خۇراپاتلىق بىلەن راتسىئونالىزملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول

ئەگەر سىز ئىنسانلار جەمئىيىتىگە، كلاسسىك دىنلارغا، ھازىرقى زامان تەرەققىياتلىرىغا، ياكى ھەر قانداق تەرەققىياتلارغا، ھەر قانداق دىن، ۋە ھەر قانداق پەلسەپىگە قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، سىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىككى قۇتۇپ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئەپسانىلىك (myth) ۋە خۇراپاتلىق (superstition). ئۇنىڭ ئىككىنچىسى بولسا ئىلمىيلىق، راتسىئونالىزملىق (rationalism)، ۋە ماتېرىيالىزملىق. بىرىنچى قۇتۇپتىكىلەر ئەجدادلىرىنىڭ دېگەنلىرىگە شۇ پېتىلا ئىشىنىدۇ. ئىككىنچى قۇتۇپتىكىلەر بولسا ھەممە نەرسىگە ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگۈچە ھېچقانداق نەرسىگە ئىشەنمەيدۇ. بىز مۇسۇلمانلار بولساق ئوتتۇرىدىكى جامائەتكە كىرىمىز. ئاللاھ بىزگە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەم ئىمانى بار بولىدىغانلىقى، ھەم ئۆز ئالدىغا تەپەككۇر قىلىشقا قادىر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. سىز ھەممە ئىشتا راتسىئونالىقنى تەلەپ قىلالمايسىز. سىز ھەممە ئىشلارنى ئۆز ئەقلىڭىز بىلەن چۈشىنىپ كېتەلمەيسىز. ئەمما، سىز بىر نەرسىگە قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلسىڭىز ھەم بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار «سەن دىنىنى مەڭگۈ چۈشىنىپ بولالمايسەن، شۇڭا ئۇنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىشىڭ، ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئىشىنىشىڭ كېرەك» دېگەن ئىدىيىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر بىز دىنغا قارىغۇلارچە ئىشەنسەك، ھەر بىر دىندىكىلەر ئۆز دىنىغا قارىغۇلارچە ئىشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە دىندىكىلەر «بىز تۇتقان يول توغرا يول» دەپ قارايدىغان ئىش كېلىپ چىقىدۇ. يەنە بىر قۇتۇپتىكىلەر بولسا ھەممە ئىشنى ئىلمىي نۇقتىدىن ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەقلىنىڭ چەكلىمىسى بار. سىز ھەممە نەرسىنى چۈشىنىپ بولالمايسىز. سىزنىڭ ئەقلىڭىز ھەرگىزمۇ ئاشۇ ئەقلىنىڭ ياراتقۇچىسىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. ئەگەر سىز «مېنىڭ ئەقلىم ئاشۇ ئەقلىنىڭ ياراتقۇچىسىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ»، دەپ ئويلايدىكەنسىز، ئۇ بىر ھاكاۋۇرلۇق بولىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا «ئويلا، ئەسلە، تەپەككۇر قىل» دەيدۇ. ئاللاھ سىزدىن تەپەككۇر قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما سىز «ئىسلام ھەق ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ سىزدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان (unseen) نەرسىلەرگىمۇ ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەر بىر ئىشنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىرسى كېلىپ مەندىن «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن كۈنىگە 5 ۋاق ناماز ئوقۇيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن 4 ۋاق ياكى 3 ۋاق ئەمەس، 6 ۋاق ياكى 7

ۋاق ئەمەس، پەقەت 5 ۋاقلا ناماز ئوقۇيدۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى مەن بىلمەيمەن. بۇنىڭغا مەن بىر راتسىئونالىققا ئىگە جاۋابنى بېرەلمەيمەن. مەن بېرىدىغان جاۋاب، «ئاللاھ بىزدىن ئاشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلغان» دىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

### (2) ئىسلام تېئولوگىيە (ئەقىدە) بىلەن قانۇننى بىرلەشتۈرگەن

ئەگەر بىز جۇدائىزم (يەھۇدىيلار دىنى) گە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاساسەن قانۇندىنلا تەركىب تاپقانلىقىنى بىلىمىز. يەنى، جۇدائىزم جەمئىي 613 قانۇندىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ دىنغا چوقۇنىدىغانلاردىن ئاشۇ قانۇنلارغا ھەر بىر سۆزگىچە ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنغان. جۇدائىزمدا تېئولوگىيىلىك مەزمۇن ئىنتايىن ئاز. ئەمدى خرىستىئان دىنىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ھېچقانداق قانۇن يوقلۇقىنى بايقايمىز. خرىستىئان دىنى بۇ دىننى قوبۇل قىلغۇچىلاردىن پەقەت ئۆزىنى ئاللاھ قۇتقۇزىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنىلا تەلەپ قىلىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىدىكى يولدا ماڭىمىز. بىزدە ئەقىدە بار، ھەمدە قانۇنمۇ بار. يەنى ئىسلام ئىمان بىلەن قانۇننىڭ بىرىكمىسى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىمان بىلەن قانۇننى ناھايىتى مۇكەممەللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ۋە تەكىپۇڭلاشتۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

### (3) ئىسلام تەقۋادارلىق بىلەن رەسمىيەتلەرنى بىرلەشتۈرگەن

ئىسلام تەقۋادارلىق (spirituality) بىلەن رەسمىيەت (ritual) نى ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا بىرلەشتۈرگەن. ھازىر دۇنيادا «دىنسىز تەقۋادارلىق» (spirituality without a religion) دېگەن بىر يېڭى سۆز چىقتى. ئەنگلىيەدە بىر قېتىم خەلقلەردىن راي سىناش ئېلىپ بارسا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر «مەن تەقۋادار، ئەمما دىندار ئەمەس»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى نېمە؟ بەزى دىنلاردا پەقەت رەسمىيەتلا بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق تەقۋادارلىق يوق. بىز مۇسۇلمانلار بۇ جەھەتتىمۇ ئوتتۇرا يولنى تاللىغان بولۇپ، بىز تەقۋادارلىق بىلەن رەسمىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىمىز. رەسمىيەتسىز تەقۋادارلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەج قىلىش ۋە زاكات بېرىشتا ئوخشاش رەسمىيىتى يوق تەقۋادارلىق مەۋجۇت بولمايدۇ. ناماز ئوقۇشتىن مەقسەت ئايەتلەرنى ئوقۇپ، نامازنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ تۈگىتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ بىزگە «ناماز ئوقۇپ، مېنى ئەسلە، مېنى ئېسىڭدە تۇت» دەيدۇ. رەسمىيەتنىڭ ئىچىدە تەقۋادارلىق بار. ھەمدە تەقۋادارلىق رەسمىيەتلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. غەربىي-جەنۇبىي ئاسىيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ئېتىقادلاردا پەقەت رەسمىيەتلەرلا بار بولۇپ، ئۇلاردا ھېچقانداق تەقۋادارلىق يوق. قىسقىسى، ئىسلامدا تەقۋادارلىق بىلەن رەسمىيەتلەر ئىنتايىن مۇكەممەللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن.

### (4) ئىسلام ھازىرقى ھايات بىلەن كېيىنكى ھاياتنى ئىنتايىن ياخشى تەكىپۇڭلاشتۇرغان

بىز ھازىرقى دۇنيادا ياخشى ياشاشقا، بىر تەكىپۇڭلاشقان ھاياتنى ياشاشقا تىرىشىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېيىنكى دۇنيادىمۇ بىر ياخشى ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. ئەمما، باشقا بەزى دىنلار بۇ دۇنيادىكى ھاياتنى پۈتۈنلەر ئىنكار قىلىدۇ. ھازىرقى زامان مېتودولوگىيىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا، مەسىلەن، ئىستېمالچىلىق، ماتېرىيالىزم ۋە كاپىتالىزمنىڭ ھەممىسىدە «ئاخىرەت» دەيدىغان ئۇقۇم يوق. ئۇلاردا «كېيىنكى ھايات» دەيدىغان ئۇقۇم يوق. بىز

مۇسۇلمانلار بۇ ئىككى ھاياتنى ئىنتايىن مۇكەممەل يۇسۇندا بىرلەشتۈرىمىز. ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا تەڭپۇڭلاشتۇرىمىز. بىز ئۆزىمىزگە كېيىنكى دۇنيادا ياخشى ياشاشنى غايە قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىرقى دۇنيادا ياخشى ياشاشقا سەل قارىمايمىز.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن «قارۇن» ئىسىملىك بىر چوڭ باي بولۇپ، ئاللاھ باشقا تەقۋادارلارنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: قولۇڭدا بار مۇشۇ پۇللار بىلەن چوقۇم ئاخىرەتتىكى ئوردىنى ياكى ئاخىرەتتىكى سارايىنى ياسىغىن، ئەمما، ھازىرقى دۇنيادىكى ھاياتىنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالما. سېنىڭ بۇ دۇنيادىمۇ رىزقىڭ بار. سېنىڭ بۇ دۇنيادىكى خۇشاللىقلارنىڭ ھەممىسنى بىر ياققا قايرىپ قويۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر سەن بىر مىليونېر بولساڭ، سېنىڭ بىر جەپپىر ئۆيدە ئولتۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق. كېيىنكى ھايات ئۈچۈن ئوردا ياسا، ئەمما ھازىرقى ھايات ئۈچۈن ئوردا ياساشنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالما. مانا بۇ ئاللاھ قارۇنغا دېگەن گەپلەر.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ گۈزەل تەرەپلىرىنىڭ بىرى مانا مۇشۇ. ئاللاھ بىزگە «بارغىن، بۇ دۇنيادىن بىر ھايات ئادەمدەك ئوبدان ھۇزۇرلانغىن، ئەمما تېخىمۇ مۇھىم ھاياتنىڭ يەنە بىر دۇنيادا ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالما»، دەيدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغان تەرىقىدە ياشاش مۇسۇلمان بولۇشنىڭ بىر شەرتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاللاھ قۇرئاندا ساخاۋەتچىلىك قىلغاندا ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسنى بېرىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پىخسىقلىق قىلىشقىمۇ بولمايدىغانلىقنى، ئوتتۇرا يولنى تاللاپ ئىش كۆرۈشنى ئېيتقان. ئاللاھ كۆپرەك بايلىققا ئېرىشتۈرگەنلەردىن ساخاۋەتچىلىكنىمۇ كۆپرەك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر بىر ئادەمدىن ئۆز ئىقتىدارىغا، ئۆز ئىمكانىيىتىگە يارىشا ساخاۋەتچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاجراشقان ئەر-ئاياللارغا قارىتا، ئاللاھ ئەرگە كۆپرەك نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇ ئەرنىڭ ئايالىغا شۇنىڭغا ماس ھالدا مال-مۈلۈك بېرىشنى، ئەگەر ئايالىغا كۆپرەك بەرگەن بولسا، ئايالنىڭ ئېرىگە شۇنىڭغا ماس ھالدا مال-مۈلۈك بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر بىر ئادەمدىن ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتىگە ماس كېلىدىغان ھالدا خەيرخاھلىق قىلىشنى، ئەگەر ئىمكانىيىتى يار بەرسە ئىمكانقەدەر ياخشى ياشاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە ياخشى ياشىشى ھارام ئەمەس.

ئاللاھ قۇرئاندا «كىم مېنىڭ بەندىلىرىمنىڭ ساپ تاماقلارنى يېيىشنى ۋە ياخشى كىيىملەرنى كىيىشنى چەكلىدى؟ كىم ئاللاھ ياراتقان گۈزەللىكنى (يەنى ياخشى كىيىملەرنى) چەكلىدى؟» دەيدۇ. ئاللاھ ساپ يېمەكلىكلەر بىلەن ياخشى كىيىملەرنى مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۆزىگە ئىشەنگۈچى بەندىلەر ئۈچۈنمۇ ياراتقانلىقنى، يەنە بىر دۇنيادا بولسا بۇ نەرسىلەرنى پەقەت ئۆزىگە ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈنلا يارىتىلىدىغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشقىلار ئۆزىگە سوۋغا قىلغان ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسنى يېگەن. ئۇ قوينىڭ پۇتنى ۋە ھالۋىغا ئوخشاش تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەن. پېرسىيىنىڭ پادىشاھى (Persian Empire) ئۇنىڭغا بىر ئۆزگىچە تون (پەلتو) نى سوۋغات قىلىدۇ. بۇ تون ئىنتايىن ئېسىل بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى جۈمە نامىزى جەريانىدا كىيىۋالسا، باشقا ساھابىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ مېڭىپ، بۇ تونغا قارىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ساھابىلەر بۇنداق ئېسىل پەلتونى ئۆز ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈپ بېقىشى ئىدى.

### (5) ئىسلام ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئېھتىياجىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ

بىزنىڭ دىنىمىز بەدەن (body) بىلەن قەلب (soul) نىڭ ئېھتىياجىنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئەگەر دۇنياغا نەزەر سالساق، بىز ئوخشاشلا ئىككى قۇتۇپنى بايقايمىز. بىز ھەر خىل ياشاش پەلسەپىلىرىنى بايقايمىز. ھازىرقى دەۋردە كۆزگە ئەڭ كۆپ چېلىقىدىغىنى پەقەتلا ماتېرىيالىزمنى ئاساس قىلغان ھايات. بۇنداق ھاياتنى قوغلاشقۇچىلار ئۈچۈن بەدەن تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھالال بولىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھاياتنىڭ مەقسىتى ئەنە شۇ. ئەنگلىيىدىكى ياشلار ئارىسىدا ئېقىپ يۈرىدىغان مۇنداق بىر گەپ بار: «ئاران بىر قېتىم ياشايسەن، شۇڭا قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ ياشا». بۇ ئىسلامنىڭ پەلسەپىسى ئەمەس. ئىسلامدا سىز ئىككى قېتىم ياشايسىز، ھەمدە ئىككى قېتىم ئۆلىسىز (بۇ يەردە قۇرئاندىكى بىر جۈملە سۆز ئەرەبچىدە نەقىل كەلتۈرۈلدى). ھەقىقىي ھايات بىلەن ھەقىقىي ئۆلۈم كېيىنكى ھاياتتا كېلىدۇ. بۇ ھاياتتا ئەمەس.

بىزنىڭ دىنىدا، بىزنىڭ بەدىنىمىزنىڭ ئېھتىياجى بار، بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭمۇ ئېھتىياجى بار، دەپ قارايمىز. ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى پەلسەپىلەر بەدەننىڭ ھەممە ئېھتىياجىنى مەنئى قىلىدۇ. پەقەت قەلبنىلا ئېتىبارغا ئېلىپ، بەدەن بىلەن كارى بولماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىر مىسالى بۇددىزم. بۇددىزم كىشىلەردىن ھەممە ئىستەك (desire) لەرنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خرىستىئان دىنىدىكى بەزى چوشەنچىلەرمۇ ھەم شۇنداق. بەزى كاتولىك چېركاۋ پوپلىرىنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزى بىر يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىنسانلىقىڭىزنى يوقىتالمايسىز. سىز ھاياتلا بولىدىكەنسىز، سىز بىر ئىنسان سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىسىز.

بىزنىڭ دىنىمىز نېمە دەيدۇ؟ بىزدە مۇنداق بىر داڭلىق ھەدىس بار: رامزان ئېيىنىڭ بىرىدە، ئەبۇدەردانىڭ ئۆيىگە يىراقتىن بىر سەلمەن دېگەن مېھمان كېلىدۇ. ئەبۇدەردا ھەر كۈنى روزا تۇتۇپ، ھەر كۈنى ئاخشىمىمۇ بامدات نامىزىغىچە قۇرئان ئوقۇپ، ئۆيىدىكىلەرگە قارىمايدۇ. ئۇ مېھمانغىمۇ قارىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېھمان ئەبۇدەرداغا ھەر كۈنى كېچىچە قۇرئان ئوقۇماي، ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى ئەتىگەندە ئەبۇدەردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھېلىقى مېھمان ئۈستىدىن ئەرز ئېيتىپ بارىدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەلمەننى يېنىغا چاقىرىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورايدۇ. سەلمەن ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرىپ، ئابدۇداردانىڭ روزا تۇتۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ، ئۆز بەدىنىنى، ئائىلىسىنى، ۋە تۇرمۇشنى پۈتۈنلەي بىر ياققا قايرىپ قويۇۋاتقانلىقىنى دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سەلمەننىڭ قىلغىنى توغرا. سېنىڭ بەدىنىڭنىڭ ھوقۇقى سېنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. خوتۇنۇڭنىڭ ھوقۇقىمۇ سېنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. سېنىڭ مېھمىنىڭنىڭ ھوقۇقىمۇ سېنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا ئاشۇلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزلىرىگە بەر.»

يەنە بىر داڭلىق ھەدىس بار: ئۈچ ئادەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر كۈنى قانچىلىك سەجدە قىلىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «پەيغەمبىرىمىز سەجدىنى بەك ئاز قىلىدىكەن. مەن ئۇنى ئاسانلا بېسىپ چۈشەلەيمەن»، دەپ ئويلايدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرسى «مەن ئۆمرۈمنىڭ قالغان قىسمىدا ھەر كۈنى روزا تۇتىمەن»، دەيدۇ. ئىككىنچىسى «مەن ھەر كۈنى كېچىسى بامدات نامىزى ۋاقتىغىچە سەجدە قىلىپ، قەتئىي ئۇخلىمايمەن»، دەيدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا «مەن مەڭگۈ توي قىلمايمەن»، دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى مەسچىتكە يىغىپ، «مەن

بەزىلىرىڭلارنىڭ مۇنداق، مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم. بۇنداق گەپلەرنى قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ مەن ئاللاھنى ھەممىڭلاردىن ياخشىراق بىلىمەن. ھەمدە ئاللاھتىن ھەممىڭلاردىن بەكرەك قورقىمەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە روزا تۇتمايمەن. مەن ئۇخلايمەن، ھەمدە بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇيمەن. ھەمدە مەن ئايال كىشى بىلەن توي قىلىمەن. كىمكى سۈننەتتىن چەتنەپ كەتسە كېتىۋەرسۇن، ئەمما مەن ئۇنداق قىلمايمەن.» مانا بۇ دىنىمىزدىكى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتۇر.

بەدەننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ھالال يول بار، ھارام يولمۇ بار. ئەمما، بەدەننىڭ ئېھتىياجى پەقەت ھالال يول بىلەنلا قاندۇرغىلى بولىدىغان بىر دائىرە ئىچىدە بولۇپ، ئاللاھ بىز ئۈچۈن ھالاللىقنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئىش قىلمىسا قاندۇرغىلى بولمايدىغان بىرەر ئېھتىياجنى ياراتقان ئەمەس. بىزنىڭ دىنىمىزدا بەدىنىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھالال يولدا نېمە ئىش قىلساق بولۇۋېرىدۇ. ئەمما ھارام يولدا بىرەر ئىش قىلساق بولمايدۇ. مانا بۇ جىسمانىي ۋە روھىي ئېھتىياجلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈلۈشىدۇر.

## (6) ئىسلام ئەر ۋە ئاياللارنىڭ رولىنى ئىنتايىن مۇۋاپىق ئايرىيدۇ

ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئەرلەر بىلەن ئاياللار باراۋەر، دەپ قارىلىدۇ. ھەمدە ئۇلارغا ئوپمۇ-ئوخشاش روللار بېرىلىدۇ. ئەگەر «ئەر بىلەن ئاياللار بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ»، دېسىڭىز، سىزگە بىر دەمدىلا بىرەر قالپاق كىيدۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بەزى بىر جەمئىيەتتە ئاياللارغا 2- ۋە 3-دەرىجىلىك گراجدانلاردەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئاياللارغا بىر ئىنتايىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئىنسانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئاشۇنداق جەمئىيەتلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەۋجۇت. بىزنىڭ دىنىمىز بۇ جەھەتتىمۇ ئوتتۇراھال جامائەتكە كىرىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا «ئەرلەر ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ»، دەپ ناھايىتى ئېنىق ئېيتقان. بۇ بىر بىئولوگىيىلىك پاكىت. بىئولوگىيىلىك، فىزىكىلىق، فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك، ۋە ھېسسىيات قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنى ئوخشاش دېيىش مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ «ئەرلەرنىڭمۇ ئۆز رىزقى بار، ئاياللارنىڭمۇ ئۆز رىزقى بار»، دەيدۇ. ئاللاھ «خۇددى ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئۈچۈن قىلىپ بەرمىسە بولمايدىغان مەلۇم مەسئۇلىيەتلىرى بار بولغىنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ مەلۇم مەسئۇلىيەتلىرى بار. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە مەسئۇلىيەتلىرى بار. ئەڭ ئاخىرىدا، ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەرگە پەقەت بىرلا ھوقۇق ئارتۇق بېرىلدى»، دەيدۇ. يەنى، ئاياللارغا قارىغاندا 20 ھوقۇق ياكى بىر مىڭ ھوقۇق ئارتۇق بېرىلمىگەن. پەقەت بىرلا ھوقۇق ئارتۇق بېرىلگەن. يانى، ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بىرلا ھوقۇق ئارتۇق بېرىلگەن. بۇ دېگەنلىك ئاياللارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇش، ئاياللارنى خارلاش، ياكى ئاياللارغا خوجايىن بولۇۋېلىش، دېگەنلىك ئەمەس. ھەممىمىز بىلىمىز، بىر ماشىنىنى ئىككى ئادەم تەڭ ھەيدىيەلمەيدۇ. بىر پاراخوتنىڭ رولىنى ئىككى ئادەم تەڭ باشقۇرالمايدۇ. ئاللاھ ئىنتايىن سىلىق ھالدا «ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەرنىڭ بىرلا يېرى ئارتۇق»، دەيدۇ.

تەقۋادارلىق جەھەتتە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاش. بىر ئادەم ئەر بولۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرىشتە ئاياللاردىن ئۈستۈنرەك تۇرۇپ قالمايدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ جەننەتكە كىرىش پۇرستى ئوپمۇ-ئوخشاش. مانا بۇ ئەڭ توپ، ئەڭ ئاخىرقى باراۋەرلىك.

### (7) ئىسلام ئەپۇچانلىق بىلەن يۇقىرى تەلەپ قويۇشتا ئوتتۇرىدىكى يولنى تاللايدۇ

ئىنتىقام ئېلىش بىلەن ئەپۇ قىلىشقا كەلگەندە، ئىسلام ئوتتۇرىدىكى يولنى تاللايدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ ئىككى قۇتۇپقا ياتىدىغان پەلسەپە ۋە ئىدېئولوگىيىلەر بار. بەزى پەلسەپە ۋە ئىدېئولوگىيىلەر كىشىلەرگە كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆگەتمەيدۇ. بەزى دىنلار بولسا ھەممە ئىشتا باشقىلارغا يول قويۇشنى، ھەر قېتىم دۈشمەنلىرىنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىنسانلار ئۈچۈن ھەر قېتىم ئەپۇ قىلىۋېرىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم ئاشۇنداق قىلىدىكەن، جەمئىيەت ئۇ ئادەمدىن داۋاملىق پايدىلىنىپ، ئۇنى ياشىيالماس قىلىپ قويىدۇ. ھەممە ئۇ ئادەمگە يالغانچىلىق قىلىدۇ. ھەممە ئادەم ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىلىرىنى گوللاپ ئېلىۋالىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئىنسانلار تارىخىدا مەۋجۇت بولۇپ باققان، ئۆزىگە ئەسكىلىك قىلغانلارنى ھەر قېتىم كەچۈرۈۋېتىش ھەققىدە تەلىم بېرىدىغان جەمئىيەتتىن بىرەرنى تاپالمايمىز. ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. باشقىلارنى ھەر قېتىم ئەپۇ قىلىش ئىندىۋىدۇئاللار دائىرىسىدىمۇ مۇمكىن ئەمەس، جەمئىيەت دائىرىسىدىمۇ مۇمكىن ئەمەس. باشقىلارنى ھەر قېتىم ئەپۇ قىلىشنى ئۆگىتىدىغان ئېتىقادلار ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىشنى ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. چۈنكى، دۇنيا ئۇنداق ئەمەس.

شۇڭلاشقا قۇرئاندا بۇنداق ئىشلاردا ئوتتۇرا يولنى تۇتۇش ھەققىدە خېلى كۆپ ئايەتلەر بار. قۇرئاندا، ئەگەر بىرسى سىزگە خاتا ئىش قىلغان بولسا، سىز ئۇنىڭغا ئوخشاش مىقداردىكى زەخمەت ياكى زىياننى ياندۇرۇپ قىلىسىڭىز بولىدۇ، دېيىلگەن. ئەلۋەتتە، سىز بۇ ئىشنى سوتقا بېرىپ قىلىسىز. شەرىئەت قانۇنىدا بۇنداق ئىشلارنى ئۆز ئالدىڭىزغا قىلىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، ياكى ئادالەتلىكنى ئۆز قولىڭىزغا ئالسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، دەيدىغان مەزمۇن يوق. ئىسلام دىنى سىزگە ئەگەر بىرسى سىزگە خاتا ئىش قىلغان بولسا، سىز سوتقا بېرىپ ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىسىڭىز بولىدۇ، دەيدۇ. ئەگەر بىرسى سىزگە زىيان سالغان بولسا، سىز ئۇنى ھەر بىر تىيىنغىچە تۆلىتىۋالسىڭىز بولىدۇ.

ئەمما ئاللاھ دەيدۇكى، ئەگەر بىر كىم باشقىلارنى ئەپۇ قىلسا، باشقىلارغا يول قويسا، ياكى ئىككى ئادەمنى ياراشتۇرۇپ قويسا، ئاللاھ ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

دېمەك، ئىسلام دىنى بىزگە ئوتتۇرا يولنى ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ھايات، رېئاللىققا ئۇيغۇن ھايات. باشقىلارنىڭ سىزگە سالغان زىيىنىنى تولدۇرۇۋالماقچى بولسىڭىز، سىز ئاشۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئەمما، سىز ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنى كەچۈرۈۋېتىشكە، زىياننى تولدۇرۇۋېلىشتىن ئۆزىڭىزنى تارتىشقىمۇ ئۇرۇنۇپ بېقىڭ. سىز مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ سىيرەت (Seerah، تەرجىمھال) لىرىنىڭ كۆپ يەرلىرىدە ئۇنىڭ ئىنتايىن كەڭ قورساق ئىكەنلىكى، باشقىلارنى داۋاملىق ئەپۇ قىلىدىغانلىقى، ناھايىتى سەۋرچان ئىكەنلىكىنى ئوقۇيسىز. سىيرەتلەرنىڭ بەزى يەرلىرىدە پەيغەمبىرىمىز ناھايىتى تەلەپچان بولۇپ، بەزى ئادەملەرنى ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىنىمۇ ئوقۇيمىز. مانا بۇ سىيرەت (Seerah) لەرنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ بىر نامايەندىسى. يەنى ئۇ بىزگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمۇ بەزىدە بىزگە ئاچچىقلىنىدىغان، ئۇنىڭ بەزى جىنايەتلەرنى ناھايىتى قاتتىق جازالايدىغان ئىشلارىمۇ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### (8) بارلىق ئىسلام گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىچىدە، ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرا يولنى تۇتقۇچىلار

ئىسلام ئەللىرى باشقا بارلىق ئەﷲرگە قارىغاندا ئوتتۇرا يولنى تۇتقۇچى ئەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەھلى سۈننەت (ھەقىقىي سۈننى) نىڭ ئىدېئولوگىيىسى (ئەقىدىسى) باشقا

بارلىق ئىسلام تېئولوگىيىلىرى بىلەن سىلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا يولنى تۇتىدىغان بىر ئەقىدىدۇر. بەزى ئەقىدىلەر ئىش-ھەرىكەت (action) لەرنى ئىماننىڭ بىر قىسمى، دەپ ھېسابلايدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا ئىمان ئىش-ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەھلى سۈننەت بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. بەزى ئەقىدىلەر تەقدىرنى، بەزىلىرى بولسا ئارزۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىز بولساق ئوتتۇرىدا تۇرىمىز. بەزىلەر «ساھابىلەر ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك»، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا «ساھابىلەر ھەرگىز خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ»، دەيدۇ. بىز بولساق ئوتتۇرىدا تۇرىمىز. ساھابىلەر بارلىق ئەۋلادلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئەۋلادلار، ئەمما ئۇلارمۇ ئىنسانلار، شۇڭا ئۇلار بەزىدە خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما ئاللاھ ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن.

### (9) ئەھلى بەيتقا باھا بېرىشتە، ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرا يولنى تۇتقۇچىلار

سۈننى ئىسلامدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە، ئىككى نەۋرىسى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن، كۈيئوغلى ئەلى، ئەلىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى قاتارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرى «ئەھلى بەيت» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئەھلى بەيتلارنى بەك ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. بەزىلەر بولسا بەك تۆۋەن ئورۇنغا قويىدۇ. بىز بولساق ئۇلارنى ئوتتۇراھال ئورۇنغا، ئاللاھ بېكىتىپ بەرگەن ئورۇنغا قويىمىز. ئۇ بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى بىر خىل ئالاھىدە مۇھەببەت بىلەن سۆيىمىز، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بولغاچقا، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان مۇكاپاتى باشقىلارغا بېرىدىغان مۇكاپاتىدىن ياخشىراق، دەپ قارايمىز. ئەمما، بىز ئۇلارنى ئىلاھلاشتۇرمايمىز. دېمەك، بىز بىر ئوتتۇرىدىكى جامائەت. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئەقىدىنىڭ ھەر بىر ساھەسىدە بىز ئوتتۇرا يولنى تۇتىمىز.

### (10) سىياسەت ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا، ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرا يولنى تۇتقۇچىلار

بۇ بىر ئاسانلا زىددىيەت پەيدا قىلىدىغان تېما، ئەمما، مېنىڭ مەقسىتىم زىددىيەت پەيدا قىلىش ئەمەس. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بىز ھازىر دۇنيانى پىتنىلەر قاپلىغان، مۇسۇلمانلار ئىنتايىن قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بىز دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە رادىكال ئىدېئولوگىيىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بىر قىسىم كىشىلەر ئىنتايىن ھاماقەتلىك ئىشلارنى قىلىدۇ، ۋە داۋاملىق باشقىلار بىلەن قارشىلىشىش يولىنى تۇتىدۇ. بۇنداق قىلىشنى ئۆز دىنىنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايدۇ. بەزىدە ھەتتا يولغا قويۇلۇۋاتقان قائىدە-تۈزۈملەرگە قارشى قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ھەرگىز ئوتتۇرا يول تۇتۇش ئەمەس.

بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ يەنە بىر قۇتۇپىمۇ بار. بۇ بولسىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان ھەر قانداق تەنقىد ۋە ئەيىبلەشلەرنى «ھارام» دەپ ھېسابلاشتىن ئىبارەت. ئۇلار خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمدارلارغا قارشى بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىغىمۇ يول قويمايدۇ. ھۆكۈمدارلارنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنسانلار ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى دىندارلار، دەپ ھېسابلايدۇ.

سەلەفلەر دەۋرىدىكى بىر داڭلىق زىيالىي ئىمام مەھمەد مۇنداق دېگەن: سەن ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىدىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلە. ھۆكۈمدارلارنىڭ ئاممىا ئالدىدا سادىر قىلغان خاتالىقنى ئاممىا ئالدىدا تۈزىتىسەن، ئايرىم كىشىلەر ئالدىدا سادىر قىلغان خاتالىقنى سەنمۇ ئايرىم كىشىلەر ئالدىدا تۈزىتىسەن. سەن تەنقىدلىگۈچىلەرنىڭ تەنقىدىدىن قورقمايسەن، ئەمما سەن ھاماقەت ئىشلارنى

قىلمايسەن، ھەمدە قوپاللىق قىلمايسەن. خەلىپە بار چاغدا، سەن ئىچكى ئۇرۇش قوزغىمايسەن (بۇ سۆز سەلەف دەۋرىدىكى ئەھۋالغا قارىتىلغان). ئەمما خەلىپە ئاما ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزسە، سەن ئۇنى ئاما ئالدىدا تۈزىتىسەن.

ئىسلامدا ھازىرقى زامانغىمۇ ماس كېلىدىغان ئوتتۇرا يول بار. ئۇلار شەرىئەت، ئىقتىسادىي سىستېما، ئەدلىيە سىستېمىسى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ نەرسىلەر مەسچىتلەرنىڭ ئىچىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، مەسچىتلەرنىڭ سىرتىغىمۇ ماس كېلىدۇ. ئىسلامدا «دىنىنىڭ ھەممىسى مەسچىتنىڭ ئىچىدە» دېيدىغان گەپ يوق.

ھازىرقى دەۋردە بىزنىڭ يۈزدە-يۈز ئوتتۇرا يولدا ماڭالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىز بەزىدە خاتالىق ئۆتكۈزىمىز. ئەمما بىز ئاللاھنىڭ توغرا يېتەكلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇممەتلەر بىرلىكتە تىرىشساق، بىز ھەرگىز ئوتتۇرا يولدىن چىقىپ كەتمەيمىز. بۇ جەھەتتە ئاللاھ بىزگە ۋەدە بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۇممىتىمگە ئاللاھ مېھرىبانلىق ئاتا قىلغان. ئۇممەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى زامان ئاخىرى بولغۇچە ھەق يولدا ماڭىدۇ. »

بىز ئوتتۇراھال ئۇممەتلەرمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئوتتۇراھال ئۇممەتلەردىن بولغىنىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. بىزنى ئوتتۇراھال ئۇممەتلەردىن قىلىپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىمىز. ھەمدە بىزنى داۋاملىق توغرا يولدا ماڭغۇزۇشى، داۋاملىق ئوتتۇرا يولدا ماڭغۇزۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىمىز.

ياسىر قازىنىڭ مەزكۇر لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 3. باشقا دىننى تاشلاپ، ئىمان ئېيتقانلار ھەققىدە

ئۇيغۇر تور بەتلىرىگە تۇرۇپ-تۇرۇپ بىرەر غەربلىك داڭلىق ئادەمنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر چىقىپ، ئۇنىڭغا ئوقۇرمەنلەر خوش بولۇپ، شۇ ھەقتە قىزغىن پاراڭلار باشلىنىپ كېتىدىكەن. مەسىلەن، تېخى يېقىندىلا چەت ئەلدىكى بىر تورغا **NASA** نىڭ بىر ئالەم ئۇچقۇچىسىنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر چىقتى (ئۇ خەۋەر كېيىن يالغان بولۇپ چىقتى). بۇ خىل ئەھۋالنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ياسىر قازى **2014**-يىلى **28**-مارت كۈنى ئۆزىنىڭ «**Facebook**» تېمىغا ئىككى ئامېرىكىلىقنىڭ ئەسلىدىكى دىنىنى تاشلاپ، ئۆزى ئىماملىق قىلىۋاتقان مەسچىتتە ئىمان ئېيتقانلىقى ھەققىدىكى بىر ئۇچۇرنى چىقىرىپ قويىدى. بۇ مەزمۇن مەزكۇر تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەن ئۇنىڭ مەزمۇننى بۇ يەرگە كىرگۈزۈپ قويىمەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازى يازغان ئۇچۇر:

ئالدىنقى **24** سائەت ئىچىدە ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتى يوق بىر ئاق تەنلىك ئەر بىلەن بىر ئاق تەنلىك ئايال بىزنىڭ مەسچىتتە ئىمان ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بېرىشنى ئاللاھ ماڭا نېسىپ قىلغان بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بۇ ھەرگىزمۇ مەن ئېلىپ بارغان داۋانىڭ نەتىجىسىدىن بولغان ئەمەس. ئۇ ئىككى كىشى ئىسلامنى كىتاب ۋە تور بەتلەر ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مەسچىتتە ئىمان ئېيتىشنى قارار قىلىپتۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ ئۆزى

**خالىغان كىشىلەرنى يېتەكلەيدۇ.**

**ئەمما، مېنى ئەنسىرەتكەن ئىش شۇكى، بىز بىر جامائەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئاشۇنداق ئىمان ئېيتقانلارغا بىر مۇۋاپىق قۇرۇلما يارىتىپ بېرەلمىدۇق. ئۇلار بىلەن ھېچكىم دوست بولمايدۇ. ئۇلار ئىنتايىن كۆپ ئىچكى توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كېلىدۇ . مەسىلەن، ئىسلامدىكى ئوخشىمىغان گۇرۇپپىلار، ئوخشىمىغان ئىسلام نەزەرىيە-قانۇنلىرى، ئوخشىمىغان تىللار، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقلار. بىر تىپىك ئەھۋالدا، ئۇلارنى ئائىلىسى ۋە جەمئىيەت ئىچىگە ئالمايدۇ، ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلمىساق بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ خېلى زور قىسمى كېيىنچە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ. مەن يۇقىرىدىكى ئىككى كىشىنىڭ ئاشۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ چىقماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. بۇ خىل ئەمەلىيەتنى غەربتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىۋەندىن بېرى چۈشىنىپ كېلىۋاتىدۇ.**

**مەن راھەتسىزلىنىدىغان يەنە بىر ئىش، ھەر قېتىم بىر ئادەم ئۆز دىنىنى تاشلاپ ئىمان ئېيتقاندا، بىزنىڭ تەكبىر (takbeers) نى ئۈنلۈك ئوقۇپ، خۇشال بولۇپ كېتىشىمىز. مەن مۇشۇنداق خۇشاللىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نەرسە نېمە، دېگەننى ئويلايمەن.**

**سىز يۇگۇرۇپ كېلىپ، ماڭا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭ. مەن بۇ ئىشنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەنسەك، خاتالاشمايمىز، دەپ ئويلايمەن: بىز ئۆزىمىز ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولالمىدۇق، شۇڭا باشقىلار ئەسلىدىكى دىنىنى تاشلاپ، ئىسلامغا كىرسە بىز خۇشال بولۇپ كېتىمىز. ئۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، بىز «گەرچە مەن ئۇنى ئۆزۈم ھېس قىلالمىغان بولساممۇ، باشقىلار ئىسلامنىڭ بىر ئۇلۇغ دىن ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئىسلامغا كىرگىنى، ئىسلامنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇلۇغ دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» ، دەپ ئويلايمىز. بۇ دېگەنلىك يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ ئىسلامغا بىر ئۇلۇغ دىن قاتارىدا مۇئامىلە قىلغانلىقى يالغان، دېگەنلىك ئەمەس. ساھابىلەر بىلەن ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار يېڭىدىن ئىسلامغا كىرىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگەندە، «ئۇلار توغرا يېتەكچىنى تاپتى»، دەپ، ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەنلەر ئۈچۈن خۇشال بولغان. ھەرگىزمۇ يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولغان ئەمەس. يەنى، ئۇلار «باشقىلار» ئۈچۈن خۇشال بولغان، «ئۆزلىرى» ئۈچۈن ئەمەس.**

**يۇقىرىدىكى مېنى راھەتسىزلەندۈرىدىغان ئىككى ئىش ئەمەلىيەتتە ئۆز-ئارا باغلانغان. ھازىر 2-مەسىلە تۆپەيلىدىن 1-مەسىلە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىز ھەقىقەتەنمۇ يېڭىدىن ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئۈچۈن خۇشال بولغان بولساق، بىز بىر جامائەت سۈپىتىدە ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىي ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرغان بولاتتۇق. بىز باشقا كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن شەخسىيەتچىلىك قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدە ۋە ئۆزىمىز ئۈچۈن خۇشال بولىدىغان بولغاچقا، بىز يېڭى ئىمان ئېيتقانلارغا ئانچە ئىش قىلىپ بەرمەيمىز، ھەمدە پەقەت ئاللاھتىنلا پاناھلىق تىلەيمىز.**

## 4. ئاخىرقى سۆز

**مەن ئىسلام دىنى ھەققىدە بىر قانچە پارچە يازما تەييارلاپ، تورلارغا يوللىغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بىر قىسىم مىللەتسۆيەر قېرىنداشلار ماڭا خەت يېزىپ، مېنىڭ**

كۆرۈپ بېقىشىم ئۈچۈن خېلى كۆپ ماتېرىيال ۋە تور بەت ئۇلىنىشلىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىر ئىسلام دۇنياسىدا خېلى ئېتىراپ قىلىنغان بىر قىسىم دىنىي ئالىملارنىڭ لېكسىيىلىرى بار بولۇپ، ماڭا تەۋسىيە قىلىنغانلىرىدىن شەيخ خالىد ياسىن، مۇستافا ئىسلامئوغلۇ، بىلگىن ئەردوغان، ۋە نومان ئەلىخان (Nouman Ali Khan, bayyinahtv.com) لار بار (بەزىلىرى چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن بولۇپ، مەن ئۇلارنى كېيىنچە تېپىۋالىمەن). مەن بۇ قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ناھايىتى كۆپ ساندىكى قېرىنداشلار مېنى قوللاپ ۋە ماڭا مەدەت بېرىپ، تورلاردا ئىنتايىن كۆپ سەممىي ئىنكاسلارنى يازدى، ماڭا ئۈچۈر يوللىدى، ۋە بەزىلەر ماڭا تېلېفون قىلدى. مەن يېتىشەلمەي قېلىپ، ماڭا ئىنكاس يازغان قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىنكاسىنى جاۋابسىز قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ مېنى توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن.

ياسىر قازىنىڭ مەزكۇر ماقالىدا مەزمۇن قىلىنغان تېمىلارغا ئوخشاش تېمىلاردا بېرىلگەن لېكسىيىلىرى خېلى كۆپ. گەرچە قېرىنداشلار يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان دىنىي ئالىملارنىڭ نۇتۇقلىرىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بولسىمۇ، ماقالىلەرنىڭ سىستېمىلىق بولۇشى، ئۆز-ئارا باغلىنىشلىق بولۇشى، ۋە ئوخشاش مەزمۇننىڭ تەكرارلىنىپ قالماسلىقى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن ئالدى بىلەن ياسىر قازىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن باشقىلارنىڭكىگە ئۆتكۈنۈم ياخشى. يەنى، مەن باشقا دىنىي ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى كېيىنچە چوقۇم كۆرۈپ چىقىپ، ئۆزۈم مۇۋاپىق كۆرگەنلىرىنى ۋەتەنداشلارغا تونۇشتۇرىمەن. ھازىرچە بىرسى ۋاقتىمنىڭ قىسلىقى، يەنە بىرسى ياسىر قازىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئىشىمنىڭ تېخى ئاخىرلاشمىغانلىقى سەۋەبىدىن، كېيىنكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە مەن يەنىلا ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسى بويىچە يازما تەييارلايمەن. شۇڭلاشقا قېرىنداشلارنىڭ بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن.

ماڭا تەۋسىيە قىلىدىغان باشقا ماتېرىياللار بولسا، سىلەر ماڭا ئۇلارنى يوللاۋەرسەڭلار بولۇۋېرىدۇ. مەن ئۇلارنى ئوبدان ساقلاپ قويۇپ، كېيىنچە چوقۇم كۆرۈپ چىقىمەن. مېنى قوللاپ، ماڭا مەدەت بېرىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت!

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**[1] Mehdi Hasan | Islam Is A Peaceful Religion | Oxford Union**
https://www.youtube.com/watch?v=Jy9tNyp03M0

**[2] In Pursuit of the Middle Path, Dr. Yasir Qadhi | 23rd March 2014 - London, UK**
https://www.youtube.com/watch?v=S1Yrq5JqdhU

# شىئەلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

**2014-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنى**

مەن ئۇزۇن مۇددەت چەت ئەلدە ياشاش جەريانىدا مۇنداق بىر ئىشنى ھېس قىلدىم: مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئىچىدە ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقادى ئەڭ سەممىي، ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىتائەت قىلىشى ئەڭ كۈچلۈك، ۋە ئۆز-ئارا بىرلىكنى ساقلىشى ئەڭ ياخشى مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى سۈننىيگە تەۋە بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە دىنىي ئەقىدە جەھەتتە شىئەگە تەۋە كىشىلەر ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا مېنىڭ بۇ ماقالىغا يۇقىرىقىدەك تېمىنى تاللىشىم بىر قىسىم قېرىنداشلارغا سەل نورمالسىزلىقتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. مېنىڭ مەزكۇر تېمىنى تاللىشىمدىكى سەۋەب مۇنداق: گەرچە ئۇيغۇرلار بىرلا دىنىي ئەقىدىگە تەۋە بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن ئىسلام رەسمىيەتلىرىنى تەڭ ئېلىپ ماڭغان ھەقىقىي مۇسۇلمان، دەپ ھېسابلايدىغانلارنىڭ ئېتىقاد دەرىجىسىدە خېلى زور پەرقلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تايانچى كۈچ بولۇش رولىنى ئويناۋاتقان ئوقۇغان قېرىنداشلار ئىچىدە ئۆزىنى بىر مۇسۇلمان ھېسابلايدىغان، ئۆزىدە بىر خىل ئەقىدە ساقلايدىغان، ئەمما ئىسلام رەسمىيەتلىرىنى ئۇنچىۋالا تولۇق ئورۇنلاپ كەتمەيدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. گەرچە بۇنداق كىشىلەر مۇسۇلمانلىقنىڭ ھەممە ئۆلچەملىرىگە تولۇق يەتمىسىمۇ ، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھەمدە سانىنىڭ خېلى كۆپلۈكى ھازىرقى بىر خىل ئەمەلىيەت. ھازىر بىز دۇچ كەلگەن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى يۇقىرىقىدەك ئوخشىمىغان ياشاش يولىنى تاللىغان قېرىنداشلار بىر-بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ «دىن ۋە زامانىۋىلىق» دېگەن ماقالىسىدە «تەنقىد» ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىپ، ئاشۇ بىر ئىشقا نىسبەتەن ياسىر قازى بىلەن ئۆزۈمنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ھەمدە مەن ئۇ مەزمۇن چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ تەنقىدنى قانداق يولغا قويسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئاڭ-سەۋىيىسىنى بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرىۋېتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما تورداشلارنىڭ ئۇ ماقالىدىن كېيىنكى ماقالىلەرگە ئىنكاس ياكى تەنقىد يېزىش ئەھۋالىدىن ئۇنداق بىر يۈكسىلىشنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالمىدىم. ئۇغۇ بوپتۇ. مەن سەل قوبۇل قىلالمىغان بىر ئەھۋال شۇكى، بىر قىسىم قېرىنداشلار ئۆزىنىڭ بىر مۇسۇلمان ياكى ئەخلاق ئىگىسى بولۇشىغا ماس كېلىدىغان بۇرچى ياكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپلا قالماي، بەزىدە پەقەت ئاللاھقىلا تەۋە بولغان ۋەزىپىلەرنىمۇ قوشۇپ ئورۇنلاشقا ئۇرۇنۇپ باقىدىكەن. يەنى، بەزى قېرىنداشلار ھېچ قانداق ئەيمەنمەستىن «مۇنداق، مۇنداق قىلساڭ جەننەتكە كىرەلمەيسەن»، ۋە «مۇنداق، مۇنداق قىلساڭ دوزاخقا كىرىسەن»، دەيدىكەن. باشقىلاردىن ناھەقلىقتا ياتىدىغان سوئاللارنى سورايدىكەن. ھەمدە خېلى كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزى ئىشىنىدىغان ئىدىيىنى باشقىلارغا مەجبۇرى تاڭىدىكەن. ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامدا چەكلەنگەن، ياكى تەشەببۇس قىلىنمىغان ئىشلاردۇر.

شۇڭلاشقا مەن بۇ ماقالىدا ياسىر قازىنىڭ شىئە مۇسۇلمانلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلىگەن بىر لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ لېكسىيىنىڭ تېمىسى

«شىئەلەرگە قارىتىلغان زوراۋانلىق ۋە ئۆچمەنلىك» (Violence & hatred towards Shi'a) بولۇپ [1]، ئۇنى ياسىر قازى 2013-يىلى 1-سېنتەبىر كۈنى سۆزلىگەن. بۇ لېكسىيىنىڭ تور ھۆججىتىدىن مەن ياسىر قازىنىڭ بۇ لېكسىيىنى قەيەردە سۆزلىگەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ سىن ھۆججىتىدىن قارىغاندا بۇ لېكسىيە سۆزلەنگەن زالدا كەم دېگەندە بىرەر مىڭ ئادەم بار ئىكەن. مېنىڭ بۇ قېتىم مەزكۇر لېكسىيىنى تاللىشىمدىكى مەقسىتىمنىڭ بىرى ئوقۇرمەنلەرگە شىئە مۇسۇلمانلىرىغا بولغان توغرا مۇئامىلىنى بىلدۈرۈپ قويۇش. ئەمما مەقسىتىمنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولسا، ئوقۇرمەنلەرگە ئىدىيىسى ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ توغرا يولىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت.

مەن بۇ ماقالىنىڭ ئاساسي قىسمىدا پەقەت ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنلارنىلا تونۇشتۇرىمەن. ئەگەر ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنلار.

## 1. شىئەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بىلىشكە تېگىشلىك 5 نۇقتا

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ساھابىلەر، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرى مەسىلىسىدە تارىختىن بۇيان ئىككى خىل ئىدىيە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى ساھابىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ياخشى ياكى ئەڭ ياخشى كىشىلەر، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ساھابىلەرنى سۆيىدۇ، ھەمدە ساھابىلەرنى سۆيۈشنى ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايدۇ.

بىز يەنە بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىمىز. ئۇلار «ساھابىلەر ئۇنى قىلغان، ساھابىلەر بۇنى قىلغان. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى توغرا يولدىن چىقىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنمىغان»، دەيدۇ. ھەمدە بىر قىسىم ساھابىلەرنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى خوتۇنلىرىنى ئەيىبلەشنى ئۆز دىنىي ئېتىقادىنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايدۇ.

بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

(1) ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى بۇ پىل (elephant) نى كۆرمەسلىككە سېلىشقا بولمايدۇ. بۇ پىل مەۋجۇت ئەمەس، دېگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا بولمايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن، بۇ بىر ئاسانلا ھېسسىياتنى قوزغايدىغان سەزگۈر مەسىلە. بۈگۈن ھەممىمىز بۇ يەرگە جەم بولۇپ، بىر ئاممۋى سورۇندا مۇشۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتىمىز. بىز پەقەت مۇشۇنداق توپلىشىپ سۆھبەتلىشىشكە جۈرئەت قىلىش ئارقىلىقلا، بۇنىڭدىن كېيىن ئالغا قاراپ ماڭالايمىز. بىز بۇ مەسىلىنى كۆرمەسكە سالساق بولمايدۇ. بىز ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىشىمىز كېرەك.

(2) بىز ھەممىمىز مۇنداق بىر نەرسىگە قوشۇلىمىز: تېئولوگىيە ياكى ئەقىدە جەھەتتە بىزنىڭ بىر-بىرىمىزدىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئىسلام، قۇرئان ۋە مۇھەممەد

**ئەلەيھىسسالام ھەرگىز ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئەقىدىگە ئەگەشكۈچىلەرگە جىسمانىي جەھەتتىن زوراۋانلىق قىلىش (physical violence) نى قوبۇل قىلىپ باققان ئەمەس. مەن شۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئېنىق جاكارلايمەنكى، مەن بىر سۈننى مۇسۇلمان. مەن ئۆزۈمنىڭ بىر سۈننى مۇسۇلمان بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. مەن بىر تېئولوگىيەشۇناس. مەن بىر ئىسلام تېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى. مەن سۈننى تېئولوگىيىسىنى دەرس قىلىپ ئۆتىمەن. مەن مەسچىتلەردە سۈننى تېئولوگىيىسى توغرىسىدا تەلىم بېرىمەن. ھەمدە مەن سۈننى تېئولوگىيىسىگە ئىشىنىمەن. مەن شىئەزم ۋە شىئە تېئولوگىيىسىگە قوشۇلماسلىقىم مۇمكىن. ئەمما مەن ھەر قانداق بىر سۈننى مۇسۇلماننىڭ بىرەر شىئە مۇسۇلمانىغا جىسمانىي جەھەتتىن زەخمەت يەتكۈزۈشىگە، ياكى بىرەر شىئە مەسچىتىنى پارتلىتىۋېتىشىگە قوشۇلمايمەن. ئۇنداق قىلىشقا مەڭگۈ قوشۇلالمايمەن. مېنىڭ ئۆز ئەقىدەمنى، ئۆزۈم ئىشىنىدىغان تېئولوگىيىنى قانچىلىك قاتتىق سۆيۈۋشۈمدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنىلۈك ئاۋازدا شۇنى جاكارلايمەنكى، مەن ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ مېنىڭ ئەقىدەمنى باشقىلارغا مەجبۇرى تېڭىشىغا قارشى تۇرىمەن. مېنىڭ ئەقىدەمنى باشقىلارغا كالتەك بىلەن، قىلىچ بىلەن ياكى بومبا بىلەن تېڭىشىغا قارشى تۇرىمەن. سىزنىڭ نېمىگە ئىشەنگۈڭىز كەلسە، شۇنىڭغا ئىشىنىۋېرىڭ. سىزنىڭ نېمە تېما ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بارغۇڭىز كەلسە، شۇ تېما ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىۋېرىڭ. ئەمما، باشقىلارنىڭ ئۆزى ئىشەنمەكچى بولغان نەرسىگە ئىشىنىشىگە يول قويۇڭ.**

**(3) قېرىنداشلار: بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، مەسچىتتە تەلىم بېرىدىغان مولللار، دىنىي زاتلار، ئۆلىمالار، ئاياتۇللالار، ھەممە مەزھەپلەرنىڭ زىيالىيلىرى مۇنداق بىر ئىشنى چۈشىنىشى كېرەك: زىددىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇۋاپىق ۋاقتى، ئورنى، ئاڭلىغۇچىلىرى، تىلى، ۋە ئۇسۇلى بار. زىيالىيلار بىلەن دىنىي زاتلار شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، گەرچە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلار باشقىلارنى زوراۋانلىق قىلىشقا ئۈندىمىسىمۇ، كىشىلەردىكى ئۆچمەنلىك ئوتىنىڭ ئۈستىگە ماي قۇيۇپ بېرىش، باشقىلارنى قۇترىتىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش، قىسمەن ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئەھۋال قىلىپ كۆرسىتىش، پاكىتلارنى بۇرمىلاشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن. قورال ئۇلارنىڭ قولىدا بولماسلىقى، ۋە قورالدىن ئوقنى ئۇلار ئۆزلىرى چىقارماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى، ئۇلارنىڭ تۆۋەندە ئولتۇرغان ئاڭلىغۇچىلىرى روھلىنىپ، ۋە مەدەت ئېلىپ، شۇنىڭ بىلەن چىقىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا زىيالىيلار بىلەن دىنىي زاتلارنىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز ھەقنى سۆزلەشلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ھەقنى تەڭشەشتىن ئىبارەت (tempering the truth with wisdom). قېرىنداشلار، مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئىنتايىن ئېنىق دەپ قويايي: مەنمۇ ئۆز خاتالىقىمدىن تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلىگەن. يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا، مەن ئۆزۈممۇ باشقىلارنى كۈشكۈرتىدىغان لېكسىيە ۋە نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن. مېنى تاكى بۈگۈنگىچە ۋىجدان ئازابى تارتقۇزىۋاتقان سۆزلەرنى قىلغان ئىدىم. مەن ئۇ چاغدا كىچىك ئىدىم. ئۇ چاغدا 20-21 ياشلاردا بولغاچقا، مەن ئۆز-ئۆزۈمنى ئەپۇ قىلىۋېتىشىم مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق قىلىش مەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مەن ئۇ چاغدا پاكىتنى بۇرمىلىغان ھەمدە باشقىلارنى قۇترىتىدىغان سۆزلەرنى قىلغان ئىدىم. گەرچە مەن ئۇ چاغدا ئاران 21 ياشقا كىرگەن بولساممۇ، بۇ ئەھۋال مېنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگىنىمدىن ئىبارەت بىر ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مەن ئۇ قىلغانلىرىمغا ھازىر قاتتىق پۇشايمان قىلىمەن، ھەمدە مۇمكىن بولغان بولسا ئۇ چاغدا خاتا قىلغان ئىشلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغان بولسام، دەپ ئويلايمەن.**

مېنىڭ بارلىق دىنىي زاتلارغا ۋە ئۆلىمالارغا دەيدىغىنىم، مۇسۇلمانلارغا قانداق تەلىم بەرسىڭىز بېرىڭ، نېمە توغرۇلۇق تەلىم بەرگىنىڭىز كەلسە شۇ توغرۇلۇق تەلىم بېرىڭ. ئەمما، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا قارىتىلغان ئۆچمەنلىك ھەققىدە تەلىم بەرمەڭ. زوراۋانلىق توغرىسىدا تەلىم بەرمەڭ. سىزگە ئەگىشىدىغان كىشىلەردىن بىرەرسىنىڭ باشقا بىرەر ئادەمگە جىسمانىي جەھەتتىن زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان سۆزلەرنى قىلماڭ.

(4) مەن بىر تېئولوگىيەشۇناس، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ كەسپىنى ئىنتايىن قاتتىق سۆيىمەن. مەن ئۆزۈمگە ئوخشاش باشقا دىنىي زىيالىيلارنىڭ مۇنداق ئىشنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن: جەمئىيەتكە پايدىلىق بىرەر ئىش قىلىشتا، ئىسلام ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىشىغا يول قويۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاشۇنداق ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (مۇشۇ يەردە قۇرئان ياكى ھەدىستىكى بىر مەزمۇن ئەرەب تىلىدا نەقىل كەلتۈردى) توغرا ئىش قىلىش ۋە تەقۋادارلىققا كەلگەندە، ھەممە ئادەملەر چوقۇم ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىشى كېرەك. ئەسكى ئىش ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئىشلاردا بولسا ھېچ كىم بىلەن ھەمكارلاشماسلىقى كېرەك. شۇڭا سىز قانچىلىك قاتتىق كونسېرۋاتىپ بولۇپ كېتىڭ، ئۆز ئەقىدىڭىزدە قانچىلىك قاتتىق ئەمەل قىلىپ كېتىڭ، سىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىڭىز نېمە بولسا بولسۇن، ھەممىمىز ئۈچۈن بىر ھەمكارلىشىش دائىرىسى (circle of cooperation) مەۋجۇت. بەزى ساھەلەردە، ۋە بەزى ئىشلاردا بىز چوقۇم باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ باشقىلار بىلەن بىر ساھەدە ھەمكارلاشقىنىمىز، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ھەممە ساھەلەردە ھەمكارلىشىشىمىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىز نەزەر دائىرىمىزنى كەڭرەك تۇتۇپ، قورسىقىمىزنى كەڭرەك تۇتۇپ، مۇشۇنداق ئىشلارغا پەرقلىق ھالدا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

مەسىلەن، مەن ئۆزۈمنىڭ دادىسىنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەي. دادام ئامېرىكىغا 1963-يىلى كەلگەن. 1960-70-يىللىرى ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنى سۈننى ۋە شىئە دېگەندەك كىچىك گۇرۇپپىلارغا ئايرىش ئىمكانىيىتى بولمىغان. شۇڭا ھەممە مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار بىر يەرگە كېلىپ، تېكساس شتاتىنىڭ خيۇستون شەھرىگە بىر مەسچىت سالغان. چۈنكى، ئەگەر ئۇ چاغدا 2 ئادەم بىر گۇرۇپپىغا، 3 ئادەم يەنە بىر گۇرۇپپىغا تەۋە بولۇپ تۇرۇۋالغان بولسا، بىرەر مەسچىت سېلىش مۇمكىن بولمايتتى. ئۇ چاغدا ھەممە ئادەملەرنىڭ ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلىشى زۆرۈر بولغانىدى. ئاشۇ زامان ۋە ئاشۇ ماكاندا، مۇسۇلمانلار بىر خىل ئاقلانىلىكنى نامايان قىلىپ، بىرلىكتە بىر مەسچىتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. 70-يىللار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن خيۇستونغا كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۈننىلەر بىلەن شىئەلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئىش ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى گۇرۇپپا مۇسۇلمانلار بىر خوشلىشىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپ، بىر-بىرىنى چىرايلىقچە ئۇزىتىپ، ئايرىم-ئايرىم ئۆز يوللىرىغا ماڭدى. ئەمما، ئەگەر ئامېرىكىدا بىرەر كرىزىس يۈز بېرىدىكەن، ئەگەر ھۆكۈمەت شەرىئەتنى چەكلەيدىكەن، ئەگەر ھۆكۈمەت بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىرەر سىياسەت چىقىرىدىكەن، ئۇ چاغدا ئامېرىكىدىكى سۈننى ۋە شىئەلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە كېلىشكە، بىرلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ بىر مەسىلىدە پىكرىمىز ئوخشاش بولمىسىمۇ، ۋە بىزنىڭ مەسچىتلىرىمىز ئايرىم بولسىمۇ، زۆرۈر پەيتلەردە بىز يەنىلا بىر-بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بەزى زامان ۋە ماكاندا بىز بىرلىكنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك. بەزى زامان ۋە ماكاندا بىز بارلىق پەرقلىرىمىزنى بىر

**ياققا قايرىپ قويۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بىر-بىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇشىمىز، ھەرگىزمۇ بۇ پەرقلەرنىڭ نەزەرگە ئالغۇچىلىقى يوق دەرىجىدە كىچىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى بىزنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە دانا ئىكەنلىكىمىز، دەرەخنىلا ئەمەس ئورمانىنىمۇ كۆرەلەيدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. بىزنىڭ ئايرىم ئىشلارنىلا ئەمەس، پۈتۈن مەنزىرىنىمۇ كۆرەلەيدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.**

## ھەزرىتى ئەلى تىكلىگەن ئۈلگە

**مۇشۇ جەھەتتە سۈننىلەر بىلەن شىئەلەرنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن بىر ناھايىتى ياخشى ئۆرنەك بار. ئۇ بولسىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە تۇغقىنى ۋە كۈيئوغلى ھەزرىتى ئەلى ( Ali Ibn Abi Talib) دىن ئىبارەت. بىز ھەممىمىز ئەلىنى ئۈلگە قىلىمىز. ئەلىنىڭ ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە بار بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ بىزنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ. بىز بۇ يەردە بىر ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمىز. ئۇ چاغلاردا ئەگەر ئەلى قولىدا شەرەت قىلىپ تۇرۇپ بىر بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان بولسا، ھەممەيلەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلاتتى. نېمە بولدى؟ تۇنجى قېتىم بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ئۈممەتلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ گۇرۇپپا كىشىلەر «خاۋارىجلار»، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار داۋاملىق ئىش تېرىپ تۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر خىل غەلىتە ئەقىدىسى بار ئىدى. ئەلى بۇ كىشىلەرگە قانداق پوزىتسىيە تۇتتى؟ ئەلى بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى سۆيەتتى. شۇڭا ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق ئىسلام ئەقىدىشۇناس، زىيالىي، ۋە دىنىي تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان ئىبنى ئابباسنى تاللاپ، ئۇنى ئاشۇ خاۋارىجلارنىڭ قېشىغا ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە، ئۇلارغا تەلىم بېرىشكە، ۋە ئۇلارنى ئۆز ئېتىقادىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە قايىل قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىبنى ئابباس بېرىپ، ئۇ خاۋارىجلار بىلەن بىر مەيدان ئاممىۋى مۇنازىرە ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى، بىلەمسىز؟ مۇشۇ مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇ خاۋارىجلارنىڭ 3 تەن بىر قىسمى ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ، خاۋارىجلاردىن ئايرىلىپ، ئەلىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى.**

**قالغان 3 تەن 2 قىسىم كىشىلەرگە نېمە بولدى؟ ھەممە مۇسۇلمانلار، ماۋۇ گەپنى ئوبدان ئاڭلاڭلار: قالغان 3 تەن 2 قىسىم كىشىلەرگە ئەلى نېمە دېدى؟ ئەلى ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلار تاللىغان تېئولوگىيىدە چىڭ تۇرساڭلار، بىزنىڭ سىلەرنى ئۇنداق قىلماسلىققا زورلايدىغان ھوقۇقىمىز يوق. ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى. بىز سىلەرگە تەلىم بېرىشكە تىرىشتۇق. بىز سىلەر تاللىغان تېئولوگىيىگە قوشۇلمايمىز. ئەمما، سىلەر ئۆز ئەقىدەڭلاردا داۋاملىق چىڭ تۇرساڭلار، ئۇنداقتا سىلەر پەقەت بىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئىش تۇتساڭلار، بىزمۇ سىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمىز. سىلەر پەقەت مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەي ئىش تۇتساڭلار، بىزمۇ سىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمىز. شۇنداقلا باشقا كىشىلەرنىڭ سىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىگىمۇ يول قويمايمىز. »**

**ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ پەلسەپىسىگە بىزمۇ ئەمەل قىلىشىمىز، ھەمدە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. مەن باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسى ياكى تېئولوگىيىسىگە قوشۇلمايمەن، ئەمما مېنىڭ ئۆز ئەقىدەمنى ئۇلارغا مەجبۇرى تېڭىش ھوقۇقۇم يوق. قېرىنداشلار، ئۈممەتلەر ئارىسىدىكى بۇنداق پەرق**

**1000 يىل، 1200 يىل، ھەتتا 1400 يىل ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. سىلەر بىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىكىمىز مۇشۇنداق پەرقلەرنى يوقىتالايدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟ ياق، ئىش ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمايدۇ. بىز رېئاللىقتا ئۇيغۇن ئىش تۇتمىساق بولمايدۇ. بىزنىڭ نېمىنى ئىستەيدىغانلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، بۇنداق مەزھەپلەر ۋە بۇنداق گۇرۇھلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ھەممىمىز بىر پىكىر بىرلىكىگە كېلەلەيدىغان ئىشنى قىلايلى. ئۇ بولسىمۇ بۇ دۇنيانى بىر ياخشىراق ماكانغا ئايلاندۇرۇش. سوتچىلىق ۋەزىپىسنى ئاللاھ ئۆتىسۇن. سوتچىلىقنى ئاللاھ قىلسۇن (Let Allah be the Judge). بۇ دۇنيادا بىز بىر-بىرىمىزگە تەھدىت سالماسلىقىمىز كېرەك. بىر-بىرىمىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك. بىر-بىرىمىزنى ئۆلتۈرمەسلىكىمىز كېرەك. ئاشۇنداق روللارنى ئېلىش مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. مانا بىز بۇ دۇنيادا مۇشۇ ئىشتا بىرلىككە كېلەيلى.**

**(5) گۇرۇھۋازلىق ئىشدا بىز ھەممىمىز داۋاملىق بىر-بىرىمىزنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشتىن بىرى بار. ئۇ بولسىمۇ، گۇرۇھۋازلىق قىلىپ، ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدىكى كۆرەڭلەپ كېتىش گۇناھىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ئىبارەت. مەن ئۆزۈمنىڭ تېئولوگىيىسى توغرا، دەپ ئويلىشىم مۇمكىن. ئەمما، مەن بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزۈمنى تېئولوگىيىسى مېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئادەمدىن ئۈستۈن قويۇۋالسام بولمايدۇ. مەن تاللىغان تېئولوگىيە توغرا بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن مۇكەممەل ئەمەس. بىز تېئولوگىيە بىلەن ئادەمنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشمىز كېرەك. مەن بىر گۇناھكار بولۇشۇم مۇمكىن. مېنىڭ گۇناھىم كۆرەڭلەپ كېتىش بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەقىدەم يەنە بىر كىشىنىڭكى بىلەن ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۇ كىشىدىن ئۈستۈن قويۇۋېلىشىم مۇمكىن.**

**قېرىنداشلار، ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارنى «ھەق يولدا مېڭىۋاتىمىز»، دەپ ئويلايدىكەنسىلەر، ئەگەر مەنمۇ ئۆزۈمنى «ھەق يولدا مېڭىۋاتىمەن»، دەپ ئويلايدىكەنمەن، ئۇ ھالدا سىلەر بىلەن مەن ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىزگە چۈشۈرۈپ بەرگەن قۇرئاندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشىمىز، بىزنى كەمتەرلىك (humility) كە يېتەكلەيدىغان ھەققە ئەگىشىشىمىز، بىزنى ئاددىي-ساددىلىق (humbleness) قا يېتەكلەيدىغان ھەققە ئەگىشىشىمىز، بىزنى ناتوغرا ئەقىدە يولىدا ماڭغانلارغا قارىتا كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان يولغا باشلايدىغان ھەققە ئەگىشىشىمىز كېرەك. قېرىنداشلار، بىزنىڭ نېمىگە ئىشىنىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەر تەشەببۇس قىلغان «ئالتۇن قائىدە» (golden rule) غا ئىشەنسەك بولىدۇ. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، بىز ئاشۇ «ئالتۇن قائىدە» گە ئىشىنىشىمىز كېرەك. بۇ قائىدىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: بىز باشقىلاردىن ئۆزىمىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئىستىسەك، بىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىر ئومۇمىي قائىدە. بۇ بىزدىن باشقىلارغا مېھرىبانلىق قىلىش ۋە باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان قائىدە. بۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىز ھەممىمىزنىڭ ئەمەل قىلىشنى ئۈمىد قىلغان قائىدە.**

**ياسىر قازىنىڭ مەزكۇر لېكسىيىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.**

## 2. «ئالتۇن قائىدە»

يۇقىرىدا ياسىر قازى ئۆزىنىڭ لېكسىيىسىنى «ئالتۇن قائىدە» نى تىلغا ئېلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. مەن ئۆزۈمنىڭ 2010-يىلىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن ماقالىسىنىڭ 8-قىسمىدا مەزكۇر قائىدىنى ئازراق تونۇشتۇرغان ئىدىم [2]. ئۇ ماقالىنى تېخى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن ئاشۇ مەزمۇننى بۇ يەرگە كىرگۈزۈپ قويدۇم:

تۆت مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، كىشىلەر بىر «ئالتۇن قائىدە» نى باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق قائىدە، دەپ تەلىم بېرىپ كەلدى. ئەمما، گەرچە كىشىلەر بۇ پەلسەپىنى ئەخلاقلىق ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىر توغرا قائىدىسى، دەپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ياكى ئۇنىڭ قانداق بىر قانۇنىيەتكە ئاساسلانغانلىقىنى چۈشەنمەي كەلدى. بۇ ئالتۇن قائىدىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

--سىز باشقىلاردىن ئۆزىڭىزگە قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، سىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بېرىڭ.

--سىز باشقىلاردىن ئۆزىڭىز توغرىسىدا قانداق سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، سىزمۇ باشقىلارغا ئاشۇنداق سۆزلەرنى قىلىڭ.

--سىز باشقىلاردىن ئۆزىڭىز توغرىسىدا قانداق ئويلاشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، سىزمۇ باشقىلار توغرىسىدا ئاشۇنداق ئويلاڭ.

ئەگەر سىز مەزكۇر ماقالىنىڭ ئالدىنقى بۆلۈملىرىدە بايان قىلىنغان مەزمۇنلارنى، يەنى، بىر ئادەمنىڭ ئوي-خىيالى ئاشۇ ئوي-خىيالنىڭ ماھىيىتى بويىچە رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەنگەن بولسىڭىز، يۇقىرىقى ئالتۇن قائىدىگە ئاساس بولىدىغان قانۇنىيەتنى ئاسانلا ئاڭقىرالايسىز. يەنى، سىز باشقىلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاشۇ ئىش توغرىسىدا ئويلىنىشىڭىز ياكى تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىڭىز كېرەك. شۇڭلاشقا سىزنىڭ باشقىلارغا بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىزگىمۇ ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىز ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر ئىنتايىن ياخشى مىسالىدۇر. يەنى ئالتۇن قائىدە بىلەن ئۆزگە تارتىش قانۇنىيىتى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر نەرسىدىن ئىبارەت.

سىز يۇقىرىقى ئالتۇن قائىدىنى ئۆزگەرتەلمەيسىز، ئەمما ئۇنىڭدىن بىر رەت قىلغىلى بولمايدىغان كۈچ سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئۇنىڭسىز ئېرىشكىلى بولمايدىغان يېڭى مۆۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيسىز.

باشقىلارغا ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش سىزنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلىرىڭىزنىڭ بىرى. ئەمما سىز مەزكۇر قائىدىنى چۈشەنسىڭىز، ئاخىرىدا باشقىلارمۇ سىزگە ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلىسىز. بۇ قانۇنىيەت سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ئادالەتسىزلىكلەر بىلەن رەزىللىكلەرنىڭ ئۆزىڭىزگە قايتىپ كېلىشى بىلەنلا توختاپ قالماي، سىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. يەنى ئۇ سىز بۇرۇن قىلغان ئوي-خىياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىسىنى سىزگە ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، سىز باشقىلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزىڭىزگە قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئىشلارنىلا قىلىپ قالماي، سىز باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزنى قانداق ئويلىشىنى ئارزۇ

**قىلىسىڭىز، سىزمۇ باشقىلارنى ئاشۇنداق ئويلىشىڭىز كېرەك.**

**سىز باشقىلارغا قارىتا بىرەر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئاشۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئۆز تەپەككۇرىڭىزدا ھاسىل قىلىسىز. ھەمدە ئاشۇ ئىشنىڭ يىغىندىسى، ئاساسى ۋە ماھىيىتىنى ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاشۇ ئىش توغرىسىدىكى تەپەككۇرىڭىزنى سىرتقا تارقىتىسىز. سىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا كىرگەن ئۇ نەرسىلەر سىزنىڭ ئۆز خاراكتېرىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، سىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىڭىز ياكى تەپەككۇرىڭىزنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن ھالدا ئۆزگىرىدۇ.**

**مۇشۇ ئاددىي پرىنسىپنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، سىز نېمە ئۈچۈن باشقا بىر ئادەمنى ئۆچ كۆرسىڭىز ياكى ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى، سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە ئادالەتسىزلىك قىلغان كىشىلەردىن ئۆچ ئالسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا نېمە ئۈچۈن «يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش» كېرەكلىكىنىمۇ چۈشىنەلەيسىز.**

**ئەگەر سىز ئالتۇن قائىدىگە ئاساس بولىدىغان قانۇنىيەتنى تولۇق چۈشەنسىڭىز، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىرلا دوستلۇق رىشتىسى بىلەن ئەبەدىي باغلاپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتنىمۇ چۈشىنىپ، مەيلى تەپەككۇر جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەت جەھەتتە بولسۇن، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى زەخىملەندۈرمەي تۇرۇپ باشقا بىر ئادەمنى زەخىملەندۈرىشىڭىز قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىسىز. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سىز پۈتۈن ئىشتىياقىڭىز بىلەن قىلغان ھەر بىر تەپەككۇر ۋە ھەر بىر ئىش-ھەرىكەت سىزنىڭ ئۆز خاراكتېرىڭىزگە پايدىلىق يوسۇندا قوشۇلىدۇ.**

**بۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنسىڭىز سىز قىلچىلىكمۇ گۇمانلانماي تۇرۇپ شۇنىمۇ بىلىسىزكى، باشقىلارغا قىلغان ھەر بىر يامانلىقىڭىز ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزنىمۇ جازالايسىز، شۇنداقلا باشقىلارغا قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقىڭىز ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزگىمۇ پايدا يەتكۈزىسىز.**

## 3. زۇبەير قەمەرنىڭ ۋاھابى ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرى

**تورداشلارنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، مەن «سۈننى ئىسلامدىكى ۋاھابى ۋە سەلەفى ھەرىكەتلىرى» دېگەن ماقالىنى تەييارلاشتا پايدىلانغان ئاساسلىق مەنبە زۇبەير قەمەرنىڭ ماقالىسى ئىدى. ئۇ ماقالە «ئامېرىكا سۈننەت فوند جەمئىيىتى» نىڭ تور بېتىگە قويۇلغان بولۇپ، تېمىسى «ۋاھابىزم: رادىكال ئىسلامنىڭ يىلتىزى بىلەن ئۆرنىكىنى چۈشىنىش» ئىدى. مەن يېقىندا مۇنداق يېڭى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم: زۇبەير قەمەرنىڭ «ئامېرىكا سۈننەت فوند جەمئىيىتى» نىڭ تور بېتىگە قويۇلغان ماقالىسى ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئەسلىدىكى ماقالە 2006-يىلى يېزىلغان ئىكەن. ئاپتور ئۇ ماقالىنى ئۆزگەرتىپ ۋە تولۇقلاپ، 2014-يىلى 18-فېۋرال كۈنى ئۆزىنىڭ تور بېتىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ [3]. ھەمدە ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسى نەچچە ئونلىغان ئىنگلىزچە تور بەتلىرىگە كۆچۈرۈپ چىقىرىلىپتۇ. مەن ۋاھابى توغرىسىدىكى ماقالىنى يازىدىغاندا، ماڭا پەقەت ئۇ ماقالىنىڭ «ئامېرىكا سۈننەت فوند جەمئىيىتى» نىڭ تور بېتىگە قويۇلغان قىسقارتىلغان نۇسخىسىلا ئۇچراپ قالغان ئىكەن. ماقالىنىڭ ئەسلىدىكى نۇسخىسىدا مەن پايدىلانغان نۇسخىسىغا قارىغاندا خېلى كۆپ يېڭى مەزمۇنلار بار ئىكەن. مەن ۋاھابى توغرىسىدىكى ماقالىنى تورغا چىقىرىپ بولغاندىن**

كېيىن، زۇبەير قەمەر ۋە ئۇنىڭ تور بېتى ھەققىدە قېرىنداشلارغا ئۆزۈمنىڭ ئىنكاسلىرى ئارقىلىق خېلى كۆپ قوشۇمچە ئۇچۇرلارنى يەتكۈزدۈم. شۇنداق بولسىمۇ بىر قىسىم قېرىنداشلارنىڭ ئىنكاسلىرىدىكى زۇبەير قەمەرگە بېرىلگەن باھادا خېلى ئېغىر ئادالەتسىزلىك ۋە ناھەقلىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ. قېرىنداشلارنى زۇبەير قەمەر توغرۇلۇق تېخىمۇ تولۇق ۋە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ئەسلىدىكى تولۇق نۇسخىسىدىكى ۋاھابى ۋە تېررورىزىم ھەققىدىكى مەزمۇنىنىڭ بىر قىسمىنى بۇ يەرگە ئەينەن تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزۈپ قويدۇم. مەن زۇبەير قەمەرنى تونۇمايمەن. ئۇنىڭ بىلەن ھېچ قانداق ئالاقەم يوق. مېنىڭ توردىن بىلگىنىم، ئۇ ئۆزىنى ئەھلى سۈننەنىڭ بىر ئەزاسى ھېسابلايدىغان، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى سۈننى ئىسلامنىڭ خەلقئارادىكى توغرا ئوبرازىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قوغداشقا ئاتىۋەتكەن بىر كىشى ئىكەن.

زۇبەير قەمەر ماقالىسىنىڭ مەن بۇ قېتىم تاپقان تولۇق تېكىستىدە «ۋاھابىلار بىلەن ئەھلى سۈننە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر» دېگەن بىر قىسىم بار بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 8 جەھەتتىكى پەرقلەر بايان قىلىنىپتۇ. ئۇ مەزمۇنلارنىڭ بىر قىسمى مېنىڭ ماقالەمدە بايان قىلىنغان مەزمۇنلارغا ئوخشاپ قالىدىكەن. ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان ئۇيغۇر دىنىي زىيالىيلىرىغا ئاشۇ مەزمۇننى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

تۆۋەندىكىسى زۇبەير قەمەر ماقالىسىنىڭ 1-قىسمىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئاز بىر قىسمى. ئۇ قىسمىنىڭ تېمىسى «ئارقا كۆرۈنۈشنى توغرىلاش: ۋاھابىلارنىڭ ھەممىسى تېررورىستچى ئەمەس، ئەمما بەزىلىرى شۇنداق» ئىكەن.

تۆۋەندىكى مەزمۇن زۇبەير قەمەرنىڭ ماقالىسىدىن ئەينەن تەرجىمە قىلىندى:

«بىرىنچىدىن، مەن ۋاھابىزىم ئۇستىدە يۈرگۈزىدىغان مۇلاھىزە ئەھلى سۈننە ئاساسىدا بولىدۇ. بۇ گېپىمنىڭ مەنىسى، ۋاھابىزىم «سۈننى ئىسلام» دېگەن نىقاب بىلەن دىنىي ئەقىدە (doctrine) بىلەن ئىبادەت (worship) گە خاتا ھالدا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، مەن ئۇنى قوبۇل قىلالمايمەن. ئىككىنچىدىن، ۋاھابىلار ئېچىدىكى بىر قىسىم گۇرۇپپىلار ئەقىدە بىلەن ئىبادەت جەھەتتىكى پەرقلەر سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلارغا جىسمانىي جەھەتتىن زوراۋانلىق قىلىپ كەلدى، ھەمدە ئۆزلىرى «كاپىرلار» دەپ قارىغان ئەللەرگىمۇ زوراۋانلىق قىلىپ كەلدى. مېنىڭ تېررورىزىمغا بەرگەن ئېنىقلىمام سۈننى ۋە شىئە پۇقرالىرىغا قارىتىلغان ۋە قەستەنلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

(بۇ يەردىكى مەزمۇن قىسقارتىلدى)

ۋاھابىلارنىڭ كۆپىنچىسى سىياسەتتىن يىراق تۇرىدۇ، ئاساسىي جەھەتتىن تىنچلىقپەرۋەر كېلىدۇ، ھەمدە تېررورچىلىقنى قوللىمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە تېررورچىلىقنى ئەيىبلەيدۇ. بەزى زىيالىيلارغا ئوخشاش ئۇ ۋاھابىلارغا «تېررورچىلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىز كۆپ ساندىكى ۋاھابىلارنىڭ تېررورىزىمغا ئېتىراز بىلدۈرۈشىدىن پايدىلىنىپ، ۋاھابىزمنىڭ تېررورىزمنى تارقىتىدىغان سىياسىي ۋە مىلىتانت ۋارىيانتىنىڭ تەشۋىقاتلىرىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىر ئەھلى سۈننە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ۋاھابىلار بىلەن بولغان ئېتىقاد ۋە ئىبادەت جەھەتتىكى پەرقلىرىمىز، ھەمدە تىنچلىقپەرۋەر ۋاھابىلارنىڭ

ئىككى-قۇتۇپلۇق ۋە بەزىدە رادىكال كۆزقاراشلىرىنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنداق بولۇشىدىن ناھايىتىمۇ يىراق.

ئەمما، ھازىرقى تېخىمۇ مۇھىم مەسىلە تېررورىزم مەسىلىسى بولۇپ، ۋاھابىزم بىلەن باشقا شەكىلدىكى سەلەفىزمنىڭ مىلتانت ئاشقۇنلۇقلىرىغا زەربە بېرىشتە، ئەھلى سۈننە ئىسلام بىلەن تىنچلىقپەرۋەر ۋاھابىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلالايدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا، دىن بىلەن ئىدېئولوگىيىنىڭ ئاشقۇنلارچە چۈشەندۈرۈلۈشى تېررورىزمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان كۆپلىگەن ئامىللار ئىچىدىكى پەقەت ئىككى ئامىلدىنلا ئىبارەت. تېررورىزم ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ساغلام ئانالىز تېررورىزمنىڭ سەۋەبلىرىنى ھەرگىز مۇشۇ ئىككى ئامىلغىلا چۈشۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. »

زۇبەيىر قەمەرنىڭ ماقالىسىدىكى مەزمۇن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مەن توردىشلاردىن مۇنۇ ئىككى جۈملە سۆزنى ئەستە چىڭ تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن:

«ۋاھابىلارنىڭ كۆپىنچىسى سىياسەتتىن يىراق تۇرىدۇ، ئاساسي جەھەتتىن تىنچلىقپەرۋەر كېلىدۇ، ھەمدە تېرروررچىلىقنى قوللىمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە تېرروررچىلىقنى ئەيىبلەيدۇ.»

«ۋاھابىزم بىلەن باشقا شەكىلدىكى سەلەفىزمنىڭ مىلتانت ئاشقۇنلۇقلىرىغا زەربە بېرىشتە، ئەھلى سۈننە ئىسلام بىلەن تىنچلىقپەرۋەر ۋاھابىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلالايدۇ.»

## 4. ئاخىرقى سۆز

كۆپىنچە توردىشلارنىڭ ھازىرغىچە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقىنىدەك، مەن ئۆزۈمنىڭ ۋاھابى ھەققىدىكى ماقالىسىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىزچىل تۈردە قوشۇمچە ئۇچۇرلارنى ئىنكاس شەكلىدە يوللاپ كېلىۋاتىمەن. بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، توردىشلارنى توغرا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش، ھەمدە ماقالىنىڭ مەنبەسىنىڭ ئاپتورلىرىغا ناھەقلىق، ئادالەتسىزلىك ۋە ئوۋال قىلىپ قويماسلىق. مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم، تېھران گېزىتىدىكى مەزمۇن بىلەن زۇبەيىر قەمەرنىڭ ماقالىسىدىكى مەزمۇن ھەققىدە ياسىر قازىنىڭ پىكرىنى بىۋاستە ئېلىپ، ئۇنى توردىشلارغا ئەينەن يەتكۈزۈش. مەن مۇشۇ مەقسەت بىلەن ياسىر قازىغا ئىككى قېتىم ئۇچۇر يوللىدىم. ئەمما، ئۇنىڭدىن تېخى جاۋاب كەلمىدى. ئۇ بىر ئىمام، شەيخ، ئىككى ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى، ۋە ئامېرىكىدا 21 شۆبىسى بار، چەت ئەلدە 10 دەك شۆبىسى بار بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغاچقا، ھەمدە توختىماي ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى بەك ئالدىراش ئۆتىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ياسىر قازى مۇشۇ ئالدىمىزدىكى 11-ئاپرېل كۈنى نورۋېگىيىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى بىر مەسچىتكە بېرىپ، جۈمە نامىزىغا قاتنىشىدىكەن، ھەمدە بىر لېكسىيە سۆزلەيدىكەن.

مەن ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىلىرىنى ئاڭلاش جەريانىدا تېخى تۇنۇگۈن مۇنداق بىر ئىشنى بىلدىم: ئۇ ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئىبن تەيمىيەھ ئۈستىدە ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ لېكسىيىلىرىنىڭ بىرىدە ئىبن تەيمىيەھنى تىلغا ئېلىپ، «ئىبن تەيمىيەھ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن داڭ چىقارغان» دېگەنگە ئوخشاش بىر جۈملە سۆزنى قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن كېيىنچە ئۇ لېكسىيىنىڭ مەزمۇنىنىمۇ تونۇشتۇرىمەن. دېمەك، ياسىر قازى ئىبن تەيمىيەھنى يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىق قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىبن تەيمىيەھگە ئادىل ۋە ئىلمي ھالدا باھا

**بىرەلەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. مەن بۇ جەھەتتىكى ئىشلاردىن قىرىنداشلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرىمەن.**

**ياسىر قازى ئامېرىكىنىڭ تېنىسى شتاتىدا، مەن بولسام كالىفورنىيە شتاتىدا بولۇپ، ئارىلىقىمىز بىر قانچە مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ماڭا يېقىنراق يەردە بولغان بولسا، مەن ئۇنىڭ ھەممە لېكسىيىلىرىنى بىۋاستە ئاڭلاشقا تىرىشقان بولاتتىم. خۇدايىم بۇيرۇسا ماڭا ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇناسىۋەت ئورنىتىش نېسىپ بولار.**

## قوشۇمچە مەزمۇن: زامان ئاخىرىنىڭ بىر بەلگىسى ھەققىدىكى يېڭى خەۋەر

**2014-يىلى 2-ئاپرېل كۈنى ئەنگلىيىنىڭ مېدىيە شىركىتى BBC ئالىملارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇنىڭدىن 325000 يىل بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ، كېيىن يوقاپ كەتكەن بىر خىل پىلنىڭ ناھايىتى چوڭ چىشىدىن بىرىنى بايقىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياسىر قازى ئۆزىنىڭ «Facebook» تىكى ئۈچۈر تېمىغا تۆۋەندىكى ئۈچۈرنى چىقىرىپ قويىدى. بۇ بىر قىزىقارلىق تېما بولغاچقا، بۇ خەۋەرنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى قىرىنداشلارغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ قويۇش مەقسىتىدە، مەن ئۇنى مەزكۇر ماقالىگە كىرگۈزۈپ قويدۇم:**

**«پەيغەمبىرىمىز (مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇنداق پەرەز قىلغان: قىيامەت كۈنىنىڭ بەلگىلىرىنىڭ بىرى، ئەرەب زېمىنىنىڭ يېشىللىق بىلەن دەريالارغا قايتىشى (بۇنى ھەزرىتى مۇسلىم ئۆزىنىڭ سەھىھ (ساھەەھ) ھەدىسىدە تەسۋىرلىگەن) بولۇپ، ئۇ زېمىن قەدىمكى بىر زامانلاردىمۇ شۇنداق ئىدى. ئەرەبلەر ئەرەب زېمىنىنىڭ قەدىمكى بىر زامانلاردا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان تۇسكە ئىگە ۋە مۇنبەت تۇپراق بولۇپ، ئۇنىڭدا دەريالارنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ باققانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن بۇ بىر ھەيران قالارلىق خەۋەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەۋەر قەدىمكى بىر زامانلاردا ئەرەب قۇملۇقىنىڭ بىر كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يېشىل ۋە زور مىقداردىكى سۈيى بار بىر زېمىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇ ئىشتا ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ ئەلچىسى ھەقنى سۆزلىگەن.»**

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**[1] Violence & hatred towards Shi'a. Dr. Yasir Qadhi, Sept. 1, 2013. https://www.youtube.com/watch?v=Hg6CTIlkNZU**

**[2] بىلىمخۇمار، «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى». 2011-يىلى 2-يانۋار.**

**[3]http://zubairqamar.com/2014/02/18/wahhabism-understanding-the-roots-and-role-models-of-islamic-fanaticism-and-terror/**

**[4] Tusk clue to Saudi desert's green past, April 2, 2014 http://www.bbc.com/news/world-middle-east-26841410**

# قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدە

**2014-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنى**

مەن ئۆزۈمنىڭ «ئىسلام دىنىدىكى ئوتتۇرا يول ھەققىدە » دېگەن ماقالىسىدە ئىسلام دىنىنى بىر ئۇلۇغ دىن قىلغان ئامىللارنىڭ بىر قىسمىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. ئىسلام دىنىنى بىر ئۇلۇغ دىن قىلغان مۇھىم ئامىللار ئىچىدە قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىمۇ بار. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى توغرىسىدا بىر قىسىم بىلىملەرگە ئىگە، دەپ ئويلايمەن. لېكىن، مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە، دىنىي زىيالىي دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئادەتتىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىسى قۇرئاندىكى ئىلىم-پەن ۋە كائىنات بىلىملىرىگە ئائىت پاكىتلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا قېرىنداشلارنىڭ ئىسلام دىنىنى بىر ئۇلۇغ دىن قىلغان تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ مۇھىم ئامىللارنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، مەن مەزكۇر ماقالىدا ياسىر قازىنىڭ «قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى» دېگەن تېمىدا سۆزلىگەن بىر ئىلمىي دوكلاتىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

بۇ دوكلاتىنىڭ ئۆزۈنلۈقى بىر سائەت بولۇپ، ياسىر قازى بۇ دوكلاتنى 2009-يىلى ھىندىستاننىڭ مۇمباي شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارالىق ئىسلام تىنچلىق قۇرۇلتىيى» دا سۆزلىگەن [1]. توردىكى ئۈچۇرلارغا ئاساسلانغاندا [2]، بۇ دوكلاتنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سانى 300 مىڭدىن 500 مىڭغىچە بولۇپ، شۇ قېتىمقى جۈمە نامىزىغا كەلگەنلەرنىڭ سانىمۇ 200 مىڭ كىشى ئىكەن.

مەن بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا پەقەت ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنلارنىلا تونۇشتۇرىمەن. ئەگەر ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنلار.

## 1. نېمىشقا پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن مۆجىزىلەر يارىتىلغان؟

بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇنداق بىر ئىشنى بىلىمىز: قۇرئان ئاللاھ ياراتقان ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزە. بۇ سۆزنى بىز كىچىك بالا ۋاقتىمىزدىلا ئاڭلىغان. بۇ سۆزنى بىز مۇسۇلمان ئەمەس دوستلىرىمىزغا دەيمىز. بىز ئۆزلىرىمىز ئۆزلۈكىمىزدىن چۈشەنسەك چوقۇم ساھابىلەرنىڭ مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز: قۇرئان ئاللاھ ياراتقان ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزە، قۇرئان ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى، ھەممىدە قۇرئان ھازىرغىچە كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ۋە مەڭگۈ يوق بولۇپ كەتمەيدىغان مۆجىزە. ئەمما بىز قۇرئاننىڭ قانداقسىگە بىر مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى، ۋە بۇ مۆجىزە ھەققىدىكى تولۇق چۈشەنچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئاساسەن ئاڭلىمايمىز. بۈگۈنكى دوكلاتتا مەن ئاللاھنىڭ نېمە ئۈچۈن مۆجىزىلەرنى ياراتىدىغانلىقى، قۇرئاننىڭ نېمە ئۈچۈن بىر مۆجىزە بولۇپ

**ھېسابلىنىدىغانلىقى، ھەمدە قۇرئاننىڭ بىر قانداق شەكىلدىكى مۆجىزە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.**

**«مۆجىزە» دېگەن ئۇقۇم ئەرەبچىدە «موئېرجىزە» (مُعْجِزَة) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «تەقلىد قىلىپ ياسىغىلى بولمايدىغان، قايتا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان، تەبىئەتتىن تاشقىرى، بىز ئادەتلەنگەن تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى بۇزۇپ تاشلايدىغان نەرسە» دىن ئىبارەت. ئوتتۇراھال ئىنسانلار ئۈچۈن مۆجىزىنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانداق بىر راتسىئونال ئادەم ئېرىشەلەيدىغان بىردىن-بىر يەكۈن شۇ بولىدۇكى، مۆجىزە ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن.**

**بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ ھەر بىر پەيغەمبەرنى چۈشۈرگەندە، ئۇلارنى بىر قىسىم مۆجىزىلەر بىلەن بىللە چۈشۈرگەن. مەسىلەن، ئاللاھ مۇسا پەيغەمبەرگە 9 مۆجىزە بەرگەن. قۇرئاندا بۇ ھەقتە ئايەتلەر بار. بۇ 9 مۆجىزىنىڭ بىرسى، مۇسا پەيغەمبەر يەرگە بىر تال تاياقنى تاشلىسا، ئۇ تاياق بىر يىلانغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇ ھېچ قانداق بىر ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ يەنە بىرى بولسا، مۇسا پەيغەمبەر بىر تال تاياقنى بىر شىلتىسا، قىزىل دېڭىزنىڭ سۈيى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. قانداق بىر ئادەم قىزىل دېڭىزنى بىر تال تاياق بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىككى پارچىغا بۆلىۋېتەلىسۇن؟ بۇ ئىشقا ھېچ قانداق بىر ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.**

**ئەيسا پەيغەمبەرگىمۇ ئىنتايىن كۆپ مۆجىزىلەر ئاتا قىلىنغان. ئۇنىڭ بىر قىزلىقى بۇزۇلمىغان قىزدىن، يەنى مەريەمدىن تۇغۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇنداق تۇغۇت ھازىرغىچە 2-قېتىم يۈز بېرىپ باقمىدى، ھەمدە مەڭگۈ يەنە بىر قېتىم يۈز بەرمەيدۇ. ئەيسا پەيغەمبەر نۇرغۇن ئىشلارنى ئالدىن پەرەز قىلالىغان.**

**بىر قېتىم ئۇ ئىسرائىلىيىلىك باللارغا «مەن ھازىر ئۆيۈڭدە نېمە بارلىقىنى دەپ بېرەلەيمەن»، دەپ، ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلغان.**

**بىر قېتىم ئاللاھ ئۇنىڭغا «ئۆلگەن ئادەمدىن پالانىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغىن»، دەيدۇ. ئەيسا پەيغەمبەر بىر كىلىنىكلىق جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئۆلۈپ، يەرگە كۆمۈلۈپ بولغان بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇ ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ روھى ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاللىقاچان ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ روھىنى ئۇنىڭ بەدىنىگە قايتىدىن سېلىپ قويىدۇ.**

**بىر قېتىم ئەيسا پەيغەمبەر لايدىن بىر كەپتەر ياساپ، ئۇنى پۈۋلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇ لايدىن ياسالغان كەپتەرگە جان بېرىپ، ئۇ كەپتەر ئۇچۇپ كېتىدۇ.**

**مۇشۇنداق ئىشلارنى بىز «مۆجىزە» دەپ ئاتايمىز.**

**ئاللاھ نېمە ئۈچۈن مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ؟ ئۇ مۆجىزىلەرنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت نېمە؟ ئۇ مۆجىزىلەرنى چۈشۈرۈشتىن مەقسەت، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. ئاللاھنىڭ مۆجىزىلەرنى يارىتىشىدىكى مەقستى، ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەرنىڭ بىر ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى، پەيغەمبەرنىڭ يالغانچى ئەمەسلىكىنى، ئالدامچى ئەمەسلىكىنى، پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھ ئۆزى ياردەم بېرىۋاتقان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشتۇر. ئىنسانلارنى**

پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن ھېچ قانداق شەك كەلتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئىشەندۈرگەن قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## 2. مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېشى كەلگەندە، ئەينى ۋاقىتتا مەككە ۋە كەبىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى پەيغەمبىرىمىزدىن مۆجىزە تەلەپ قىلدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «سەن پەرىشتىلەرنى يەر يۈزىگە چۈشۈرگۈزۈپ باققىن؛ مەككىدىكى يەرنى يېرىپ، بىر دەريا پەيدا قىلىپ باققىن؛ بۇ يەردىكى قۇملۇقنى بىر يېشىلچىلىق قاپلىغان زېمىنغا ئۆزگەرتىپ باققىن»، دەيدۇ. يەنى، قۇرەيشلەر مۆجىزە تەلەپ قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا مۆجىزە ئاتا قىلدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى، ياكى ھەممە مۆجىزىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر مۆجىزىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ قۇرئاندىن ئىبارەت.

ئاللاھ بەش ئايەت ئارقىلىق قۇرەيشلەرگە جەڭ ئېلان قىلدۇ. بۇ ئايەتلەر «جەڭ ئېلان قىلىش ئايەتلىرى» (verses of challenge) دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار بىلەن جىنلار بىرلىشىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىر نەرسىنى بەرپا قىلماقچى بولسۇن، ئۇلار بىر-بىرىگە ياردەم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى بەرپا قىلالمايدۇ.» ئەمما قۇرەيشلەر ئۇنداق قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ شەرتنى يېنىكلىتىپ، مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن قۇرئاننى ئەمەس، پەقەت سۈرىدىن ئوننىلا تەقلىد قىلىپ ياساپ بېقىڭلار، ئۇنى قىلالامسىلەر-يوق.» ئۇلار بۇنىمۇ قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ شەرتنى يەنە بىر قېتىم يېنىكلىتىپ، ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھنى ياكى ئۇلتىماتۇمنى بېرىدۇ. بۇ شەرت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 5 ئايەتنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر مەن پەيغەمبىرىڭلارغا چۈشۈرگەن قۇرئاندىن گۇمانلانساڭلار، سىلەر سۈرىدىن پەقەت بىرنىلا تەقلىد قىلىپ ياساپ بېقىڭلار.» مانا بۇ قۇرئاننىڭ بىر مۆجىزە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسىدۇر. ئاللاھ دەسلىپىدە ئۇلارغا ناھايىتى تەس ئۆتكەلدىن بىرنى ھازىرلاپ، ئۇلاردىن قۇرئانغا ئوخشاش بىر پۈتۈن كىتابنى تەقلىد قىلىپ يېزىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئاللاھ شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەلنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ، پەقەت 10 سۈرىنى تەقلىد قىلىپ يېزىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدۇ. ئۇلار يەنە قىلالمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ ئۇلارغا پەقەت بىرلا سۈرىنى تەقلىد قىلىپ يېزىپ بېقىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھ ياكى ئۇلتىماتۇمنى بېرىدۇ. بۇ ئۇلتىماتۇم قۇرئاندا «ئەگەر سىلەر ئۇنداق قىلالمىساڭلار (سىلەر ئۇنى مەڭگۈ قىلالمايسىلەر)» دەپ ئېلىنغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى مەڭگۈ قىلالمايدىغانلىقىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەيدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە. شۇنداق قىلىپ ئاللاھ دەيدۇكى، «ئەگەر سىلەر ئۇنداق قىلالمىساڭلار (سىلەر مەڭگۈ، تاكى زامان ئاخىرى بولغۇچە ئۇنداق قىلالمايسىلەر)، ئۇنداقتا سىلەر ئاللاھنىڭ جازاسىغا، يەنى دوزاخقا كىرىشكە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار.» بۇ يەردىكى «ئەگەر سىلەر ئۇنداق قىلالمىساڭلار» دېگەن سۆز بىر شەرت بولۇپ، «(سىلەر مەڭگۈ ئۇنداق قىلالمايسىلەر)» دېگەن سۆز بىر ئالدىنئالا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كەلگۈسى توغرىسىدىكى مۆلچەردۇر.

بۇ ئۇلتىماتۇم پەقەت بۇرۇنقى زامان ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۇلتىماتۇم بولماستىن، ئۇ ئىزچىل تۈردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇلتىماتۇم بولۇپ، ئاللاھ ھازىرمۇ بىزنىڭ

بۇ ئۈلتىماتۇمنى يالغۇز بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، يالغۇز بىزنىڭ مۇنازىرىچىلىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇشىمىزغا يول قويىدۇ. بىز پۈتۈن ئىنسانىيەتكە جەڭ ئېلان قىلىمىز. بىز دەيمىزكى، ھەي ئىنسانىيەت، ئەگەر سىلەر قۇرئانغا ئىشەنمىسەڭلار، ھەممىڭلار بىرلىشىپ، ھەممە ئالىملار، ھەممە كومپيۇتېرلار ۋە ھەممە پروگرام باشلىقلىرى بىرلىشىپ، قانداق ئۇسۇلدىن پايدىلانساڭلار پايدىلىنىپ، كومپيۇتېر پروگراممىلىرىنى يېزىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ شائىرلىرى، ئالىملىرى ۋە ئەرەب تىلىنى ئىشلىتىدىغان نوبېل مۇكاپاتى ساھىبلىرىنىمۇ بىر يەرگە توپلاپ، قۇرئاندىكى سۈرىلەرگە ئوخشاش سۈرىدىن پەقەت بىرنى تەقلىد قىلىپ يېزىپ بېقىڭلار. ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ «قۇرئان ئاللاھتىن چۈشكەن ئەمەس» دەيدىغان باياناتىڭلارغا ھەقىقەتەن ئىشەنسەڭلار، مانا ئاشۇنداق قىلىپ بېقىڭلار. مانا بۇ ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان قىيىن ئۆتكەل ياكى جەڭ ئېلان قىلىشتۇر.

**ئىلاۋە:** ياسىر قازى ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەندە، ئۇنىڭ ئەرەبچىسىنى قۇرئاندىكى بويىچە ئەينەن ئوقۇپ ياكى يادلاپ، ئىنگلىزچە چۈشەندۈرگەندە ئۇنى ئەينەن چۈشەندۈرمەي، ئەركىن تىل بىلەن سۆزلەيدۇ. گەرچە مەن ئۇنىڭ «ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ» دەپ باشلىغان ئەركىن شەكىلدىكى سۆزلىرىنى قوش تىرناق («») نىڭ ئىچىدە نەقىل شەكلىدە ئالغان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى سۆزى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر مەن ئۇلارنى قوش تىرناقنىڭ ئىچىگە نەقىل قىلىپ ئالمىسام، جۈملىنىڭ قايسى قىسمى ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى، قايسى قىسمى نورمال تېكىست ئىكەنلىكى ئېنىق بولماي قالىدىكەن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەردىن بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداقلا يۇقىرىدىكى 5 ئايەتنى بىلىدىغان قېرىنداشلاردىن ئۇ ئايەتلەرنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويۇشنى ئۆتۈنىمەن. يەنە بىر گەپ، بىر قىسىم قېرىنداشلار قۇرەيش (Quraysh) نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ياسىر قازى ئۆز لېكسىيىلىرىدە بۇ ئىسىمنى داۋاملىق تىلغا ئالىدۇ. قۇرەيش ئەينى ۋاقىتتا مەككە ۋە كەئبەنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر ئىنتايىن كۈچلۈك ئەرەب قەبىلىسى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشۇ قەبىلىگە تەۋە بولغان بەنى ھاشىم قەۋمىدا دۇنياغا كەلگەن ئىكەن [3].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىنتايىن كۆپ مۆجىزىلەر بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ بىرسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاينى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت. «قىيامەت كۈنى يېقىنلىشىپ، ئاي شارى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىندى.» قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەڭ ئېلان قىلغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىدۇ. بۇ ئىش قۇرەيشلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى يېمەكلىك بىلەن نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغان ئەھۋالنى ئىنتايىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. 627-يىلى مەدىنىدە يۈز بەرگەن خەندەك ئۇرۇشىدا بىر چەشكە سۈتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 1500 نەپەر ھەمراھلىرى ئۇسسۇزلۇقى قانغىچە ئىچىدۇ. بۇ ئىشنى ئىنتايىن كۆپ كىشىلەر سۆزلەپ يۈرىدۇ. ھۇدەيبىيە ئۇرۇشىدا بىر شىشە سۇنى 1400 ئەسكەر ئىچىدۇ.

تەبۇك ئۇرۇشىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاران بىر تەخسە تاماقلا بار بولۇپ، ئۇ قولىنى تەخسىدىكى تاماققا تىقىپ، ئاللاھقا «بىزدە بار تاماقنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شۇ»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئاللاھ پۈتۈن تەبۇك قوشۇنىغا يەتكۈدەك تاماق چۈشۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى جانلىق مۆجىزىلەر بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى كۆرگەن. ھەمدە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى دوكلات قىلغان. بۇنداق مۆجىزىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇگۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىشكە ۋاقىت يوق.

## 3. قۇرئان بارلىق مۆجىزىلەرنىڭ مۆجىزىسى

ئەمدىكى گەپ، باشقا مۆجىزىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىك سالاھىيتىنىڭ قانداقلىقىدۇر. بۇنىڭ جاۋابى، قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۆجىزىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىك دەرىجىسى شۇنچە ئۈستۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قالغان مۆجىزىلەر مۇھىم ئەمەس ۋە بىردەك ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. باشقا مۆجىزىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇرئان سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ، خۇددى كۈننىڭ ئالدىدا باشقا يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ھېچ نېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالغىنىدەك، قۇرئاننىڭ ئالدىدا باشقا مۆجىزىلەر ئانچە مۇھىم بولماي قالىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىنتايىن كۆپ مۆجىزىلەر بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزە، ئەڭ ئاخىرقى مۆجىزە قۇرئاندىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئاننىڭ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار. بىر ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى چۈشۈرگەن، ھەمدە ئۇلارغا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى بەرگەن. شۇ مۆجىزىلەرگە ئاساسلىنىپ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. ماڭا بېرىلگەن بىردىن-بىر مۆجىزە ماڭا قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلۈشى بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن، باشقا پەيغەمبەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئەڭ كۆپ ئەگەشكۈچىلىرىمنىڭ بار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» گەرچە ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، باشقا مۆجىزىلەر بىلەن قۇرئاننى سېلىشتۇرغىلى بولمىغاچقا، ئۇ قۇرئاننى «بىردىن-بىر مۆجىزە» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىك دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بۇرۇن باشقا پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن بارلىق مۆجىزىلەرنى قوشقاندىمۇ، ئۇلار قۇرئانچىلىك بولالمايدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، بۇ مۆجىزە شۇ دەرىجىدە كۈچلۈككى، بۇرۇنقى باشقا پەيغەمبەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قىيامەت كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

بۇ سۆز ھەقىقەتەنمۇ توغرا. ھازىر قاراپ باقىدىغان بولساق، دىنىي ئەقىدە بىلەن ئىبادەتنى ھەقىقىي تۈردە داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بارلىق ئادەملەرنىڭ ئىچىدە، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن قارىغاندا مۇسۇلمانلار ھازىر ھەقىقەتەنمۇ باشقا دىندىكىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. دېمەك، قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەڭ ئاخىرقى مۆجىزە.

## 4. نېمە ئۈچۈن قۇرئان ئەڭ ئاخىرقى مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق مۆجىزىلەردۇر. مەسىلەن، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە قىزىل دېڭىزنىڭ ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈپ

**كەتكىننى كۆرگەنلەر يوق. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ بىر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ يوق. بىز ئۇ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ باقمىدۇق، ئەمما بىز ئۇلارغا ئىشىنىمىز. بىز ئۇ ۋاقىتتا يوق. بىز ئۇ يەرلەردە يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاينى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن زامان ۋە ماكاندىمۇ بىز يوق. بىز ئۇلارنى كۆرمىدۇق. ئەمما بىز ئۇلارغا ئىشىنىمىز. دېمەك، ئۇ مۆجىزىلەر پەقەت شۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر ئۈچۈنلا مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلار بولساق، پەقەت ئاشۇنداق مۆجىزىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز بىر چاشكا سۈت بىلەن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغان. بۇ مېنىڭ ئىمانىم. بۇ مېنىڭ ئىمانىم. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن. مەن بۇ مۆجىزىنى مۇسۇلمان ئەمەس بىرسىگە دەپ، ئۇنىڭدىن بۇ مۆجىزىگە ئىشىنىشنى تەلەپ قىلالمايمەن.**

**قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكى باشقا مۆجىزىلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان زامان بىلەن ماكان ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. قۇرئاندىن ئىبارەت بىر مۆجىزىنى كۆرۈش ئۈچۈن، مېنىڭ 7-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشىغان بولۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مەن بۇ مۆجىزىنى ھازىرمۇ ئوخشاشلا كۆرەلەيمەن. قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى باشقا مۆجىزىلەردە بار بولغان زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى «مەڭگۈلۈك مۆجىزە»، دەپ ئاتىلىدۇ. مەن بۇ مۆجىزىگە قولۇمنى تەككۈزەلەيمەن، ئۇنى ھېس قىلالايمەن، ئۇنى كۆرەلەيمەن، يادلاپ بېرەلەيمەن. بۇ مۆجىزىنى مەن ئۆزۈمنىڭ سېزىملىرى بىلەن كۆرستىپ بېرەلەيمەن. قۇرئان ئۇنىۋېرسال مۆجىزە، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك مۆجىزە.**

**قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىنىڭ قانچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى مۇنداق: بۇرۇنقى پەيغەمبەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر ئاللاھتىن ئاشۇ پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن ئۇچۇر، ياكى مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھتىن چۈشكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بېرىلگەن. مەسىلەن، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشكەن تەۋرات، ۋە ئەيسا پەيغەمبەرگە چۈشكەن ئىنجىل. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن قۇرئان ئۆزىنىڭ ئاللاھتىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر مۆجىزىگە ئېھتىياجلىق ئەمەس. مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن مۆجىزە بىلەن مۇقەددەس كىتاب بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. ئاللاھتىن چۈشكەن بۇ نەرسىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە، بۇ مۆجىزىنىڭ ئۆزى بىر مۇقەددەس كىتاب بولۇپ، بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ ئاللاھتىن چۈشكەنلىكىگە ئىسپات بولىدىغان ئىسپاتلارغا ئېھتىياجلىق ئەمەس. بۇ كىتابتا ئىسپات بىلەن ئاللاھنىڭ سۆزلىرى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. مانا مۇشۇلار قۇرئاننىڭ بىر ئىنتايىن قۇدرەتلىك مۆجىزە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.**

**يۇقىرىدا مەن ئىككى مەسىلە ئۈستىدە چۈشەنچە بەردىم. ئۇنىڭ بىرى، قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك مۆجىزىنىڭ زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن، ياكى زامان ۋە ماكان ئامىللىرىدىن خالىي ئىكەنلىكىدۇر. يەنە بىرى بولسا، قۇرئان ئۆزىنىڭ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان باشقا ئىسپاتلارغا، ياكى باشقا مۆجىزىلەرگە ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىكەنلىكىدۇر. بۇ ئىككى نۇقتا نېمە ئۈچۈن قۇرئان بىر كۈچلۈك مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.**

## 5. قۇرئان قانداق مۆجىزىگە تەۋە بولىدۇ؟

**ئەمدى بۇ يەردە ئىككىنچى سوئال تۇغۇلىدۇ: قانداقسىگە قۇرئان بىر مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟**

بۇ سوئالغا تولۇق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. مەن بۇ يەردە بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىر قانچە نۇقتىلارغا يىغىپ خۇلاسىلەپ بېرىمەن.

(1) قۇرئان ئىشلەتكەن تىل بىلەن ئۇنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى. بىز قۇرئانغا قارايدىغان، قۇرئاننى ئوقۇيدىغان بولساق، سۈرىلەر بىلەن ئايەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئىشلىتىلگەن سۆزلۈكلەرنىڭ تاللىنىشى، ۋە ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى سۆزلىرىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى قاتارلىقلار ئىنسانلارغا تەۋە نەرسىلەر بولماستىن، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. قۇرئاندىكى مەزمۇنلار پەقەت ئاللاھنىڭلا سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ كۆز-قاراشنى بارلىق ئەرەبلەر قوللايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى يادلاپ بەرگەندە، ئۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئىنتايىن ھەيران قالغانلىقى، بۇ سۆزلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان سۆزلەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئىنتايىن كۆپ.

بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى، ئەرەبلەر تارىخىدا ئۆتكەن، 6- ۋە 7-ئەسىرلەردە ياشىغان ئەڭ مەشھۇر شائىر ھىند بىنتى ئۇتبە (Hind bint Utbah) نىڭ ھېكايىسىدۇر. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ بىلىملىك ۋە ئەڭ مۇرەككەپ شائىر بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ شېكىسپىر (Shakespeare) ى ئىدى. ئۇتبە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر كېڭىشىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ھەمدە «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، سەن بىزنىڭ دەرىجىلىرىمىزنى بۇزۇپ، بىزگە بىر يېڭى نەرسە ئەكەلدىڭ. بىزنىڭ بۇرۇنقى قائىدىلىرىمىزنى بۇزۇۋەتتىڭ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى مەسخىرە قىلدىڭ. سەن ھازىرقىدەك ئۈچۈر تارقىتىشنى توختاتساڭ. مەن سەن تەلەپ قىلغان ھەر قانداق ئىشنى ئورۇنلاپ بەرسەم. قانچىلىك پۇل تەلەپ قىلساڭ شۇنچىلىك پۇل بەرسەم. قانداق قىز بىلەن توي قىلىمەن دېسەڭ، ساڭا شۇ قىزنى ئېلىپ بەرسەم. سېنى ئەرەبلەرنىڭ باشلىقى قىلىپ قويسام. ئەمما سەن ئىسلام توغرۇلۇق تەلىم بېرىشنى توختاتقان بولساڭ.» دەيدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۇنىڭغا «گېپىڭىز تۈگىدىمۇ؟» دەيدۇ. «شۇنداق». «ئۇنداقتا سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ.» شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى يادقا خەتمە-قۇرئان قىلىپ ئوقۇپ بېرىشنى باشلايدۇ. مەن سۆزلەشتىن بۇرۇن بىز مۇشۇ سورۇندا بىر ئىمامنىڭ قۇرئاننى خەتمە-قۇرئان قىلغىنىنى ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆردۇق ۋە ھېس قىلدۇق. ھازىر بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: ئەگەر بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى يادقا خەتمە-قۇرئان قىلىپ ئوقۇپ بېرىۋاتقاندىكى ئاۋازىنى بىۋاستە ئاڭلىغان بولساق، بىز قانداق بىر تۇيغۇغا كەلگەن بولاتتۇق؟ ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە قانداق بىر ئاۋازنى بەرگەن بولغىيتتى؟ پەيغەمبىرىمىز قۇرئاننى يادلاشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنداق بىر ئايەتكە كېلىدۇ: «ئەگەر سەن پەيغەمبەرنى ھېلىھەم رەت قىلساڭ، ئاللاھنىڭ بىر چاقماقتەك كېلىپ سېنى سوقىدىغان بىر جازاسىنى ساقلا.» بۇنى ئاڭلىغان ئۇتبە ئىنتايىن قورقۇپ كېتىدۇ. مۇشۇ ئايەت ئوقۇلغاندا ئۇتبە ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ، «مەن ئاللاھ ئالدىدا ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى توختىغىن!»، دەيدۇ. ھەمدە، بىر چاقماق چۈشۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قويارمىكىن، دەپ قورقۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپلا قاچىدۇ. قۇرئاننىڭ قۇدرىتى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولۇپ، ئۇتبە قۇرەيشلەرنىڭ يېنىغا يۈگۈرگەن پېتىچە كېتىپ قالىدۇ. ئۇتبەنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن قۇرەيشلەر «بىزنىڭ قېشىمىزدىن كەتكەن ھېلىقى ئۇتبە بىلەن ھازىر قايتىپ كەلگەن ئۇتبە بىر ئادەم ئەمەس»، دەيدۇ. ئۇتبە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەتراپىدىكىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر

ھەممىڭلار مېنى ئوبدان بىلىسىلەر. شېئىر يېزىشقا كەلگەندە بۇ دۇنيادا مېنى يېڭەلەيدىغان ئادەم يوق. ئەمما، مەن ھېلىراق ئاڭلىغان سۆزلەر ئىنسانلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان سۆزلەر ئەمەس. جىننىڭ سۆزلىرىمۇ ئەمەس. مەن ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ بىر خىل شېرىن تۈسى بار بولۇپ، ئۇنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە مېنىڭ تىلىم قىسقىلىق قىلىدۇ. ئۇ سۆزلەر ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەن. بۇ ئادەمگە چېقىلماڭلار. بۇ ئادەم ماڭا بۈگۈن يادلاپ بەرگەن سۆزلەر كەلگۈسىدە چوقۇم پۈتۈن ئەرەبلەرنى بويسۇندۇرىدۇ. مەن شېئىرلارنى بىلىمەن. ئەمما مېنىڭ ئاڭلىغىنىم شېئىر ئەمەس. مەن ئىنسانلارنىڭ سۆزىنى بىلىمەن. ئەمما مېنىڭ ئاڭلىغىنىم ئىنسانلارنىڭ سۆزى ئەمەس.» بىراق، قۇرەيشلەر بۇ شائىرنى، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى باشقا داڭلىق زاتلارنىمۇ رەت قىلىپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەنىلا ئېتىراپ قىلمايدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر ناھايىتى كۆپ. بۇنداق مۆجىزىلەرنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى پۇختا بىلىش كېرەك. دۇنيادا ئىسلامدىن باشقا دىنلارنى قوبۇل قىلغان ئەرەبلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئەرەبلىك خرىستىئانلارنىڭ سانىمۇ نەچچە مىليون كېلىدۇ. قىسقىسى، ئوخشىمىغان دىن ۋە ئوخشىمىغان ئىرقىي گۇرۇھلارغا تەۋە ئەرەبلەر بار. دىنىنىڭ قايسى دىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قايسى ئىرقىي گۇرۇھقا تەۋە ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيادىكى ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق ئەرەبلەر ئورتاق ئېتىراپ قىلغان بىر ھەقىقەت شۇكى، قۇرئاندا ئىشلىتىلگەن تىل ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ تىل كلاسسىك ۋە ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى، دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەب تىلىنىڭ ئىچىدە قۇرئاننىڭ تىلىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق. مەن شۇنىڭغا ئىسپات بېرەلەيمەنكى، مەن ئوخشىمىغان دىندىكى ۋە ئوخشىمىغان ئىرقىي گۇرۇھلارغا تەۋە ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن سۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ تىلىنىڭ ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما باشقا دىندىكىلەر قۇرئاننىڭ ئاللاھتىن چۈشكەنلىكىنى يەنىلا ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايدۇ.

قۇرئاننى بىر مۆجىزە قىلغان بۇ ئاملىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن، سىز ئەرەبچىنى بىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

(2) قۇرئانغا كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق نۇرغۇن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئاشۇ پەرەزلەرنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. مۇشۇنداق پەرەزلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرسى، مەلۇم ئۇرۇشتا رىملىقلارنىڭ پېرسىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مۆلچەردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىمپېرىيەلەردىن ئىككىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى رىم ئىمپېرىيىسى بولۇپ، يەنە بىرى بولسا پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئىدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشۋاتقىلى 300 يىلدىن ئاشقان ئىدى. مەلۇم بىر ۋاقىتقا كەلگەندە رىملىقلار سەل ئاجىزلىشىپ، پېرسىيە سەل كۈچىيىپ كېتىدۇ. ھەمدە بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا پېرسىيە ئۇتۇپ چىقىپ، نەچچە ئەسىرنىڭ مابەينىدىكى ئەڭ زور غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر رىم ئىمپېرىيىسى پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، بۇ ھازىر پەقەت بىر ۋاقىت مەسىلىسى، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق بىر ئايەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «رىملىقلار يېڭىلدى، ئەمما، مۇشۇ قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن پەقەت بىر قانچە يىل ۋاقىت ئۆتكەندە، رىملىقلار يەڭگۈچىلەرگە ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى، باشلىنىشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە ھەممە ئىشلار ئاللاھقا مەنسۇپ (ياسىر قازى مۇشۇ يەردىمۇ قۇرئاندىكى بىر قىسىم ئايەتلەرنى ئەرەبچىدە يادقا سۆزلەپ ئۆتتى).» بۇ يەردىكى

**1-جۈملە بۇرۇن بولۇپ بولغان ئىش تەرىقىسىدە يېزىلىپ، ئىككىنچى جۈملە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار تەرىقىسىدە يېزىلغان. ئەمما مۇشۇ ئايەت چۈشكەندە، ھېچ كىم رىملىقلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ بىر باشلىقى ھەتتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن 100 دانە تۆگە تىكىشكەن ئىدى. يەنى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى «رىملىقلار كېيىن يېڭىدۇ» دېگەن تەرەپتە، قۇرەيشلەر بولسا قارشى تەرەپتە تۇرغانىدى. بۇنىڭدىن ساق 7 يىل ئۆتۈپ، پېرسىيە بىلەن رىم ئۇرۇشىدىغانغا تەييار بولۇپ، ئەتە ئۇرۇش بولىدۇ، دەپ تۇرغاندا، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ئىچكى ئۇرۇش پارتلايدۇ. پادىشاھنىڭ تاغىسى بىلەن ئۇكىسىنىڭ ئوغلى، بىر نەۋرىسى بىلەن يەنە بىر نەۋرىسى، ھەدىسىنىڭ ئېرى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئۆز-ئارا ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پېرسىيەدە ئېغىر دەرىجىدىكى پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ. رىملىقلار تەرىپىدە بولسا، ئوخشىمىغان ئەللەر ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئىتتىپاقداشلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رىملىقلار شۇ ۋاقىتقىچە بولغان تارىختا بولۇپ باقمىغان بىر زور غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. دېمەك، بۇ ئىشنى ئاللاھ قۇرئاندا ئالدىن پەرەز قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرى قانداق بولۇپ چىققانلىقىنى بىز مانا تاكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.**

**(3) قۇرئاندىكى ھېكايىلەر. قۇرئاندا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ۋە بۇرۇنقى ئەللەر ھەققىدىكى بايان ۋە ھېكايىلەر ئىنتايىن كۆپ. مۇسا ۋە ئەيسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېكايىلىرى بار. ئەرەبلەرنىڭ ۋە ئەرەب ئەمەسلەرنىڭ ھېكايىلىرى بار. بۇ نۇقتىنى نۇرغۇن كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى بويىچە بىرەر كۇتۇپخانا يوق ئىدى. مەككىدىكىلەر ساۋاتسىز ۋە قالاق كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلار خەت ئوقۇيالمايتتى. خەت يازالمايتتى. ئۇلاردا بىرەر كۇتۇپخانا يوق ئىدى. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۈچۈن قۇرئاندىكى ھېكايىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ئىمكانىيىتى زادىلا يوق ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئافرىقا ياكى ئاۋستىرالىيىنىڭ جاڭگاللىرىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئۇلار ئۈچۈن سىرتقى دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىلىش ئىمكانىيىتى زادىلا يوق ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكىلەرگە رىم ۋە پېرسىيىنىڭ تارىخىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىنى، مامۇلۇكنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. توساتتىنلا بىر ئوقۇغان ۋە مەدەنىيەتلەشكەن، بۇرۇنقى ئەللەرنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان ئادەم پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ بىر كۇتۇپخانىسى يوق. بۇ ئادەمنىڭ بىلىم ئالىدىغان بىرەر مەنبەسى يوق. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى بۇنداق ئىشلاردىن خەۋەردار ئەمەس. بۇ بىلىملەر نەدىن كەلگەن؟ ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھېكايىلەر كۆرۈنمەيدىغان مەنبەدىن كەلگەن بىلىملەر، بۇ ھېكايىلەرنى سىلەر بىلمەيسىلەر، سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرمۇ بىلمەيدۇ.» مانا بۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىدۇر.**

**قۇرئاندىكى بۇ ھېكايىلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنىڭ توغرۇلۇق دەرىجىسىمۇ ئىنتايىن يۇقىرىدۇر. قۇرئاندىكى يۈسۈپ پەيغەمبەرگە ئائىت ھېكايىلەر بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى بولۇپ، قۇرئاندا مۇسا پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ فاروللار ئىكەنلىكى، يۈسۈپ پەيغەمبەر بولسا بىر پادىشاھ ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. ئۇچۇرلارنىڭ بۇ دەرىجىدە توغرا بولۇشى ئىنسانلار ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس.**

**(4) قۇرئاندىكى قانۇن ۋە ئەقىدىلەر. يەنى، قۇرئاندىكى ئۇچۇرلار. قۇرئان بىر ئىنتايىن گۈزەل ئەقىدىنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇنى خرىستىئان دىنى، بۇددىزم ۋە جۇدائىزملارنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. قۇرئاندىكى ئەقىدە لوگىكىلىق ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق**

(راتسىئونالىلىق) مەنتىقىگە ماس كېلىدۇ: «بىرلا ئاللاھ بار، ئۇ ئەڭ مۇكەممەل، پەقەت شۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭ». بۇ ئىنتايىن ئاددىي، ئىنتايىن لوگىكىلىق، ئىنتايىن راتسىئونال. باشقا دىنلارنىڭ ئەقىدىسى ئۇنداق ئەمەس. ئۇلاردا «ئەقىدە» ھېسابلانغىنى ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر نەرسىدىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئاندىكى قانۇنلارمۇ ھەم شۇنداق. ئىسلامدىكى قانۇنلار، ئىسلامدىكى توي قىلىش ۋە ئاجرىشىش قانۇنى، مىراس قالدۇرۇش قانۇنى، شەرىئەت قانۇنلىرى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل قانۇنلاردۇر. ئىسلامدىكى ئاياللار، ئىسلامدىكى ھەققانىيەتلىك، ئىسلامدىكى قانۇنىي سىستېما، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ قانۇنلارنى ئىنسانلار بەرپا قىلغان باشقا قانۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. قانۇن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى باشقا قانۇنلاردا قانچىلىك ئۆز-ئارا زىددىيەتلىك مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى، قانچىلىك يوچۇقلارنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. قانۇن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسپات بېرەلەيدۇ. باشقا قانۇنلارنىڭ ھەممىسى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ قانۇنلارنى قۇرئاندىكى مەڭگۈلۈك، پاك، ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قانۇنلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇمۇ بىر مۆجىزە بولۇپ، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن-بولمىسۇن، ئەرەبلىك بولسۇن-بولمىسۇن، بۇنى ھەممە ئادەم قەدىرلىشى كېرەك.

(5) قۇرئاندىكى ئىلىم-پەنگە ئائىت مۆجىزە. بۈگۈن مەزكۇر سورۇندا ئولتۇرغانلار ئىچىدە زىيالىيلار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ مۆجىزىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلاردەك پاكىتلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ بىلەلىشى ۋە ئۇلارنى ئوتتۇرىغا قويالىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىساللىرىنىڭ بىرى ئادەم بالىسىنىڭ تۆرىلىش جەريانىدۇر. بۇ ئىشنى تاكى 300 يىلدىن بۇرۇنقى بىر ۋاقىتقىچە ھېچ كىم بىلمەيتتى. قۇرئاندىكى تۆمۈر ھەققىدىكى ئايەتمۇ ھەم شۇنداق. ئىلىم-پەندە تۆمۈرنىڭ يەر شارىنىڭ ئۆزىدە شەكىللەنگەنلىكى تېخىچە بايقالمىدى. يېقىنقى ئىلمىي بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، تۆمۈر يەر شارى شەكىللىنىۋاتقان ۋاقىتتىلا سىرتتىن كەلگەن ئىكەن. ئاللاھ قۇرئاندا «تۆمۈرنى مەن چۈشۈردۈم» دەيدۇ. قۇرئاندا بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ ئىلمىي پاكىتلارنىڭ ھەممىسمۇ قۇرئاننىڭ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىلاۋە: تۆمۈر توغرىسىدىكى ئايەت قۇرئاندىكى 57-سۈرە 25-ئايەت ئىكەن.

(6) قۇرئاندىكى يەنە بىر مۆجىزە بىر ئاز غەلىتە بولۇپ، بىز ھەممىمىز ئۇنى قەدىرلەيمىز، ئەمما ئۇنى تونۇپ يېتەلمەيمىز. ئۇ بولسىمۇ قۇرئاننىڭ ئۇنى ئاڭلىغان كىشىلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىدىن ئىبارەت. ئەرەبچىنى ھېچ قانداق بىلمەيدىغان بىر ئادەممۇ قۇرئاننى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش بىلەن لىق تولىدۇ. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئىچىدىمۇ ئەرەبچىنى بىلمەيدىغانلار ئىنتايىن كۆپ. شۇنداق بولسىمۇ، بىرسى قۇرئاننى خەتمە-قۇرئان قىلىپ ئۈنلۈك ئوقۇيدىكەن، ھەممە ئادەمنىڭ ئىمانى كۈچىيىپ كېتىدۇ. قۇرئاننى ئاڭلىسىڭىز، سىز ناھايىتى كەمتەرلىشىپ كېتىسىز. ئۇ چاغدىكى ھېسسىياتنى سىز سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيسىز. ئەگەر سىز ئەرەبچىنى بىلمىسىڭىزمۇ، بىر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇغىنىنى ئاڭلىسىڭىز، سىز خۇددى ئۇنى چۈشىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا

كېلىسىز. بەزى بىر غەلىتە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سىز قۇرئاندىكى بۇ ئايەتلەرنىڭ مېھرىبانلىقىقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىسىز. جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىسىز. ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىسىز. ئەگەر سىز ئەرەبچىنى بىلسىڭىز، سىز ئۇچۇن بىلىشنىڭ بىر يېڭى ئىشىكى ئېچىلىدۇ. قۇرئاندىكى ئايەتلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا خەتمە-قۇرئان قىلىنغاندا، چوڭلارمۇ كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھېلىقى ئاۋاز. قۇرئانىنىڭ ئاۋازى. قۇرئاندىن باشقا ھەر قانداق نەرسىنى ھەر قانداق ئاۋازدا ئۈنلۈك ئوقۇغاننى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئۇنىڭغا ھېچ كىم كۆز يېشى قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ كىمنىڭ ھېسسىياتى ئۆرلەپ ياكى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئاۋازنىڭ تىلىنى بىلمىسە، ئۇنىڭ تېخىمۇ ھېچ قانداق تەسىرى بولمايدۇ. ھېچ قانداق نەرسە كىشىلەرگە قۇرئان تەسىر قىلغاندەك تەسىر قىلالمايدۇ. ئاللاھ بۇنى قۇرئاندىمۇ تىلغا ئالغان. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئىمانلىق كىشىلەر پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن ئايەتلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولىدۇ.» ئاللاھ بۇ سۆزلەرنى مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە قارىتىپمۇ دېگەن: «قۇرئاننى ئاڭلىغاندا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىمۇ ياشقا تولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئاڭلىغىنى ھەقتۇر.» قۇرئاننىڭ ئەرەبچىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگىمۇ مۇشۇنداق تەسىر كۆرسىتىشى قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسىدۇر.

بۇنى سىلەر سىناق قىلىپ باقساڭلار بولىدۇ: ئەرەبچىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە قۇرئاننىڭ خەتمە-قۇرئان قىلىنغان سىنئالغۇ فىلىمىدىن بىرەرنى قويۇپ بېرىپ، ئۇلاردا قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا دىققەت قىلىپ بېقىڭلار. مەن بۇ ئۇسۇلنى دەۋەت قىلىشنىڭ بىر ئۇسۇلى سۈپىتىدە كۆپ قېتىم ئىشلەتتىم. مەن ئىسلامغا قىزىققان خرىستىئاندىن بىرىنى ئۇچراتقان. ئۇ بىر ئالىي مەكتەپنىڭ مۇزىكا كەسپىدە ئوقۇۋاتقان بولۇپ، مۇزىكا جەھەتتە مۇكەممەل بىلىملەرگە ئىگە ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئاڭلاۋاتقان قۇرئاننىڭ ئاۋازلىق ئۈنپېتك دىسكىسىنى ئاڭلاپ بېقىشقا بېرىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. دەسلەپىدە ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلدى. كېيىن بارا-بارا ئۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، «مەن ئۆمرۈمدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازنى بىرەر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىغان، مەن ئاڭلىغان بۇ ئاۋازنى مەن سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن»، دېدى.

(7) قۇرئاندا زىددىيەتلىك مەزمۇنلار يوق. يىگىرمە ئۈچ يىل جەريانىدا يېزىلغان، ئەقىدە مەسىلىلىرى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە قانۇنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلار تەرىپىدىن يېزىلغان ھەر قانداق كىتابتا چوقۇم ئۆز-ئارا زىددىيەتلىك مەزمۇنلار بار بولىدۇ. ئەمما قۇرئاندا ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قۇرئان ئاللاھتىن چۈشمىگەن بولسا، ئۇنىڭدا ئۆز-ئارا زىددىيەتلىك مەزمۇنلار كۆپ قېتىم سادىر بولغان بولاتتى (بۇ مەزمۇنمۇ ئالدى بىلەن ئەرەبچە يادلىنىپ، ئاندىن ئىنگلىزچە چۈشەندۈرۈلدى).»

(8) قۇرئاندىكى مۆجىزىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇ بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس، ئون ئەمەس. قۇرئاننى تەكشۈرسەك، بۇنداق مۆجىزىلەر ئارقا-ئارقىدىن چىقىۋېرىدۇ. ئەمما، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن مەن بۇ يەردە پەقەت يەنە بىر مۆجىزە ئۈستىدە توختىلىمەن. بۇ مۆجىزە بىز ھەممىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن قەدىرلىك. بۇ مۆجىزىنى بىز ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرىمىز. بۇ مۆجىزىگە بىز گۇۋاھچى بولۇپ تۇرىمىز. ئەمما بىز ئۇنىڭ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئانچە ئوبدان بىلىپ كەتمەيمىز. ئۇ بولسىمۇ قۇرئاننى يادلاشتىن ئىبارەت. شېكسپىيرنىڭ ئەسرىنى 30-40 يىل دەرس قىلىپ ئۆتكەن كىشىلەر بار. ئەمما ئۇلار شېكسپىيرنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر سونېت (14 مىسرالىق قىسمى) نى سۆزمۇ-سۆز، ھەرپمۇ-ھەرپ بويىچە يادلاپ بېرەلمەيدۇ. بەزى كىشىلەر بىر ئەدەبىي ئەسەرنى بىر ئۆمۈر دەرس قىلىپ

ئۆتكەن بولسىمۇ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى بىر-ئىككى بەتنى سۆزمۇ-سۆز، ھەرپمۇ-ھەرپ بويىچە يادلاپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىلا دەپ بېرەلەيدۇ. دەرىجىدىن تاشقىرى دەرىجىدە ئەقىللىق كىشىلەردىن ئىنجىلنىڭ 100 بېتىنى يادلاپ باققان كىشىلەردىن بىر قانچىسى تېپىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنداقلار ئىنتايىن ئاز. قۇرئانغا كەلسەك ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە. مۇسۇلمانلار ئىچىدە قۇرئاننى تولۇق يادلاپ بولغانلار ساناقسىز بولۇپ، قۇرئاننىڭ بىر قىسمىنى يادلاپ بولغانلار ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ. قۇرئاننى ئۇنىڭدىكى بىر دانە سۆزنىڭ مەنىسىنىمۇ بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ يادلىيالايدۇ. بۇ ھەيران قالارلىق ئەمەسمۇ؟ مەن سىلەردىن سوراپ باقاي: سىلەر بىر خەنچە كىتابتىن 10 بەتنى يادلىيالامسىلەر (بۇ ياسىر قازىنىڭ ئۆز سۆزى)؟ تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ: سىز بىر قېتىممۇ ئۆگىنىپ باقمىغان، بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان، بىر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىغان بىر تىلدىكى نەرسىنى سىز قانداق يادلىيالايسىز؟ ئەمدى مۇسۇلمانلارغا قاراپ بېقىڭ. قۇرئاننى يادلاپ بولغانلاردىن بىر ئەمەس، ئون ئەمەس، يۈز ئەمەس، مىڭ ئەمەس، ئون مىڭ ئەمەس، يۈز مىڭ ئەمەس، نەچچە مىليون ئادەم بار. ھەر بىر زېمىندا، ھەر بىر ئۆلكىدە، ۋە ھەر بىر شەھەردە ئاشۇنداق ئادەملەر بار. بىز قۇرئاننى بېشىدىن ئاخىرىغىچە، ھەر بىر سۈرە، ھەر بىر ئايەت، ھەر بىر جۈملە، ھەر بىر سۆز، ۋە ھەر بىر ھەرپكىچە ئەينەن يادلاپ بولغان كىشىلەردىن نەچچە يۈز مىڭنى تاپالايمىز. ئەگەر بۇ بىر جانلىق مۆجىزە، مېڭىۋاتقان مۆجىزە بولمىسا، مەن سىلەردىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا سوراپ باقاي، ئۇنداقتا مۆجىزە دېگەن نېمە؟ بۇ يەردە پۈتۈن قۇرئاننى يادلاپ بولغان 6 ياشلىق بالىدىن بىرسى بار. ئاۋۇ يەردە پۈتۈن قۇرئاننى يادلاپ بولغان 66 ياشلىق ئادەمدىن بىرى بار. مەن 5 ياشلىق، 6 ياشلىق، ئۆزىنىڭ تىلىدا بىرەر پاراگرافنىمۇ توغرا ئوقۇيالمايدىغان، ئەمما پۈتۈن قۇرئاننى يادلاپ بولغان بالىلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۇچراتتىم. مەن تېخى تۈنۈگۈن تاكسىدا بىر 66 ياشلىق ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ 60 يېشىدا پېنسىيىگە چىقىپ، ئاندىن قۇرئاننى يادلاشنى باشلاپتىكەن. تېخى يېقىندا، يەنى 6 يىلدا قۇرئاننى يادلاپ بولۇپتۇ. باشقا قانداق كىتابنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى بولسۇن؟ شۇڭا قۇرئان بىر جانلىق مۆجىزە. ئۇ ئاللاھنىڭ سۆزى. ئۇ ئاللاھنىڭ نۇتقى. بىز ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇساق، ئۇ بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە ئورنايدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «بۇلار ئېنىق ئايەتلەر بولۇپ، ئۇلار بىلىملىك ئادەملەرنىڭ مەيدىسىدە ساقلىنىدۇ (بۇ يەردە ئالدى بىلەن قۇرئاندىكى ئايەت ئەرەبچە ئوقۇلدى).»

ئەمدى مەن دوكلاتىمنى خۇلاسىلىسەم، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار سەندىن مۆجىزە سورايدۇ. ئۇلار سەندىن كۆپلىگەن مۆجىزىلەرنى سورايدۇ. بىزنىڭ ئۇلارغا بۇ كىتابنى چۈشۈرۈپ بەرگىنىمىز يېتەرلىك مۆجىزە ئەمەسمۇ؟» يەنى ئاللاھ بۇ ئايەتتە مۇشۇ قۇرئاننىڭ ئۆزىلا بىر يېتەرلىك مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ھازىر سىلەردە ئاللاھ بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئاتا قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ چوڭ مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان قۇرئان بار. مېنىڭ ئۆزۈمگە ۋە سىلەرگە دەيدىغىنىم، بۇ مۆجىزىنى قەدىرلەيلى. ئۇنى سۆيەيلى. ئۇنى ئوقۇيلى. ئۇنى يادلايلى. بۇ مۆجىزىنى قەدىرلەيلى. بۇ مۆجىزىنى پۈتۈن دۇنياغا بىلدۈرەيلى. بىز قۇرئاننى سۆيسەك، بىز قۇرئانغا بولغان مۇھەببىتىمىزنى ئىزھار قىلساق، ئاللاھ چوقۇم قۇرئان ئارقىلىق بىزنى مۇكاپاتلايدۇ. ئاللاھ قۇرئان ئارقىلىق بىزنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ. بىزگە ئىززەت، تىنچلىق، ۋە شەرەپ ئاتا قىلىدۇ.

ياسىر قازىنىڭ دوكلاتى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىپ، يىغىننىڭ سوئال-جاۋاب قىسمى باشلاندى. بۇ

**قىسىمدا يىغىنغا قاتناشقان كىشىلەر ياسىر قازىدىن سوئال سوراپ، ياسىر قازى ئۇلارغا جاۋاب بەردى.**

## 6. سوئال-جاۋابلار

**بىرىنچى سوئال: بىز ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى تىل ئىكەنلىكىگە، ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىلى ئىكەنلىكىگە دۇنيانى قانداق ئىشەندۇرەلەيمىز؟**

جاۋاب: مەن باشقىلارنى بۇ ئىشتا قايىل قىلىش يولىنى تۇتمايمەن. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بىر ئادەم پەقەت مەلۇم بىر تىلنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدا ئاساس ياراتقاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدۇ. شۇڭا بىز ئەرەبچىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئەرەبچىنىڭ ئەڭ ياخشى تىل ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارساق بولىدۇ. ئەرەبچىنى بىلمەيدىغانلار بىلەن ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**ئىككىنچى سوئال: نېمە ئۈچۈن ساھابىلەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرى) نىڭ جەننەتكە كىرىش پۇرسىتى بىزنىڭكىدىن ياخشىراق بولىدۇ؟**

جاۋاب: بىز ساھابىلەر مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئەۋلادلار، دەپ ئويلايمىز. ئۇلارنىڭ ئالالاھ ئالدىدىكى ئورنى بىزنىڭ ئورنىمىزدىن ئۈستۈنرەك بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار بىز تۆلەپ باقمىغان بەدەﷲرنى تۆلەپ باققان. ئۇلار بىز قىلىشقا مەجبۇرى بولۇپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرى بولغان. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلغان بولۇپ، بىزگە ئۇنداق ئىمكانىيەت يوق. ئۇلار ياشىغان زامان، ماكان ۋە دەۋرنىڭ بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاشماسلىقى، ھەمدە ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ مەۋجۇت بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلار كۆپ قېتىم قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. ئەمما، سىزگە مۇنداق بىر خوش خەۋەرنىمۇ دەپ قوياي. گەرچە ساھابىلەر ئورۇن جەھەتتە بىزدىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، ئۇلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا تەۋە كىشىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ساھابىلەرگە قارىغاندا كۆپ ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشەلىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن. بۇ توغرۇلۇق بىر ھەدىس بار. ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مېنىڭ ھەمراھلىرىم. سىلەردىن كېيىن كېلىدىغانلار مېنىڭ قېرىنداشلىرىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار مېنى كۆرۈپ باقماي تۇرۇپ، ماڭا ئىشەنگۈچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جاپا-مۇشەققەتلىك ۋاقىتلارنى چىداملىق بىلەن ئۆتكۈزەلىگەن بىر قىسىم كىشىلەر ئېرىشىدىغان مۇكاپات سىلەردىن 50 ئادەم ئېرىشىدىغان مۇكاپاتقا تەڭ بولىدۇ.»

**ئۈچىنچى سوئال: نېمە ئۈچۈن قۇرئاندا بەزى ئايەتلەر تەكرارلىنىدۇ؟**

جاۋاب: بىزنىڭ تارىخىمىزدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان كىتابلار يېزىلدى. بۇ كىتابلاردا سۆزلەنگىنى، نېمە ئۈچۈن بىر قىسىم ئايەتلەر بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، پەقەت ئايرىم سۆزلەردىلا پەرقى بار بولىدۇ، بۇنىڭ كەينىدىكى ئاقىلانىلىك نېمە، دېگەندىن ئىبارەت. ئالالاھ قۇرئاننىڭ بىر يېرىدە بىر نەرسىنى دەپ، ئاندىن يەنە بىر يېرىدە ئوخشاش نەرسىنى بۇرۇنقىدىن ئازراق پەرقلىنىدىغان قىلىپ دەيدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر دانالىق بار بولۇپ، ئۇلار سىنتاكسىسلىق (syntax) جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر ئايەتتە ئالالاھ مۇنداق دەيدۇ:

«يوقسۇللۇقتىن ئەنسىرەپ (out of fear of poverty) بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغىمۇ بېرىمىز، سىلەرگىمۇ بېرىمىز.» بۇ سۆزنى ئاللاھ بالىسى تېخى تۇغۇلمىغان كىشىلەرگە قارىتىپ دېگەن بولۇپ، بۇ يەردە ئاللاھنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى بالا بولغاچقا، ئاللاھ «ئۇلار» دەپ بالىلارنى ئالدىدا تىلغا ئېلىپ، «سىلەر» دەپ ئاتا-ئانىلارنى كەينىدە تىلغا ئالىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە بولسا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «يوقسۇللۇقتىن (out of poverty) بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز سىلەرگىمۇ بېرىمىز، ئۇلارغىمۇ بېرىمىز.» ئاللاھ بۇ سۆزنى بالىسى تۇغۇلۇپ بولغان ئاتا-ئانىلارغا قارىتا دېگەن بولۇپ، بۇ ئايەتتە «سىلەر» نى ئالدىغا، «ئۇلار» نى بولسا كەينىگە قويىدۇ. بۇ ئىككى ئايەتنىڭ سۆزلىرىدە كىچىككىنە پەرقى بار، ئەمما ئۇلارنىڭ مەنىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور. قۇرئاندىكى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئەھۋال بار. يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر خىل چوڭقۇر ئەقىل سىڭدۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتابلار بار. بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەنمۇ كۆپ ئىزدەنگەن. ھەقىقەتەنمۇ بۇنداق ئەھۋاللاردا، سىنتاكسىسلىق، سۆزلەرنىڭ تاللىنىشى ۋە جۈملىلەرنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن چوڭقۇر ئەقىل سىڭدۈرۈلگەن.

**تۆتىنچى سوئال: قۇرئاندا شۇنچە كۆپ مۆجىزىلەر تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەمەسلەر قۇرئاننى قوبۇل قىلمايدۇ؟**

جاۋاب: بۇ سىڭلىمىزنىڭ مەندىن سورىغىنى، نېمە ئۈچۈن كىشىلەر قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ ھەقنى قوبۇل قىلمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. كىشىلەر يالغۇز لوگىكا ۋە ئىدراك (reason) بىلەن يېتەكلەنمەيدۇ. كىشىلەرنى يېتەكلەيدىغان ئامىللارنىڭ ئىچىدە ھېسسىيات، غۇرۇر، ۋە ئەنئەنىگە ئەمەل قىلىش قاتارلىقلارمۇ بار. شەيتان ئىبلىس ئىنتايىن كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن. ئىبلىس ئاللاھ ياراتقان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئەمما ئۇ تەكەببۇرلۇق سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشنى رەت قىلدۇ. مەككىدىكى مۇشرىكلارمۇ ئاينىڭ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئەمما ئۇلارمۇ ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشنى رەت قىلدۇ. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھىمۇ ئاللاھنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلغان. ئاللاھقا ئىچىدە ئىشەنگەن. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ئاللاھتىن مۇھىمراق كۆرگەن. شۇڭا ئۇ ئاللاھنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. قۇرئاننى ئېغىلىقتا ئىنتىلىدىغان، بىر تەرەپلىملىكتىن خالىي يۈرىكى بىلەن ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەم بۇ كىتابنىڭ ئاللاھتىن چۈشكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالمايدۇ. ئەمما ئاشۇ يەكۈنگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلامدۇ-يوق، بۇ ھەقتە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە بىر مەيدان جەڭ يۈز بېرىدىغان بولۇپ، ئاخىرقى قارارنى ئاشۇ ئادەم ئۆزى چىقىرىدۇ. بۇ ئىچكى جەڭدە بىز ئۇ كىشىگە ياردەم قىلالمايمىز. بىز پەقەت ئۇ كىشىگە قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قويالايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش ئاشۇ كىشى بىلەن ئاللاھقا باغلىق بولۇپ قالىدۇ.

**بەشىنچى سوئال: سىز قۇرئاننى چۈشىنىپ تۇرۇپ ئوقۇپ، ئۇنى بىر پۈتۈن كىتاب سۈپىتىدە ئىجرا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. ئەمما ھىندىستاندا ئۇنداق قىلىدىغانلار بەك ئاز. نۇرغۇن كىشىلەر قۇرئاننى چۈشىنىپ تۇرۇپ ئوقۇمايدۇ. ئىجرا قىلغاندىمۇ ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، ئۇ يەر بۇ يەرلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. بۇ ئىشقا سىز قانداق قارايسىز؟**

جاۋاب (بۇ مەزمۇننىڭ ئېسىللىكىدىن، بۇ قېتىم مەن مەزكۇر تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك «ئاخىرقى

سۆز» نى يازماسلىق قارارىغا كەلدىم): بۇ قېرىندىشىمىز بىر ئېچىنىشلىق ئەمەلىيەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا مەن ئۆز دوكلاتىمنى خۇلاسىلىگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مۆجىزىنى يېتەرلىك دەرىجىدە قەدىرلىمىگەنلىكىنى، بۇ مۆجىزىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە پايدىلانمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇرئان ھەققىدىكى بۇرچىمىزنى تولۇق ئادا قىلالمىدۇق. بىز ئۆيىمىزدە قۇرئاننى بىر قىممەتلىك نەرسە ھېسابلاپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز يەرگە ئېلىپ قويىمىز. ئەمما بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ئىچىدە بىز ئۇنى ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىمىز. بىز قۇرئاننى سۆيۈپ كېتىمىز، سىلاپ كېتىمىز، ھەمدە ئۆيىمىزنىڭ ئىچىدە كىچىك ساندۇقلارنىڭ ئىچىگە سېلىپ ساقلاپ كېتىمىز. لېكىن، ئۇنى يۈرىكىمىزدىن ئىبارەت ئەڭ ئېسىل ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويمايمىز. فىزىكىلىق ساندۇق ياخشى، ئەمما روھىي ساندۇق، يۈرىكىمىزدىكى ساندۇق ئۇنىڭدىن كۆپ ياخشى. ئەمما بىز قۇرئاننى كۆڭلىمىزدىكى ئۇ ساندۇققا سىغدۇرمايمىز. قۇرئاننى ئىنتايىن گۈزەل ئاۋاز بىلەن يادلاپ ئوقۇپ بېرىدىغان شەيخلەر ئىنتايىن كۆپ. ئەمما، قۇرئان كىشىلەرنىڭ يادلىۋېلىشى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن نەرسە ئەمەس. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشى، ۋە شۇ ئاساستا ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن. ھازىر بىز ھەقىقەتەنمۇ بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋالنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدۇق. بىز ھازىر بارا-بارا ئەرەب تىلىنىمۇ يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز. شۇڭا بىز مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن مانا ھازىر بۇ يەرگە جەم بولدۇق. ئەگەر ئەرەبچىنى بىلمىسىڭىز، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇڭ. ئەگەر ئەرەبچىنى ئۆگىنەلمىسىڭىز، ھېچ بولمىغاندا قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇڭ. قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى ئەسلى نۇسخىسىدەك بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ سىز ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىر قىسىم مەنىسىنى چۈشىنىۋالىسىز. ئەگەر سىز قۇرئاننى ئوقۇشنى باشلىسىڭىز، ھەمدە ئاللاھقا يۈزلەنسىڭىز، ئاللاھ سىزگە ياردەم قىلىپ، قۇرئاننى چۈشىنىشتىكى قىيىنچىلىقىڭىزنى بارغانسېرى يەڭگىللەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر سىز ئاللاھقا سادىق بولسىڭىز، ئاللاھ سىزنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

## 7. ئاخىرقى سۆز

ياخشى كۆڭۈللۈك قېرىنداشلارنىڭ بىر قىسمى ئىنژېنېر تۆردە مېنىڭ كەسپىي خىزمىتىم بىلەن سالامەتلىكىمگە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىدۇ. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئاللاھقا شۈكرى، مېنىڭ سالامەتلىكىم ھازىر ياخشى. كەسپىي خىزمىتىممۇ ئوبدان كېتىۋاتىدۇ. بۇ يىل ماڭا ئۆز كەسپىمدە 3-4 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىش پۇرسىتى بىلەن شۇنىڭغا زۆرۈر بولغان ماتېرىياللار بار بولۇپ، مەن كەم دېگەندە ئۇلاردىن 2 پارچىنى ئېلان قىلماقچى. مەن يېقىندا ئېرىشكەن بىر يېڭى نەتىجە ھەققىدە تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتا بىر پارچە ئۇچۇر بار:

http://bbs.bagdax.cn/thread-24418-1-1.html

http://bbs.izdinix.com/thread-58014-1-1.html

http://bbs.misranim.com/thread-122671-1-1.html

يەنە بىر مۇھىم گەپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئاللاھتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەرنىڭ بىرى ئاينىڭ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىنىشىدۇر. بۇ ئىش توغرىسىدا بۇرۇن

**«NASA ئاينىڭ ئىككىگە پارچىلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى» دېگەن بىر ئۇچۇر دۇنياغا تارقالغان. ھەتتا 2010-يىلى پاكىستان بىلەن ھىندىستاننىڭ گېزىتلىرىگە مۇشۇنداق ئۇچۇر بېسىلىپمۇ باققان. ئۇ ئۇچۇرنى تارقاتقانلار كۆرسەتكەن پاكىت، ئاينىڭ يۈزىنىڭ بىزگە كۆرۈنمەيدىغان تەرىپىدىكى يېرىم يۈزىنىڭ ئۈستىدە بار بولغان، ئۇزۇنلۇقى بىر قانچە يۈز كىلومېتىر، كەڭلىكى 8 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يەر بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن كىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاي شارى بۇرۇن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، كېيىن يەنە ئۆز-ئارا چاپلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. تۆۋەندىكىسى ئاينىڭ ئاشۇ قىسمىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى. مەن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، NASA يۇقىرىدىكى ئۇچۇرغا قارىتا مەخسۇس ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى، NASA ھازىرغىچە ئاينىڭ بىر قېتىم ئىككى پارچىغا بۆلۈنۈپ باققانلىقى ھەققىدە ھېچ قانداق پاكىتقا ئېرىشىپ باقمىغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىغان. شۇڭلاشقا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قېلىشىنى سورايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئېھتىماللىقنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن (ئۇ پەرەزلەر مېنىڭ پەرىزىم ئەمەس، مەن ئۇلارنى توردىكى ئۇچۇرلاردىن تاپتىم):**

**(1) ئاللاھ ئاي شارىنى ئىككى پارچىغا بۆلىۋېتەلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى يەنە ئۆز جايىغا ئەكېلىپ قويالايدۇ.**

**(2) ئاللاھ ئاينى ئەمەلىيەتتە ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە ئاشۇنداق تۇيغۇ بېرىدىغان بىر كۆرۈنۈشنى يارىتالايدۇ. بۇنى ئىنگلىزچە «illusion» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئۇ سۆزگە يۇلغۇن لۇغەتتە «خاتا چۈشەنچە» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن.**

**ئۇنىڭدىن باشقا، ئاي يۈزىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 10864 كىلومېتىر بولۇپ، يېرىلغاندەك كۆرۈنىدىغان سىزىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاران بىر قانچە يۈز كىلومېتىر كېلىدۇ.**

**ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، ھەقىقىي ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەر ئاللاھنىڭ سۆزىگە قارىتا ئىسپات ئىزدىمەي، ئۇنىڭغا شۇ پېتى ئىشىنىشى كېرەك.**

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**[1] The Miracle of the Qur'an - Yasir Qadhi**
**https://www.youtube.com/watch?v=q2S_e1d4hb0**

**[2] THE QUR'AN IS THE 'MIRACLE' - Yasir Qadhi**
**https://www.youtube.com/watch?v=_jio0IUTR00**

**[3] Millions Attend India Peace Conference**
**http://www.islamnewsroom.com/news-we-need/1032-200000-pray-for-peace-in-mumbai**

**[4] Quraysh tribe**
http://en.wikipedia.org/wiki/Quraysh_tribe

## قوشۇمچە مەزمۇن

چەت ئەللىدىكى بىر قېرىندىشىمىز ماڭا تۆۋەندىكى ئوقۇش ۋە ئوقۇش مۇكاپات پۇللىرىنىڭ ئۇچۇرىنى ئەۋەتىپتۇ:

(1) ئەنگلىيىدىكى «University of Edinburgh» ئىسلام تەتقىقاتى كەسپىگە ئىككى نەپەر دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىسى قوبۇل قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ تور ئادرېسى:
http://tinyurl.com/AlwaleedPhD2014

(2) يۇقىرىدىكى مەكتەپ يەنە ئىككى نەپەر دوكتۇر-ئاشتى تەتقىقاتچىسى قوبۇل قىلىدىكەن. بۇ ئوقۇشنىڭ تور ئادرېسى:
http://www.ed.ac.uk/schools-departments/human-resources/jobs

(3) لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى «جۇڭگودىكى ئىسلام» دېگەن تەتقىقات تۈرىگە بىر نەپەر دوكتۇر-ئاشتى تەتقىقاتچىسى قوبۇل قىلىدىكەن. ئۇنىڭ تور ئادرېسى:

http://jobs.soas.ac.uk/fe/tpl_soasnet01.asp?s=4A515F4E5A565B1A&jobid=62903,5815146561&key=4694899&c=022372143434&pagestamp=sedlkjkjnmtoncsrlo

رەسىملەر: ياسىر قازى بۇ دوكلاتنى 2009-يىلى ھىندىستاننىڭ مۇمباي شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارالىق ئىسلام تىنچلىق قۇرۇلتىيى» دا سۆزلىگەن بولۇپ، تۆۋەندىكىسى ئاشۇ قۇرۇلتاينىڭ بىر قانچە كۆرۈنۈشلىرى.


2:57 / 1:03:19
The Miracle of the Qur'an - Yasir Qadhi
khalifahklothing · 3,427 videos
Subscribe
137,190
26,115
Like
About
Share
Add to
Published on Jun 26, 2012
How is the Quran the greatest Miracle of Islam?


2:56 / 1:03:19
The Miracle of the Qur'an - Yasir Qadhi


2:18 / 1:03:19
The Miracle of the Qur'an - Yasir Qadhi


1:50 / 1:31:00
THE QUR'AN IS THE 'MIRACLE' - Yasir Qadhi


36:34 / 1:03:19
The Miracle of the Qur'an - Yasir Qadhi

# دىن، مۇزىكا ۋە ئۇيغۇرلار

**2014-يىلى 24-ئاپرېل**

**ئىلاۋە: بىر «مادىنا» ئىسىملىك قېرىندىشىمىز ماڭا بىر ئىنكاس قالدۇرۇپ، مەندىن مۇزىكا ۋە ئوتتۇرا يول ھەققىدە بەزى نازۇك سوئاللارنى سوراپتۇ. بۇ ئىككى مەسىلە نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولغاچقا، مەن ئۇ قېرىندىشىمىزنىڭ ئىنكاسى بىلەن ئۆزۈمنىڭ جاۋابىنى بۇ يەردە بىر ئايرىم تېما قىلىپ يوللىدىم. مەن قېرىنداشلاردىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىنى بىز بىلەن ئورتاقلىششىنى ئۈمىد قىلىمەن.**

## 1. «مادىنا» قېرىندىشىمىزنىڭ مىسرانىمدىكى ئىنكاسى:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرىكاتۇھۇ، بىلىمخۇمار قېرىندىشىم. سىزنىڭ بارلىق تېمىلىرىڭىزنى ئوقۇپ ئۆزۈمنىڭ يېقىندىن بىرى قىلىۋاتقان ئىشلىرىم ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ بېقىپ، دىلىم بىر قىسىم قورقۇنچلاردىن ئەمىن بولدى. ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. مەن يېقىندا بىر ئۈندىدار توپى قۇرغان ھەم نۇرغۇن ئىلىملىك ھەم ئىلىمگە قىزىقىدىغان ھەم ئىلىم ئىزدەش يولىدا قايمۇقۇۋاتقان قېرىنداشلارنى بىر توپ قىلىپ قۇرۇپ ئۈنىڭغا بىلىمخۇمارلار توپى دەپ ئىسىم قويغان. ئەلۋەتتە بۇ ئىسمنى قوللىنىشىم سىزنىڭ نامىڭىزنى ئاڭلاشتىن ھەم كۆرۈشتىن بۇرۇن ھەم سىزنىڭ تېمىلىرىڭىزدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ھالەتتە ئىدى. ئەمما بۇ توپقا كىرگەنلىكى قېرىنداشلار پەقەت ئاڭلاشقىلا قىزىقىپ ئۆزى يولۇققان مەسىلە ياكى دىنيي تېمىلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن قورقاتتى، پەقەت مەنىلا بىر قىسىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى ئۈستىدە، ئۆزىمىزدىكى خاتالىق ھەم ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىسەممۇ لېكىن مەزھەپ ۋە بىر قىسىم ئىختىلاپى مەسىلىلەر ھەققىدە سۆز ئېچىشتىن قورقاتتىم،نەچچە كۈندىن بىرى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى تولىمۇ قىزىقىپ ئوقۇپ نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولدۇم، چۈشىنىشىم چوڭقۇرلاشتى. ئەمدى مەن ئۆز پىكرىمدە ئىختىلاپ پەيدا قىلغان بىر مەسىلە ئۈستىدە يەنى مۇشۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەزمۇننى سورىغۇم بار، جاۋابىڭىزغا تەشنامەن. ئىسلامدىكى ئوتتۇرا يولنى تۇتۇپ مېڭىش مەسىلىسىدە، ناخشا مۇزىكىغا بولغان ھۆكۈم ۋە ناخشا مۇزىكىنىڭ ھالال ھاراملىق مەسىلىسىدىمۇ ئوتتۇرىچە يولنى تۇتۇش كېرەكمۇ؟ مەسلەن بەزىبىر پەتىۋالاردا دېيىلگەندەك «مەزمۇنى ساغلام بولغان ناخشا مۇزىكىلارنى ئاڭلاش» قا بولامدۇ؟ ئىسلامدا ناخشا مۇزىكىنىڭ ھۆكۈمى قانداق؟ ھەدىسلەردىچۇ؟ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھاللىرىدىچۇ؟ بۇرۇن غازاتلارغا چىققاندا ناخشا مۇزىكا ھەم نەغمە ناۋا بىلەن بېرىش، ھەتتا ئاياللىرىنى بىللە ئېلىپ بېرىش ساھابىلەرنى ئىشمىتى ياكى مۇشرىكلارنىڭمۇ؟ بىز بۇنىڭدىمۇ دەۋرگە ماسلاشتۇرۇپ ئوتتۇرا يولنى تۇتۇشمىز كېرەكمۇ؟ دىن يولىغا ئەمدى مېڭىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىن يولىنى مۇرەككەپ كۆرۈپ يالتىيىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا شۇنداق پەتىۋالارنى كۆرستىشىمىز توغرىمۇ؟ يول كۆرستىشىڭىزنى ئۈمىد

قىلىمەن.

http://bbs.misranim.com/thread-122058-28-1.html

## 2. مېنىڭ جاۋابىم:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مادىنا قېرىندىشىم،

ياخشىمۇسىز؟ مېنىڭ دىن توغرىسىدىكى تېمىلىرىمغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ كۆپىنچىسى تېما بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغاچقا، مەن بەزىدە سىزنىڭكىدەك ئورۇنلۇق سوئاللارنىمۇ كۆرمەي قېلىۋاتىمەن. قارىسام سىز بۇ سوئالنى يوللىغىلى 7 كۈن بولۇپ قاپتۇ. كەچۈرۈڭ.

سىز ئىنتايىن نازۇك مەسىلىدىن بىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. بۇ سوئال مېنىڭ كاللامدا شەكىللەنگىلىمۇ خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. تېخى يېقىندا ئۇنىڭغا جاۋاب تېپىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ پىلانىچە ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى بىر قىسىم تېمىلىرىمدا ياسىر قازىنىڭ مۇشۇ مەسىلىگە ئوخشاش بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىگەن لېكسىيلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ تېما قىلىپ يوللىماقچى. ئىنشائاللا شۇنىڭدىن كېيىن سىز ۋە سىزگە ئوخشاش باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلار بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ قالار.

ئەمدى سىزنىڭ سوئالىڭىزغا كەلسەك، مېنىڭ ياسىر قازى لېكسىيلىرىدىن ئىگىلىگەن بىلىمىم مۇنداق: مۇسۇلمانلىق بىر قانچە دەرىجىگە ئايرىلىدۇ (مەن بۇنىمۇ كېيىنچە بىر تېما قىلىپ يوللايمەن). مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن شەرتلىرى 5 پەرزنى تولۇق ئادا قىلىشتىن ئىبارەت. سىزنىڭ خەۋىرىڭىزدە بولغىنىدەك، مۇزىكا ئاڭلىماسلىق ھېلىقى 5 پەرزنىڭ بىرسى ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، مۇزىكا ئاڭلاش بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئەمما، ئىسلامدا تارىلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى چېلىش ۋە مۇزىكا ئاڭلاش ھارام بولۇپ، بۇنداق مۇزىكىلارنى ئاڭلىغانلار گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ خۇددى ھاراق ئىچىش ۋە زىنا ئىشلىرىغا بېرىلىش قاتارلىقلار بىلەن ئوخشاش خىلدىكى گۇناھلاردۇر. ياسىر قازىنىڭ ئېيتىشىچە مۇزىكا ئاڭلاش بىلەن قۇرئاننى ئوقۇش ۋە ئويلاشنىڭ ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا قىلىدىغان تەسىرى ئۆز-ئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، سىز ئۇلارنىڭ بىرسىنى قىلسىڭىز، كۆڭلىڭىزدە يەنە بىرسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى قالمايدىكەن. ياسىر قازى نۇرغۇن گۇناھلارنى ھاراق ئىچىش بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولۇپ، مۇزىكا ئاڭلاشنىڭ ھاراق ئىچىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا گۇناھلىق دەرىجىسىنىڭ قانداقراق بولىدىغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا مەن كېيىنچە بۇ مەسىلىنى ئۆزۈمنىڭ بىر يازمىسىدا ئوتتۇرىغا قويىمەن.

مۇزىكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن مەن بىر قانچە كۈن خېلى راھەتسىزلەندىم. سەۋەبى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مىللىي كىملىكنى ساقلاشتا ئەقىدە ۋە ئىبادەتتىن كېيىن ئەڭ مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتقان نەرسە ساز، مۇزىكا، ئۇسۇل ۋە سورۇن مەدەنىيەتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇرۇنقى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا مۇھىمراق. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

مەن بۇ سوئالغا ھازىرچە جاۋاب بېرىشنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ ئورنىغا، مېنىڭ مۇنداق بىر سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلگۈم بار: ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندا، ساز، مۇزىكا، ئۇسۇل ۋە سورۇن

مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلاردا ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانمۇ، ياكى بۇ مەدەنىيەتلەر ئۇنىڭدىن كېيىن شەكىللەنگەنمۇ؟ ئەگەر كېيىن شەكىللەنگەن بولسا، ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەمتى؟

ئۇيغۇرلارنىڭ ساز، مۇزىكا ۋە ئۇسۇل بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى خېلى ئۇزۇن. بۇ دېگەنلىك، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئىشلار بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزۈش تارىخىمۇ خېلى ئۇزۇن، دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى گۇناھىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى؟ مەن بۇ سوئالغا بىزنىڭ دىنىي زىيالىيلىرىمىزنىڭ جاۋاب بېرىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ياسىر قازىنىڭ لېكسىيلىرىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەن بىر نەرسە شۇكى، ئاللاھ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئەقىدە بىلەن ئىبادەتتىن كېيىن ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە ياخشى ئەخلاقتىن ئىبارەت. ئاللاھ ياخشى ئەخلاقلىق ئىگە كىشىلەرنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە مۇكاپاتلايدۇ. ياخشى ئەخلاقلىق ئىگە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئىشلىرى ۋە ساۋابلىق ئىشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يامان ئىشلىرى ۋە گۇناھلىرىنى يۇيىۋېتەلەيدۇ. باشقا خېلى كۆپ مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار بىر ناھايىتى ئەخلاقلىق مىللەت. ياخشى ئىشلارنى، ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلىدىغان مىللەت. مېھرىبان، كۆيۈمچان، ۋە ئاق كۆڭۈل مىللەت. شۇڭلاشقا ئاللاھ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى بىر قىسىم گۇناھلىرىنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەخلاقىغا، ئۇلار قىلغان ياخشى ئىشلارغا، ۋە ئۇلار قىلغان ساۋابلىق ئىشلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن بولۇشى ۋە كەچۈرۈم قىلىۋېتىشى مۇمكىن بولۇپ، بىز ھەممىمىز ئاللاھتىن شۇنى تىلەيلى.

بۇ مەن ھازىرغىچە ئىگە بولغان چۈشەنچە بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى يەرلىرى خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. خۇدايىم بۇيرۇسا مەن داۋاملىق ئىزدىنىپ، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر مۇكەممەل چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا تىرىشىمەن. شۇنداقلا ئاللاھ خالىسا ئىگىلىگەن بىلىملەرنى تېما قىلىپ يوللايمەن.

ئىسلامدىكى ئوتتۇرا يول ھەرگىزمۇ ئىسلام قانۇنلىرىنى بىر ئادەمنىڭ ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە يول قويمايدۇ. مەسىلەن، بامدات نامىزىنى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇپ بولۇش كېرەك. ئەمما بىرەيلەن قوپۇپ «ئىسلام ئوتتۇرا يولدا ماڭىدىغان دىن بولغاندىكىن، مەن بۈگۈن بامدات نامىزىنى ئەتىگەن سائەت 8 دە ئوقۇيچۇ» دېسە ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بىر قىسىم شەرىئەت قانۇنلىرىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى مۇسۇلمانلار قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە تۆۋەنلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئاچلىقتا ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، بىر مۇسۇلمان ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ھارام گۆشىنى يېسە بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ گۆش ھالاللىققا ئۆزگىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ ئۇ گۆشنى يېمەسلىكىڭىز ھارام بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭمۇ شەرتى بار. مەسىلەن، سىز پەقەت قورسىقىڭىز ئازراقلا تويۇپ، ئۆلۈپ قالمىغۇدەكلا يېسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى قورسىقىڭىز يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغۇچە يېسىڭىز ئۇ ھارام بولىدۇ. ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار بۇنداق ئىشلاردا ئۆزلىرى قارار چىقارماسلىقى، قۇرئاننى ئۆزى خالىغانچە چۈشىنىۋالماسلىقى، مۇشۇنداق ئىسلام قانۇنلىرىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلاردا چوقۇم دىنىي ئۆلىما، دىنىي زىيالىي ۋە ئىماملاردىن يولىيورۇق سورىشى كېرەك. مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدىمۇ كېيىنچە ئايرىم توختىلىمەن.

ئاخىرىدا سىزنىڭ ماڭا ئىشىنىپ، يۇقىرىقىدەك سوئاللارنى سورىغىنىڭىزغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

## 3. ياسىر قازىنىڭ مۆزىكا ھەققىدە دېگەنلىرى

مەن ھازىر تورنى ئىزدەپ، ياسىر قازىنىڭ 2013-يىلى 4-يانۋار كۈنى سۆزلىگەن بىر قىسقا نۇتقىنى تاپتىم [1]. ياسىر قازى بۇ نۇتقىنى مەلۇم بىر رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سوئال-جاۋاب پروگراممىسىدا سۆزلىگەندەك قىلىدۇ (مېنىڭ تاپقىنىم بىر يۇتيۇب سىن ھۆججىتى). تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ مۆزىكا ھەققىدە دېگەن سۆزىنىڭ ئەينەن تەرجىمىسى:

«مەن بىزنىڭ دىنىمىزدا شامال بىلەن تارا ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ مۆزىكىسىغا يول قويۇلمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. داپ بىلەن دۇمباقتا بىزنىڭ دىنىمىز يول قويىدۇ. نېمە ئۈچۈن بەزى ئىسلام دىنى تېلېۋىزور قاناللىرى مۆزىكىلارغا يول قويىدۇ، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ ئاشۇ تېلېۋىزور قاناللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ دىرېكتورلار گۇرۇپپىسىدا ياكى پەتىۋا گۇرۇپپىسىدا يوق. مۆزىكا مەسىلىسىدە ھازىر ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك كۆز-قاراشلار ساقلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭ مۆزىكىنى ھارام ياكى ھالال دېيىشىم، ئۇ مېنىڭ شەخسىي پىكرىم. بەزىلەر مېنىڭ بۇ پىكرىمگە قوشۇلمايدۇ. دۇنياغا تونۇلغان دىنىي زىيالىيلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بەزى شەرتلەر ئاستىدا مۆزىكىغا يول قويسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىر مۆزىكىلارنى قويۇۋېتىدىغان تېلېۋىزور قاناللىرىغا بۇ ھەقتىكى پەتىۋالارنى ئەنە شۇنداق دىنىي زىيالىيلار چىقىرىپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ تېلېۋىزور قاناللىرى ئاشۇ پەتىۋالار بويىچە ئىش قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ياكى ئۇلار مەندىن سورىسا، مەن شامال ۋە تارا ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار دىنىمىزدا چەكلەنگەن، ئەمما داپ بىلەن دۇمباقتا دىنىمىزدا يول قويۇلغان، دەيمەن. بۇ ئىشنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى ئاللاھدۇر.»

ياسىر قازى كۆپىنچە لېكسىيە ۋە دوكلاتلىرىدا داۋاملىق تۆردە قۇرئان بىلەن ھەدىستىن نەقىل كەلتۈرىدىغان بولۇپ، بۇ نۇتۇقتا ئۇ بىرەر قېتىممۇ ئۇنداق قىلمىدى.

«مولىلار» ئىسمىلىك قېرىندىشىمىز http://bbs.bagdax.cn/thread-24528-2-1.html كە مەلۇم بىر «دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيى» ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ سىن ھۆججىتىنى چىقىرىپ قويغان بولۇپ، بۇ مۇراسىممۇ بىر ئەر ناخشىچىنىڭ ناخشا ئېيتىشى بىلەن باشلىنىدىكەن.

ئەگەر قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىسلەردە مۆزىكا ھەققىدە سۆزلەنگەن مەزمۇنلار بار بولۇپ، ئۇلارنى بىلىدىغان قېرىنداشلار بولسا، ئۇنى مۇشۇ يەرگە ئىنكاس شەكلىدە يوللاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 4. يۈسۈپ قەرداۋىنىڭ مۆزىكا ھەققىدە دېگەنلىرى

ئىسلام دىنىغا قىزىقىدىغان ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۈسۈپ قەرداۋى (Yusuf al-Qaradawi) نى بىلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ كىشىنى ئانچە بىلمەيدىغان قېرىنداشلار ئۈچۈن مەن بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئۇ كىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي [2].

دوكتور يۈسۈپ قەرداۋى 1926-يىلى تۇغۇلغان، مىسىرلىق ئەقىدىشۇناس. ئۇ ئەلجەزىرە تېلېۋىزورى تارقىتىدىغان «شەرىئەت ۋە ھايات» ناملىق پروگرامما بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ، دۇنيا بويىچە بۇ پروگراممىنى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى 60 مىليوندىن ئاشىدىكەن. يۈسۈپ قەرداۋىنى داڭلىق قىلغان يەنە بىر ئىش، ئۇ 1977-يىلى ياردەملىشىپ قۇرغان «ئىسلام تور بېتى» (Islam Online) بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ مەركىزى تور بېتىگە باش دىنىي زىيالىي بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. يۈسۈپ

قەرداۋى 120 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب چىقارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى «ئىسلامدىكى ھالال ۋە ھارام» (The Lawful and the Prohibited in Islam) دۇر. يۈسۈپ قەرداۋى ئىسلام تەتقىقاتىغا قوشقان زور تۆھپىسى بىلەن جەمئىي 8 دانە خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ ھازىر تېخىچە ھايات، تەسىرى ئەڭ زور دىنىي زىيالىيلارنىڭ بىرى.

يۈسۈپ قەرداۋى 2010-يىلى 1-فېۋرال كۈنى مۇزىكا ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يېزىپ، ئۇنى «ئىسلام تور بېتى» دە ئېلان قىلغان [3]. كېيىن بۇ ماقالە باشقا يەرلەردىمۇ كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئەنگلىيەدە چىقىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ژۇرنىلى «گۈللىنىش» (The Revival) تىن ئىبارەت [4]. تۆۋەندىكىسى ئاشۇ ماقالىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىكى بىر قانچە ئابزاسلىرىنىڭ ئەينەن تەرجىمىسى. ئۇلارنى مەن تەرجىمە قىلدىم. مەن سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر ۋە تۈركىيىدىكى ئىسلام دىنىنى ئوبدان بىلىدىغان قېرىنداشلاردىن بىرەرسىنىڭ يۈسۈپ قەرداۋى ماقالىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى تېپىپ، ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تولۇق تېكىستى بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىگە چىقىرىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنىڭ ئۇيغۇرلار نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى مەن سۆزلەپ ئولتۇرمىسامۇ ھەممەيلەن ئوبدان بىلىدۇ.

تۆۋەندىكىسى يۈسۈپ قەرداۋىنىڭ ماقالىسىدىكى مەزمۇنلار:

«مەيلى مۇزىكا تەككەش قىلىنغان بولسۇن ياكى قىلىنمىغان بولسۇن، ناخشا ئېيتىش مەسىلىسى ئومۇمەن بىر زىددىيەتلىك مەسىلە. بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى مەسىلىلەردە مۇسۇلمان زىيالىيلار بىرلىككە كېلەلىدى، يەنە بەزى مەسىلىلەردە بولسا بىرلىككە كېلەلمىدى.

دىندا چاكىنىلىق، شاللاقلىق ياكى گۇناھلىقنى پەيدا قىلىدىغان بارلىق شەكىلدىكى ناخشا ۋە مۇزىكىلارنىڭ چەكلەنگەنلىكى ھەققىدە بارلىق دىنىي زىيالىيلار ئورتاق كۆزقاراشتا ئىگە.

چالغۇ ئەسۋابلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ چەكلەنگەنلىكى ھەققىدىكى ئىسپات ئاجىز بولۇپ، بۇ مەسىلىگە ماس كېلىدىغان قائىدىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر مەلۇم بىر ئىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى ھەققىدە شەرئەت تېكىستى مەۋجۇت بولمايدىكەن، ئۇ ئىشقا ئەسلىدە يول قويۇلغان بولىدۇ.

ناخشا ئېيتىش لەرزان سۆزلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ ئەگەر بىر ناخشىنىڭ تېكىستى ياخشى بولسا، ئۇ ناخشىمۇ ياخشى بولغان بولىدۇ؛ ئەگەر بىر ناخشىنىڭ تېكىستى ناچار بولسا، ئۇ ناخشىمۇ ناچار ناخشا بولىدۇ. چەكلەنگەن مەزمۇنغا ئىگە ناخشا تېكىستلىرىگە يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر بىر ناخشا تېكىستى رىتىم بىلەن مۇزىكىغا قوشۇلۇپ كەلسە قانداق بولىدۇ؟

زىيالىيلار چالغۇ ئەسۋابلارغا قوشۇلۇپ كەلمىگەن ھەمدە تېكىستى چەكلەنمىگەن ناخشىلارنى ئېيتىشقا يول قويۇلىدىغانلىقىدا بىردەك پىكىرگە ئىگە. بۇنداق ناخشىلارنى ئېيتىشقا پەقەت بىر قىسىم ئالاھىدە سورۇنلاردا يول قويۇلىدىغان بولۇپ، بۇ سورۇنلار توي، بايرام، سەپەردىن قايتىپ كەلگەن بىر كىشىنى قارشى ئېلىش، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر قىسىم ھەدىسلەر ئىسپات سۈپىتىدە بېرىلگەن).»

«چالغۇ ئەسۋابلار مەسىلىسىدە زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار.

-- بىر قىسىم زىيالىيلار مەيلى چالغۇ ئەسۋابقا قوشۇلۇپ كەلسۇن-كەلمىسۇن، ھەممە شەكىلدىكى ناخشا ئېيتىشلارغا يول قويىدۇ. ھەتتا شۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

-- ئىككىنچى خىلدىكى زىيالىيلار پەقەت مۇزىكىلىق ئەسۋابلار بىلەن بىللە ئورۇنلانمىغان ناخشا

**ئېيتىشلارغىلا يول قويىدۇ.**

**-- ئۈچىنچى خىلدىكى زىيالىيلار بولسا مەيلى چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن بىللە ياكى ئايرىم ئورۇنلانسۇن، ناخشا ئېيتىشنى پۈتۈنلەي چەكلەيدۇ؛ ئۇلار ناخشا ئېيتىشنى ھەتتا بىر چوڭ گۇناھ، دەپ ھېسابلايدۇ. (بۇ يەردە 3-خىلدىكى زىيالىيلار ئىسپات سۈپىتىدە پايدىلانغان ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.)»**

**«يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، «ناخشا ئېيتىش ھارام» دېگەن كۆزقاراشتىكى زىيالىيلار پاكىت قىلىپ ئىشلەتكەن دىنىي تېكىستلەرنىڭ بەزىلىرى مۇجمەل بولۇپ، قالغانلىرى يالغان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئىشتا «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەۋە» دەپ ئىشلىتىلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھېچ قايسىسى ناخشا ۋە چالغۇ ئەسۋابلارنى چەكلەش ھۆكۈمىنىڭ ئىسپاتى بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىبنى ھەزىم، مالىك، ئىبنى ھەنبەل ۋە ئەش-شافىئىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئاجىز ھەدىسلەر»، دەپ جاكارلىغان.»**

**يۇقىرىدىكى مەزمۇن تۆۋەندىكى 3-مەنبەدىن ئېلىندى.**

## 5. مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي مۇفتىسىنىڭ پەتىۋاسى

**مەن بۇگۈن مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي مۇفتىسىنىڭ مۇزىكا ھەققىدە چىقارغان بىر پەتىۋاسى ھەققىدىكى بىر ئىنگلىزچە ماقالىنى تاپتىم [5]. بۇ ماقالە تۆۋەندىكى 4-مەنبەدە بار. مەن چەت ئەلدىكى ئىسلام دىنىنى ئوبدان بىلىدىغان قېرىنداشلاردىن بىرەرسىنىڭ مەزكۇر پەتىۋانىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى تېپىپ، ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تولۇق تېكىستى بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىگە چىقىرىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.**

**تۆۋەندىكىسى 4-مەنبەدە بېرىلگەن، مەزكۇر پەتىۋانىڭ بىر قىسىم مەزمۇنى بولۇپ، 4-مەنبەدىكى ئىنگلىزچە ماقالىدا مەزكۇر پەتىۋاغا ئاساس بولىدىغان بىر قىسىم ئىسپاتلارمۇ تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن.**

**«ھەممەيلەننىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن، ئالاھىدە ۋاقىتلاردا ناغرا ۋە باشقا چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىشقا يول قويۇلىدىغان بولدى.**

**ئەگەر ئەخلاقسىز ۋە گۇناھ بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتمىگەنلا بولسا، ياكى ھارام ئىشلارنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن باھانە ئورنىدا پايدىلانمىغانلا بولسا، شۇنداقلا بىر ئادەمنى ئىبادەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالماسلىق دەرىجىسىگىچە مەپتۇن قىلىۋالمىغانلا بولسا، مۇزىكا ئاڭلاش، مۇزىكىلىق يىغىلىشلارغا قاتنىشىش، ھەمدە ھەممە تۈردىكى چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىشنى ئۆگىنىشكە يول قويۇلىدۇ.»**

## 6. خۇلاسە

**يۈسۈپ قەرداۋىنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسىگە ئاساسلانغاندا، ناخشا ۋە مۇزىكا مەسىلىسىدە ئىسلام دىنىي زىيالىيلىرى ھازىر 3 گۇرۇھقا بۆلۈنگەن. بۇ 3 گۇرۇھنىڭ تۇتقان يوللىرى تۆۋەندىكىدەك:**

(1) مەيلى چالغۇ ئەسۋابقا قوشۇلۇپ كەلسۇن-كەلمىسۇن، ھەممە شەكىلدىكى ناخشا ئېيتىشلارغا يول قويىدۇ. ھەتتا شۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.
(2) پەقەت مۇزىكىلىق ئەسۋابلار بىلەن بىللە ئورۇنلانمىغان ناخشا ئېيتىشلارغىلا يول قويىدۇ.
(3) مەيلى چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن بىللە ياكى ئايرىم ئورۇنلانسۇن، ناخشا ئېيتىشنى پۈتۈنلەي چەكلەيدۇ؛ ناخشا ئېيتىشنى ھەتتا بىر چوڭ گۇناھ دەپ ھېسابلايدۇ.

ناخشا-مۇزىكا مەسىلىسىدە، ياسىر قازى يۇقىرىدىكى 3-گۇرۇھقا تەۋە ئىكەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Is Music Halal or Haraam? - Shaykh Yasir Qadhi | 4th January 2013
https://www.youtube.com/watch?v=4sci3iIX7Dc

[2] Yusuf al-Qaradawi
http://en.wikipedia.org/wiki/Yusuf_al-Qaradawi

[3] Yusuf Al Qaradawi on Music
http://www.therevival.co.uk/yusuf-al-qaradawi-on-music

[4] Fatwa on music by the Grand Mufti and Shaykh of Al-Azhar
http://islamictext.wordpress.com/music-azhar-fatwa/

[5] The Revival
http://www.therevival.co.uk/the-revival



**1-رەسىم: يۈسۈپ قەرداۋى**

# شەرىئەتنىڭ قىيىنچىلىق ۋاقتىدا ئاسانلىق بېرىشى

**2014-يىلى 5-ئاينىڭ 2-كۈنى**

**مەن بۇ ماقالىدا ياسىر قازىنىڭ «قىيىنچىلىق ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ» ( Difficulty begets ease) دېگەن لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن [1]. ياسىر قازى بۇ لېكسىيىنى 2013-يىلى 6-دېكابىر (جۈمە) كۈنى ئامېرىكىنىڭ تېننىسى شتاتى مەمفىس شەھىرىدىكى «مەمفىس ئىسلام مەركىزى» دە خۇتبە بەرگەندە سۆزلىگەن. ئۇ كۈنى مەمفىس شەھىرىدە قار قاتتىق يېغىپ كەتكەن بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا مەسچىتكە كېلىش قىيىنغا توختاپ قالسا، بۇ جۈمە نامىزىغا كەلمەسلىكنى ئۇقتۇرۇش قىلىغان. ئەمما كۈن چۈش بولغاندا ھاۋا بىر ئاز ياخشىلىنىپ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كۈندىكى جۈمە نامىزىغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ياسىر قازى ئۇ كۈنى مەزكۇر تېمىنى تاللاپ سۆزلىگەن.**

**مەن بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا پەقەت ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنلارنىلا تونۇشتۇرىمەن. ئەگەر ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.**

**تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنلار.**

## 1. خەتەرلىك ۋاقىتتا، بىخەتەرلىك ئىبادەتتىن مۇھىم

**شەرىئەت بىزگە مۇنداق بىر نەرسىنى دەيدۇ: ئاجىزلىق ۋە خەتەرلىك ۋاقىتلاردا، كوللېكتىپ ئىبادەت قىلىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىز مۇھىمراق ئورۇنغا ئۆتىدۇ.**

**شەرىئەت قانۇنلىرى مۇنداق بىر پرىنسىپ ئاساسىغا قۇرۇلغان: «قىيىنچىلىق ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ». ئەگەر تۇرمۇش سىزگە ھەر خىل قىيىن ئۆتكەللەرنى پەيدا قىلسا، ئاللاھ سىزگە ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ بىزنىڭ فىقھى قانۇنلىرىمىزدىكى 5 پرىنسىپنىڭ بىرى. بىزنىڭ فىقھىمىزدا «پرىنسىپ» ياكى «قائىدە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر نەرسە بار بولۇپ، بىزدە ئاشۇنداق ئاساسىي پرىنسىپلاردىن جەمئىي بەشى بار. ھەممە فىقھلار ئاشۇ 5 پرىنسىپلارنى چۆرىدىگەن ھالدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇ 5 پرىنسىپلارنىڭ بىرى «قىيىنچىلىق ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. بۇنىڭ مەنىسى، سىز ھاياتتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنىڭ دەرىجىسى ئۆسكەنسېرى ئاشۇنداق ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان فىقھى قانۇنلارنىڭ تەلەپلىرى مۇناسىپ ھالدا يېنىكلىتىلىدۇ. بۇ قائىدە قۇرئان بىلەن سۈننەتتىكى ئىنتايىن كۆپ پاكىتلارغا ئاساسەن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان.**

**ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ (سۈرە بەقەرە 185-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)». دېمەك، شەرىئەتنىڭ نىشانى سۈپىتىدە ئاللاھ بىزگە تەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى خالىمايدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى**

يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ (سۈرە بەقەرە 286-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).» بۇ سۈرە بەقەرەدىكى بىر داڭلىق ئايەت بولۇپ، بۇ ئايەت قۇرئاندا جەمئىي ئوخشىمىغان 5 يەردە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، ئاللاھ ھېچكىمنى ئۆزى چىداشلىق بېرەلمەيدىغان، ياكى ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدىكى قىيىنچىلىقنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئاللاھ ئىنساننىڭ كۆڭلىگە ئۆزى جىسمانىي جەھەتتىن بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدىكى قىيىنچىلىقنى تۇغدۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئاللاھ سىزگە ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى قىيىنچىلىقنى پەيدا قىلىپ بەرمەيدۇ. مەيلى سىز ھاياتىڭىزدا قانداق مۈشكۈللۈكلەرگە دۇچ كېلىڭ، قانداق سىناقلارغا دۇچ كېلىڭ، ئاللاھ سىزنى ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئىقتىدار-ئىمكانىيەتلىرىڭىز ۋە ئىمانىڭىز بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە سىنىمايدۇ. ئەگەر سىزدە ئۇ سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگۈدەك ئىمكانىيەت بولمايدىكەن، ئاللاھ سىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنداق سىناقلارغا قويمايدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەت ئاللاھنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇلتىماتۇمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ بىزدىن ئۆزىمىزنىڭ قۇربىتى ۋە ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان دائىرە ئىچىدە ئۆزىمىزنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۆتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

شەيخ ئىبىن تەيمىيە يۇقىرىدىكى ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: بۇ ئايەتتە ئاللاھ بىزدىن پەقەت ئۆزىمىز جىسمانىي جەھەتتىن قىلالايدىغان ئىشلارنىلا قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدار-ئىمكانىيىتىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى قىلماسلىقنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

قۇرئاندا دېيىلىشىچە، ئەمەلىيەتتە بىزگە ئارتىلغان يۈكلەرنى يېنىكلەشتۈرۈپ بېرىش، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرۇلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بىر نام (title) «پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھمەدىللىق قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە. قۇرئاندا ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «**سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ (سۈرە تەۋبە 128-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).**» ئەگەر ئۇ سىلەرنىڭ زۇلۇمدا قالغىنىڭلارنى كۆرسە، ئۇمۇ ئازاب چېكىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ دەرد چېكىۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «**ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ (سۈرە ئەئراف 157-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).**»

## 2. ھارام زىيانلىق، ھالال پايدىلىق

قېرىنداشلار، ھارام نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن زىيانلىق. بۇنى بىر ئادەتتىكى قائىدە سۈپىتىدە ئەستە ساقلاڭلار. بۇ جەھەتتە باشقىچە ئويلاشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ئاللاھنىڭ دېگىنى مۇنداق: بىزنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز بىزگە پەقەت زىيانلىق نەرسىلەرنىلا ھارام قىلىپ، پەقەت پايدىلىق نەرسىلەرنىلا ھالال قىلىپ بېرىدۇ.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، شەرىئەتتە چەكلەنگەن ھەممە نەرسە بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ بەدىنىمىز ئۈچۈن، ۋە بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز (mind, body and soul) ئۈچۈن زىيانلىق. شۇڭلاشقا ئۇلار ھارام قىلىنغان. قۇرئاندا دېيىلگىنىدەك، ھالال نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن پايدىلىق.

## 3. ئىسلام ـــــ قىينچىلىقنى ئاسانلاشتۇرىدىغان دىن

**«ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويىزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، (سۈرە ئەئراف 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنى پۇت ـ قولىمىزنى باغلاپ تۇرغان كىشەنلەردىن ئازاد قىلىدۇ، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇش. شەرىئەتنىڭ مەقسىتى بىزگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە راھەتلىك ئاتا قىلىش. شەرىئەت بويىچە ئىش قىلىش بىزنى ساغلاملاشتۇرىدۇ، بىزگە روھىي جەھەتتە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. شەرىئەت بويىچە ئىش قىلمىساق بىز جىسمانىي جەھەتتىن ئازابلىنىمىز، روھىي جەھەتتىنمۇ ئازابلىنىمىز، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزمۇ زۇلۇمغا قالىدۇ، بىزنىڭ تالانت ئېگىلىرىمىز (prodigy) مۇ زەخمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ دىنىمىز ئاسانلىق بىلەن، مۇلايىملىق (gentleness) بىلەن، ۋە راھەتلىك بىلەن خاراكتېرلەنگەن.**

بىر ئادەم كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سورايدۇ: «قايسى دىن ئاللاھ ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك؟» شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئىبراھىمنىڭ دىنى، بۇ بىر مۇلايىم دىندۇر.» بۇ سۆزلەر ھەدىس بۇخارىدا بار. يەنى، ئاللاھ ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر. ئەبۇ داۋۇد ھەدىسىدىمۇ «بۇ دىن مۇلايىم، چىقىشقاق (easy-going) دىندۇر» دېگەن سۆز بار.

## 4. ئىسلام دىنى ـــــ ئاسان دىن

بىزنىڭ ئارىمىزدىكى 99 پىرسەنت كىشىلەر بىزنىڭ دىنىمىزنى «قىيىن دىن» دەپ ئويلايدۇ. بىز دىنىمىزنى قاتتىق دىن، دەپ ئويلايمىز. بىز دىنىمىزنى «بىزنى جازالاش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن دىن»، دەپ ئويلايمىز. بىز دىنىمىزنى بىر خىل يۈك، دەپ ئويلايمىز. ئاللاھ قۇرئاندا «سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى دۇمبەڭلاردىكى يۈكتىن ئازاد قىلىشقا، سىلەرنى باغلاپ تۇرغان كىشەنلەرنى ئېلىپ تاشلاشقا، سىلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشكە ئەۋەتىلدى.» دەيدۇ. ئەمما بىز «دىنىمىز بىزنى كىشەنلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىزنى باغلاپ قويۇۋاتىدۇ، بۇ دىن بەك تەس»، دەپ ئويلايمىز. ئاللاھ قۇرئاندا «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، (سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).» دەيدۇ. ھەدىس يۇسۇردا مۇنداق دېيىلگەن: «ھېچ قانداق بىر ئادەم دىننى قىيىنلاشتۇرمايدۇ.» قاراڭ، دىن ئەسلىدە قىيىن ئەمەس، ئۇنى قىيىنلاشتۇرىدىغىنى ئادەملەردۇر. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىرى دىننى قىيىنلاشتۇرماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ.» بۇنىڭ مەنىسى دىن ئۇ ئادەم ئۈستىدىن قادىر كېلىپ، دىننىڭ ئۆزى قىيىن دىنغا ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، ئەمما دىن پەقەت ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىيىنلىشىپ كېتىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئاللاھ دىننى قىيىن قىلىپ ياراتمىغان، دىننى ئاسان ۋە راھەتلىك قىلىپ ياراتقان. بىر ئادەم ئۈچۈن دىننىڭ قىيىن تۇيۇلۇشى دىننىڭ قىيىنلىقىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئادەمنىڭ دىننى ئۆزى ئۈچۈن قىيىنلاشتۇرىۋالغانلىقىدىن بولغان.

شۇڭلاشقا، سىيرە ۋە فىقھى قائىدىلەردە ئىسلامنىڭ ئاسان يول ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئىجرا قىلىنىغانلىقىغا ئائىت ئىنتايىن كۆپ مىساللار بار. بۇخارى بىلەن مۇسلىمدا مۇنداق بىر داڭلىق مىسال بار: مەلۇم بىر رامىزان ئېيىدا، پەيغەمبىرىمىز بىلەن ساھابىلەر بىر تەكشۈرۈشكە چىقىدۇ. پەيغەمبىرىمىز

قالغانلارغا «بىز ھازىر سەپەر ئۈستىدە بولغاچقا، روزا تۇتمىساقلارمۇ بولىدۇ»، دەيدۇ. ئەگەر سىز رامىزان ئېيىدا سەپەر قىلىۋاتقان بولسىڭىز، روزا تۇتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز. پەيغەمبىرىمىز ئۇ قېتىم سەپەرگە چىققان ۋاقىت يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ قۇملۇقلىرى ئۇنداق ۋاقىتلاردا ئىنتايىن ئىسسىپ كېتەتتى. لېكىن بىر قىسىم ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، يەنە روزا تۇتۇۋالىدۇ. ھەممە ئۇلار يولدا ناھايىتى قىينىلىدۇ. ئېپتار ۋاقتى بولغاندا، ھېلىقى روزا تۇتقان ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ھوشىدىن كېتىپ قالىدۇ. روزا تۇتمىغان ساھابىلەر بولسا ئاخشىمى تۇرىدىغان ئۆيلەرنى تىكىپ، ئېپتار تاماقلىرىنى تەييارلاپ، روزا تۇتقانلارغا تاماق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق ئىككى ئىشنى دەيدۇ: بىرىنچىسى، «سەپەرگە چىققاندا روزا تۇتۇش توغرا ئەمەس.» ئىسلامنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن قىيىنلاشتۇرىۋېلىش تەقۋادارلىققا كىرمەيدۇ. ئىككىنچىسى، «بۈگۈن روزا تۇتقانلارغا قارىغاندا، تاماق ئېتىپ بەرگەنلەرگە كۆپرەك ئەجرى بېرىلىدۇ.» بۇ ھەدىس ناھايىتى داڭلىق ھەدىس بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئەگەر روزا تۇتۇش سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى قىيىنلاشتۇرىۋېتىدىكەن، ئۇ ھالدا سىزنىڭ روزا تۇتۇشىڭىز توغرا ئەمەس.

بۇ مەسىلىدە دىنىي زىيالىيلارنىڭ پىكرى مۇنداق: سىز رامىزان ئېيىدا روزا تۇتسىڭىز بولىدۇ. لېكىن، ئەگەر روزا تۇتۇش سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى قىيىنلاشتۇرىۋېتىدىكەن، ئۇ ھالدا روزا تۇتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر سىز بىر كۈن ئىچىدە ئايروپىلاندا بىر قانچە سائەت ئۇچىدىغان ئىش بولسا، ئۇ ھالدا روزا تۇتۇشنى توختاتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## 5. قىيىنچىلىق ئېغىرلاشقانسېرى، شەرىئەتنىڭ شەرتلىرى يېنىكلىتىلىدۇ

شۇڭلاشقا بىز دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق كۆپەيگەنسېرى، شەرىئەت يول قويىدىغان ئىشلارمۇ كۆپىيىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ. بەزىدە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، بىر ۋاجىپ (ئىسلامدا مەجبۇرى قىلىنغان ئىش) مۇ ئۆزگىرىپ، ۋاجىپ ئەمەس بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىپ كېلىشى كېرەك. ئەمما ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن چىقىنالمىسا، ئۇنداق قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ھەجگە بېرىش ۋاجىپ، ئەمما سىز ناھايىتى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسىڭىز، ئۇ ۋاجىپ بولمايدۇ. ھەجگە بېرىش ۋاجىپ، ئەمما مەككىگە بارىدىغان يول بەك خەتەرلىك بولۇپ قالسا، ھەجگە بېرىش ۋاجىپ بولماي قالىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يولدا قاراقچىلار كۆپ ئىدى. شۇڭا دىنىي زىيالىيلار مۇنداق قارار ئالغان: گەرچە سىز ساغلام بولسىڭىزمۇ، ھەممە چىقىمنى كۆتۈرەلىسىڭىزمۇ، ئەگەر مەككىگە بارىدىغان سەپەر بەك خەتەرلىك بولۇپ قالىدىكەن، سىزنىڭ ھەجگە بېرىش مەجبۇرىيىتىڭىز بىكار قىلىنىدۇ. دېمەك، بەزى ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن بىر ۋاجىپ ۋاجىپ ئەمەس بولۇپ قالىدۇ.

بەزىدە بىر ۋاجىپنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بىز سەپەر قىلىۋاتقاندا نامازنى 4 رەكەت ئەمەس، پەقەت 2 رەكەت ئوقۇساقمۇ بولۇۋېرىدۇ.

بەزىدە بىر ئىبادەتنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ئىبادەتنى قىلسىمۇ بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەنى، مەلۇم بىر ئىبادەتنى قىلىش قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىز ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئىبادەتنى قىلساقمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، تاھارەت ئالىدىغانغا سۇ يوق بولۇپ قالغاندا، تەيەممۇم قىلساقمۇ بولىدۇ. بۇ بىر سىمۋوللۇق تاھارەت ئېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەزىدە ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىز ۋاقتنى ئۆزگەرتىمىز. مەسىلەن، بىر ئادەم ناھايىتى ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغاندا، ياكى سەپەر قىلىۋاتقاندا، سەلەۋات نامىزنى بىرلەشتۈرسە بولىدۇ.

بەزىدە ھارام ھالالغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. قۇرئاندا «مۇنداق مۇنداق يېمەكلىكلەر ھارام» دەيدىغان ئايەتلەردىن كەم دېگەندە ئالتىسى بار. ئەمما سىز ئۇلارنى يېيىشكە مەجبۇرى بولۇپ قېلىپ، ئۇلارنى يېسىڭىز، بۇ گۇناھ بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھارام ھالالغا ئۆزگىرىدۇ. سىز بىر جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بىر ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. ئەسلىدە ھايۋانلارنى قۇربان قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ يېيىش كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشنى يېيىش ھەتتا بىر ۋاجىپ بولۇپ قالىدۇ. سىز ئۆز ھاياتىڭىزنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇنى چوقۇم يېمىسىڭىز بولمايدۇ.

قىيىن ئەھۋاللارنىڭ كۆپلىگەن تۈرلىرى بار. بەزى قىيىن ئەھۋاللار سەپەردىن يۈز بېرىشى مۇمكىن. بەزىلىرى كېسەلدىن يۈز بېرىشى مۇمكىن. بەزىلىرى باشقىلارنىڭ قىستىشىدىن يۈز بېرىشى مۇمكىن. بەزىلىرى ناچار ھاۋارايىدىن يۈز بېرىشى مۇمكىن. تەبىئىي ئاپەت نىسپىي بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ بىر كوچىسىغا ھېچ قانداق تەسىر كۆرسەتمەيدىغان بىر يامغۇر مەدىنەنىڭ كوچىلىرىدا قىيان ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. سەۋەبى ئامېرىكىدا يول ياسىغاندا بۇنداق ئەھۋاللارغا ناھايىتى ياخشى تەدبىر قوللىنىلغان. لېكىن مەدىنەدە ئۇنداق ئەمەس. شەرىئەت مۇشۇنداق نىسپىيلىككە ئورۇن بەرگەن. يەنى، قىيىنچىلىق نىسپىي بولىدۇ. بىر شەھەر، ياكى بىر جەمئىيەتكە قىيىنچىلىق بولۇپ كۆرۈنگەن ئىش باشقا بىر شەھەر ياكى جەمئىيەتكە ئۇنداق كۆرۈنمەسلىكى مۇمكىن. بىزنىڭ شەرىئەت قانۇنلىرىمىز مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىگە ئورۇن بەرگەن.

مېنىڭ بۇ يەردە يۇقىرىقىدەك مىساللارنى ئېلىشتىن مەقسىتىم، ئاللاھنىڭ بىزگە مۇشۇنداق بىر گۈزەل دىننى سوۋغا قىلغىنىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

## 6. ئۆزىڭىزچە زىيالىي بولۇۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ (Do it Yourself Scholars not Allowed)

مەن بۇ يەردە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن قائىدىنى قوللىنىشتا، بىز ھەممە نەرسىنى ئۆزىمىز قارار قىلىدىغان زىيالىيلار (Do it yourself scholars) دىن بولۇۋالساق بولمايدۇ. قىيىنچىلىق بىزگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدىغانلىقى راست. ئەمما سىز ئۇنى بىلمەي تۇرۇپ قوللانسىڭىز بولمايدۇ. سىز «بامدات نامىزى ماڭا بەك تەس كېلىدىكەن، شۇڭا ئۇنى ئەتىگەن سائەت 8 دە ئوقۇيمەن»، دېسىڭىز بولمايدۇ. بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. شەرىئەتتىكى ھەر بىر قانۇن كىشىلەرگە بىر ئاز راھەتسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت. ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ سىز بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدىكى قىيىنچىلىقلار ئەمەس. بامدات نامىزنى ئوقۇش ئۈچۈن سەھەر ئورنىدىن تۇرۇش ئاسان ئەمەس، ئەمما بۇ بىر ئىدىيىدىكى كۈرەش بولۇپ، ھەرگىزمۇ ھايات-مامات كۈرىشى ئەمەس. بىزنىڭ ئاشۇنداق كۈرەشتە بەدەل تۆلەش بەدىلىگە ئېرىشىدىغىنىمىز جەننەتتىن ئىبارەت. ئاشۇنداق كۈرەش ئارقىلىق بىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىمىز ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىدىن ئىبارەت.

**ئەمما سىز دۇچ كەلگەن كۆرەش قىزىل-سىزىقتىن ئۆتۈپ كەتكەندە (يەنى چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە)، شەرىئەت «ئەمدى بولدى، بۇ ئىشتا سىزنى ئەپۇ قىلىمىز»، دەيدۇ. ئۇنداقتا ئۇ قىزىل-سىزىقنى كىم بەلگىلەيدۇ؟ ئۇنى زىيالىيلار بەلگىلەيدۇ. بۇ قىزىل-سىزىقلار شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن، ئەمما سىز ئۆزىڭىز «شەيخ-گۇگۇل» (Sheyh-Google) ۋە «مۇفتى- ۋىكىپېدىيا» (mufti-wikipedia) بولۇۋالسىڭىز بولمايدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ قىزىل-سىزىقتىن ئۆتكەن-ئۆتمىگەنلىكىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، سىز چوقۇم زىيالىيلارنىڭ، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىشىڭىز كېرەك.**

**ئىلاۋە: ياسىر قازى ئۆز لېكسىيە-دوكلاتلىرىدا «شەيخ-گۇگۇل» (Sheyh-Google) ۋە «مۇفتى- ۋىكىپېدىيا» (mufti-wikipedia) ئاتالغۇلىرىنى كۆپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى گۇگۇلدىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى، ئىككىنچىسى بولسا ۋىكىپېدىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى كۆرۈش ئاساسىدا ئۆزىنى-ئۆزى «زىيالىي» دەپ ئاتىۋالىدىغان ئەھۋاللارغا قارىتىلغان.**

**مەسىلەن، بىر جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاھارەت ئېلىشقا قاراپ باقايلى. ياخشى ئېلىنغان تاھارەتنى مەدھىيىلەيدىغان ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ. قەھرىتان سوغۇق شامال چىقىۋاتقاندىمۇ، سىزنىڭ تاھارەت ئالماسلىقىڭىزغا يول قويۇلمىغان بولۇپ، سىز چوقۇم تاھارەت ئېلىشىڭىز كېرەك. ئەمما، ھەدىستە مۇنداق بىر مەزمۇن بار: ساھابىلەردىن بىرىنىڭ كاللىسى زەخىملىنىپ، بىر ئېچىلىپ تۇرغان يارىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ سۇغا چۆشمىسە بولمايدۇ. ئۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە بولۇپ، بۇ يارىلانغان ساھابىنىڭ قېشىدىكى يەنە بىر ساھابە فىقھ (دىنىي قانۇن) نى ئوبدان بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ يارىلانغان ساھابىگە «ئۆستەڭگە سەكرەپ چۆشۈپ، سۇغا چۆشمىسەڭ بولمايدۇ»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كاللىسى يارا بىلەن ئېچىلىپ قالغان بۇ كىشى بىر قەھرىتان سوغۇق كېچىسى ئۆستەڭگە سەكرەپ چۆشۈپ، كاللىسىنى سۇغا چىلاپ، شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەتىۋا بەرگەن ھېلىقى ئادەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق ئاچچىقلاندۇرىدۇ. «سەن بىلمەي تۇرۇپ، نېمىشقا پەتىۋا بەردىڭ؟ سەن بىلمىگەندە نېمىشقا سورىمىدىڭ؟ سېنىڭ بىلمى بار ئادەمدىن سورىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ؟» بۇ سۆزلەر ھەدىستە بار. ئۇ چاغدا ھېلىقى سالامەتلىكى ياخشى ساھابىنىڭ تاھارەت ئېلىشى بىكار قىلىنمىغان. ئەمما يارىلانغان ساھابىنىڭ تاھارەت ئېلىشى بىكار قىلىنغان بولۇپ، پەتىۋا بەرگەن ھېلىقى ساھابە بۇنى بىلمەيدۇ. دېمەك، بۇنداق ئىشلاردا بىر قىزىل-سىزىق بار بولۇپ، زىيالىيلار بۇ سىزىقلارنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى سىز شەرىئەتنى ياخشى بىلىدىغان بىر زىيالىيدىن سورىشىڭىز كېرەك.**

## 7. ئالاھىدە ھوقۇق قىيىنچىلىقنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بېرىلىدۇ

**بۇ يەردىكى ئالاھىدە ھوقۇق قىيىنچىلىقنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بېرىلىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە بېرىلگەن ئالاھىدە ھوقۇقنىڭ دەرىجىسىنى ئۆزىمىز ئۆستۈرۈۋالساق، ياكى دائىرىسىنى ئۆزىمىز كېڭەيتىۋالساق بولمايدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ بىزگە «ئەگەر سەن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلسەڭ، توغرا ئۇسۇلدا**

قۇربانلىق قىلىنماي، ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېسەڭمۇ بولىدۇ»، دەيدۇ. قۇرئان بىلەن بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز دەيدۇكى، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سىز ئۇ ھارام گۆشنى يېگەندە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز بولمايدۇ. بۇ بىر ھارام گۆش. سىز ئۇنى پەقەت ئۆز ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قالالىغۇدەك مىقداردا يېسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ. سىز ھەرگىزمۇ ئاشقازىنىڭىزنى ھارام گۆش بىلەن لىق تولدۇرۇۋالماسلىقىڭىز كېرەك. سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىزغا يول قويۇلمايدۇ.

قىيىنچىلىق يۈز بەرگەندە، شەرىئەتنىڭ ئاسانلاشتۇرۇلۇش دەرىجىسىنى ئاشۇ قىيىنچىلىقنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بەلگىلەيدۇ. قىيىنچىلىق چوڭراق بولىدىكەن، ئاسانلاشتۇرۇشمۇ چوڭراق بولىدۇ. قىيىنچىلىق كىچىكرەك بولىدىكەن، ئاسانلاشتۇرۇشمۇ ئازراق بولىدۇ. بىزنىڭ بىر ناچار ئەھۋالغا قارىتا قايتۇرىدىغان ئىنكاسىمىز، ئاشۇ ئەھۋالنىڭ ناچارلىق دەرىجىسىگە ئۇلۇغ تاناسىپ بولۇشى كېرەك. قىيىنچىلىق يوقاپ كەتكەندە، ئاسانلاشتۇرۇشمۇ توختىتىلىشى كېرەك. ئاسانلاشتۇرۇشنى توختىتىش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلمەسلىكى كېرەك. مەسىلەن، سۇ يوق ئەھۋال ئاستىدا، بىز تەيەممۇم قىلىمىز. ئەمما بىز سۇغا ئېرىشكەن ھامان، تەيەممۇم بىكار قىلىنىدۇ. ئەگەر ھاۋا شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولسا، بىز نامازنى مەسچىتكە كېلىپ ئوقۇمىساقمۇ بولىدۇ. ئەمما ھاۋا شارائىتى ياخشىلانغان ھامان، بىز نامازنى مەسچىتتە ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن بىر كىشى ئەرەبچىنى بىلمىگەندە فاتىھە (Fatiha) نى ئىنگلىزچە ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ. ئەمما ئەرەبچىنى ئۆگىنىپ بولغان ھامان فاتىھەنى ئەرەبچە ئوقۇشى كېرەك. بىر ئېھتىياج مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئاسانلاشتۇرۇشمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما ئېھتىياج غايىب بولغان ھامان ئاسانلاشتۇرۇشمۇ بىكار قىلىنىدۇ.

مېنىڭ يۇقىرىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمدىكى مەقسىتىم، بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ بىر ئاسان دىن ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ دىنىمىز ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دىندا سېنىڭ خۇدايىڭ سەن ئۈچۈن ھېچ قانداق قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرمىگەن. كىمكى بۇ دىن تەسكەن، بۇ دىندا چەكلىمىلەر كۆپ ئىكەن، دەيدىكەن، ئۇ كىشى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنىمۇ ئوقۇپ باقمىغان، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ سۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقان بولىدۇ.» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دىن بىر ئاسان دىن. ئۇ مەڭگۈ ئاسان دىن بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر كىمكى بۇ دىننى تەس دىنغا ئۆزگەرتمەكچى بولىدىكەن، دىن ئەمەس، ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆزى ۋەيران بولىدۇ.»

## 8. ئاخىرقى سۆز

بىر قىسىم قېرىنداشلار مەن يازغان تېمىنىڭ ئاستىغا قالدۇرغان ئىنكاسلىرىدا نېمە ئۈچۈن مېنىڭ يالغۇز ياسىر قازىنىڭ لېكسىيە-دوكلاتلىرىنىلا تونۇشتۇرۇپ، يۈسۈپ قەرداۋى ۋە مەۋدۇدى قاتارلىق باشقا تونۇلغان دىنىي زىيالىيلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى تونۇشتۇرمايدىغانلىقىمنى سوراپتۇ. بۇنىڭ بىر قىسىم سەۋەبلىرىنى مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى بىر تېمىسىدا قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدىم. ئەگەر مەن ئۇنىڭغا يەنە ئازراق قوشۇمچە قىلسام، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مەن بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە زاتنىڭ ماتېرىيالىنى ھەزىم قىلىپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ تەييارلاپ چىقىشقا يېتىشەلمەيمەن. مەن كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئۇنىڭدىن باشقا بەزى مۇھىم ئامىللارمۇ بار. مەسىلەن، ھازىر ئامېرىكا، ئەنگلىيە

قاتارلىق تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن مۇسۇلمانلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بار: (1) ئۇلار تۇرۇۋاتقان دۆلەت دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت. (2) ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئاشۇ دۆلەتتىكى نوپۇسلارنىڭ ئاران 1 – 3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. (3) ئۇ دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلارنى قانۇن ئىنتايىن قاتتىق قوغدايدۇ. مەسىلەن، بىرەر ئاق تەنلىك بىر مۇسۇلماننى يولسىزلىق قىلىپ قاتتىق تىللاپ قويسا، ئۇ ئاق تەنلىكنى سولاپ قويىدۇ. ئەمما، ئۇ دۆلەتلەردىكى يەرلىك خەلق 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى يۈرىكىدە ئۈنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. (4) ئۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان، ئەسلىدە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىكى كىشىلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا سەل سۇسراق كېلىدۇ. (5) ئۇ مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە ئاق چېكىش ۋە ئەيدىز كېسەلى قاتارلىق بىر قىسىم ھازىرقى زامان ئامىللىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئۈنچىۋالا ئېغىر مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. (6) ئۇلار بىر دىنسىز دېموكراتىك تۈزۈم ئاستىدا ياشايدۇ. ئەرەب ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدىكى غەرب ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆپ يېقىن كېلىدۇ. ياسىر قازى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىرىنى ھەل قىلىش، ۋە شۇ مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش يولىدا تىرىشىۋاتقان بىر دىنىي زىيالىي بولغاچقا، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىكى داڭلىق دىنىي زىيالىيلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياسىر قازىنىڭ تېمىلىرى ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بەكرەك ماس كېلىدۇ. مەن ئوقۇرمەنلەر بۇ نۇقتىنى ھازىرغىچە خېلى ئوبدان ھېس قىلدى، دەپ ئويلايمەن. بۇ نۇقتا كېيىنكى يازمىلار ئارقىلىق تېخىمۇ ئايدىڭ بولىدۇ.

ئەگەر ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلار باشقا داڭلىق دىنىي زىيالىيلارنىڭ ماتېرىيالىنى ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ يوللىسا، بىز ئاشۇنداق قىلىپ پاراللېل ماڭساق، ناھايىتى ياخشى بولار ئىدى.

بەزى قېرىنداشلار مەن تەييارلىغان ۋاھابى بىلەن سەلەفىلەر ھەققىدىكى ماقالە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ماتېرىياللارنى تەييارلاپ، تورلارغا يوللىغان بولۇپ، مەن ھازىرغىچە ئۇلارغا بىرەر ئىنكاس قايتۇرمىدىم. مەن ئالدى بىلەن ئاشۇ ماتېرىياللارنى تەييارلىغان قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مېنىڭ ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپەم زۇبەيىر قەمەرنىڭ ماقالىسىدىكى مەن ئىشلەتكەن مەزمۇننىڭ قانداقلىقى بىلەن تېھران گېزىتىدىكى خەۋەرنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش بولۇپ، مېنىڭ ۋاھابى بىلەن سەلەفى ھەققىدىكى باشقا ماتېرىياللارغا باھا بېرىش سالاھىيىتىم يوق. شۇڭلاشقا بۇ ئىشتا قېرىنداشلارنىڭ مېنى توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى قېرىنداشلار تورغا ئاشۇنداق ماتېرىياللارنى يوللاپ تۇرسىمۇ، مېنىڭ بەزى ئىنكاسلىرىمدا «ماقالەمگە بېرىلگەن تەنقىدلەر كونكرېت بولمىدى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىم توغرا ئەمەس بولۇپ، مەن بۇ خاتالىقىمنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن، ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىمەن.

بىر قىسىم قېرىنداشلار ئىزدىنىش تورىدىكى ئىنكاسلاردىن ماڭا ياسىر قازىدىن جاۋاب كەلگەنلىكىنى بىلدى. مەن ئۇنىڭغا جەمئىي 3 قېتىم فېيسبۇك (Facebook) تا ئۇچۇر يوللاپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئېلخەت ئادرېسىنى دەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ماڭا ئېلخەت ئارقىلىق بىر ئۇچۇر يوللىۋېتىشىنى، مېنىڭ ئۇنىڭدىن سورايدىغان بىر قانچە سوئالىم بارلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇ ماڭا ئېلخەت يازماي، مېنىڭ 3-ئۇچۇرۇمغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ فېيسبۇك تېمىدا ماڭا بىر قىسقا ئۇچۇر قالدۇرۇپ، مۇنداق دەپتۇ: «مەن ئىنتايىن سۆيۈندۈم. ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ. سىلەر ھازىر ئىنتايىن

قىين ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلدىڭلار – ئىرادەڭلارنى بوشاشتۇرماي، ئۆزۈڭلار ئىشەنگەن ئۆز زىيالىيلىرىڭلارنىڭ پىشىگە چىڭ ئېسىلىڭلار. مەن سىلەردىن ئىنتايىن يىراق يەردە ياشايمەن. مېنىڭ مەسلىھەتىم بىلەن مېنىڭ ئۇسۇلۇم مەن ياشاۋاتقان زېمىندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.»
ياسىر قازىنىڭ بۇ خېتىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا پەتىۋا بېرىشتەك ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ھېچ بولمىغاندا مەن ئاشۇنداق دەپ چۈشەندىم. مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن پەتىۋا سورىماقچى ئەمەس ئىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولغان ئەڭ مۇھىم سوئالىم، ئۇنىڭ زۇبەيىر قەمەرنىڭ ماقالىسى بىلەن تېھران گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قانداق قارايدىغانلىقى ئىدى. مەن يەنە ئۇنىڭدىن مەكتەپ ئوقۇشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن دىن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت سورىماقچى ئىدىم. مەن ئۈمىدنى تېخى ئۈزۈۋەتمىدىم. ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئىچىدىمۇ توختىماي ئۇ ياق، بۇ ياقلارغا بېرىپ، دوكلات بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش پۇرستى چوقۇم چىقىدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇ جەھەتتە يېڭىلىق مەيدانغا كەلگەندە، مەن ئوقۇرمەنلەرنى چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرىمەن.

ياسىر قازىنىڭ نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك جاۋاب بېرىدىغانلىقى ئۇنىڭ يەنە بىر لېكسىيىسىدە ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى تېمىسىدا بايان قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**[1] Khutbah: Difficult begets ease ~ Dr. Yasir Qadhi | 6th December 2013**
**https://www.youtube.com/watch?v=v7Cx6hBhEqg**




1 ـ رەسىم: ياسىر قازى مەزكۇر خۇتبىنى بېرىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

# ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش

## 2014-يىلى 5-ئاينىڭ 9-كۈنى

مەن مەزكۇر يازمىدا ياسىر قازىنىڭ «ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش – ئۆزگىرىش ۋە زامانىۋىلىق» دېگەن لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ يازمىنى «دىن ۋە زامانىۋىلىق» دېگەن ماقالىنىڭ داۋامى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ياسىر قازى بۇ لېكسىيىنى 2013-يىلى 7-دېكابىر كۈنى ئامېرىكا تېننېسسى شتاتى مېمفىس شەھىرىدىكى «مېمفىس ئىسلام مەركىزى» دە سۆزلىگەن.

مەن بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا پەقەت ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنلارنىلا تونۇشتۇرىمەن. ئەگەر ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازى لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنى.

### 1. قەھۋەنىڭ تارىخى

مەن «ئاق شاكىلات موكا» (white chocolate mocha) ماركىلىق قەھۋەنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، قولۇمدىكىسى راست قەھۋە بولماستىن، شۇنىڭ ئورنىدا تەييارلانغان ئىچىملىك. ئەمما ئۇ قەھۋەنىڭ رولىنى دېگەندەك ئالالمايدىكەن. بۈنىڭدىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى مەن مەككىگە بارغاندا ئاشۇ قەھۋەنى ھەر كۈنى ئىچتىم. ئەمما، ئەگەر مەن بۈنىڭدىن 500 يىل ئىلگىرى مەككىدە قەھۋە ئىچكەن بولسام، مەككىدە قەھۋە ئىچكەنلىك گۇناھىم ئۈچۈن مەن تۈرمىگە تاشلانغان، بىر سوتچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىلىپ جازالانغان، قامچىلانغان ۋە ئۇرۇلغان بولاتتىم.

ئىنگلىزچىدىكى «قەھۋە» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى «قاھۋاھ» (قهوة) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ «قاھۋاھ» دېگەن سۆز بولسا ئېفىئوپىيىنىڭ (Ethiopia) بىر ئۆلكىسى بولغان «كافا» (Kaffa) دېگەن يەردە بايقالغان بولۇشى مۇمكىن. 12- ياكى 13-ئەسىرلەردە بەزى يەمەنلىك سودىگەرلەر ئېفىئوپىيىگە بېرىپ، كافا دېگەن يەردىن قەھۋە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماشالارنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى يەمەندىمۇ ئۆستۈرۈشكە باشلايدۇ. ئاشۇ ماشىنى ياسالغان قەھۋە يەمەندە ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ، ئۇ ماشنى باشقا زېمىنلارغىمۇ ئېكسپورت قىلىشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدا ئېكسپورت ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان شەھەرنىڭ ئىسمى «ئەلمۇقا» بولۇپ، ئۇ شەھەر ئېكسپورت ئىشلىرىدا ھازىرمۇ ناھايىتى داڭلىق. ئەلمۇقادىن سىرتقا ئېكسپورت قىلىنغان ۋە ئەلمۇقادا ئىشلەنگەن قەھۋە كېيىنچە «موكا» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

شۇنىڭدىن كېيىن قەھۋە ئاستا-ئاستا باشقا ئەرەب ئەللىرىگىمۇ تارقىلىدۇ. ھەممە ئىتالىيىنىڭ ۋېنىتسىيە (Venice) شەھىرى ئارقىلىق ياۋروپاغىمۇ بارىدۇ. دېمەك، قەھۋەنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەرەبلەر بىلەن، بولۇپمۇ يەمەنلىك ئەرەبلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا 19-ئەسىرلەردە سېتىلغان

قەھۋەلەرنىڭ ئىچىدە قۇتىلىرىنىڭ سىرتىدا بىر گۈزەل ئەرەبچە كىينگەن قىزنىڭ سۈرىتى بارلىرىمۇ بار. ھازىر سېتىلىۋاتقان داڭلىق قەھۋە ماركىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئىسمى «ئەرەبىستان مېشى» بىلەن باشلىنىدىغانلىرى بار. بۇنىڭ سەۋەبى، ھازىر پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان قەھۋەنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلەر ئاشۇ ئەرەبلىكلەر ياكى مۇسۇلمانلاردۇر.

ئەمما، قەھۋە ھەر ۋاقىت ھازىرقىدەك داڭلىق بولغان ئەمەس. قەھۋە **15**-ئەسىردە ئوسمانلى زېمىنىغا كىرگەندە، ئۇ يەردىكى زىيالىيلار بىر تەرەپتىن قەھۋەنى ئىچىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ئىچسە بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرە باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قەھۋە مەككە بىلەن مەدىنەگىمۇ يېتىپ بارىدۇ. بىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىمىزدا دېيىلىشچە، **1511**-يىلى قەھۋە مەككىگە ئاللىقاچان تارقىلىپ بولغان. بىر كۈنى بىر زىيالىي كەبىدە تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، بىر گۇرۇپپا ياشلارنىڭ بىر بۇلۇڭدا بىر خىل گۇمانلىق ئىچىملىكنى ئىچىپ، پاراڭلىشىپ-كۇلۇشۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياشلارنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. بۇ ياشلار دەرھال قولىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى ئۇ يەر بۇ يەرلەرگە مۆكتۈرۈشكە باشلايدۇ. ھېلقى زىيالىي ئۇلاردىن «بۇ نېمە؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار بولسا ئىچىۋاتقىنىنىڭ قەھۋە ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زىيالىي بۇ بالىلارنى قولغا ئالغۇزۇپ، ئۇلارنى سوتقا چاقىرىدۇ. ئۇ چاغدا ھەر قېتىم بىر پەتىۋا چىقىرىدىغاندا، ئۇنىڭغا سۈننىدىكى **4** چوڭ مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆلىما ۋەكىللىرى كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مۇنازىرە بىر-ئىككى كۈن داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «قەھۋە ھالالمۇ ياكى ھارامىمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ يىغىلىشقا گۇۋاھچىلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە دوكتورلار بولۇپ ھەر خىل ساھەلەرنىڭ ئادەملىرىنى چاقىرتىپ كېلىنىدۇ. بۇ مۇنازىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆلىمالار «قەھۋە مەست قىلىدىغان ئىچىملىك، قەھۋە بىر خىل مۇسكىر» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، مۇنداق بىر پەتىۋا چىقىرىدۇ: قەھۋە ئىچىش ۋە سېتىش ھارام بولۇپ، قەھۋە ئىچكەنلەر تۇتتۇۋېلىنسا، ئۇلار قامچىلىنىشى ۋە ئۇرۇلۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم جازالار ھەققەتەنمۇ ئىجرا قىلىنىدۇ. **1544**-يىلى ئوسمانلى خەلىپىسى بۇ پەرمانغا ئىمزا قويۇپ، قەھۋەنى رەسمىي ھالدا «ھارام ئىچىملىك»، دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قەھۋە ھارام» دەيدىغان پەتىۋالار ھەممە يەردە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ **16**- ۋە **17**-ئەسىرلەردىكى ئىشلار بولۇپ، ئۇ چاغدا قەھۋە ھەققىدە ئىنتايىن كۆپ پەتىۋالار چىقىرىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ سىلەر ئىبنى تەيمىيە (**1263** – **1328**) ۋە ئىبنى ھەجەر (**1372** – **1449**) قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ قەھۋە ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىمايسىلەر. سەۋەبى بۇ زىيالىيلار قەھۋە ھەققىدە پەتىۋالار چىقىرىلىشتىن جىق بۇرۇن ياشىغان ئىدى.

ئاشۇ ۋاقىتتا مەككە، مەدىنە ۋە قاھىرە شەھەرلىرىدە قەھۋەخانىلار تاقىلىپ، قەھۋە ئىچكەن بىر قىسىم كىشىلەرگە تەن جازاسى يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇ چاغدا داڭلىق دىنىي زىيالىيلار تەرىپىدىن قەھۋە ھەققىدە يېزىلغان بىر قىسىم داڭلىق كىتابلارمۇ بار. مەلۇم بىر زىيالىي ھەتتا «قەھۋە يالغۇز ھارام بولۇپلا قالماي، ئۇ بىر بىدئەت» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

سودىگەرلەر ئەڭ دەسلەپتە قەھۋەنى ئېفىئوپىيەدىن يەمەنگە كىرگۈزگەندە، قەھۋەنى ئەڭ دەسلەپتە ئىچىپ ئادەتلەنگەنلەر بىر توپ سوفى تەرىقەت (Sufi Tariqas) لار بار بولۇپ، ئۇلار كېچىلىرى ئىبادەت قىلىش جەريانلىرىدا ئۆزلىرىنى روھلاندۇرۇش ئۈچۈن قەھۋە ئىچكەن. شۇڭا ئۇلار ئۈچۈن قەھۋە ئىچىش ئۆز ئىبادەتلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇڭلاشقا بەزى زىيالىيلار قەھۋە ئىچىشنى بىدئەتكە چىقىرىۋەتكەن.

**گەرچە ئۇ چاغدا قەھۋەنى ھارامغا چىقىرىش ئاساسىي ئېقىم بولسىمۇ، بىر قىسىم زىيالىيلار ئۇنداق قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. 17-ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ داڭلىق مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى بولغان فرانسىس بەيكىن (Francis Bacon، 1561 – 1626) 1626-يىلى مۇنداق دەپ يازغان: «تۈركلەر قەھۋە كۆڭۈلنى روھلاندۇرىدىغان ۋە قالايمىقانلاشتۇرىدىغان بىر نەرسە، دەپ قارايدۇ.» ئەينى ۋاقىتتا پەتىۋالار بىر ئىشنى دەپ، جەمئىيەت بولسا ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئىشنى قىلىدۇ. پەتىۋالار «قەھۋە ھارام» دەيدۇ، ئەمما كىشىلەر قەھۋەنى ئىچىۋېرىدۇ. ئۇلار بەزىدە مەخپىي ئىچىدۇ، بەزىدە بولسا ئاممىۋى سورۇنلاردا ئاشكارا شۇنداق قىلىدۇ. 17-ئەسىرگە كەلگەندە قەھۋە ئىچىدىغانلارنىڭ سانى ناھايىتىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ.**

**تارىخىي كىتابلاردا مۇنداق بىر ھېكايە بار. ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما ھېكايىدە مۇنداق دېيىلگەن: قەھۋە ئىچىدىغان بىر دىنىي زىيالىي قەھۋەگە قارشى تۇرىدىغان يەنە بىر گۇرۇپپا زىيالىيلارنى بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدۇ. يىغىن جەريانىدا ئۇ قالغانلارغا بىلدۈرمەي قەھۋە قۇيۇپ بېرىدۇ. شۇ كۈنىدىكى بەزى فىقھى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مۇزاكىرە ئۇلار بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئىنتايىن قىزىپ كېتىدۇ. نەچچە سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ، يېرىم كېچە بولغاندا، ھېلىقى زىيالىيلاردىن بىرى سورايدۇ: «سەن بىزگە نېمە بەردىڭ؟ بۇ ئىچىملىك ھەجەپمۇ ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈۋېتىدىكىنا؟ بۈگۈنكى مۇزاكىرىمىز ھەجەپمۇ ئۈنۈملۈك بولۇپ كەتتىغۇ؟» شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ساھىپخان ئۇلارغا «سىلەرنىڭ ئىچىۋاتقىنىڭلار سىلەر ھارامغا چىقارغان قەھۋە بولىدۇ»، دەيدۇ.**

**بۇ ھېكايە قانچىلىك راست، ئۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى گەپ، تارىختىكى بىر ۋاقىتلاردا، ئاساسىي ئېقىمنى تەشكىل قىلغان كونسېرۋاتىپ زىيالىيلار، يەنى بۇرۇنقى قائىدىنى ئۆزگەرتىشنى ۋە ئۆزگىرىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان زىيالىيلار قەھۋەنى ھارامغا چىقىرىدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكى يەنە بىر قىسىم زىيالىيلار بولسا قەھۋە ھارام ئەمەس، دەپ قارايدۇ. قەھۋەنى ھارام ئەمەس، دەپ قارايدىغانلارنىڭ سانى تەدرىجىي ھالدا كۆپىيىپ، كېيىن ھەممە يەرلەردە قەھۋەخانا قۇرۇلۇپ كېتىدۇ. قەھۋەخانا زىيالىيلار ئۇچرىشىدىغان بىر داۋاملىق يىغىلىپ مۇھىم ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىشىدىغان جايغا ئايلىنىدۇ. «قەھۋە ھارام» دېگەن پەتىۋالار بولسا بىر تارىختا ئايلىنىپ قالىدۇ.**

## 2. پەتىۋا ھەققىدىكى باشقا مىساللار

**ئۇممەتلەرنىڭ تارىخىدا دەسلەپتە ھارام ۋە بىدئەتلەرگە چىقىرىلىپ، كېيىن ئۇنداق ئەمەس بولۇپ قالغان، ھەتتا تۇرمۇشتىكى بىر نورمال ياكى ئۆلچەملىك ئىشلارغا ئايلانغان نەرسىلەر ئىنتايىن كۆپ. بۇنىڭ مىساللىرىنىڭ ئىچىدە، ئادەمنىڭ يۈزىنى ئەڭ تۆكىدىغان، ئادەمنى ئەڭ قاتتىق نومۇس ھېس قىلدۇرىدىغان بىر مىسال «باسما خەت» تىن ئىبارەت. ياۋروپا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنى قالاق ھالەتكە مىخلاپ قويغان نەرسىلەرنىڭ بىرى باسما خەتنىڭ چەكلىنىشىدۇر (ياسىر قازى بۇ يەردە قەغەز ۋە باسما خەت تارىخىنى ئازراق سۆزلەپ ئۆتتى).**

**بۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ. ئەگەر تىزىپ كەلسەك، كېيىن ئەمەلدىن قالغان پەتىۋالارنىڭ تىزىملىكى ناھايىتى ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھەر بىر پەتىۋا چىقىرىلغاندا، ئۇلار ھەرگىزمۇ**

ئاساسسىز چىقىرىلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر فىقھى قائىدىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ چىقىرىلغان. ئەمما بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇ پەتىۋالار كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرگە، كېيىنكى تەرەققىياتلارغا ئۇيغۇن كەلمەي قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز كۈچىنى يوقاتقان.

ئادەمنى ئىنتايىن قاتتىق نومۇسقا قويىدىغان يەنە بىر مىسال بار بولۇپ، مەن ھەرگىزمۇ ئۇ توغرۇلۇق بىرەر لېكسىيە بېرىشنى خالىمايمەن. شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇ يەردە ئۇنى ئازراق تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتەي. بۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمدىكى مەقسەت، سىلەرنى مۇنداق بىر ئىشنى چۈشىنىۋالسۇن، دەپ ئويلايدىغانلىقىمدىندۇر: بەزىدە بەزى پەتىۋالار بىزنى ئىنتايىن قالاق بىر ھالەتكە باغلاپ قويۇپ، كىشى ھەققەتەنمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. 1850-يىللىرى قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى مۇسۇلمان زېمىنلىرىنى قاپلىغان ۋاقىتتا، بەزى زىيالىيلار يولنى توسۇپ تۇرۇۋالدى. «قۇللۇقنى چەكلەش ھارام، ئاللاھ ھالال قىلغان ئىشنى سىلەر ھارام قىلالمايسىلەر»، دەپ تۇرۇۋالدى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا قۇللۇق تۈزۈمى قاچان بىكار قىلىندى، بىلەمسىلەر؟ 1962-يىلى. مەن مەدىنەدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، بىر 50 ياشلارغا كىرگەن ئوقۇتقۇچىم مۇنداق دېگەن: «مەن بىر كىچىك بالا ۋاقتىمدا مەدىنەنىڭ بازارلىرىدا قۇللار ئېلىپ-سېتىلىپ يۈرگەننى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.» 1962-يىلى پادىشاھ فەيسەل قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلدى. بۇ بىر نومۇسلۇق تارىخ. بىزنىڭ بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز ئىسلامنىڭ قۇللارغا ئېھتىياجى يوقلۇقنى چۈشەنمىدى. قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەرگىزمۇ شەرىئەتنىڭ بىرەر قانۇنلىرىغا خىلاپ قىلغانلىق بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ بىر گۈزەل يېرى مانا شۇ. ھەممە زىيالىيلار ئورتاق ھالدا بىر قارار ئېلىپ، بەزى نەرسىلەرنى بىكار قىلىۋەتسە بولۇۋېرىدۇ. دۇنيا قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلغاندا، بىز مۇسۇلمانلارمۇ شۇنداق قىلىپ، بىر يېڭى دەۋر ئاچتۇق. مېنىڭچە ھازىر بۇرۇنقى قۇللۇق تۈزۈمگە قايتىشنى تەلەپ قىلىدىغان زىيالىيلاردىن بىرەرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

مەن مەدىنەدە ئوقۇۋاتقاندا ئوقۇتقۇچىم مۇنداق بىر ئىشنى دەپ بەردى: ئەرەبىستانغا رادىئو تۇنجى قېتىم كىرگەندە، ئۇ يەردىكى زىيالىيلار دەرھاللا «رادىئو ھارام» دەپ پەتىۋا چىقارغان. يالغۇز ئەرەبىستانلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسى رادىئونى ھارام دېگەن. ھەتتا ئۇلار «رادىئو دېگەن بىر سېھىر» (magic) دېگەن. «بىز بۇ يەردە تۇرۇپ، مۇشۇ بىر ئەسۋاب بىلەن لوندوندىكى ياكى تىمبۇكتۇدىكى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىساق، بۇ دېگەن بىر سېھىر بولىدۇ»، دېگەن. مېنىڭ ئوقۇتقۇچىمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا دەپ بېرىشىچە، مەدىنەدە رادىئو دولقۇنى يېڭىدىن تارقىتىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ يەردىكى بىر قىسىم موللىلار قوللىرىدا قۇرئاننى تۇتۇپ، رادىئو ئانتېنناسى ئورنىتىلغان مۇنارنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ، قۇرئان ئوقۇپ، شۇ ئارقىلىق رادىئو دولقۇنىنى تارقالمايدىغان قىلماقچى بولغان. ئۇ موللىلار شۇ ئارقىلىق رادىئو دولقۇنىنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولغان. پادىشاھ ئابدۇلئەزىز بىر ئىلغار ئىدىيىلىك كىشى بولۇپ، ئۇ ھەممە زىيالىيلارنى بىر مەجلىسكە چاقىرىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان سەئۇدى ئەرەبىستان رادىئو ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرىنىمۇ چاقىرىپ كېلىپ، رادىئودا قۇرئاننى خەتمە-قۇرئان قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن زىيالىيلار تۇنجى قېتىم رادىئودا قۇرئاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، «ئەسلىدە رادىئو بىر سېھىر ئەمەسكەن»، دېگەن تونۇشقا كەلگەن.

ئەمدى تېلېۋىزور تۇنجى قېتىم پەيدا بولغاندا نېمە بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇ چاغدىكى ئەھۋال تېخىمۇ ناچار بولغان. 1966-يىلى رىيادقا تۇنجى تېلېۋىزور ئىستانسىسى قۇرۇلغاندا، بىر قىسىم رادىكال ئىسلامچىلار ئۇنى چالما-كېسەك ھۇجۇمغا تۇتقان. بىر توپ كىشىلەر ئۇ يەردە ئىشلەيدىغان بىر قىسىم

كىشىلەرنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ، پادىشاھدىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا تېلېۋىزور سىگناللىرىنىڭ تارقىتىلىشىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلغان. شۇ چاغدا پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىمۇ ئاشۇ بىنانىڭ ئىچىدە بولۇپ، شۇ قېتىمقى توقۇنۇشتا كىشىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىكەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ يەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرغان. پادىشاھ فەيسال (King Faisal) نى ئۆلتۈرۈۋېتىكەن كىشى ئۇنىڭ جىيەنى بولۇپ، شۇ قېتىم، يەنى 1966-يىلى ئۆلگەن كىشى بولسا پادىشاھ فەيسۇلنىڭ قاتىلىنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. بەزىلەر بۇنى بىر ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان قاتىللىق ھەرىكىتى، دەپ ئويلايدۇ.

## 3. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەققىدىكى 30 قىسىملىق ۋىدىئو فىلمى

مەن يۇقىرىدا 17-، 18-، 19- ۋە 20-ئەسىردىكى پەتىۋا مىساللىرىنى سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئەمدى 2013-يىلىدىكى ئىشلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي. بۇ يەردە مەن تىلغا ئالىدىغىنىم ھازىر يۈز بەرگەن، بىز ھەممىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىر ئىش. ئۇ بولسىمۇ ئەرەبنىڭ داڭلىق سۈنئىي-ھەمرا تېلېۋىزىيە شىركىتى MBC ئىشلىگەن ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (Omar Ibnul Khattab) نىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان 30 قىسىملىق ۋىدىئو (video) فىلىمدىن ئىبارەت [2]. ئولتۇرغانلارنىڭ 90-95 پىرسەنتى بۇ كىنونى كۆرۈپ باققان. بۇ فىلىمنى MBC شىركىتى تېخى ئالدىنقى رامىزان ئېيىدا قويۇپ تۈگەتتى. بۇ ۋىدىئو فىلمى تېلېۋىزور تارىخىدا پۇلنى ئەڭ كۆپ خەجلىگەن بىر تۈر بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن يۇقىرى سۈپەت بىلەن ئىشلەنگەن. بۇ فىلىمنىڭ خەۋىرى تارقالغان ھامان، سۈننى ئىسلام دۇنياسىدىكى تونۇلغان زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئارقا-ئارقىدىن پەتىۋا چىقىرىپ، بۇ فىلىمنى چەكلەشكە باشلىدى. ئەل-ئەزھەر قاتارلىق بارلىق دىنىي گۇرۇھلار پەتىۋا چىقىرىپ، بۇ فىلىمنىڭ قويۇلۇشىنى توستى. ھازىرغىچە سۈننى دۇنياسىنىڭ بىرەر ئىشتا بىرلىككە كېلەلىشى ئانچە مۇمكىن بولماي كەلگەن ئىدى. ئەمما بۇ ئىشتا خۇددى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنئالا كېلىشىۋالغاندەك، بۇ فىلىمنى بىردەك چەكلىدى. ئۇلار پەتىۋالىرىدا «بۇ فىلىم ھارام، بىدئەت، شۇڭا ئۇنى كۆرۈشكە بولمايدۇ»، دېدى. ئۇلار پەتىۋالىرىدا نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ سەۋەبلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەقىقەتەنمۇ شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلەتتى. ئۇلار بۇ پەتىۋالارنى ئۆز ھېسسىياتىغا تايىنىپلا ۋۇجۇدقا كەلتۈرمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاساسى بار ئىدى. ئەمما، خۇددى باشقا خەت ئىشىغا ئوخشاشلا، ئۇلار بىر قانچە قەدەم كېيىنلىكنى ئويلىيالمىدى. ئۇلار پەقەت ھازىرنىلا ئويلىدى. مەن بۇ فىلىمنىڭ ئىشلىنىشىنى قوللىغان بولۇپ، ئاشۇ پەتىۋالارغا مەن 1-كۈندىن باشلاپلا قارشى چىققان ئىدىم. ماڭا ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە شۇ بولدىكى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ فىلىمنى ھارام دەپ پەتىۋا چىقارغىنىغا قارىماي، بۇ فىلىم ئەرەب تارىخىدىكى ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن فىلىم بولۇپ چىقتى.

بۇ بىزگە نېمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؟ بۇ بىزگە مۇسۇلمان خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دۇنيادىكى ئاساسىي دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆممەتلەرگە «بۇ فىلىم ھارام، ئۇنى كۆرمەڭلار» دېدى. ئەمما، بۇ فىلىم ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن فىلىملەر تىزىملىكىدە بىرىنچىلىك ئورنىنى ئالدى. بۇ بىزگە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ بۇ بىزگە بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ئۆممەتلەرنىڭ تومۇرى قانداق سوقىدىغانلىقىنى

بىلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەن زىيالىيلارنىڭ بۇ فىلمنى ھارامغا چىقارغانلىقىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدىم. ئەمما زىيالىيلار بىلەن ئۈممەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى مېنى ئىنتايىن قاتتىق ئازابلىدى. ئۆزىمىزنىڭ زىيالىيلىرىنىڭ گېپىگە ئازراقمۇ پەرۋا قىلىپ قويماي، بۇ فىلمنى تارقىتىۋەردى. ئۈممەتلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ زىيالىيلىرىنىڭ نېمە دېگىنىگە ھېچ قانداق پەرۋا قىلىپ قويماي، بۇ فىلمنى كۆرۈۋەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب تېلېۋىزور تارىخىدا بۇ فىلم ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن فىلم بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. نېمىشقا؟ چۈنكى بۇ بىر ئىنتايىن ئېسىل فىلمدۇر. مەن بۇ فىلمنىڭ يېرىمىنى كۆردۈم. ئائىلە بويىچە ئولتۇرۇپ كۆردۈم. مەن سىيرە ھەققىدىكى بىر مۇتەخەسسىس ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىنى تولۇق چۈشىنىدىغان بىرى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن سىلەرگە شۇنى ئېيتالايمەنكى، بۇ بىر زامانىۋى دەۋەت قورالى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ئىنتايىن كۈچلۈك ھالدا ئىلھاملاندۇرالايدۇ، ۋە ئىسلامنى كەلگۈسىگە قارىتىپ تارقىتىدىغان بىر رېئاللىق بولالايدۇ.

بۇ دېگەنلىك مەزكۇر فىلمدە ھېچ قانداق مەسىلە يوق، دېگەنلىكمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭدا قىسمەن مەسىلىلەرمۇ بار. مەسىلەن، مەن بۇ يەردە بىر شەيخنىڭ ئىشىنى دەپ بېرەي. مەن ئادەتتە زىيالىيلارغا باھا بەرمەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەلگىلىك سەۋەبى بار. شەيخ سالمان مەزكۇر فىلمنى ئىشلىگەندە ئۇنىڭ ئورىگىنالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا مەن مۇشۇ لېكسىيىنى تەييارلاۋاتقاندا، بىرەيلەن ماڭا شەيخ سالماننىڭ يېڭىدىن «بۈگۈنكى ئىسلام» (Islamtoday) تور بېتىدە ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىنى ئەۋەتىپتۇ. شەيخ سالمان مەزكۇر فىلمنىڭ ئىشلىنىشىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، باشقا زىيالىيلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچراپ كېتىپتۇ. ئۇ ماقالىسىدە ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ توغرىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، ھەمدە مۇنداق دەپتۇ: «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا كىشىلەر شېئىرلار ئارقىلىق باشقىلارنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شېئىرىيەتنى قوبۇل قىلمىغان، ئەمما ئۇ ھەزرىتى ھەسەن ۋە باشقا ساھابىلەرنىڭ شېئىرلار بىلەن ئىسلامنى قوغدىشىغا يول قويغان ۋە شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. تېلېۋىزور بىلەن مېدىيە ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرىيەت بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان ھازىرقى زامان قوراللىرىدىن ئىبارەت.»

ھازىرقى ئەمەلىيەتكە قاراپ باقىدىغان بولساق، زىيالىيلارنىڭ قانچە كۆپ پەتىۋالارنى چىقىرىشىدىن قەتئىينەزەر، تۈركىيە بىلەن كورىيىدىن سانسىزلىغان تېلېۋىزور كىنو-دراملىرىنى كىرىپ، مۇسۇلمان زېمىنلىرىدا كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. ئاشۇنداق فىلملەر ئەرەب تېلېۋىزورلىرىدا قويۇلۇۋاتىدۇ. ھازىرقى ئەمەلىيەت شۇكى، سىزنىڭ قانچىلىغان پەتىۋالارنىڭ چىقىرىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىز كىشىلەرنىڭ تۈركىيىدە ئىشلەنگەن، يۈزدە-يۈز ھارام بولغان فىلملەرنى ئەكىرىپ قويۇشىنى توسۇپ قالالمايۋاتىسىز. شۇڭلاشقا، ئۇنداق ھارام فىلملەرنىڭ ئورنىغا سىز كىشىلەرگە مەزكۇر فىلمدەك سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پاكىز بولغان بىر فىلمنى كۆرۈشكە يول قويسىڭىز نېمە بولۇپتۇ؟ مەن يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، مەزكۇر فىلمدە ھېچ قانداق مەسىلە يوق ئەمەس، ئەمما سىز بۇ فىلمنى كۆرسىڭىز، سىزنىڭ ئىمانىڭىز كۈچىيىدىكەن. مەن ئاللاھ ئالدىدا مۇنداق بىر ئىشنى ئېتىراپ قىلىشتىن نومۇس قىلمايمەن: مەن مەزكۇر فىلمنى كۆرگەندە، مېنىڭ ئىمانىم يېڭىلاندى.

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن: «ئۇنداقتا قۇرئانغا نېمە بولىدۇ؟» مەن قۇرئاننى ھەر كۈنى ئوقۇپ تۇرىمەن. مەزكۇر فىلمنىڭ سۆزلىرى ھەزرىتى ئىبنى ئىسھاق ۋە ئىبنى ھىشام قاتارلىق كىشىلەردىن

كەلگەن بولۇپ، بۇ فىلىم ئۇنى كۆرگەن كىشىگە ھەقىقەتەنمۇ تەسىر كۆرسىتىدىكەن. مېنىڭچە بۇ خىل پاكىتنى سۆزلىگەنىنىڭ ھېچ يېرى يامان ئەمەس. كۆرگەن نەرسىلەر ئادەملەرگە ئاڭلىغان نەرسىلەرگە قارىغاندا بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن بۇ فىلىمدىن ھۇزۇرلاندىم. ئائىلەمدىكىلەر بۇ فىلىمدىن ھۇزۇرلاندى. ئايالىم ۋە بالىلىرىم بولۇپ بىز ھەممىمىز بىرلىكتە كۆردۇق. بۇ بىر ئەمەلىيەت.

بەزى زىيالىيلار بۇ فىلىمنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا «ھالال»، دېدى. بەزى كونسېرۋاتىپ زىيالىيلار تېلېۋىزورنى ھارام دەيدۇ. قېنى بىز ھازىرچە تېلېۋىزورنى ھارام دەپ تۇرايلى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە قانچەڭلار «قاراڭغۇ چەۋەندازنىڭ كۆتۈرۈلۈشى» (The Dark Knight Rises, 2012) دېگەن كىنونى كۆرمەي ئۆتكۈزۈۋەتتىڭلار؟ مېنىڭچە ئولتۇرغانلارنىڭ ئاساسەن ھەممىسى دېگۈدەك بۇ كىنونى كۆرۈپ باقتى. بۇ كىنو تىياتىرخانىلاردا قويۇلۇشقا باشلىغان ۋاقىت رامىزانغا توغرا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ چاغدا فېيىسبۇك (Facebook) قا يېزىلغان ئۇچۇرلار ئاساسەن «بىزنىڭ رامىزان ئاخىرلاشقۇچە بۇ كىنونى كۆرمەي ساقلىقىدەك ئىمانىمىز بارمۇ-يوق؟» دېگەن مەزمۇننى چۆرىدىگەن ئاساستا بولدى. بەزىلەر «مەن ئۇ كىنونى بۈگۈن ئېيتاردىن كېيىن كۆرمىسەم بولمايدۇ»، دەپ ئىقرار قىلىشتى. بەزىلەر «ياق، ھازىر رامىزان، كۆرسەڭ بولمايدۇ، مەن رامىزان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاندىن كۆرىمەن»، دەپ يازدى. «بۇ كىنونى كۆرسە بولمايدۇ»، دېگەن سۆز ئوتتۇرىغا بىرەر قېتىممۇ چىقىپ باقمىدى. يەنى، بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇ كىنونى قاچان كۆرۈشتىن ئىبارەتلا بولۇپ، ئۇ كىنونى كۆرمەسلىك مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىپمۇ قويمىدى. مۇشۇنداق دېسەم، بەزىلەر «ئۇنداقتا سەن ئۇ كىنونى ھالال دېمەكچىمۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇ ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە زىيالىيلاردىن كەلگەن ئۇ پەتىۋالارغا كىشىلەر پەرۋا قىلامدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

شۇڭلاشقا، بىر ھەقىقىي مۇرابىي (murabbi) ۋە ئالىمنىڭ ۋەزىپىسى بىر خىيالىي ياكى غايىۋى دۇنيادا ياشاپ، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بىر زېمىننىڭ كىشىلىرى ئۈچۈن پەتىۋا چىقىرىش ئەمەس. ئالىمنىڭ بىر ۋەزىپىسى كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنىڭ قانداق سوقۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، نېمىنىڭ ئادەتلەنگەن قائىدىلەردىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشتۇر. ھەقىقەتەنمۇ تېلېۋىزور 99 پىرسەنت ھارام. بەزىلەر مېنى كۆپ ئۆزگەردى، دېيىشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ھەقىقەتەنمۇ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە مۇزىكىغا قارشى تۇرىمەن. بۇ مېنىڭ خۇسۇسىي مەيدانىم. ئەمما، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ پەتىۋارىمنىڭ ئۈنۈمى قانچىلىك؟ شۇڭلاشقا بىز بەزى نەرسىلەرگە، مەسىلەن 100 پىرسەنت ھالال بولمىسىمۇ، 90 پىرسەنت ھالال، ساغلام ۋە پاك بولغان نەرسىلەرگە يول قويساق ياخشىراق ئەمەسمۇ؟

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى مەزكۇر فىلىمنى كۆرۈشتىن بۇرۇن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمىگەن. بۇ بىر پاكىت. بۇ فىلىمگە قارشى چىقىرىلغان پەتىۋالارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلىك ئاساسى بار. ئۇ پەتىۋالارنى زىيالىيلار ئاساسسىزلا كەشىپ قىلىۋالغان ئەمەس. مۇنداق خىيال قىلىپلا ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس.

## 4. ئۆلىمالارنىڭ كوللېكتىپ قارارى

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى سىلەرگە دەيمەن؟ مېنىڭ مەقسىتىم سىلەرنى ئۆلىمالارغا بىھۆرمەتلىك قىلىشقا چاقىرىشمۇ؟ مەن ئاشۇنداق قىلىش ھەققىدە بىر بېشارەت بېرىشتىنمۇ ئاللاھنىڭ پاناھلىقىنى تىلەيمەن. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىز باسارلىرى» دېگەن.

مەن ھەرگىزمۇ سىلەرنى ئۆز زىيالىيلىرىڭلار بىلەن بولغان باغلىنىشنى ئۈزۈۋېتىشكە چاقىرىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. ئەمما، مەن سىلەرگە مۇنداق بىر ئاددىي نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويىماقچى: ئۆلىمالارمۇ ئىنسان بولۇپ، ئۇلار ئىلاھىي نەرسىلەر ئەمەس. ئۆلىمالار كوللېكتىپ ھالدا ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئالىدىغان رولنى ئالالايدۇ (Collectively they take on the job of Messangers). بۇ يەردىكى ھالقىلىق سۆز «كوللېكتىپ ھالدا» دېگەندىن ئىبارەت. ھەرگىزمۇ ئايرىم-ئايرىم ئەمەس.

ئىلاۋە: يۇقىرىدىكى «ئۆلىمالار كوللېكتىپ ھالدا ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئالىدىغان رولنى ئالالايدۇ» دېگەن مەزمۇن ئەسلىدىكى لېكسىيە سىن ھۆججىتىنىڭ 32 مىنۇت 40 سېكۇنت ئۆتكەن يېرىدە.

مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن باسما خەت، قەھۋە ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ فىلمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە، گەرچە كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئۇلارنى ھارام دېگەن بولسىمۇ، ئاز ساندىكى ئۆلىمالار ئۇلارنى ھالال دېگەن. ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ھەرگىزمۇ ھەممە ئۆلىمالار بىردەك قوشۇلغان ھالدا قارار ئېلىنغان ئەمەس. ئاز بىر قىسىم ئۆلىمالاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا كىشىلەر «ئازراق ئەمەلىيەتچان بولايلى. بۇ دېگەن ھالال» دەپ تۇرغان.

## 5. بىز دۇچ كەلگەن مەسىلەر

مەن بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغان نۇقتا مۇنداق: بىز ھازىر ئامېرىكىدا بىرەر مىليون رەڭگارەڭ مەسىلەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتىمىز. بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مەسىلە يالغۇز بىرلا تېلېۋىزىيە مەسىلىسى ئەمەس، قەھۋە مەسىلىسىلا ئەمەس، يالغۇز بىرلا باسما خەت مەسىلىسىلا ئەمەس. بىزنىڭ ھەپىلىشىۋاتقىنىمىز كلاسسىك كىتابلارنىڭ ئىچىدىن چارە تاپقىلى بولىدىغان مەسىلەر ئەمەس. بىز بىر دىنىمىز ئىنسانىيەرۋەر دېموكراتىيە ئىچىدە بىر ئاز سانلىقلار بولۇپ ياشاش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن مەسىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. بىز ئىمانلىق ئادەملەر ۋە ئۇممەتلەر بولۇشتىن كېلىپ چىققان مەسئۇلىيىتىمىز بىلەن ئامېرىكىلىق ۋە بىر دۆلەتنىڭ گراجدانى بولۇشتىن كېلىپ چىققان مەسئۇلىيىتىمىزنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. بۇنداق جىددىي ۋەزىيەت كلاسسىك ئىسلامدا مەۋجۇت بولۇپ باققان ئەمەس. بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىزنىڭ باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە ياردەم بېرىۋاتقاندا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز ئىسرائىلىيىنى قوللاۋاتقاندا بىز قانداق قىلىمىز؟ بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز باشقا مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىدا ئىنتايىن كۆپ خاتا ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا بىز قانداق قىلىمىز؟ بىز مۇشۇ دۆلەتتىكى باج تاپشۇرىدىغان گراجدانلارمىز. بۇ سوئاللارغا بىرەر ئاسان جاۋاب مەۋجۇت ئەمەس.

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىلەر ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن بۇرۇنقى مەسىلەر بىلەن زادىلا ئوخشىمايدىغان ھازىرقى زامان مەسىلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشىڭلار كېرەك. بۇ مەسىلەر سىلەر ئىبىن تەيمىيە، ئىبىن كەسىر ۋە ئىبىن ھەجەرلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئېچىپلا بىر مۇۋاپىق پەتىۋا تاپالايدىغان مەسىلەر ئەمەس. ھازىر ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەھۋال شۇكى، ئاساسىي ئېقىم ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا بولغان تونۇشى بىلەن پايدىلىنىش نۇقتىسىنى بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز بىلەن ئېھتىياجىمىزنى قىلچە چۈشەنمەيدىغان بىر

گۇرۇپپا كىشىلەرگە مەركەزلەشتۈرگەن ئاساستا مۇستەھكەملىنىۋالدى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەقەت ھىندىستان ۋە پاكىستاندىكى ئۆلىمالاردىن تەلىم سورايدۇ. ئامېرىكىدىكى سەلەفىلەر سەئۇدى ئەرەبىستاندىكىلەردىن تەلىم سورايدۇ. ئامېرىكىدىكى مىسىرلىقلار ئەزھەردىن تەلىم سورايدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ بىردىن ئايرىم-ئايرىم پايدىلىنىش نۇقتىسى بار بولۇپ، ئىسلامنى ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم-ئايرىم پايدىلىنىش نۇقتىسىدىن ئالىدۇ. ئەمەلىيەت شۇكى، ئۇلاردىن كەلگەن ئىسلامنى شەرتسىز قوبۇل قىلساق بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى چۈشەنمەيدۇ.

## 6. ئۆيىنىڭ ئۇلى بىلەن ئۆي جابدۇقلىرى

سىلەرنىڭ بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن مەن بۇ يەردە سىلەرگە بىر سېنارىيىنى بايان قىلىپ ئۆتەي. سىز ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگىلى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولۇپ، ھازىر ئاتا-ئانىڭىزدىن مىراس قالغان ئۆيدە ئولتۇرىسىز. سىز ئۆيىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن. ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى سايمان-جابدۇقلارغا، چىراغ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۆگىنىش ئۆيى ۋە ياتاق ئۆيلىرىگە ناھايىتىمۇ كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ، سىز بۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ناھايىتىمۇ راھەتلىك ھېس قىلىسىز. بۇ ئۆي، يەنى ئۇنىڭ ھازىرقىدەك قۇرۇلۇش لايىھىسى ۋە جابدۇق-سايمانلىرى قوشۇلۇپ، ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلسۇن. بۇ ئۆي سىزگە مۇشۇ بويىچە مىراس قالغان بولغاچقا، سىز ئۇنىڭدا راھەت ھېس قىلىسىز.

ئەمدى سىزنىڭ قوشنىلىرىڭىز ۋە ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ تۇرقىنى ياقتۇرماي، شۇنىڭ بىلەن سىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز سۈركىلىش پەيدا بولدى، دەيلى. قوشنىلار بىلەن ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەمدى غەرب دۇنياسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئۆي ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار بار رايونغا بىر يېڭى قائىدە-تۈزۈم چىقارماقچى بولىدۇ. بۇ قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ بەزىلىرى ئادىل بولۇپ، بەزىلىرى ئادىل ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ. ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بەزى ئادەملىرى ھەتتا ئۆيىڭىزنى چېقىپ تاشلىماقچى بولىدۇ. ئۇلار ئامېرىكىدا سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمايدۇ.

ئەمدى بۇ سېنارىيىگە يەنە بىر ئېلېمېنتنى قوشايلى. سىزنىڭ بىر كىچىك ئوغلىڭىز بار بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئۆيدە چوڭ بولغان. ئەمما ئۇ ئۆيىنىڭ ھازىرقىدەك بېزىلىشىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئوغلىڭىز باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرگەن. قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرگەن. شۇڭا ئۇ بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئىستەيدۇ. ئۇ ھازىر ئىسكىلات قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان ئۆينى ئۆزى ئۈچۈن ئۆگىنىش ئۆيى قىلىشنى ئىستەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيدە ھازىر ئىشلىتىۋاتقان چىراغنى «كونا پاسوندا ئىكەن» دەپ ياقتۇرمايدۇ. ئۇ «بىر يېڭى كارىۋات ئالغۇم بار»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىزدە بىر قىسىم ئەندىشىلەر پەيدا بولىدۇ: ئەگەر سىز ھەر قېتىم ئۇنىڭغا «ياق، ياق» دەۋەرسىڭىز، ئۇ ئون نەچچە ياشقا كىرگەندە، ئۆزى بىر خىزمەت تېپىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە «ئۆيدىن چىقىپ كېتىش» دېگىنىمىز «ئىسلامدىن چىقىپ كېتىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا سىز ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم بىر پۈتۈشۈم ھاسىل قىلىشىڭىز كېرەك. يەنى، سىز ئۆينى ساقلاپ قېلىشىڭىز، باللىرىڭىزنى سىز بىلەن داۋاملىق بىللە تۇرىدىغانغا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز، ھەمدە ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۆيىڭىزنى ئۆزىڭىز

تونۇيالمايدىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭىز كېرەك.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، مەن بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغان نۇقتا ئىنتايىن ئېنىق: بىز ئۆيىنىڭ ئۇلى بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى سايمان-جابدۇقلارنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بىز ئۆيىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئۆي-سايمانلىرىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بىزدىكى مەسىلە، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۆي بىلەن ئۆي ئىچىدىكى سايمانلارنى پەرقلەندۈرمەيدۇ. ئەگەر ئوغلىڭىز بىر يېڭى كارىۋات ئالسا، ئۇ ئۆيىنى ۋەيران قىلىۋېتەمدۇ؟ ياق. ئەمما بەزى ئۆلىمالار ئىسلاھات قىلىشنى، مەسىلەن، كارىۋاتنى ئۆزگەرتىشنى، ئوتتۇرىغا قويسا، باشقا ئۆلىمالار ئۇلارنى بىر دەمدىلا «ھە، سەن سىرتتىكى ئاشۇ ئادەملەردەك ئۆيىنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

مانا بۇ ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار. بىز ئازراق ئۆزگىرىش ھەققىدە گەپ باشلىساقلا، بىر قىسىملار كېلىپ «سىلەر سىرتتىكى ئاشۇ كىشىلەردەك ئۆيىنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟» دەيدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، بۇ كىشىلەر ئۆيىنىڭ لايىھىسى ۋە قۇرۇلمىسى بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ئۆي جابدۇقلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. ئۆيىنىڭ ئۇلى بىلەن لامپىنىڭ ئورنىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ.

مەن بىر مىسال ئالاي. بەزى كىشىلەر «ئەل مەغرىب ئىنستىتۇتى قىزلار بىلەن ئوغۇللارنىڭ ئوخشاش بىر زالنىڭ ئىچىدە ئوقۇشقا يول قويۇپ، بەك لىبېرال (liberal) بولۇپ كەتتى»، دەيدۇ. بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىزنىڭ ۋاقتىدا قىز-ئوغۇللار بىر زالنىڭ ئىچىدە ئوقۇمىغىنى راست. يەنە بىر تەرەپتىن، لىبېرال كىشىلىرىمىز «سىلەر يېتەرلىك دەرىجىدە لىبېرال بولمىدىڭلار. سىلەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام مەركىزىدە ئەر-ئاياللارنى ئايرىيسىلەر، ئەمما مەكتيپىڭلاردىكى سىنىپ-زاللاردا ئۇنداق قىلالمايسىلەر»، دەيدۇ. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، مەكتەپلەردە قىز-ئوغۇللار ئايرىپ ئوقۇتۇلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر «سىلەر ئىككى خىل ئۆلچەم بىلەن ئىش كۆرۈۋاتىسىلەر»، دەيدۇ.

بىزنىڭ مەكتەپكە يېقىندا بىر يېڭى ئايال ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلدۇق. ھازىر فېيسبۇك (Facebook) تىكى ئۇچۇرلارغا قاراپ بېقىڭلار. بەزىلەر تەنقىد قىلىۋاتقان. بەزىلەر مەدھىيە ئوقۇۋاتقان. بەزىلەر «سىلەر نېمىشقا پەقەت قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭلا سىنىپىنى تەشكىل قىلمىسىلەر؟» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر «ئەلھەمدۇلىللا، بۇلار قىزلار سىنىپى ئېچىپتۇ»، دەيدۇ. ھەممە كىشىلەرنى تەڭلا رازى قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ يەردىكى مەسىلە، بىز ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، قايسى ئۆيىنىڭ ئۇلىغا، قايسى ئىش ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى جابدۇق-بويۇملىرىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىقىشتۇر.

## 7. ئىسلام رەڭدارلىققا يول قويىدۇ

بىز «ئىسلامدىن پەقەت بەرىسلا بار، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامدۇر»، دەپ ئۆگەندۇق. سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، بۇ سۆزلەر قۇلاققا ئىنتايىن ياخشى ئاڭلىنىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى مەسىلە، «ئىسلامدىن پەقەت بىرسىلا بار» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئىسلام ۋە قۇرئاندىن پەقەت بىرسىلا بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سۈننەتتىن پەقەت بىرسىلا بار، بۇلارغا بىزمۇ قوشۇلىمىز. ئەمما، بىز كۆرگەن ئەمەلىيەت شۇكى، ئەڭ دەسلەپىدىن باشلاپلا ئىسلامنىڭ يېشىمىدىن كۆپ خىللىرى تەڭلا مەۋجۇت بولغان. بولۇپمۇ فىقھ جەھەتتە شۇنداق بولغان. مەسىلەن، ئاللاھ بىزگە ئەر ۋە ئاياللارنىڭ

**قانداق كىيىنىشى كېرەكلىكىنى دەپ بەرگەن. ئەرلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن كىيىملەر بار، ۋە ئاياللارغا بەلگىلەپ بەرگەن كىيىملەرمۇ بار. ئەمما، ئىسلام قەيەرگە يېتىپ بارسا، شۇ يەرنىڭ كىشىلىرى لايىھە ئۈچۈن ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەننى ئىشلىتىپ، رەختلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئاساسەن كەسكەن. مالايسىيادىكى ھىجاب تىمبۇكتۇدىكى ھىجابلارغا زادىلا ئوخشىماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. شەرقىي ئافرىقىدىكى ھىجابلار بىلەن ئافغانىستاندىكى ھىجابلارنىڭ بىر-بىرىگە قەتئىي ئوخشىماسلىقىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھىجابلار بىلەن مىسىردىكى ھىجابلارنىڭ بىر-بىرىگە قەتئىي ئوخشىماسلىقىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. ئىسلام مۇشۇنداق رەڭدارلىققا يول قويىدۇ.**

**ئىسلامنىڭ بىر ئىكەنلىكى راست. ئاللاھ ئەرلەرگە مانى قىل، ئاياللارغا مانى كەي، دەپ بەلگىلەپ بەرگىنى راست. ئەمما، ئىسلام بىر يېڭى زېمىنغا كىرگەندە، ئۇ ئاشۇ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ شەرىئەتتىكى تېكىستلەرگە ئاساسەن ئىسلامنى ساغلام ھالدا يېڭىچە چۈشىنىشىگە يول قويىغان. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، مېنىڭ ھازىرقى كىيىنىشىمنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر ھازىرلا مېنىڭ ئۆلىمالىق سالاھىيىتىمنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ئۇلار «سەن بىر شەيخ بولالمايسەن. قارا كىيىۋالغىنىڭنى؟ سېنىڭ بۇنداق كىيىنىشىڭ سۈننەتكە خىلاپ كېلىدۇ. سۈننەت ئۇچىغا بىر ئاق ئۇزۇن كۆڭلەك (kurta) كىيىش ۋە بېشىغا بىر ئاق سەللە يۆگىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۆمرىدە ئۇنداق ئاق ئۇزۇن كۆينەكتىن بىرەرنى كۆرۈپ باقمىغان. بېشىغا ئۇنداق ئاق سەللىنى بىرەر قېتىممۇ يۆگەپ باقمىغان. ئىبنى قەييۇم (Muhammad Ibn Abu Bakr, Ibn al-Qayyim) نىڭ دېيىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ كىشىلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئۆز خەلقىنىڭ كىيىمىنى كىيىشتىن ئىبارەت (dress the cloth of his own people). چۈنكى، بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەتراپىدىكى ئەرەبلەر نېمە كىيگەن بولسا، شۇنى كىيگەن. شۇڭا ئەگەر سىز سۈننەت بويىچە ئىش قىلماقچى بولىدىكەنسىز، سىز چوقۇم ئۆز مەدەنىيىتىڭىزگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كىيىملەرنى كىيىشىڭىز كېرەك. مېنىڭ كىيگىنىم بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ مېنىڭ شەخسىي پىكرىم.**

**ئەمما، بەزى كىشىلەر ئىسلامنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ. چىراغ ئۆينىڭ ئىچىدىكى كارىدورغا قويۇلغان بولۇپ، مەن ئۇنى ماۋۇ بىر يېڭى ئۆيگە يۆتكەيلى، دېسەم، ئۇلار «ياق، ياق، ياق. سەن ئۆينى ۋەيران قىلىۋېتىسەن»، دەيدۇ. مانا بۇ بىر مەسىلىدۇر. كىشىلەر ئىسلامنىڭ ئاساسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزگەرتسە بولىدىغان قىسمىنى ئايرىپ قارىمايۋاتىدۇ. بۇنىڭغىمۇ مىساللار ئىنتايىن كۆپ.**

**مەن مۇشۇنداق ئىدىيىدە بولغىلى ھازىر 10 يىلدىن ئاشتى. ئەمما بۇ گەپلەرنى مەن ئاممىۋى سورۇنلاردا ئانچە كۆپ دەپ كەتمىدىم. سەۋەبى، كىشىلەر بۇنداق سۆزلەرگە تېخى ئانچە ئادەتلەنمىدى. مەن بىر ئەقىدىشۇناس، بىر ئەقىدە مۇتەخەسسىسى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن سەمىمىي ھالدا مۇنداق قارايمەن: كىشىلەر ئۆز ئۆيىدە تۇغۇلغان كۈنى ۋە توي قىلغان كۈنى قاتارلىقلارنى تەبرىكلىسە بولىۋېرىدۇ. شەرىئەتتە بۇ ھەقتە ھېچ قانداق مەزمۇن يوق. بۇ ئىشلار ھالال بولۇپ، ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇلار شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئەمەس.**

**مەن يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، بەزىلەر «ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئەمدى سەن ھاراقنىمۇ ھالال دېمەكچىمۇ؟» دېيىشتى. مەن ئەر-خوتۇنلارنىڭ توي قىلغان كۈنىنى تەبرىكلەشكە يول**

قويسام، ئۇلار «ئەمدى سەن كېيىنكى قېتىمدا هاراقنى ھالال قىلماقچىمۇ؟» دېيىشتى. بۇ خىلدىكى روھىي ھالەت بىلەن قەھۋەنى ھارام دېگەن ۋاقىتتىكى روھىي ھالەت ئوخشاشتۇر.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، مەن سىلەرگە بۇ گەپلەرنى نېمە ئۈچۈن دەيمەن؟ مەنمۇ ئۆز ئۆمرۈمدە ھاياتنىڭ بىر قانچە ئوخشىمىغان جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتتۈم. مەن ھازىرچە تېخى بىر پىشقەدەملىك پىشىغا كىرگەن ئادەم ئەمەس. مەن ھازىرچە يەنىلا بىر ياش ئادەم ھېسابلىنىمەن. يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا مەنمۇ ئىسلامغا ئىنتايىن تار دائىرە ئىچىدە قارايتتىم. ئىسلام دېگەن ياكى ئاق، ياكى قارا دەپ ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، ئادەمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى سىزگە كىتابتىن ئۆگەنگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىدىكەن. جەمئىيەت ئىچىدە ياشاپ، كىشىلەرنىڭ تومۇرلىرى قانداق سوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇممەتلەرنىڭ رېئال ھالىتىنى كۆرۈش ئارقىلىق، سىز كىتابلار سىزگە مەڭگۈ ئۆگەتەلمەيدىغان بىر قىسىم ھېكمەتلەرنى ئۆگىنىۋالالايدىكەنسىز. بىر ئالىم، بىر شەيخ، بىر مۇرابىينىڭ ۋەزىپىسى ئىسلامنى كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسى قوبۇل قىلالايدىغان بىر دەرىجىگە ئەكېلىپ بېرىش، ئىسلامنى رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللانغىلى بولىدىغان، ئەمەلىيەتتە قىلغىلى بولىدىغان بىر ھالەتكە ئەكېلىپ بېرىشتۇر.

## 8. بۇنىڭدىن كېيىن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك 5 قائىدە

شۇڭلاشقا، مەن بۇ لېكسىيىنى تۆۋەندىكى 5 نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن خۇلاسىلەيمەن. يۇقىرىقىدەك زىددىيەتلىك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، مەن سىلەرنىڭ تۆۋەندىكى 5 قائىدىگە ئەمەل قىلىشىڭلارنى سورايمەن:

(1) ئىسلامدا ئۆزگەرسە بولمايدىغان نەرسىلەر، مۇتلەق نەرسىلەر، ياكى ئۆيىنىڭ ئۇلى قايسى ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. ئۆيىنىڭ ئۇلىنى ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدۇ. ئۇنداق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئۆيىنىڭ ئۇلى، ئۆيىنىڭ گەۋدىسى، ۋە ئۆيىنىڭ قۇرۇلمىسنى ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ خۇدايىمىز (our Lord) بىزگە چۈشۈرۈپ بەرگەن. ئۇلار ئۆيىنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم ئۇلى. يەنى ئاللاھقا بولغان ئېتىقاد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئېتىقاد، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى، قەدىر، قۇرئاندىكى مەزمۇنلار ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكى، مانا بۇلار تاشتەك ئۇيۇپ كەتكەن نەرسىلەر بولۇپ، بىز ئۇلارنى ئۆزگەرتسەك قەتئىي بولمايدۇ. بىز ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنساق قەتئىي بولمايدۇ. بىز ئۇلارنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيمىز. ئەمما، ئۆزگەرتسە بولىدىغان نەرسىلەرمۇ بار. بىز ئۆيىنىڭ ئۇلى بىلەن ئۆي ئىچىدىكى ئۆي-سايمانلىرىنى ئايرىۋېتىشىمىز كېرەك. بىز ئۆي ئىچىدىكى ئۆي-سايمانلىرىنى ئۆزگەرتسەك بولىدۇ.

(2) بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىلەر قايسى، بىز ئۇنى قانداق بىلەلەيمىز؟ بۇ مەسىلە بىر ئاكادېمىيىلىك مەسىلە بولۇپ، بۇ توغرىسىدا بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئەمما، بۇنى بىلىشنىڭ ئەڭ ئاسان ئۇسۇلى مۇنداق: پۈتۈن ئۇممەتلەرنىڭ بارلىق ئۆلىمالىرى بىر يەرگە كېلىپ، مەلۇم بىر نەرسە ھەققىدە ئۇنى «ھارام» دەپ قارار ئالسا، ئۇ نەرسە ھارام بولىدۇ. بارلىق ئۆلىمالار كوللېكتىپ ھالدا مەلۇم بىر نەرسىنى ھارام دېسە، ئۇ نەرسە ھارام بولىدۇ. بۇ يەردىكى «كوللېكتىپ ھالدا» دېگەن سۆز ئىنتايىن مۇھىم. مەلۇم بىر نەرسە ئايدىڭ بولمىغاندا، سىز ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن قارارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە قارىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن،

ئەر-ئاياللار بىللە ئوقۇغان نامازنى بىر ئايال يېتەكلىسە بولمايدۇ. بۇ ھەقتە بىر ئىجما (بارلىق ئۆلىمالارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئېلىنغان قارار ياكى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن قانۇن) بار بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئىجما سۈننى قانۇنلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر.

(3) داۋاملىق كۆز قارىشنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ئىلغار پىكىرگە ئىگە بىر گۇرۇپپا زىيالىيلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. رەسمىي زىيالىيلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن، ئەنئەنىنىڭ سىرتىدىن كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بولغان، ئەنئەنىنىڭ ئىچىدە يېتىشىپ چىققان، ئەمما كۆز-قارىشى شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسىي ئېقىمنى تەشكىل قىلغان كونسېرۋاتىپ ئاممىنىڭ كۆز-قارىشى بىلەن ئوخشاش بولمىغان زىيالىيلار داۋاملىق مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق زىيالىيلارنىڭ سانى بەزىدە ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ئەمما ئۇنداقلار ھەرگىزمۇ مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ قالمايدۇ. مەسىلەن، ھېلىقى MBC ۋىدېئوسىنىڭ ئىشىدا ئۆلىمالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇنى ھارام دېدى. لېكىن، سۈننىلەر ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، بۇ ۋىدېئونى كۆرۈۋەردى. مۇشۇ ئىشتىمۇ ئىلغار پىكىرلىك ۋە رېئالىستىك ئۆلىمالار مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇلار «بۇ مەسىلىدە بىرەر ئىش كۆرمىسەك بولمايدۇ»، دەپ قارىدى. ئۆزىڭىز ئىشىنىدىغان بىر ئالىمنى تالالاش سىزنىڭ ئۆز ئىشىڭىز. سىز قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئاللاھقا مۇنداق دەيسىز: «ئاللاھ، مەن بىر ئالىم ئەمەس. شۇڭا مەن پوكۇنى ئالىمغا ئەگەشتىم. ئۇ ماڭا نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. مەن ئۇنىڭ كەسپىي بىلىمىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.» بۇنداق ئالىمنى سىز ئۆزىڭىز تېپىشىڭىز كېرەك. قېرىنداشلار، سىلەر ئۆزۈڭلارنى نېمە دەپ ئاتىساڭلار ئاتاڭلار، قانداق ھەرىكەتكە قاتناشساڭلار قاتنىشىۋېرىڭلار، لېكىن، ئىسلام ئاشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ، ياكى ئىسلام ئاشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ (transcend). بۇ بىر پاكىت.

(4) ئۆزىڭىز ئۇچۇن بىر زىيالىي تاللىغاندا، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز بىلەن ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، ئۆزىڭىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش ھاياتتا ياشاۋاتقان، سىزنىڭ زېمىنىڭىزدا، سىزنىڭ مەدەنىيىتىڭىزنىڭ ئىچىدە، ۋە سىزنىڭ جەمئىيىتىڭىزدە ياشاۋاتقان بىر زىيالىينى تاللاڭ. بۇ مېنىڭ سىزگە بېرىدىغان بىر تەكلىپىم. ھازىر ئىسلامدا نۇرغۇن ھەرىكەتلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئىسلامنى بىر ئادەم ئۈمىد قىلغاندەك دەرىجىدە تارقىتالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئۇلار پەتىۋالارنى ئۆزلىرىنىڭ قېشىدىكى زىيالىيلاردىن ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىدىكى ياكى ئەسلىدىكى دۆلىتىدىكى زىيالىيلاردىن ئېلىۋاتقانلىقىدىندۇر. بۇ يەردىكى بىر قىسىم كىشىلەر پەتىۋانى مىسىردىن ئەكەلدۈرىدۇ، بىر قىسىملار پاكىستاندىن ئەكەلدۈرىدۇ، يەنە بىر قىسىملار بولسا سەئۇدى ئەرەبىستاندىن ئەكەلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلغىنى كىشىگە خۇددى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى پەقەت ئاشۇ زىيالىيلارلا چۈشىنىدىغاندەك بىر تۇيغۇنى بېرىدۇ. ئەمما، ھازىرقى پاكىت شۇكى، ئۇ زىيالىيلار ئۆز جەمئىيىتى ئۈچۈن ئۇلۇغ كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز جەمئىيىتىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئەمما، سىز بىر دىنسىز دېموكراتىيە ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن دىنسىز دېموكراتىيە ئىچىدە زادىلا ياشاپ باقمىغان بىر زىيالىيدىن پەتىۋا چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىز ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان بىر قوشنىڭىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئىشىدا ئۆز ئۆمرىدە بىرەر ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان زىيالىيدىن پەتىۋا سورىسىڭىز بولمايدۇ. بۇنداق ئىشلاردا چوقۇم ئىنسانلىق ئېلېمېنتلىرى ۋە تەجرىبە-ساۋاقلار بەلگىلىك رول ئوينىشى كېرەك. ئەقلىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ كىتابلاردىن كەلمەيدۇ. بۇنى بىر ئومۇمىي قانۇنىيەت

سۈپىتىدە ئەستە تۇتۇڭ. ئەقلىنىڭ كۆپىنچىلىرى ھاياتتىن كېلىدۇ، كىتاب ئوقۇشتىن ئەمەس. سىز رېئاللىققا نەزەر تاشلاپ، ئاندىن «مېنىڭچە بۇنىڭ توغرا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەيسىز. شۇڭلاشقا، مېنىڭ شەخسىي تەكلىپىم، سىز زىيالىيلارنى ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان يەردىن ئىزدەڭ.

مەن بۇ يەردە سىلەرگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي. سەئۇدى ئەرەبىستانلىق داڭلىق شەيخ ئابدۇلئەزىز ئەل-فاۋزان (Abd Al-Aziz Fawzan Al-Fawzan) [3] ئامېرىكىغا كېلىپ 5-6 يىل ياشاپ، ئاندىن قايتىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەدە كۆرۈشكەنىدە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: «شەيخ، بىز پەتىۋالارنى ئۆزىمىز ياشاۋاتقان يەردە چىقىرىشىمىز، ئۇنى سىرتتىن ئەكىرمەسلىكىمىز كېرەك.» بۇ گېپىمگە قارىتا ئۇ مۇنداق دېدى: «ياسىر، سىزنىڭ دېگىنىڭىز پۈتۈنلەي توغرا. مەن ئامېرىكىدا 6 يىل ياشىدىم. شۇ 6 يىل جەريانىدا مەن ئامېرىكىغا كەلگەن دەسلەپكى يىلى بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە بىلمەي تۇرۇپ چىقارغان پەتىۋالارنى كېيىنكى يىللىرى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرى بولدۇم.» شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: «شەيخ، سىز ئامېرىكىدا ئاران 6 يىل ياشاپ ئاشۇنداق قىلغان بولسىڭىز، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلدۇم. مۇشۇ يەردە چوڭ بولدۇم. مەن سىرتتىن كىرگەن بەزى پەتىۋالارنى كۆرگەن ھامان، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتايىن كۈلكىلىك پەتىۋالار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. سىز بىر شۇنچە ئۇلۇغ زىيالىي، شۇنچە ئۇلۇغ ئالىم تۇرۇقلۇق، ئامېرىكىدا 6 يىل تۇرۇش جەريانىدا سىز باشقا جايدىكى مۇسۇلمانلارغا بەرگەن پەتىۋالارنى بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپسىز. بىز مۇشۇ زېمىندا ياشايمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىرىنى چۈشىنىمىز.»

قېرىنداشلار، مېنىڭ سەممىي پىكرىم شۇكى، سىلەر تورغا كىرىپ، باشقا زېمىندىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان پەتىۋالارنى ئىزدىسەڭلار بولمايدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ يەرلىك جامائىتىنىڭ ئالىمىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار. سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى چۈشىنىدىغان ئۆلىمالارنىڭ قېشىغا بېرىڭلار.

(5) ئەگەر سىز قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ، باشقا نوپۇزلۇق زىيالىيلارنىڭ پىكرىگە نىسبەتەن سەۋرچان ياكى كەڭ قورساق بولۇڭ. سىز بۇرۇنقى بىر ۋاقىتلاردا قەھۋەنى ھارام دېگەن بولغىيتتىڭىز. سىز بۇرۇنقى بىر ۋاقىتلاردا باسما خەت ھارام دېگەن بولغىيتتىڭىز. سىز بۇرۇنقى بىر ۋاقىتلاردا مەسچىتلەردە مىكروفون ئىشلىتىشكە قارشى تۇرغان بولغىيتتىڭىز. مەن باشتا بۇ گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مىكروفون يېڭى چىققاندا، يەنى 50- ۋە 60-يىللىرى، پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسى ئۇنى ھارام، ھەتتا بىدئەت دېگەن. ئۇلار كۆرسەتكەن سەۋەب، سىز چوقۇم ئىنسان ئاۋازىنى ئاڭلىشىڭىز كېرەك بولۇپ، ئېلېكترونلۇق ئاۋازنى ئاڭلىسىڭىز بولمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «مىكروفون دېگەن بىدئەت» دېگەن. ھازىر قاراپ بېقىڭ، دۇنيادا مىكروفون ئىشلەتمەيدىغان مەسچىت بارمۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا «مىكروفون ھارام» دەپ پەتىۋا چىقارغان مەسچىتلەرنىڭ ئۆزلىرى ھازىر مىكروفون ئىشلىتىدۇ.

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ رەڭگارەڭ پىكىرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇڭ. ئامېرىكىدا ئۆزى ئۆگىنىپ يېتىشىپ چىققان، يەنى «ئۆزى بولۇۋالغان» ( do it yourself) زىيالىيلار ئىنتايىن كۆپ. سىز توردىن ئۆگىنىۋالغان بىلىملەر بىلەنلا «شەيخ-گۇگۇل» سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايسىز. ۋىكىپېدىيادىكى نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىش بىلەنلا سىز بىر «مۇفتى-ۋىكىپېدىيا» بولۇپ چىقالمايسىز. سىز ھەرگىزمۇ «ئۆزى بولۇۋالغان» ئالىم بولالمايسىز. ئەمما، ئەنئەنىنى ئۆگەنگەن كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇنۋانلىرىنى (credentials) تەكشۈرۈپ بېقىڭ. ئۇلارنىڭ ئۇستازلىرى كىملەر، ئۇلارنىڭ ئۇنۋانلىرى قانداق ئۇسۇلدا بېرىلگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ. ئەگەر ئۇلارنىڭ

ئۆممەتلەرگە خەيرلىك ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەن ئىش-ئىزلىرى بار بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ شەرىئەتتە چىڭ تۇرغان ئىش-ئىزلىرى بار بولىدىكەن، سىز ئۇلارنىڭ بەزى كۆز-قاراشلىرىغا قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ كىملىكىگە ھۆرمەت قىلىڭ.

مەن بۇ يەردە بىر گەپنى ئوچۇق دەي. بىر ئالىم بار بولۇپ، مەن ئىنتايىن كۆپ ئىشلاردا ئۇنىڭ كۆز-قارىشىغا قوشۇلمايمەن. ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۈلگىلىرىنىڭ بىرى، دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ ئىسمى شەيخ يۈسۈپ قەرداۋى. ھازىرقى زامان فىقھىلىرى توغرىسىدا مەن ئۇ دېگەن ناھايىتى كۆپ گەپلەرگە قوشۇلمايمەن. ئەمما مەن ئۇنى ئەقلىي جەھەتتە ئىنتايىن يۇقىرى تۇرىدىغان تالانت ئىگىسى، دەپ ئېتىراپ قىلىمەن. مەن ئۇنى شەرىئەتنى چۈشىنىدىغان، ھەمدە ئۇنى ھازىرقى زامانغا قانداق تەتبىقلاشنى بىلىدىغان بىر زات، دەپ ئېتىراپ قىلىمەن. بىر قىسىم مەسىلىلەردە ئۇنىڭ كۆز-قارىشى مېنىڭكى بىلەن ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، پەقەت بىر ئالىملىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە ھازىر ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق. مەن بۇ يەردە سىلەرگە بىر ئەمەلىي مىسال كۆرسىتىۋاتىمەن. گەرچە مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن كۆز-قاراشلىرىغا قوشۇلمىساممۇ، مەن ئۇنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ھۆرمەتلەيمەن. ھەمدە مەن سىلەر ھەممىڭلاردىن ئىسلام زىيالىيلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئىستەيمەن.

سىلەر مۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشىنىشىڭلار كېرەك: ئىسلام ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ ھەر قانداق بىر گۇرۇپپىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ساھابىلەر دەۋرىدىن باشلاپلا كىشىلەرنىڭ پىكرىدە ئوخشىماسلىق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئۆزىڭىز راھەت ھېس قىلىدىغان ئالىم ياكى ئۆلىمانى تېپىپ، شۇنىڭ پىشىگە چىڭ ئېسىلىش، ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان زىيالىيلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشتۇر.

مەن يۇقىرىدا مۇنداق 5 نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم:

(1) نېمە ئۆزگەرسە بولىدىغانلىقى ۋە نېمە ئۆزگەرسە بولمايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش

(2) ئىجما (ھەممە زىيالىيلار ئورتاق ھالدا قوشۇلۇپ ئالغان قارار) بويىچە ئىش كۆرۈش

(3) ھەر دائىم ئىشلارنى ئالدىن ئويلىيالايدىغان ئىلغار پىكىرلىك بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش

(4) پەتىۋانى يەرلىك ئۆلىمالاردىنلا سوراش

(5) ئۆزى قوشۇلمايدىغان پىكىر ياكى پەتىۋالارغىمۇ كەڭ قورساقلىق قىلىش، ياكى ئۇلارغا سەۋرچان بولۇش. سىز ئۇنىڭغا بۇگۈن قوشۇلمىغان بىلەن، ئۇ ئەتە پۈتۈن دۇنيانىڭ بىر نورمال پەتىۋاسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مېنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، ئەمما سۇنمايدۇ؛ ھەقىقەت ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا چوققۇم ئۈستۈن چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قەھۋە ھالال بولىدۇ، باسما خەت ھالال بولىدۇ، مەسچىتلەر مىكروفوننى ئىشلىتىدۇ، رادىئو-تېلېۋىزورلارنىڭ ھەممىسى ھالال بولىدۇ. ھەقىقەت چوققۇم ئۈستۈن چىقىدۇ، ھەمدە ئۆزگىرىش چوققۇم يۈز بېرىدۇ.

ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 9. ئاخىرقى سۆز

مەن مەزكۇر يازمىنى تۈۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

1) ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەققىدىكى فىلىمنىڭ 30 قىسىمنىڭ ھەممىسى تۈۋەندىكى 2-مەنبەدە تولۇق بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈپ باقتىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىشلىنىپتۇ. بولۇپمۇ ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تارىخى، يەنى ساھابىلەرنىڭ ھاياتىنى بىلىدىغان قېرىنداشلار ئۈچۈن، بۇ فىلىم ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەن. ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، مەن قېرىنداشلارغا بۇ فىلىمنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

2) بىر گۇرۇپپا ئوت يۈرەك قېرىنداشلىرىمىز ياسىر قازىنىڭ «ئەرلەر ئاياللار ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار قايسىلار؟» دېگەن لېكسىيىسىنىڭ تىلىنى ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى فىلىمگە كىرىشتۈرۈپ ئىشلەپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ سىن ھۆججىتى تۈۋەندىكى 4-مەنبەدە بار بولۇپ، مەن بارلىق قېرىنداشلارغا ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

3) مەن تەييارلىغان ئالدىنقى تېمىدا مەن ئۆزۈمگە ياسىر قازىدىن جاۋاب كەلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ جاۋابىنىمۇ ئەينەن تەرجىمە قىلىپ قويغان ئىدىم. يۇقىرىدىكى مەزمۇندا ئېيتىلىپ ئۆتكەندەك، ياسىر قازى بىر دۆلەتتىكى ئۆلىمالارنىڭ بۇ دۆلەتتىن ناھايىتى يىراقتىكى، ھەمدە سىياسىي تۈزۈمى بۇ دۆلەتنىڭكىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان يەنە بىر دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلارغا پەتىۋا چىقىرىپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ مېنىڭ ئۇچۇرۇمنى «ئۇ مەندىن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پەتىۋا ياكى مەسلىھەت سورايدىكەن»، دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، ھېلىقىدەك جاۋاب قايتۇرغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەقسەتنى چۈشەندۈرسەم، ئۇ مەندىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭا مۇشۇ يولدا داۋاملىق تىرىشىمەن. ئەڭ ياخشىسى ئامېرىكىنىڭ مېمفىس شەھىرى ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلار بولسا، ئۇنىڭ لېكسىيىسىگە قاتنىشىپ، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇنىڭدىن پەتىۋا ياكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەسلىھەت سوراش ئەمەس، پەقەت ئادەتتىكى دىنىي چۈشەنچىلەر ۋە ئىسلام ئىلمى ھەققىدە ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويساڭلار، بەك ياخشى بولاتتى. ئالدىنقى تېمىدىن كېيىن بەزى قېرىنداشلار «ياسىر قازىنىڭ پەتىۋاسى ۋە ئىدىيىسى ھەقىقەتەنمۇ بىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگەندەك ئىنكاسلارنى يازدى. مەن ھازىرغىچە ئۆز يازمىلىرىدا ياسىر قازىنىڭ بىرەر پەتىۋاسىنى تونۇشتۇرۇپ باقمىدىم. ئەگەر مېنىڭ يازمىلىرىمدا شۇنىڭغا ياتىدىغان نەرسە بار بولۇپ قالسا، مەن قېرىنداشلاردىن ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ھازىرغىچە تونۇشتۇرغان نەرسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياسىر قازىنىڭ سۈننەت، ھەدىس ۋە قۇرئاندىكى مەزمۇنلار ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشى ياكى يېشىمى بولۇپ، ئۇنىڭ مەن تونۇشتۇرغان ئىدىيىلىرى ئىچىدىمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىرەر نەرسىنى مەن ئۆزۈم ھېس قىلىپ باقمىدىم. ئەگەر قېرىنداشلاردىن ئاشۇنداق مەزمۇننى سەزگەنلەر بولسا، ئۇنى كۆرسىتىپ بەرسە، بىز ھەممىمىز بىلىپ قالغان بولساق.

بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت يەنە باللارنى ياخشى تەربىيىلەش، مائارىپنى ياخشىلاش، ۋە ئىلىم-پەن، ئىنژېنېرلىق ۋە يۇقىرى تېخنولوگىينى يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق يەنە بىر قىسىم ساھەلەر بار بولۇپ، ئۇلارمۇ بىز ئۈچۈن دىنغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. كېيىنچە مەن

ئاشۇ ساھەلەردىمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىزدىنىشنى داۋاملاشتۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇشۇ ساھەدە قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلغاچ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Looking Back as We Look Forward ~ Dr. Yasir Qadhi | 7th December 2013 - Change & Modernity
https://www.youtube.com/watch?v=jJmrPh2sRuw

[2] Serial Omar Ibn al-Khattab
https://www.youtube.com/playlist?list=PL72C80C00AC4E6C70

[3] Abd Al-Aziz Fawzan Al-Fawzan
http://en.wikipedia.org/wiki/Abd_Al-Aziz_Fawzan_Al-Fawzan

[4] ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىكلىرى - ياسىر قازى لېكسىيىسى
http://bbs.izdinix.com/thread-58225-1-1.html


### رەسىملەر:




1-رەسىم: ياسىر قازى مەزكۇر لېكسىيىنى بېرىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش.




2ـ رەسىم: كىنودىن بىر كۆرۈنۈش: ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بىلەن دادىسى.




3ـ رەسىم: كىنودىن بىر كۆرۈنۈش: ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە




4 ـ رەسىم: كىنودىن بىر كۆرۈنۈش

# ئىسلام بىلەن ئىلىم-پەن بىر يەردىن چىقالامدۇ؟

**2014-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى**

ئىسلام بىلەن ئىلىم-پەننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى كۆپلىگەن قېرىنداشلار قىزىقىدىغان تېمىلارنىڭ بىرى. مەن ھازىرغىچە ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئوخشىمىغان كۆز-قاراشلىرىنى خېلى كۆپ ئاڭلاپ كەلدىم. ئەمما ماڭا ئۆز كۆز-قاراشلىرىنى بايان قىلغانلار دىنىي زىيالىيلار بولماستىن، ئۆزلىرىگە باشقا ساھەنى كەسىپ قىلغان قېرىنداشلار ئىدى. مەن يېقىندا ياسىر قازىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىر قىسقا لېكسىيىسىنى ئۇچراتتىم. مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆزۈم ئۇچۇن مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئۇلارنى بىر يازما شەكلىدە قېرىنداشلارغا سۇنۇش قارارىغا كەلدىم. بۇ لېكسىيە ئاران 9 مىنۇتلۇق بولۇپ، مەزمۇنى ئىخچام ئىكەن، ئەمما نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلەيدىكەن. ياسىر قازى بۇ لېكسىيىنى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن بولۇپ، بۇ نۇتۇقنىڭ سىن ھۆججىتى تورغا 2013-يىلى 13-يانۋار كۈنى قويۇلغان ئىكەن [1].

مەن مەزكۇر يازمىدا ئاساسلىقى ياسىر قازىنىڭ ئاشۇ لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. ئەگەر ئۆزۈمنىڭ سۆزىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قوشۇپ قويىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەزكۇر تېمىغا ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى تېمىسىدىكى [2] مەزمۇنلارنى تولۇقلايدىغان، ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى «ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى» (Science Fair) ھەققىدىكى ئازراق مەزمۇننىمۇ قوشۇپ قويىمەن.

## 1. ئىسلام ۋە ئىلىم-پەن: ياسىر قازى لېكسىيىسى

بىز ئىسلامدا دىن بىلەن ئىلىم-پەننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە بىر نەرسە دېمەكچى بولساق، مۇنداق بىر نەرسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تەكىتلىشىمىز كېرەك: ھەقىقىي پەن بىلەن قۇرئاندىكى نوپۇزلۇق تېكىستلەر (actual science and authoritative text of quran) ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق توقۇنۇش مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇ مەسىلىدە مۇنداق ئىككى شەرتلەر مەۋجۇت: بىرىنچى شەرت، پەن 100 پىرسەنت ھەقىقىي، رېئال ياكى ئەمەلىي بولۇشى كېرەك. يەنى پەن 100 پىرسەنت ئىسپاتلىنىپ بولغان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، دۇنيانىڭ يۇمىلاق بولىدىغانلىقىنى، يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىز ھەممىمىز بىر ھەقىقەت دەپ بىلىمىز. ئىككىنچى شەرت، قۇرئاندىكى مەزمۇنمۇ ئىنتايىن ئېنىق بايان قىلىنغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر قۇرئاندا سۆزلەنگىنىمۇ ئىنتايىن ئېنىق بايان قىلىنغان مەزمۇن بولىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ پەنگە زىت كەلمەيدۇ.

ئەگەر قۇرئان بىلەن پەن ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت بولىدىكەن، بۇ توقۇنۇش مۇنداق 3 سېنارىيىنىڭ بىرسىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن:

(1) مەلۇم بىر نەرسە پەن ۋە ئىسلامنىڭ ھەر ئىككىسىدە تېخى رەسمىي جەزملەشتۈرۈلۈپ، ياكى

ئىسپاتلىنىپ بولالمىغان. بۇنىڭ بىر مىسالى تاشقى پلانېتا ئادەملىرى. ھېچ قايسىمىز تېخى بىرەر تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنى كۆرۈپ باقمىدۇق. ئۇلار مەۋجۇتمۇ-ئەمەسمۇ دېگەن نەرسە تېخى رەسمىي ئىسپاتلىنىپ باقمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا پەنچىلەر بىلەن دىنچىلار قانداق قاراشقا ئىشەنسە بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن، پەنچىلەر تاشقى پلانېتا ئادەملىرى يوق دەپ، ئىسلامچىلار بار دېسە بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋالدا دىن بىلەن پەننىڭ ھەر ئىككىسى ئۇنداق بىر ئىشنى جەزملەشتۈرۈپ بولالمىغان.

**ئىلاۋە:** NASA دىكىلەر مۇنداق ئىككى نەرسىگە ئىشىنىمىز: (1) تاشقى پلانېتىدا چوقۇم باشقا جانلىقلار بار. كائىناتتا تەخمىنەن 200 مىليارد گالاكسى (يۇلتۇزلار توپلىرى) بار بولۇپ، بىز ياشاۋاتقان سامان يولى گالاكسىنىڭ ئۆزىدىلا تەخمىنەن 200 مىليارد يۇلتۇزلار بار. ھازىرغىچە تاشقى پلانېتىلاردىن جەمئىي 1700 دىن كۆپرەكى بايقاپ بولۇندى. (2) تاشقى پلانېتا جانلىقلىرى بىزدەك ئەقىللىق ئەمەس بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇلار تېخىچە بىزنى ئىزدەپ كېلىپ بولالمىدى. بىز ئۇلارنى 1977-يىلدىن باشلاپ ئىزدەۋاتىمىز.

(2) بىر نەرسە پەندە ئىسپاتلاپ بولۇنغان، ئەمما دىندا ئۇنداق ئەمەس بولۇپ، دىندا ئۇنى ھەر خىل چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. دىندا ئۇنچىۋالا ئېنىق بايان قىلىنمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا قۇرئاندىكى ئېنىق بولمىغان ئايەتنىڭ ئورنىنى پەننى چۈشەنچە ئېلىشقا يول قويۇش كېرەك ( allowing science to trump ambiguous verses of Quran). مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامدىكى بىر قىسىم ئەقىدىشۇناسلار «يەر شارى يۇملاق ئەمەس، تۈز» دېگەن. ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئىدىيىسى جىق ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ «ئۆلىمالار بىلەن ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا يەر شارىنىڭ يۇملاقلىقى ھەققىدە پىكىر بىرلىكى بار» دېگەن. ئەمما يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار «يەر شارى تۈز» دېگەن. ئۇلارنىڭ ئاساس قىلىپ كۆرسەتكىنى قۇرئاندىكى بىر ئايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا «يەر شارى بىر كەڭرى جاي» (The Earth is a vast place) دېيىلگەن. يەنى، قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: «(زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇقىملىششىڭلار ۋە كەڭ تۈزلەڭلىكلەرگە زىرائەت تېرىپ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن) زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ (سۈرە نەبە 6-ئايەت)» . «كەڭرى جاي» دېگەن سۆزنى «تۈز كەتكەن يەر» دەپ چۈشەندۈرسىمۇ بولىدۇ. يەنە بەزىلەر «كەڭرى كەتكەن يەر» چوقۇم «تۈز كەتكەن يەر» بولۇشى شەرت ئەمەس، ئۇ يۇملاق بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، دەيدۇ.

شۇڭلاشقا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پەندە ئىسپاتلىنىپ بولغان، ئەمما قۇرئاندا ئېنىق بايان قىلىنمىغان مەسىلىگە يولۇققاندا، پەنني چۈشەنچىگە يول قويۇش كېرەك.

يەنە بىر مىسال، ئاللاھ «ئادەملەر بىر قان قېتىشمىسى (colt of blood) دىن يارىتىلدى» دەيدۇ. يەنى، قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى» (96-سۈرە ئەلەق 2-ئايەت). بۇ يەردىكى ئەرەبچە «ئەلەق» دېگەن سۆز 11- ۋە 12-ئەسىرلەردە «قان قېتىشمىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئەمما، «ئەللاقا، يۇئەللىقۇ، مۇئەللاقا» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەقىقي مەنىسى «ئېسىپ قويۇلغان، ساڭگىلاپ تۇرغان» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «لەختە قان» ياكى «قان قېتىشمىسى» نىڭ «ئەلەق» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئادەم يارىلىنىپ، تېرىدىن قان چىقىپ قېتىپ قالغاندا، ئۇ قېتىپ قالغان قاننىڭ ئادەم تېرىسىدىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغانلىقىدىندۇر. شۇڭا ئەڭ دەسلەپىدە مۇسلىم مۇفەسسىرلەر «ئاللاھ ئادەمنى بىر دانە لەختە قاندىن ياراتقان»، دېگەن. ئەمما، ھازىر پەندە ئادەمنىڭ

**تۆرىلىشىدە بىر پارچە لەختە قاننىڭ رولى يوق، دېيىلىدۇ. شۇڭا، ئەگەر بىز ھازىر «ئەلەق» دېگەن سۆزنى ئوبدان تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ يالغۇز «لەختە قان» دېگەن مەنىسى بار بولۇپلا قالماي، يەنە «ساڭگىلاپ تۇرغان» دېگەن مەنىسمۇ بارلىقنى بايقايمىز. شۇنىڭ بىلەن دەيمىزكى، سۇبھانە ئاللاھ، ئۇلترا ئاۋاز ئۇسكۇنىلىرى ۋە قورساقنى يېرىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرى يوق بولغان بۇرۇنقى بىر ۋاقىتتىلا ئاللاھ بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر نەرسىدىن بولىدىغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى ئاللاھ «مەن ئادەملەرنى بىر ساڭگىلاپ تۇرغان نەرسىدىن ياراتتىم»، دەيدۇ. دېمەك، بىز قۇرئاننى ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ قايتىدىن چۈشەندۈرسەك بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، تىل مۇشۇنداق قايتىدىن چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا يول قويىدۇ.**

**(3) پەندە تولۇق ئىسپاتلىنىپ بولالمىغان، ئەمما قۇرئان ۋە سۈننەتتە ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشلاردا بىز قۇرئان بىلەن سۈننەت بويىچە ماڭىمىز. مەن تونۇغۇن ئاخشام ئىنسانلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە بىر لېكسىيە بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سىن ھۆججىتى تورغا قويۇپ بولۇنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتىكى پەننىي كۆز-قاراش ئىنسانلار مايمۇنلاردىن تەرەققىي قىلىپ ھاسىل بولغان، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بىر نەزەرىيە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىدىكى ئېنىق بولمىغان ئىشلارنى ئاشۇنداق چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئەمما، بۇ جەھەتتە قۇرئاندا ئىنتايىن ئېنىق بايان بار بولۇپ، ئىنسانلارنى ئاللاھ ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزدىن ياراتقان. بىز ئۇچۇن بۇ بىر پاكىت، بۇ بىر ھەقىقەت بولۇپ، بىز ئىنسانلارنىڭ مايمۇندىن بولغىنىغا ئىشەنمەيمىز.**

**مەن تەكىتلەپ قويماقچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى بىر مۇھىم نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، بىز قۇرئاندىن ھەددىدىن زىيادە كۆپ ساندىكى پەننىي بىلىملەرنى ئىزدىمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر بىز قۇرئانغا بىر ئىلىم-پەن كىتابى تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىدىكەنمىز، بىز ئۆز پۇتىمىزغا ئۆزىمىز پالتا چاپىمىز. قۇرئان بىر پەننىي كىتاب ئەمەس. بىزنىڭ بەزى ئۆلىمالىرىمىز بۇ جەھەتتە بىر ئاز چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئىچىدىن يۈزلىگەن پەننىي مۆجىزىلەرنى تاپماقچى بولۇشتى. ئەگەر مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەر ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئوقۇيدىغان بولسا، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى زاڭلىق قىلىدۇ.**

**ئاللاھ ئالەم بوشلۇقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سەپەردىن ئالدىن بېشارەت بەرگەنمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ ئۇنداق ئىشلاردىن ئالدىن بېشارەت بەرمىگەن، ھەمدە ئۇنداق ئىشلارنى ئىنكارمۇ قىلمىغان. ئەگەر بىز قۇرئاندىن ناھايىتى كۆپ پەننىي بىلىملەرنى تاپماقچى بولىدىكەنمىز، بىز دىنىمىزنىڭ ھەقلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىمىز.**

**مېنىڭ قارىشىمچە، قۇرئاننىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى شۇكى، قۇرئاندا ئىشلىتىلگەن پەننىي سۆزلەر قۇرئان ئاللاھتىن چۈشكەن دەۋردە ئىشلىتىلىۋاتقان سۆز-ئىبارىلەردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان بولۇپ، قۇرئان ئۆزىدە دېيىلگەن بىر قىسىم نەرسىلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىشىغا يول قويغان، ۋە ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت قالدۇرغان. قۇرئان 7-ئەسىردىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىشلىتىلگەن سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلەتمىگەن، بەلكى، قۇرئاننىڭ گۈزەللىكى ۋە مۆجىزىسى شۇكى، ئۇ 7-ئەسىردىكى پەننىي نەزەرىيىلەرنى ئىشلەتمەي، ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن نەزەرىيىلىرىگە ماس كېلىدىغان سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن.**

**قۇرئان بىر پەننىي كىتاب ئەمەس، ئەمما، كىشىلەر ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرى ئاساسىدا**

قۇرئاننى ئوقۇپ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا زىتلىق مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ.

ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 2. ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى ئىلىم-پەن مۇسابىقىلىرى

مەن بۇ جەھەتتىكى ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالىنى ئالدىنقى يازمىدا ئازراق تونۇشتۇردۇم [2]. مەن ئوپتىكا (نۇر ئىلمى) ساھەسىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىغا بارغاندا، بەزىدە ئاشۇنداق بىرلا ۋاقىتتا 10-20 زاللاردا ئىلمىي دوكلاتلار سۆزلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى يىغىنلاردا «باللارغا ئوپتىكىنى قانداق ئۆگىتىش كېرەك؟» (How to teach optics to kids?) دېگەن بىر ساھەنىڭمۇ بارلىقىنى، مۇتەخەسسىسلەر مۇشۇ تېمىدا مەخسۇس ئىلمىي ماقالە تەييارلاپ، ئۆز ماقالىلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئاشۇنداق چوڭ يىغىنلاردا ئىلمىي دوكلات قىلىپ سۆزلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن. يەنى، كىچىك باللارغا پەننىي بىلىملەرنى ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆگىتىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى غەرب ئەللىرىدە ئالىلقاچان بىر مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ساھەگە ئايلىنىپ بولغان بولۇپ، مەن ئالدىنقى تېمىدا تونۇشتۇرغان، ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى «ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى» ئاشۇنداق بىر چوڭ ساھەدىكى ئىشلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى «ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى» نى ھەر بىر مەكتەپ ئۆز ئالدىغا، شۇ مەكتەپتىكى ھەممە سىنىپلار بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق پائالىيەتنىڭ تەييارلىقى ئادەتتە 2-3 ئاي بۇرۇن باشلىنىدىغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ھەر بىر سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ئۆز سىنىپىدىكى باللارنىڭ يېشىغا ئاساسەن شۇلارغا ماس كېلىدىغان ئىلىم-پەن پروجېكت (تەتقىقات تۈرى) تېمىلىرىدىن 20-30 نى چىقىرىپ، ئاشۇنداق بىر تىزىملىكنى سىنىپىدىكى باللارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. باللار ئۆزى ئۈچۈن بىر قانچە تېمىلارنى تاللاپ، تىزىملىكنى ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئۆزى تاللىغان تېمىلارنى ئۆز ئاتا-ئانىلىرىغا كۆرسىتىدۇ. بىر قىسىم تېمىلار ھەر خىل بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشنى، ھەمدە ئاتا-ئانىلارنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆزى تاللىغان تېمىنى ئالدى بىلەن ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن تېمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىشلەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ.

مېنىڭ قىزىم تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقاندا، مەن بىر لازېر نۇرى ئۈسكىنى شىركىتىدە ئىشلەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن قىزىم قىزىل رەڭلىك لازېر نۇرى بىلەن ئىشلەيدىغان بىر پروجېكتنى تاللىغان، ھەمدە مەن شىركەتتىن ئاشۇنداق بىر لازېر نۇرى ئەسۋابىنى بىر قانچە كۈن ئارىيەتكە ئېلىپ، بۇ ھەقتىكى تەجرىبىنى قىزىم بىلەن بىللە ئىشلىگەن ئىدىم. ئەگەر مەن ئۇنداق قىلمىسام، قىزىم بىرى لازېر نۇر ئەسۋابىنى تاپالمايتتى. يەنە بىرى لازېر نۇرى بىلەن كۆزنى زەخىملەندۈرۈۋېلىش خەۋپى مەۋجۇت ئىدى.

ئۇنداقتا، ئوقۇغۇچىلار سىنىپىدىكىلەرگە چىقىرىدىغان تېمىلارنى نەدىن تاپىدۇ؟ غەربتە مەخسۇس مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن يېزىلغان كىتابلار ئىنتايىن كۆپ. مەن بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كىتاب ساتىدىغان، www.amazon.com دېگەن تور بېتىدە ئىزدەپ باقسام، مەخسۇس «ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى» ئۈچۈن يېزىلغان كىتابلاردىن نۇرغۇنلىرى چىقتى. ئاشۇ كىتابلار ئىچىدىكى بىر قىسمىلىرىنىڭ رەسىملىرىنى تۆۋەندىكى 2-رەسىمدە كۆرسىتىپ قويدۇم. دېمەك، مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلار

ئۇچۇن مەخسۇس مۇشۇنداق كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۆز سىنىپىدىكى بالىلار ئۇچۇن چىقىرىدىغان تېمىلارنى ئوقۇتقۇچىلار ئەنە شۇنداق كىتابلاردىن پايدىلىنىپ چىقىرىپ بېرىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدە ئىلىم-پەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى بىز ھەممىمىز بىلىمىز. غەرب ئەللىرىدىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ساھەدە ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ كۆپ ئارقىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى «داڭلىق ئادەملەر» ھازىرمۇ تېخىچە ئاساسەن ئارتىسلار، شائىرلار ۋە يازغۇچىلار ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز. شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى مائارىپچىلارنىڭ مۇشۇ ساھەدە بىرەر يېڭى ئىش باشلاشقا بولامدۇ-يوق، ئازراق ئويلىنىپ ۋە ئىزدىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ئۇيغۇر دىيارىدىكى مائارىپچىلارنىڭ «ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى» غا تېما كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىنگلىزچە كىتابلارغا ئېھتىياجى بولسا، مەن ئىقتىسادىي چىقىمنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىپ، ئامېرىكىدىكى بىر قانچە قېرىنداشلارنى تەشكىللەپ ماڭدۇرۇپ بېرىش ئىشىنى قىلىپ بېرەلەيمەن. بۇنداق كىتابلارغا قىزىقىدىغان، پەقەت ئۆزى ئوقۇپ پايدىلانماقچى بولغان ئىنى-سىڭىللارمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ ئۇنداق ئىنى-سىڭىللارغا دەيدىغىنىم، مەن بەك ئالدىراش ئۆتىدىغان بىرى بولغاچقا، مېنىڭ سىلەرگىمۇ ئۇنداق كىتابلارنى ماڭدۇرۇپ بېرىش ئىمكانىيىتىم يوق. شۇڭا ئۆزۈڭلار بىر ئامال قىلارسىلەر. بۇ ھەقتە مەن بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلار، مەن بىلەن «bilimxumarmen@gmail.com» ئارقىلىق ئالاقىلەشسە بولىدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Can Islam and Science go together? - Yasir Qadhi
https://www.youtube.com/watch?v=8CIfojtRpcg

[2] بىلىمخۇمار: « ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى «كەسىپ تاللاش» پائالىيىتى»
http://bbs.izdinix.com/thread-58417-1-1.html

رەسىملەر:




1 ـ رەسىم: ياسىر قازى مەزكۇر لېكسىيىنى سۆزلەۋاتقان بىر كۆرۈنۈش




2 ـ رەسىم: مەن www.amazon.com تور بېتىدىن تاپقان، مەكتەپلەردىكى «ئىلىم ـ پەن مۇسابىقىسى» غا تېما بولالايدىغان مەزمۇنلار تەۋسىيە قىلىنغان بىر قىسىم كىتابلار

# چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار

ئىلاۋە: مەن 2014 ـ يىلى ئىسلام دىنى ھەققىدە تېما يېزىشنى باشلاپ، يازغانلىرىمنى ۋەتەندىكى «باغداش»، «بوزقىر»، «ئىزدىنىش» ۋە «مىسرانىم» قاتارلىق ئۇيغۇرچە تور مۇنبەرلىرىگە چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ يازمىلارغا ناھايىتى كۆپ ئىنكاسلار چۈشتى. بىر قېتىم مەلۇم بىر مۇنبەردە مەن يوللىغان بىر تېمىغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ سانى 1000 پارچىدىن ئېشىپ كەتتى. مەن ئۇ چاغدا ئۆزۈم تەييارلىغان يازمىلارنى يىغىپ كىتاب چىقىرىش، ھەمدە ئۇ كىتابقا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللاپ كىرگۈزۈش ئىشلىرى ھەققىدە ھېچ قانداق پىلان تۈزمىگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇرچە تورلارنىڭ تاقىلىپ كېتىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان بولغاچقا، يازمىلىرىمغا چۈشكەن ئىنكاسلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلىۋالماپتىمەن. ساقلىۋالغان ئىنكاسلارنىڭ بىر قىسمىدا ئۇ ئىنكاسچىلارنىڭ تور ئىسىملىرىنىمۇ خاتىرلەپ قويماپتىمەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ قېتىم ئۆزۈم تاپالىغان ئىنكاسلاردىن بىر قىسمىنى تاللاپ، بۇ يەرگە كىرگۈزۈپ قويدۇم. مەن ئىنكاس ئىگىلىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا ئىسىملىرى يېزىلماي قالغان قېرىنداشلاردىن مېنىڭ بۇ قىلغىنىمنى توغرا چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرى قانداق شەكىللەنگەن؟

(1) تىما ئىگىسىگە كۆپتىن كۆپ رەخمەت. بىزنى نۇرغۇن تارىخى ماترىيال بىلەن تەمىنلىدىڭىز قولىڭىزغا دەت بەرمىسۇن. ھەر نىمىنىڭ پەيدا بولۇش يېتىلىش ،گۈللىنىش ئاخىرىدا زاۋاللىققا يۈزلىنىش بولىدۇ ، ئادەملەرمۇ ئوخشاش مۇشۇ باسقۇچلارنىبېشىمىزدىن ئۆتكۈزىمىز .ئوسمان ئىمپىرىيەسى يۇقارقى باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى ئۇنىڭ يىگىلىنىشى مۇقەررەر ئىدى ،ئوسمان ئىمپىرىيىسى گەرچە خەلىپىلىك تۈزۈمىدىكى ئىمپىرىيە بولسىمۇ. ئۇ بىر جەمەتنىڭ ئىمپىرىيەسى .خەلىپىلىك باللىرىدىن باللىرىغا قالدۇ. بۇنى ھەقىقى خەلىپىلىك دېيىشكە بولمايدۇ .ئوسمان ئىمپىرىيەسىنىڭ ئارقا ھويلىسى تەرەققى قىلغان .ئۇ ئىسلامغا توغرا كەلمەيدۇ ،ھەشەمەتچىلىك ئىغىر . ياۋرۇپانىڭ تەرەققىياتىنى كورۇپ تۇرۇپمۇ ئىلىم پەننى تەرەققى قىلدۇرمىغان . . ئەگەر ئىلىم پەننى تەرەققى قىلدۇرغان بولسا ،ھەشەمەتچىلىككە بىرىلمىگەن بولسا . ئۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايتى . مىنىڭ نەزىرىمدە مۇستاپا كامال ھەقىقى مۇسۇلمان . ھەقىقى تۈرۈك ، مۇستاپانىڭ ئورنىدا مەن بولساممۇ شۇنداق قىلاتتىم .مۇستاپا كامال ئىلىم پەننى تەرەققى قىلدۇرۇشقا قارشى پىكىردە بولغان . 4 مىڭغا يېقىن موللامنى بىر بىرسىنى ئارقانغا باغلاپ قارا دېڭىزغا غەرىق قىلدى . 5 يىلدىن 10 يىلغىچە . مەسچىتلەرنى تاقىدى . قاراقچى ئەرەپنىڭ ھىجاپىنى يۇقاتتى .دىنى ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇردى . ئەرەپ يېزىقىدىكى قۇرئاننى تۈرۈكچىگە ئۆردى . چۈشەنمەي مىڭ قېتىم ئوقۇغاندىن چۈشۈنۈپ بىر قېتىم ئوقۇغان مىڭ ئەلادۇر . . سىز ۋە مەن ھەقىقى مۇسۇلمان بولمەن دەيدىكەنمىز .قاراقچى ئەرەپنىڭ يۇگۇنۇپ ئىش تىرىيدىغان . ھىجاپىنى دەپ تاللاشماي . . ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇرۇمىنىڭ مىللى خاسلىقىنى قوغداپ ئۆرۈپ ئادەتلىرىمىزگە خالىغانچە مۇش پەشۋا ئاتماي .

ئىككى قوشقار سۈقۈشسا ، ساغلىققا زىيان بولىدىغانلىقىنى چۈشۈنۈپ .ئىتىپاقلىشىپ .مۇشۇ تىنىچ زاماننى قەدىرلەپ . مول مەدىنى بىلىمگە ئىگە بولۇشقا تىرىشايلى .بىزگە هازىر بىلىم كىرەك . ساپ ئۇيغۇر كىرەك .مەدىنىيەتلىك بىلىملىك ئۇيغۇر كىرەك .ئىتىپاقلىشالايدىغان ئۇيغۇر كىرەك .. تەبرىقچى ،قۇرۇق موللاملار كىرەك ئەمەس .. هىجاپلىك ساقاللىق ئاشقۇن ئەرەپ كۆچۈكلىرى كىرەك ئەمەس ،،،....بۇلار مىللەت ئىچىگە مىتە قۇرۇتتەك سوقۇنۇپ كىرىۋىلىپ . مىللەتنى خار زەبۇنلۇققا باشلاۋاتىدۇ ،هاياتىمىزغا تىنىچسىزلىق ئىلىپ كىلىۋاتىدۇ .مۇشۇلارنىڭ دەستىدىن خاتىرجەم نامىزىمىزنىئوقۇيالمايۋاتىمىز .رۇزىمىزنى تۇتالمايۋاتىمىز .ئۇيغۇرلار بولۇنىۋاتىمىز. مىسرانىم، Ogdulmuz.

(2) ئادەمنىڭ دىگەن يىرىگە بارغىدەك، ئىزدىنىش خاراكتىدىكى يازمىدىن يەنە بىرنى سۇنۇپسىز. ئىلتەرىبىر007، باغداش.

(3) هارمىغايسىز، قىرىندىشىم، ئاللاھ ئەجرىڭىزنى بەرسۇن! بۇ ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، يىقىنقى زامان جاهان تارىخى ھەققىدىكى نەزەر دائىرەم يەنىمۇ كىڭەيدى. نادىر تېمىلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىغاي. سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ سالامەت، تىنىچ-ئامان ، بارلىق ئىشلىرىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمەن! هون، باغداش.

(4) ئوخشاش تۇيغۇ... ئوخشاش هىسيات... ئوخشاش ئوي-پىكىر.......... ئەجرىڭىزگە رەھمەت قىرىندىشىم ، تىخىمۇ نادىر تىمىلىرىڭىزگە موھتاج بىز..!! ئالسار، باغداش.

(5) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! بىلىمخۇمار ئۇستاز، سالامەت تۇرۇۋاتامسىز؟ مەن بۇ ماقالىنى ناهايىتى تەپسىلى ئوقۇپ چىقتىم. مىنىڭ قارىشىمچە ماقالە ناهايىتى ئەتراپلىق، ئىنچىكىلىك، يۇكسەك دەرىجىدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا يىزىلىپ چىقىپتۇ، دەپ قارىدىم. يەنە كىلىپ سىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللار بىلەن تەمىنلەشنى تەكرار ئەسكەرتكەنلىكىڭىزدىن سىزنىڭ نەقەدەر ئىنسابلىق بىر بىلىمخۇمار كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرگەندەك بولدۇم. هازىرچە مەن ئۆزەمگە ۋەكالىتەن سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت. ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر قانچە قۇرغا ئوخشىمىغان قارىشىم بار. لىكىن باشقا يەرلىرى ھەقىقەتەن ماڭا نۇرغۇن چۈشىنىشمەسلىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. مەنمۇ بۇ ھەقتە خىلى كۆپ ماتىرىيال كۆرگەن. مەن كۆرگەن ماتىرىياللار ئىچىدە سىز يازغان بۇ تىمىغا ئەڭ مۇناسىۋەتلىك بىر كىتاب بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ياكى ئىلكىتاب نۇسخىسىنى سىزگە يەتكۈزۈپ بىرەي... مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىدىن پايدىلىنارسىز. دوقمۇش، باغداش

(6) رەھمەت سىزگە بىلىمخۇمار ئاكا! ۋاقتىڭىز شۇنچە قىس بولسىمۇ ئىسىل ماقالىدىن بىرنى سوۋغا قىپسىز! ئاللا تىنىڭىزنى سالامەت،ئائىلىڭىزنى خاتىرجەم قىلسۇن! لاپقۇك، باغداش.

(7) بىر ئالىمنىڭ قەۋمى ئۇچۇن كۆيىۋاتقان ئوتلۇق يۈرىكى. پىخۋا، باغداش.

(8) كۆپ ئىزدىنىپسىز، جىق بىلىملەرنى بىلىۋالدۇق. بولۇپمۇ ئوسمان ئىمپىرىيىسىنىڭ قانداق هالاك بولغانلىقىنى ياخشى بايان قىپسىز. يەهۇدىلار 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى،20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى بىلەن

پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان، ئەرەپلەرنىڭ قولىدىن نۇرغۇن زېمىنلارنى سېتىۋالغان. ئەرەپلەر يەھۇدىيلارنىڭ شۇنچە كۆپ يەر سېتىۋېلىشىنىڭ كەينىدىكى مەخسىدىنى چۈشەنمىگەن، چۈشىنىشكىمۇ قۇربى يەتمىگەن، ئوسمان ئىمپېرىيىسىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشى ۋە يەر سېتىۋېلىشىنى چەكلىمىگەن. يەھۇدىيلار سېتىۋالغان پارچە-پارچە يەرلىرىنى تەدرىجى بىرلەشتۈرۈپ ھەم كېڭەيتىپ ھازىرقى ئىسرائىلىيەنىڭ ئاساسىنى سالغان. يادىكار0428، باغداش.

(9) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ! ئىنتايىن ئىسىل تېما يوللاپسىز، رەھمەت! جاپا چېكىپسىز! بىزگە ھازىر مۇشۇنداق مەزمۇندىكى نادىر تېمىلار ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. بولسا بۇ ئۇلۇغ مىللىتىمىز ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپلەپ ۋاقىت ئاجرىتىپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نادىر ماقالىلەر ئارقىلىق مىللىتىمىزنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن بىركىشىلىك تۆھپە قوشىشىڭىزغا تىلەكداشمەن! سىز ھېس قىلغاندەك مىللىتىمىز ھازىر ئىتتىپاقلىشىپ ئۇيۇشۇش ياكى ئەرەبلەرگە ئوخشاش مەزھەپلەرگە پارچىلىنىپ، مەڭگۈ بىرلىككە كېلەلمەسلىكتىن ئىبارەت تارىخى تاللاشلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ (مىنىڭ شەخسى قارىشىم ). مارال، باغداش.

(10) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قېرىندىشىم ئاللا قولىڭىزغا دەرىت بەرمىسۇن ، زېھنىڭىزنى ، ئىلمىڭىزنى ، ئىمانىڭىزنى زىيادە قىلسۇن ماقالىڭىز مىنى دىنىمىز ۋە دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى توغۇرلۇق بىلىمگە ئىگە قىلدى ماقالىڭىزنىڭ ئاخىرغا شۇ ھىندىنىڭ سوزلىرنى قىستۇرۇپ بىر ئوبدان گۈزەل تىمىگە ئازراق نوقسان يەتكۈزۈپسىز ئۇنىڭ سوزلىرنى ئىلاۋە قىلمىسىڭىزمۇ بولاتتى مىسالغا بۇ قۇرنى قايتا يوللۇدۇم . ساتۇك، باغداش.

(11) نىمە دىيىشمنى ھىچ بىلمىدىم، ئەمما بىزنىڭ سىزدەك ئاكىمىزدىن 10 نى بولغان بولسا نىمە ئىشلار بولار ئىدى ئۇيغۇر جەمىيتى ئۈچۈن ئەڭ ئىھتىياجلىق ماقالىلەرنى يىزىۋاتىسىز بىلىمخۇمار ئاكا .
سىزگە ئاسانلىق ،ئامانلىق بەركەت ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن . كىتابھۇمار، باغداش.

(12) پاھ! ئىنتايىن تېتىملىق يازما ئىكەن. ئۆز تارىخمىزدىكى مۇشۇ 400يىللىق مالمانچىلىق خارەكتىرىمىزدىكى ھىسسىياتنى ئەقىلنىڭ ئۈستىگە قويۋىلىپ ۋە جاھىللارچە شۇنى توغرا دەپ تۇرۇۋىلىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن كىشىنى ئەپسۇسلاندۇردىغان بىر پىسخىكا ئالاھىدىلىكىمىزنى مىللەت بويۇنچە تامامىلىدۇق. ھىلىمۇ ئاللاھ قا شۈكرى مۇشۇ 400يىلنىڭ ياقى سىزدەك بىلىم خۇمارلارنىڭ توختىماي ئەجىر قىلىشى ۋە قۇربانلىق بىرىشى بەدىلىگە مىللىتىمىز ھىلى ھەم ئۆزمەۋجۇدلۇقىنى ساقلاۋاتىدۇ. مەنچە بۇ يازمىغا باھا بەرگۈچىلەر بۇ يازمىنى ھىسسىيات كۆزئەينىكىمىزنى قايرىۋىتىپ، ئازدىگەندىمۇ 5 قېتىم تەپسىلى ئوقۇپ ئاندىن بىرنىمە يازغان بولساڭلار ئاندىن ئاپتۇرنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلغان بولاتتىڭلار. مىنىڭ بىلىشىمدە ياۋروپا ۋە ئامرىكىلىقلار سىياسەت بىلەن دىننى ئايرىغان بىر تۈزۈمنى ئورنىتىپ سىياسەتنى دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلىرىغا ،دىننى ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەدەپ ئەخلاق تەربىيىسىگە ئىشلىتىپ تەدرىجى تەرەققى قىلغانمىكىن دەيمەن. بۇنداق دىيىشىمدە بۇ ئەللەر ئوخشىمىغا پىكىرلەرۋە كۆزقاراشلارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بىرىپ ئۆزدۆلىتىدىكى بارلىق زىددىيەتنى ئاساسەن ھەل قىلدى. شۇڭا ياۋروپا ۋە ئامرىكىدىن ئىبارەت بۇنداق مەملىكەتتە ئاساسەن خرىستىيان،ئىسلام ،يەھۇدى ۋە دىنسىزلىق ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولمايدىكەن. ھەرقانداق پىكىر ئىقىمىغا ئۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاغلىق ئىكەن،پەقەتلا ئاساسى قانۇننىڭ ئىچىدە بولسا ئۇ ھۆكىمەت تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدىكەن. ئاڭلىشىمچە غەرىپ دۆلەتلىرىدە مەسچىت سېلىش ھىچقانچە تەس ئەمەس بولۇپ، رەسمىيەت تولۇق بولسىلا

ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىكەن. شۇنى ئويلاپ قالىمەن. ئەگەر غەربىيلىكلەر مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە چىركاۋ سالىمەن دىسە قانداق قىسمەتكە دۇچار بولار دەپ. دۆلەت تىنىچ بولسا كۆچىيدىغان بىيىيدىغان گەپكەن ،تەرەققى قىلىدىكەن. مەنچە گەندىنىڭ گېپى ئورۇنلۇق. مەيلى قانداقلا دىن بولمىسۇن ھەممىسى ياراتقۇچىغا ئىشىنىدۇ،يەقەتلا ئىپادىلەش ۋە تەدبىر بىرىشى پەرقلىق. شۇڭا ھەركىمگە ھەركىمنىڭ ئىدىقادىنى تاڭماي،تاللاش ئىمكانىيىتىنى ھەركىم ئۆز قولىغا ئالغاندىلا ئاندىن دۇنيادا تىنىچلىق بولىشى مۇمكىن. ھېچ بولمىغاندا دىندىن كىلىپ چىققان قىرغىنچىلىق بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا مەنچە گەندى توغرا دەپتۇ. ھەر بىر قىرىندىشىم شۇنى ئويلاپ بىقىڭلار . بىز ئاللاھ نىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىغا قانچىلىك ئىشەنسەك بۇددىسلارمۇ ،خىرىستىيانلارمۇ،يەھۇدىلارمۇ ئۆزتەڭرىسىگە شۇنچىلىك ئىشىنىدۇ. شۇڭا بۇيەردىكى خاتا توغرىنى مەنچە ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇ دۇنيادا ئۆزى بىر تەرەپ قىلسا بۇ دۇنيادا بىز قولىمىزدىن كەلگىنىنى قىلىپ تەرەققى قىلىپ نادانلىقتا ،قۇللۇقتا زوراۋانلىقتا ،مۇتەمىلىكچىلىككلە ،نامراتلىقتا ئورتاق قارشى تورساق دەيمەن.
گەندىنىڭ گېپى توغرا دىگەنلىكىم ئۇچۇن بىرقىسىم قىرىنداشلىرىم تەرپىدىن ئەيىپلىنىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. لىكىن مەيلى ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت. ئەگەر مىنىڭ خاتا بولسا بەلكىم توغرىسىنى كۆرگەندە تۈزىتىۋالامەن. بىلىم خۇمار ئاكا رەھمەت سىزگە. نەزەر دائىرەم يەنە بىرئاز ئىچىلدى. شۇنى بىلىڭكى بىز سىزھەم سىزدەكلەرگە مۇختاج. گۈللەن، باغداش.

(13) نەزەر دائىرەم ناھايىتى ئېچىلىپ كەتتى. رەھمەت ئەركىن ئاكا! ئاللاھ سىزگە تېخمۇ زور نەتىجىلەرنى ئاتا قىلسۇن ! سىزنى كاتتا باي قىلسۇن! تېنىڭىزنى ساغلام قىلسۇن! ئاللاھىنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان بىلىملەرنىڭ زاكىتىنى كۆرگەنگەنلىگىمگە گۇۋاھلىق بىرىمەن! قۇرئاننى تولۇق چۈشەنمەي ھىندىستانلىق گەندىنىڭ نەقىل سۆزنى باناھ قىلىپ ئالا-چوقا سۆزلىگەنلەرنىڭ سۆزى كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلمىسۇن. ئەمەلىيەتتە نەقىل سۆز بىلەن قۇرئاندىكى ماۋۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بىردەكلىككە ئىگە.
"2:62 شۇبھىسىزكى، مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار (ئارىسدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسدىن ئاﷲ قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ يوقتۇر ".
" 5:69 مۆمىنلەردىن، يەھۇدىيلاردىن، پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن، ناسارالاردىن ئاﷲ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر . دەسەرتستورم، باغداش.

(14) قەلبىمىزدىن چوڭقۇر ئورۇن ئىلىپ كىلىۋاتقان يىتۇك ئالىم، بۇ ئەسىرى ئارقىلىق يەھۇدىلارغا مىللەت سۈپىتىدە ئو چەمەنلىك قىلىشنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىگىنى پاكىتلىق ئېچىپ كورسەتتى . ئاللاتائالا قۇرئان كىرىمدە" بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاپ بىرىلگەنلەر( يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار)نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مومىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاپ بىرىلگەنلەر( يەنى يەھۇدى ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا- يوشۇرۇن پاھىشىنى كوزلىمىگىنىڭلار ھالدا( ئۇلارنى ئالساڭلار) ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر، . . سۈرە مائىدە 5- ئايەت. بۇ ئايەت ئىسلامدىكى 5پەرىز ئىچىدىكى 1- ھوكۇم تەۋھىد ئىلمىدائۇلارنىڭ(يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ) ئاللانىڭ بىرلىگىنى تونۇيدىغانلىقنى ، ھەممىنى بىر تاياقدا ھەيدەپ يەھۇدىلارغائوچەمەنلىك قىلىشنىڭ مۇناسىپ ئەمەسلىگىنى كورسىتىپ تۇرۇپتۇ . كىتاپ چۈشمىگەنلەر

قۇرئاندىكى بۇ ھوكۇمنىڭ سىرتىدا . زاكىنۇر، باغداش.

(15) 48-بەتتىكى ئىنكاس ماڭا جاھالەت دەۋرىدىكى سوپىستىك ئىدىيەنىڭ يەنە بىر نامايەندىسىنى كۆرسەتتى. سىزگە نىمىلا دىسە تەسىر قىلىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ يەنىلا بىر بىلجىرلاپ باققۇم كىلىپ قالدى. ئالدى بىلەن بۇ ماقالە ئىنتايىن رەتلىك ھەم چۈشىنىشلىك يىزىلغان. سىز دىگەندەك چۈۋالچاق ئەمەس. مۇشۇ 100يىل مابەينىدە تەدرىجى ئۆزگەرگەن جاھاننىڭ قىسقىچە كارتىنىسى. ھىچقانداق نەرسە توككىدە پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. ھەر نەرسىنىڭ ئاۋال باشلىنىش، ياكى باشلاش، گۈللىنىش، ئاخىرلىشىش دەۋرى بولىدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلار تارىخىدا مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى دەۋردە ئوخشىمان ئىقلىمدا،كۆچىيىپ ئاجىزلىغان ئىزناسى بولىدۇ. بۇ ماقالە دەل مۇشۇ 100يىلدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۆگۈنكىدەك پارچىلىنىپ ئۆزئارا ئىتىشىپ چىپىشىپ يۈرشىنىڭ سەۋەبى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەھۇدىغا ئۆچمەنلىكىنى مەن ھازىرغىچە چۈشەنمەيمەن. چۈنكى ماقالىدىمۇ تىلغا ئىلىنىپتۇ،مەنمۇ ھەم ئۇزۇندىن شۇنى ئويلاپ كىلىۋاتقان. قايسى ئۇيغۇر بىرەر يەھۇدىنى تىلۋىزىردىن باشقا يەردە ئۆزكۆزى بىلەن كۆرۈپ باقتى؟. قايسى تارىخمىزدا بىزگە يەھۇدىدىن تالاپەت كىلىپ باقتى. مۇنداقچە ئىيتقاندا بىز بىلەن ھىچقانداق دۈشمەنلىكى يوق بىر خەلقنى دۈشمەن قىلىپ ئەكسىچە بويىنمىزغا مىنىۋالغانلارغا پەرۋاسىزلىق قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى دەل كۆپ قىسىم ئۇيغۇرنىڭ پەقەت ۋە پەقەت دىننى ھىسسىياتقا بىرلىپ ئەقلىنى قوللانمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمەن. ھازىرغىچە يەھۇدىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرشى،ۋە تەرەققى قىلىپ مۇشۇ سەۋىيەگە كىلىشىنى تەھلىل قىلىپ باقساق دىمەك جانابى ئالللاھ يەھۇدىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرشىنى خالايدۇ دىگەن گەپ. ئەگەر خالىمىسا يەر يۈتسۇن دەپلا يەھۇدىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىنى كۆزدىن يوقىتار ئىدى . دىمەك. يەھۇدىغا ئۆچمەنلىك قىلىشنىڭ ھىچ ئاساسى يوق،ئەمما سىئونىسلارنىڭ پەلەستىن خەلقىگە سالغان زۇلۇمىغا سۈكۈت قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. يەنە بىرى ئاتا تۈرۈكنى ،كەلسە كەلمەس ھاقارەتلەشنىڭ ئىنتايىن چاكىنا ۋە كۆلكىلىك،سەۋەبى ئەينى يىللاردا ئۆزىنى مۇھەممەد سەلالللاھۇ ۋەسساللامنىڭ 25 پۈشتى دەۋالغان ئاپئاق خوجىنىڭ ۋاقتىدا بىزدە دەل ئاتا تۈرۈك مۇستاپا كامالدەك ئادەمنىڭ يوقلىقىدا بىزنىڭ تەغدىرىمىز،باشقىچە بولۇپ قالدى.

. مۇستاپا كامال دەل دىنى خۇراپاتلىققا قارشى چىقىپ تۈركىيەنى بۆگۈنكى تۈركى مىللەتلىرىنىڭ بىشى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكلۈك سالاھىتىگە ئىرىشتى. ئەگەر مۇستاپا كامال بولمىسا ئىددى بۆگۈنكى تۈركىيە، فىرانسىيە،ئەنگىلىيە،ۋە روسىيەنىڭ ئايرىلماس بىرقىسمى بولۇپ قالاتتى. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسى بىلەن بىر گەۋدە دەپ قارىيالىسىڭىز ئۇنداقتا بۇنداق رادىكال خۇراپاتلىقتىن بالدۇرراق خوشلىشىپ بارلىق مۇسۇلماننىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان نادانلىق،قالاقلىق ،جاھىللىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا ئوت ئىچىڭ. بۇنى قىلالىسىڭىز كۈن بويى ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ يەھۇدى، ياكى ئامىرىكىنى تىللاپ ئولتۇرغىنىڭىزغا قارىغاندا ئۇممەتلىرىڭىز ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بەرگەن بولىسىز.

ئەمدى 45-قەۋەتتىكى قىرىنداشىمنىڭ ئىنكاسىغا كەلسەم. مەن بۇ يەردە ماقالىنىڭ ئاساسى ئىدىيەسىنى بورىملىمىدىم، ئەكسىچە بۇ ماقالىنىڭ مەركىزى ئىدىيەسىگە پىكرىمنى بىلدۈرۈپ قويدۇم. مەنچە ئاپتۇر گەندىنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزى ئارقىلىق ماقالىنىڭ مەركىزى ئىدىيەسىنى يورۇتۇپ بەردى. ئەگەر ئىنسانلاردا بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەش يول قويۇش بولسا ئىشىنىمەن دۇنيا خىلى تىنجىپ قالاتتى. يەنى سىياسىيونلار خەلقنى دىنىنىڭ مايىل قىلىش كۈچىنى سۈيئىستىمال قىلىپ يەنە بىر خەلقنى بۇلاڭ تالاڭ قىلدىغاننىڭ كوزۇرى قىلىۋالغان. ئەگەر ئۇمۇمى خەلق دەل گەندى دىگەندەك قىلىلىسا دىمەككى سىياسىيونلار يالغۇزقىلىپ رەزىل مەقسىتىگە

يېتەلمەيتتى دىمەكچىمەن. ئاخىرىدا قوشۇپ قويىدىغىنىم يوقۇلۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئەسىرلەردىن بۇيان ۋەتەنسىزلىكتە خانىۋەيران بولۇپ كېتەيلا دىگەن يەھۇدىيلارنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن شۇنچىلا رادىكال ۋاستىلەرنى قوللىنىپ تۇرۇپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشىنىڭ مەنچە خاتاسى يوق. ئالاھىدە ئەسكەرتىدىغىنىم شۇكى بۇيەردە مەن پەلەستىن خەلقىنىڭ قىرغىن قىلىشىنى توغرا دىگىنىم ئەمەس. دىمەكچى بولغىنىم ۋەتەنسىز مىللەت دۇنيانىڭ ھەرقانداق يەرىدە يۆلەنچۈكسىز،باشپاناھسىز قالىدىكەن. شۇ مەنىدىن يەھۇدىيلار سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مۇشۇ مىڭ نەچچە يىلدا ئۇلار مۇشۇنى تىگىتەكتىدىن چۈشىنىپ يىتىپتىكەن دەپ قارىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى يىللىرى ئوسمان ئىمپىرىيىسىنىڭ قارىشى چىقىشىغا ئۇنماي پەلەستىنلىكلەر ئۆزلىرى يەرلىرىنى سېتىپ بەرگەن. ئوسمان تۈرۈك ئىمپىرىيىسى ئەرەپلەرنىڭ ياردىمىدە ياۋروپانىڭ ھۇجۇمىدا ھالاك بولدى. ئاتاتۈرۈك مۇستاپا كامال تۈركىيەنى مۇشۇ ۋەتەنسىزلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالغان قەھرىمان. تۈرۈكچىدە ئۇيگار دىگەن گەپ مەدەنىيەت دىگەن مەننى بىلدۈردىكەن. ئۇيگار دىگەن سۆز دەل ئاتا تۈرۈكنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان سۆيۈنۈش ۋە ھۆرمىتىدىن مەدەنىيەت دىگەن سۆزنى ئۇيغۇر دىگەن سۆزبىلەن ئىپادە قىلغان ،كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيتى دىگەن گەپ بولغاندا ئۇيغۇرئۇيغۇرى دىسە قاملاشمىغۇدەك دەپ ئۇيگار، يەنى ئۇيغۇر ئۇيگارى دەپ ئۆزگەرتكەن. ئىشەنمىسەڭلەر تۈركىيەدىكى تونۇشۇڭلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقساڭلار مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرراق بىرى بولسىلا سىللەرگە دەلىللەپ بىرەلەيدۇ.

ئاخىرىدا تىمىدىن سەل چەتنەپ كەتتىم سەۋەبى نوقۇل دىننى ھسسىيات بىلەن تۈركىيەنى قۇتقۇزۇپ قالغان قەھرىماننى تىللاش ئارقىلىق تۈرۈك قىرىنداشلىرىمىزنىڭ دىلىنى رەنجىتمىسەك دىدىم. ئاتاتۈرۈك بىزنىڭمۇ ئاتاتۈركىمىز. گۈللەن، باغداش

(16) بۇ يىتۈك ئالىمىمىزغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن .. ئۇ بىر تەبىئى پەن ئالىمى بۇلىشىغا قارىماي جان كۆيەرلىك بىلەن جەۋھەرلەنگەن بىلىمنى بىزگە تەقدىم ئىتىپ كىتىۋاتىدۇ .... ئاللاھىم يولىنى يۇرۇق قىلسۇن...

مۇسۇلمان تۇرۇپ مۇسۇلماندەك ئىش قىلمايۋاتقېنىمىز ئايانغۇ... ئالىم ھەق ئېيتقان :بىزنى سېتىپ خەجلەۋاتقىنى قان قېرىنداشلېرىمىز بىلەن دىن قېرىنداشلېرىمىز ئىكەنلىكى پاكىتقۇ.... شۇنداق ئازابلىق پاكىت... يۇرىكىمىزنى مۇجۇيدىغان پاكىت... ئەرەب يېقىنقى زامان كاتتىلېرىنىڭ ئۇممىتى ئىسلامغا قىلىۋاتقان خىيانىتىمۇ پاكىت... بۇنىڭدىن يەتمىش يىل بۇرۇنقى مۇتەپەككۇر سەئىد قۇتۇپ ئۆزى ئەرەب تۇرۇپ ئەرەب ئىسلام كارۋىنىنىڭ ئاخىرىدا قالدى ھەم يىراقلاپ كەتتى دىگەندى....

ئەمدى بۇ گەپنى بىر ئۇيغۇر ئالىمى ئوتتۇرىغا قويسا ئۆزىمىزچە بىر نىمىلەرنى دەپ باقامدىمىز !

بەزى يەڭگىلتەك دوستلېرىمىز نۇمۇس قىلايلى.. بۇ ماقالىدىنمۇ قۇسۇر ئىزدىگىنىڭلارغا قاراپ توۋا دىدىم...

تېخى ئەرەپاتنىڭ گېپىنى قىلىپ كىتىپسىلەر... ئەراپاتنى يەھۇدى قەستلىدى دەپسىلەر... سىلەر تەسىر ئەراپات دىگەن ئۇيغۇرچە كىتابنى ئوقۇپ بېقىڭلار.. شۇ ئەرەب رەھبەرلەرنىڭ ئەراپاتقا قانچىلىك زۇلۇم قىلغىنىنى ،خىيانەت قىلغىنىنى بىلىسىلەر...

ماقالە گەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرلۇپتۇ . . گەندىنىڭ سۆزىنى ئاپتورنىڭ دەپ قالمايلى . . نىمىشقا شۇنداق گەپ بىلەن ئاخىرلاشتۇرغانلىقى بىزنى ئەندىكتۈرۈش. ئالسوي705، باغداش.

(17) دوستۇم ماقالە چۈۋالچاق يېزىلماپتۇ. بەلكى ناھايىتى تېتىملىق ھەر سەۋىيەدىكىلەرگە ماس ھالدا ، كۆپرەك بىر نەرسە ئوقۇسا بېشى ئاغرىيدىغانلارغا باب ھالدا ئوبدان يېزىلىپتۇ.... ئىنسابلىقلاق بولايلى خەلقئارا

سەھنىلەردە ماقالە ئوقۇپ تۇرىدىغان ھەر پەندىكى ھەم ھەر ساھەدىكى ماقالە ئولچەملىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىدىغان بىر ئالىمىمىز تەرپىدىن. . . شۇ ماقالە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى كۆزدە تۇتۇپ. يارامىلىق يېزىلىپتۇ . . .

تارىخ ھەققىدە سۆز ئاچقاندا. شۇنداق تىز سىزما قىلىپ يېزىش نوقتىئىنەزەرلەرنى پاكىتلىق كەلتۈرۈش بۇ ماقالىنى تېخىمۇ نادىر قىلىۋېتىپتۇ. .
ئانا خەلقىگە كۆيىنىدىغان ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى بۇ ماقالە ھەل قىلماقچى بولغان ماۋزۇنىڭ بىزنىڭدۇ. ئەگ تەخىرسىزلىكىنى تونۇيالايدۇ. شۇندىلا بۇ ماقالىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىكىنى بىلەلەيدۇ. . . . بىلىشىمچە گۈلەن ئەپەندى بىزنىڭ تۈگگانلارغا بولغان تونۇشىمىزنىڭ روسلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولسا. بۇ. سۈيۈملۈك ئالىمىمىز يەھۇدىيلارغا بولغان خاتا تونۇشنى تۈزىتىۋېلىشىمىزغا ياردەم بەرگەن . ئالسوي705، باغداش.

(18) رەھمەت سىزگە ! تەپسىلى ئوقۇپ چىقىپ، نۇرغۇن تارىخى بىلىملەرنى بىلىۋالدىم . كېيىنكى تېخىمۇ ياخشى تىمىللىرىڭىزغا تىلەكداشمەن ! باھىتلىك88، باغداش.

(19) مۇشۇ يازمىنى ئوقۇش ئارقىلىق كاللامدا مۇجمەل بولغان خېلى كۆپ سوئاللارغا جاۋاپ تاپتىم. بىلىخۇمار ئۇستازنىڭ مۇشۇنداق ئىلمىي قىممىتى بار ئېسىل يازمىنى بىزگە سۇنغىنىغا كۆپ تەشەككۇر. ئىلتەربىر107، باغداش.

(20) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا، سىزنىڭ ھەربىر پارچە ماقالىڭىز شۇنداق قايىل قىلارلىق، ئۇسسىغاندا ئىچكەن مۇزدەك سۇدەك تېتىيدۇ ئادەمگە، ھارمىغايسىز ئاكا، سىزدەك ئالىمدىن يەنە بىر نەچچىسى بولسا ئۇيغۇرنىڭ ئەھۋالى كۆپ ياخشىلىنىپ كېتەتتى ئاللاھ خالىسا. خوش، مەن ئۆتكەندە مىسىرلىق ئالىم مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىناملىق كىتابىنى(ئۇيغۇرچە) ئوقۇپ چىققان ئىدىم. ئۇ كىتابتىمۇ ئوسمانلى توغرىسىدا ۋە مىسىرنىڭ نىمە ئۈچۈن ئەنگىلىيەپەرەس بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە سىز دېگەندەك تۈرك مۇسۇلمانلارغا قارشى ئەنگىلىيە تەرەپتە ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى يېزىلغان ئىكەندۇق. ئاپتورنىڭ يېزىشچە ئەنگىلىيە ۋە فىرانسىيە بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنراق مىسىرغا بېسىپ كىرىپ خەلقنى ئىدىيە جەھەتتىن ئېزىقتۇرۇپ مىسىر خەلقىنى ئىسلامنى ئۆچ كۆرىدىغان قىلىۋەتكەن ئىكەن. بۇ جەرياندا ھۇدا شەراۋى ، سەئىد زەغلۇل قاتارلىق مىسىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئالىم ئۆلىمالىرىدىن پايدىلانغان ئىكەنتۇق. ئىشقىلىپ بۇ كىتابتىمۇ مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ قانداق قىلىپ ھازىرغا كەلگەنلىكىنىڭ ماھىيەتلىك ھىيلە نەيرەڭلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپتىكەن. . . مىسىرنىڭ ئۇ دەۋردىكى ئەھۋالى بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەنتۇق. ئەنگىلىيە خىرىستىيانلىرىنىڭ مىسىرلىقلارنى قانداق ھىيلىلەر بىلەن ئىدىيە ھۇجۇمى قوزغاپ ئىسلامدىن ياتلاشتۇرىۋەتكەنلىكى دېگەندەك ئىسلام دۇنياسىنىڭ تارىخىدىكى ماھىيەتلىك ئېزىقتۇرۇشلار ئېچىپ تاشلانغان كىتاپ ئىكەن. ئەگەر ئوقۇپ باقمىغان بولسىلا شۇ كىتابنىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇپ باقسىلا بۇ ماقالىگە مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈرلارمۇ كۆپكەنتۇق ئۇ كىتابتا، ئۇ كىتابنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىمۇ بار توردا. مۇشۇنداق ئېسىل بىلىملەردىن داۋاملىق خەۋەردار قىلىپ تۇرغايلا بىلىمخۇمار ئاكا. ئۇيغۇرتۈرك، باغداش.

(21) رەھمەت سىزگە بېلىمخۇمار ئاكا، بىز نۇرغۇنلىرىمىز ئويلىغان لېكىن ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن ۋە يېتەرلىك

ئىزدىنىپ بولالمىغان كۆڭلىمىزدىكى ئويلىغانلىرىمىزنى پاكىتلىق ئوتتۇرغا قويۇپسىز. ئاخىرىدا يېزىلغان گەندىنىڭ سۆزلىرېنىڭمۇ ئاساسى بار ئورۇنلۇق ئېيتىلىپتۇ . كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىز بۇ ماقالىنى كۆرگەن بولسا بەك ياخشى بولار ئىكەنتۇق. ئاشۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئويلايدىغىنى ئەمەلىيەتتە يىغىپ كەلسە بىر ئىدىيە،ھەممىسىنىڭ ئېتىقادى بىر ،نېيىتىمۇ بىر. بېراق تۇتۇرۇقسىز ئايىقى چىقمايدىغان قىلمىسىمۇ بولىدىغان دە تالاشلار ،ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان، پايدىلىق بولغان مەقسەدلىرىمىزگە يېتىشمىزگە توسالغۇ بولماقتا. شۇڭا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۈنىڭدىن كېيىن مۇبارەك كاللىسىنى مۇھىم شلارغا سەرىپ قىلىشىنى، ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىنكاسلانى قىلماسلىغىنى ئۈمۈد قېلىمەن! ئۇيغۇرىيە، باغداش.

(22) ياخشى ماقالىدىن بىرى چىقىپتۇ دەپ، بۇ ماقالىنى يولدۇشۇمغا ئاخشام تولۇق ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم. . . نەچچە مىنۇت ئېغىر سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ كەتتۇق، نۇرغۇن نەرسلەرنى بىلىۋالغاندەك ھىسياتتا بولدۇق، مىنىڭچە بۇ ھەرگىزمۇ ھاياجانلىنىش ئەمەس. نۆۋەتتە بىزگە دەل مۇشۇنداق ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىشقا تۈرتكە بولىدىغان ماقالىلەر كېرەك. ھارماڭ ئەركىن ئاكا. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان قۇرلار مىسىرنىڭ مۇناپىقلىقى بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادى بولغان شارىف ھۆسيىننىڭ ئۆز دىنداشلىرىنى قىرغانلىقى بولدى، بولۇپمۇ ھۆسيىننىڭ ئۇلۇغ ئەجدادى (ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز )نىڭ ئىرادىسىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى بولدى. ۋۇمۇت، باغداش.

(22) ھارمىغايسىز ئەركىن ئاكا، شۇنداق ياخشى ماقالىدىن يەنە بىرنى بىزگە سۇنغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت. مەن ماقالىنىڭ بېشىنى تولۇق ئوقۇپ بولالمىدىم، لېكىن مېنىڭ دىنغا بولغان كۆز قارىشىم دەل ئەڭ ئاخىرىدىكى جۈمللەردە دىيىلگەندەك. مەن مۇشۇ كۆز قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئىنجىلنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى باشتىن ئاخىر ئوقۇپ چىقتىم، بۇددا دىنىغا دائىر كىتاپلارنىمۇ (佛家故事) ئېلىپ كۆرۈپ باقتىم، قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنىمۇ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئۈچ خىل دىننىڭ مەيلى قايسى بولسۇن ئەسكى ئادەم بولۇڭلار، ئوغۇرلۇق، بۇلاڭچىلىق قىلىڭلار، ئادەم ئۆلتۇرۇڭلار دىمەپتۇ، ھەممىسىدە سەممىي، راستچىل، تىرىشچان بولۇش، كۆپلەپ بىلىم ئېلىش، ئەخلاق پەزىلەتلىك بولۇش تەكىتلىنىپتۇ. ئۆتكەن يىلى يەنە بىر جورنالدىن «جوڭگولۇقلار ئېتىكا تەربىيىسىگە جىددى مۇھتاج» دىگەن بىر ماقالىنى ئوقۇپ قالدىم ھەم بۇ ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان ياپونىيەلىك ۋەنشەن مىنشيوڭ ئەپەندىنىڭ تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن دىنغا بولغان كۆز قارىشى دەل مېنىڭمۇ كۆز قارىشىم بولغاچقا ئۇ ماقالىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ مۇشۇ مۇنبەرگە يوللۇدۇم. ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسلىدە بىر دىنىي داھى بولغان ۋەنشەن مىنشيوڭ ئەپەندىن 10 يىلدەك تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا ھەر قانداق بىر دىننىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىللىگىنىڭ ئۆزىدىن باشقا دىنلارنى چەتكە قېقىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ھەمدە تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن دىنىي جەمىيەتلەرنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلىپ ئەخلاق ئارقىلىق خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقۇرى كۆتىرىشنى قارار قىلغان ھەم "ئېتىكا تەتقىقات ئورنى " نامىدىكى خەلق ئارىسىدىكى تەربىلەش ئورنىنى قۇرۇپ چىققان. مېنىڭ نەزىرىمدە مەيلى قايسى دىن بولسۇن مەقسىدى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىيەت جەمىيىتىنى ياخشىلىققا باشلاش. شۇڭا بىز باشقىلارنىڭ دىنى ئېتىقادىنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، چەتكە قاقماسلىقىمىز كېرەك دەپ ئويلايمەن. بىر ئۇيغۇر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلامدۇ، خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلامدۇ، ياكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلامدۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى، بىزنىڭ ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇنى چەتكە قېقىش، پەس كۆرۈش ھوقۇقىمىز يوق. ھەر بىر دىن مۇرتى ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىننى ئەڭ ئىلغار دىن دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىز ئېتىقادىمىز بىر بولمىغىنى ئۈچۈن باشقىلارنى چەتكە قاقساق، پەس كۆرسەك

ئاشقۇنلۇق قىلغان بولىمىز.   ئايسۇلتان، باغداش.

(23) بىلىمخۇمار ئاكىمىز شۇنچە ئۇزۇن تارىخنى يەنە ھەر بىر نۇقتىلىرىدا بىر قانچە توم چىققىدەك شۇنچە ئۇزۇن تارىخنى تېز سىزمىدەك ئىخچام بايان قىلىپ ئۆتۈپتى. بىلىمخۇمار ئاكىمىز تەبىئىي پەن ئالىمى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئىجتىمائىي پەن ئالىمى بولۇشقا مۇناسىپ كىشىكەن.

بۇ ماقالىنى ئوقۇش جەريانىدا، ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرغۇچى ئاز ساندىكى يەھۇدى مىللەتچىلىرى، قالغان يەھۇدىلار بۇ ئىشقا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمىگەن دېگەن قاراشقا كېلىپ قالدىم. ھەمدە، پەلەستىنلىكلەرگە زۇلۇم سېلىۋاتقانلارمۇ ئاشۇ ئاز سانلىق يەھۇدى مىللەتچىلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. باشقا يەھۇدىيلارنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشى، مىللەتچى يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا سېلىۋاتقان زۇلۇمىنى قوللاۋاتقانلىقىدىن بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىز ئۇيغۇرلار يەھۇدىيلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، مەنپەئەت بارىسىدا پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۇرمىگەن بولساقمۇ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن يەھۇدىيلار توغرىسىدا ئاز-تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. مەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سالاھىيىتى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ كاپىرلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن. يەھۇدىيلارغا دوستانە كەيپىياتتا بولالمىساممۇ، مۇئامىلىدە ئادىل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئىسرائىلىيە ئوتتۇرا شەرقنىڭ يۈرىكىگە قېقىلغان قوزۇق. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغان زۇلۇمىغا كىشى چىداپ تۇرالمايدۇ. ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇلار تەبىئىي ھالدا مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان ئىدى. تارىختا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر يەھۇدىي مىللىتىدىن چىققان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، يەھۇدىيلار مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالسا، پات ئارىدا ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مەككە مۇشرىكلىرىنى قورقۇتاتتى. بۇ پاكىت. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئېنىق خەۋەر قىلىنغان. يەھۇدىيلار ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنى يەھۇدىي مىللىتىدىن چىقىدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى. كۈتمىگەن يەردىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئەرەب مىللىتىدىن چىقتى. يەھۇدىيدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن مىللەت ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلاندى. تەكەببۇرلۇق ئۇلارنى ھەق يولدىن تايدۇردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى يوشۇرۇشقا باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى ئېتىقاد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىقتىساد جەھەتلەردە يەھۇدىيلاردىن كۆپ تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك ئادەتتىكى ئۆچمەنلىك بولماستىن، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۆچمەنلىك يەنە ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت ئاساسىغا يىلتىز تارتقان ئۆچمەنلىكتۇر. يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى چېغىدىلا ئايان بولغانىدى. ئەينى چاغدا، مەدىنىدە ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ بۇتپەرەس دىنى ۋە بىر قىسىم ئەرەب ناسارىلىرىنىڭ خىرىستىيان دىنى تەڭلا مەۋجۇت ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر كۈچى باشقا دىنلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. يەھۇدىيلارنىڭ بەنىي نەزىر، بەنىي قەينۇقا ۋە بەنىي قۇرەيزەدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قەبىلىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رەھبەرلىكىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق ۋە تىنىچ بىللە تۇرۇش، كېلىشىمنى بۇزغۇچى تەرەپ جاۋاپكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ھەققىدە كېلىشىمنامە تۈزدۇ. ئەپسۇسكى، پۇرسەتپەرەس يەھۇدىي قەبىلىلىرى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالماي ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپ، كېلىشىمگە ئاسىيلىق قىلدۇ. نەتىجىدە، يەھۇدىيلارنىڭ بەنىي نەزىر، بەنىي قەينۇقا ۋە بەنىي قۇرەيزە قەبىلىلىرى كەينى-كەينىدىن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن جازالىنىپ، بىر قىسمىنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، بىر قىسمىنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. يەنە بىر

قىسمى قەتلى قىلىندۇ. تارىختىن بۇيان يەھۇدىيلار ئىسلام دۇنياسىغا دۈشمەنلىك قىلىشتىن بىر دەقىيقە توختال قالمىدى. ھەتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ سۈننىي ۋە شىئەدىن ئىبارەت ئىككى توپقا بۆلۈنۈشىدىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ قولى بار. ھازىر يەھۇدىيلار مۇسۇلمان دۇنياسىنى ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە ئېتىقاد جەھەتلەردە قامال قىلىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلار ھوقوق-ئىمتىياز ۋە مەنپەئەت-بايلىققا ئاخىرەتلىكىنى تېگىشىۋەتكەن مىللەتتۇر. دۇنيانىڭ ئەرقايىسى جايلىرىدا ھەرخىل ئىمتىيازلارنى ۋە ھەرخىل بايلىقلارنى مونوپول قىلىۋاتقانلارمۇ يەھۇدىيلاردۇر. ھەسەت، تەكەببۇرلۇق ۋە دۇنياپەرەسلىك يەھۇدىيلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن توسۇپ كەلدى. دۇنيادىكى ھەرخىل دىن، ھەرخىل ئىرىق ۋە ھەرخىل مىللەتلەردىن بولغان كىشىلەر تۈركۈملەپ ئىسلام دىنىغا كىرىۋاتىدۇ. لېكىن يەھۇدىيلارچۇ؟ ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا كىردى. بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك. بەنىي قۇرەيزە قەبىلىسى قەتلى قىلىنغان چاغدا، پۈتۈن بىر قەبىلىدىن پەقەت 4 يەھۇدىي ئائىلىسى ئىسلام دىنىغا كىرىپ، جېنىنى ساقلاپ قالغان.

70-80 يىلدىن بۇيان، ئىسرائىلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان ئەللىرىگە سېلىۋاتقان زۇلۇم-سىتەمىنى ئاز ساندىكى يەھۇدىي زىئونىستلىرىغا دۆڭگەپ قويۇپ، تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقاد ئۆچمەنلىكىنى مۇشۇنداقلا بايان قىلىپ، ئۆتۈپ كەتسەك، ھەقىقىي جاۋاپكارلارنى يوشۇرغانلىق بولمامدۇ. دىن دۈشمىنى بولغان يەھۇدىيلارغا ھىسداشلىق قىلىش ياكى دوستانە كەيپىياتتا بولغانلىق بولمامدۇ.

ئارىمىزدابىر قىسىم كىشىلەر[ئاپتورغا قارىتىلمىدى] يەھۇدىيلاردىن پەخىرلەنسە، يەنە بىر قىسىملىرى ناسارالاردىن پەخىرلەنمەكتە. ياد دىندىكىلەردىن پەخىرلىنىش بولسا، شېرىك ئەمەلدۇر. شېرىك ئەمەل ئاللاھ كەچۈرۈشنى خالىمايدىغان گۇناھى كەبىردۇر. بىزنى قۇتقازغۇچى يەھۇدىي-ناسارا ياكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئەمەس. بەلكى، ئىمان-ئېتىقادىمىزدۇر. جاھاڭىر123، باغداش.

(24) ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە بىر قېتىملىق تارىخ دەرسى بولدى ، چۈنكى بىز ئىلگىرى بىر قىسىم تارقاق تارىخ ماتىرىياللىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭغا قارىتا پىكىر يۈرگۈزۈپ باققان بولساقمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى توغرىسىدىكى چوڭ ۋەقەلەرنىڭ بۇنداق يىغىنچاق ، چۈشىنىشلىك قىلىپ بىرلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنغىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم . بۇ تېمىڭىزنىڭ تورغا چىقىپ تۇرىدىغان ھەرخىل ئىدىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ، مىللەت ، دىن قارىشىغا ، بىرلىكىگە ۋە تەرەققىياتىغا ئىجابى تەسىر كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن . ئىزدىنىشلىڭىز توختاپ قالمىغاي ، بىلىمىڭىز زىيادە بولغاي بىلىمخۇمار ئاكا . ئۇقكۇن1، ئىزدىنىخ.

(25) ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا، نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم، مەن تىمىڭىزنى ئىزچىل ئوقۇپ كىلىۋاتىمەن، باشتا بىرنەچچە قۇرىنى ئوقۇپ سىزنىڭ ئاشۇ يىراق ئامېرىكىدا تۇرۇپمۇ بىزدەك قېرىنداشلىرىڭىز ئۈچۈن ئالرۇندەك ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ بۇنچە چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرنى بىزگە سۇنغانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. بىرنەرسىنى سوراپ باقسام ئەركىن ئاكا،سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا مۇشۇ"ئۇيغۇر"دېگەن قېرىنداشلىق ئۇقۇمى سىزنىڭ كاللىڭىزنى چىرمىغان، يەنى قانداق قىلسام تېخىمۇ كۆپ ياشلارغا ئىلھام بېرەلىسەم، بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى ھىس قىلدۇرالىسام دېگەن ئىدىيە كاللىڭىزدا ھەردائىم بار دەپ ئېيتسام بۇلامدۇ؟

مەن ئۆزۈم ھىس قىلغان بەزى خاتا كەتكەن سۆزلەرنى ھازىرقى ئۆلچەملىك ئېلىنىشنى كۆرسىتىپ بەرسەم

1. سەھۇدى ئەمەس——————سەئۇدى
2. فېيسال ئەمەس——————فايسال
3. ھۇسەيىن ئەمەس——————ھۇسەيىن
4. روسچايىلد (روتھچىلد) ئەمەس ——————روسچېلد جەمەتى
5. قاربالا (كاربالا) ئەمەس——————كەربالا(شىئەلەر مۇقەددەس شەھەر دەپ قارايدۇ)
6. ھېشىمىت ئەمەس——————ھاشىم
7. لورېنس ئەمەس——————لاۋرىنس
8. چىڭگىزخاننىڭ ئىز باسارى ئوگەدېيى (ئوگەدەئى)ئەمەس——————ئوگداي(چىڭگىزخان فىلىمدە شۇنداقراق
چىقىدىغۇ دەيمەن.
9. ئالى ئەمەس——————ئەلى
10. فىرانسىيىنىڭ ئەمەس ——————فىرانسىيەنىڭ. (بۇ يېقىندا چىققان توغرا ئىملا قائىدىسىغۇ دەيمەن. )
نەشتەر، ئىزدىنىخ

(26) بولسا ئەركىن سىدىق ئاكىمىز يۇرتىمىزغا كەلدە بىر پاقلان سۇيۇپ مېھمان قىلىۋالسام. تورداشلار ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ نەتىجە قازانغان ياكى ئىلھاملىنىپ مۇئەييەن مۇئەپپىقىيەت قازانغان تورداشلار بارمۇ؟ بولسا مۇشۇ باشقا چەتئەللەردە تۇرىۋاتقان،ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر مۇنبەرلىرىگە كىرىدىغان قېرىنداشلار بولسا ئاشۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئالىملارغا،قېرىنداشلىرىمىزغا مەيلى ئىزدىنىش ،باغداش،مىسرانىم ،،،،،،ئۇلىنىش تورى قاتارلىقلارنى تەۋسىيە قىلىپ بولسا ئەزا بۇلۇپ تىما يوللىشىنى قولغا كەلتۇرۇشكە تىرىشىپ باقساڭلار. مەيلى ھەپتىدە بولمىسىمۇ ئايدا ياكى پەسىلدە بىر ئۆزكەسپىگەۋەياكى يېڭى بىلىم ،ئوقۇش پۇرسەتلىرىنى بىز بىلەن ئورتاقلاشسا ،بىزنىڭ ھالىمىزدىن ئانچە مۇنچە چۇشەنچە بۇلۇپ قالاتتى.. تاغ، ئىزدىنىخ.

(27) ئىمران ھۇسەيىن دىگەن كىشىنىڭ بىر تەبلىغى بولىدىغان خىلاپەتنىڭ يىقىتىلىشى دەپ. ئىنگىلىزچە. مەن تۇركى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغىنىنى ئاڭلىغان. ياسىر قازى بۇ تارىخ دەرسىنى شۇ تەبلىغقا ئاساسەنلا سۆزلەپتۇ. ئۇ تەبلىغدە مۇنداق گەپلەر چىقىدۇ. ئىسىمدە قالغىنىنى سۆزلەپ باقاي:

خەلىپە 1—جاھان ئۇرۇشىدا ھەلەك بولىۋاتقاندا ئەنگىلىيەلىكلەر 7 مىليون پونىستىرلىڭ (ھازىرقى بىلگەيتىسىنىڭ مۇلكى بىلەن تەڭ) ۋە مۇستەقىل ئەرەپ دۆلىتىنى ۋەدە قىلىشىپ، شەرىپ ھۇسەيىنگە (ھازىرقى ئىئوردانىيە پاتىشا جەمەتىنىڭ بوۋىسى) خەلىپىگە قارشى چىقىپ، مەككە ۋە مەدىنىنى ئايرىم قولغا ئېلىشنى بۇيرىدى. شەرىف ھۇسەيىن ئەنۋەر پاشا باشچىلىقىدىكى خەلىپە ئەسكەرلىرىنى قىرغىن قىلىپ مەدىنىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا ئالدى ۋە ئۆزىنى خەلىپە دەپ جاكارلىدى(مەككىنىڭ ھمايىسىنى خەلىپە ئۇنىڭغا تاپشۇرغاندى). ئۇ ئۇممەتكە كاتتا خىيانەت قىلدى.
شەرىف ھۇسەيىن ئۆزىنى خەلىپە دەپ جاكارلاپ ئەنگىلىيەلىكلەرنىڭ نەزىرىدە چوڭ بىر خاتاغا دەسسىگەن ئىدى. ئەنگىلىيەلىكلەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىمدە ئۇ ئۆزىنى خەلىپە دەپ جاكارلىماسلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ 7 مىليون پونىستىرلىڭنى ئالالمايتى. ئەينى ۋاقىتتا ھىجاز رايۇنىدا يەنە بىر قۇراللىق كۈچ بار

ئىدى. كىم ئىدى ئۇ؟ ئابدۇلئەزىز ئىبىن سەئۇد. يەنى ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى ئابدۇلئەزىز ئىبىن ئابدۇللاھنىڭ بوۋىسى. ئەنگلىيەلىكلەر ئابدۇلئەزىز ئىبىن سەئۇد باشچىلىقىدىكى ۋاھابى قوشۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ۋە ئۇنىڭغا دەرھال شەرىپ ھۆسەيىنگە قۇراللىق ھۇجۇم قىلىپ پۈتكۈل ھىجاز رايۇنىنى (مەككە ۋە مەدىنىنى) قولغا ئېلىشنى تاپىلىدى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە مۇستەققىل ئەرەپ پادىشاھلىقى، ئايلىقىغا 5000 فونىستېرلىڭ ۋەدە قىلىشتى. 1924—يىلى ئابدۇلئەزىز باشچىلىقىدىكى ۋاھابىيلار قوشۇنى ئەنگلىيەنىڭ ياردىمى بىلەن شەرىف ھۆسەيىننى مەككە مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ھىجازنىڭ ئالى داھىيسىگە ئايلاندى. مەككە ۋە مەدىنە خەلىپىنىڭ قولىدىن كەتتى. خەلىپىلىك يېرىم جانغا ئايلاندى.

ئابدۇلئەزىز ئىبىن سەئۇد ھىجازنى قولغا ئالغاندا بۇ دىيار، يەنى مەككە ۋە مەدىنە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭكى. بۇ يەرنى مەن باشقۇرمايمەن، پۈتۈن ئۇممەت باشقۇرىدۇ دەپ تەبلىغ قىلغان ئىدى. ئەمما ھازىرچۇ؟ مەن ھەجگە بارماقچى بولسام سەئۇدى قۇراللىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشىم كېرەك. بۇ يەردە ئاللاھ ھاكىم ئەمەس، سەئۇدى قۇراللىقى ھاكىم! ۋىزىسىنىڭ ۋاقتى توشقان مۇسۇلمانلارنى سەئۇدى قۇراللىقى ئىتتنى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ چىقىرىدۇ چىگرىدىن. كۆدە كۆپىلىرىنى كۆتۈرۈپ مۇقەددەس دىياردىن كۆزى قىيمىغان ھالدا چىقىپ كىتىۋاتقان مۇسۇلمانلار ئابدۇلئەزىز ئىبىن سەئۇدنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ يۇرت پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭكى، مەن باشقۇرمايمەن، مۇسۇلمانلار باشقۇرىدۇ، دىگەن گېپىنى بىلسە قانداق ھىسياتتا بولار؟!

بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن كېيىن مۇستەققىل تۈرك دۆلىتى قۇرۇلۇپ خەلىپىلىك يوقالدى. بۇ چاغدا ئەينى دەۋردىكى ئەزھەر ئۆلىمالىرى خەلىپىلىكنىڭ يوقىلىشى ھارام، خەلىپىسىز ياشاش بىدئەت دەپ پەتۋا چىقىرىپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا مۇراجەت قىلىپ، خەلىپىلىكنى قايتا تىكلەپ چىقىش ئۈچۈن ھەركەت قىلدى. بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ، توغرا ئەقىدىدە مېڭىپ كىلىۋاتقان ھىندىستان مۇسۇلمانلار جەمىيىتى ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. مەۋلانا مۇھەممەد ئەلى جەۋھەر قاتارلىق ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ لىدىرلىرى بۇنىڭغا قاتتىق كۈچىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار مەككىدە بىر قىتىملىق يىغىلىش ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىلىشقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار قاتناشتى. يىغىنغا ئابدۇلئەزىز ئىبىن سەئۇد رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا پەقەت ۋاھابى ھەركىتىنىڭلا قاراشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلدى. خەلىپىلىك ھەققىدە گەپ بولۇنمىدى. مەۋلانا مۇھەممەد ئەلى جەۋھەر ئابدۇلئەزىزنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. قاتتىق تىللار بىلەن ئۇنى سۆكتى. ئۇنى ۋە ۋاخابى ھەركىتىنى ئۇممەتكە خىيانەت قىلماسلىققا ئۈندىگەن بولسىمۇ ئۇنىمى بولمىدى.

ئابدۇلئەزىز ئەنگلىيەدىن ئېلىۋاتقان 5000 فونىستېرلىڭنى :"بۇنى مەن ئۇلارنى باشقۇرۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئېلىۋاتىمەن، بۇ دىگەن جىزىيە"، دەپ چۈشەندۈردى. ھاۋابى ھەركىتى ئىسلامنىڭ ئەسلىگە قايتىش ھەركىتى ئىدىغۇ؟ بۇ قېتىملىق يىغىلىشتا نىمىشقا خەلىپىلىكنىڭ گېپى بولۇنمايدۇ؟ ئىسلامنىڭ ئەسلىدە خەلىپە بولمىسىمۇ بولامدىكەن؟ ۋاھابى ھەركىتى ئۇممەتكە كاتتا بىر خىيانەت قىلدى!

يىغىن نەتىجىسىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇلئەزىزدىن باشقا مۇسۇلمانلار داھىيلىرى كىلەر يىلى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋىرسىتىتىدا قايتا يىغىلىشماقچى بولۇپ قايتىشتى. كىلەر يىلى ئەزھەرگە يىغىلىشتى. ئەينى ۋاقىتتىكى مىسىر ئازاددەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما يەنىلا ئەنگلىيە كونتروللىقىدا ئىدى. پۈتۈن دۇنيا كاپىرلىرى بۇ يىغىلىشنىڭ پايدىسىز بولىشى ئۈچۈن ھەركەت قىلدى. ئابدۇلئەزىز ئىبىن سەئۇد باشچىلىقىدىكى ۋاھابى ھەركىتى ھەم بۇ يىغىلىشقا قاتتىق قارشى چىقتى. يىغىندا خەلىپىلىكنىڭ يوقىلىشى ھارام، بىدئەت دىيىشتى ھەممە. ئەمما قانداق قىلىپ تىكلەش توغۇرسىدا ھىچكىم تەدبىر كۆرسىتەلمىدى. ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە قايتىپ قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلىنىپ، كىلەر يىلى مۇشۇ كۈندە يەنە يىغىلىشنى قارار قىلىشىپ يىغىن ئاخىرلاشتى.

نىمىشقىكىن، كېيىن بۇنداق يىغىلىش پۇرسىتى بولمىدى. مۇسۇلمان دىيارلىرىنىڭ ھەممە قىسىملىرى

دىگۇدەك يەڭ ئىچىدە بۆلشۈلىندى. بۆلىنمىگەندەك كۆرنگەنلىرى سىكولار دۆلەت بولۇپ مۇستەققىل بولدى. تۈركىيەجۇمھۇرىيتى، سەئۇدى پادىشاھلىقى، ئىران شىئە دۆلىتى دىگەندەك.

40 مىنۇتقا يېقىن تەبلىغدىن ئىسىمدا قالغىنى مۇشۇ بوپتۇ.

بۇ تەبلىغدىكى گەپلەنىڭ بەزىللىرى ياسىر قازىنىڭكىدە ئۇچۇرمايدۇ. لېكىن كۆپىنچىسى شۇ تەبلىغدە دېيىلگەن گەپلەردەك ھىس قىلدىم. قىزىققانلار توردىن ئىزدەپ باقسا بولىدۇ. ئىنگىلىزچە ئىمران ھۇسەيىن، خىلاپەتنىڭ يىقىتىلىشى دەپ ئىزدىسە چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ياسىر قازى دېيەلمىگەن نۇرغۇن گەپلەر چىقىدۇ.

ماقالىدە مەككىنىڭ شەرىفى ھۇسەيىن دەپ ئېلىنىپ قاپتۇ. مەككىنىڭ ئىگدارچىسى شەرىف ھۇسەيىن دەپ ئالساق بولامىكى.

ياسىر قازىنىڭ بۇ نۇتۇقىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىشقا ھەققەتەن ئەرزىيدىكەن دەپ قالدىم. تۇماق قارى ۋاشۇۋش قىلىۋەتمەمسىلە. @تۇماق ئىڭلىشچە ئۇققان بولسام ئۆزەملا قىلاتتىم.

قاسساپ، ئىزدىنىخ.

(28) ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ئەركىنكا، مەن سىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يازغان بىر-بىردىن ئېسىل ماقالىلىرىڭىزنىڭ قوللىغۇچىسى. مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى يورۇتۇش، مىللىتىمىزنىڭ مەسىلىلەرگە توغرا ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە تېخى ھېچكىم سىزدەك دەۋر بۆلگۈچ خىزمەت قىلىپ بولالمىغان ئىدى. مەخسۇس ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى داڭلىق زىيالىيلار، ناتىقلارمۇ سىز يازغان ماقالىلەرنىڭ يېرىمىچىلىك رول ئويىنيالايدىغان ئەسەرلەرنى تېخى يازالمىغان ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئاڭلىق زىيالىيلار ھەممىمىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز، سىزدىن سۆيىنىمىز ھەم سىزنىڭ نام-شەرىپىڭىزنى قوغدايمىز. سىزدىن نۇرغۇنلىرىمىز ماقالە يېزىشنىڭ ئىلمىي مىتودىنى ئۆگەندۇق، توغرا پىكىر قىلىشنى ئۆگەندۇق، ئەستايىدىللىق ۋە مىللەتكە بولغان كۆيۈمچانلىقنى ئۆگەندۇق. شۇڭا سىز بىر ئەۋلات ئۇيغۇر ياش زىيالىيلارنىڭ ئورتاق ئۇستازى بولۇشقا مۇناسىپ. مەن سىزنىڭ يېقىندا يازغان بارلىق ماقالىلىرىڭىزنى چىن كۆڭلۇمدىن قوللايمەن، بۇ ماقالىلىرىڭىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىي، ھەققانىي تۇيغۇ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. رەھمەت ئاكا.

(29) ئاتا-بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ گاھ تىرىلىپ كۆپتىنبىرى ئاۋارىمەن.
باشقىلار سۇدا ئۈزۈپ كۆكتە ئۇچۇپ كەتتى يىراق،
مەن مىسالى يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.
ئويغۇنۇپ كەتتى جاھان مەغرەبى مەشرىق تامان،
مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.

---«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر»

بۇ مىسرالارنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئەركىن سىدىق ئاكىغا كۆپ تەشەككۇر!

(30) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ، روزا ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن . سىزنىڭ نەتىجىلىرىڭىزدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم . بولۇپمۇ ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەن تېمىلىرىڭىز . بۇ خىلدىكى تېمىلىرىڭىزنىمۇ ئۈزۈپ قويماي ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشتۇرغايسىز . چۈنكى دىنى چۈشەنچە چوڭقۇرلاشماي

، دىنى ئەقىدە توغرىلانمىغان ھالەتتىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ، دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق نەرسە ئەھمىيەتسىزدۇر . سىزنىڭ ياسىرقازىنىڭ لېكسىيىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەن تېمىلىرىڭىز بۇ بوشلۇقنى تودۇرۇشتا ئەھمىيىتى ۋە رولى بەكمۇ زور . ئۇلۇغ ئاللائەقا سېغىنىپ ، ئېزىز تېنىڭىزگە سالامەتلىك ، ئائىلىڭىزگە بەخت ، خىزمەتلىرىڭىزگە ئۇتۇقلار تىلەيمەن ، ئامىن . ئاللەقا ئامانەت . ئوبزورقى

(31) ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي، بۇ تېمىلارنى يېزىپ يوللىشى مەسئۇلىيەتچان بىر زىيالىينىڭ ئىشىدۇر. بۇ ئاكىمىز ماختاش دېگەنلەردىن ئۆتۈپ كەتكەن، بىز كىچىك ۋاقتلىرىمىزدىلا ماختىلىپ تىللاردا داستان بولغان، شۇڭا ئۇنى ماختاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلگە ئېلىش كېرەك، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئىلھام ئېلىش كېرەك. روھىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. مىللىتىمىنىڭ ياش بوغۇنلىرى بۇ ئىنسانلاردىن ئىلھام ئالسىكەن دەپ قىلىۋاتىدۇ بۇ ئىشلارنى، ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسى بولار، بۇنچىلىك بولار. مىللىتىمىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ بولسىمۇ تەپەككۇرىنى ئاچاي دەپ دىنىي تېمىلاردىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئاكا بۇ سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز ئەمەستى دېگۈچىلەرگىمۇ قىلىۋاتقان مۇھىم ئىشلىرى بىلەن دەرس بېرىۋاتىدۇ. ئەدەبىياتتا ئوقۇپ تۇرۇپ ئوگلاپ ماقالە يازالمايدىغانلارغا ماقالە يېزىشنىڭ ئۇسۇلىنى، ئۆز تىلىنى جايلاپ ئىشلىتەلمەيدىغانلارغا ئانا تىلىنىڭ ئەقلىيەتكە بايلىقى ۋە گۈزەللىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ، ئاكىمىز ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، قىلىدىغان بارلىق ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىمنى قىلىۋالاي دەپ جاپا چېكىۋاتىدۇ. بىلىدىغانلار بىلىدۇ، بىلمەيدىغانلار يەنىلا غەپلەتتە ياشاۋېرىدۇ. ئاكىمىز بىزنىڭ تور ئەپكارىمىزدىكى بايلىقىمىز، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاش، يارامىلىق ئادەم بولۇش يولىدا كېتىۋاتقانلارغا بىر رەھبەر. بۇنداق بىر يېتەكچى زىيالىينىڭ رولىنى بىزدىكى ئاتالمىش سىياسەتچىلەرمۇ، ھاياجان ئەدەبىياتچىلارمۇ، جان باقارغا ئايلىنىپ كەتكەن مولللارمۇ ئۆتىيەلمەيدۇ. توغرا يېشىدا ياشاپ كېتىڭ، ئەركىن ئاكا. باغداخ، تۇركەر.

(32) سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بىلىمخۇمار ئاكىغا بىرلگەن بۇ باھالار ئۇنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى باھالىرىنىڭ قىسمەن بىر قىسمى خالاس. بىز مانا مۇشۇ ئۇستازغا ئوخشاش توختىماي ئىزدىنىدىغان، ناچار ۋە ياخشى بولغان باھالارغا قارىتا سالماقلىق بىلەن پىكىر بىرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ بىلىمىنى توختىماي تولۇقلاپ، ئۆزى ئۇچرىغان ۋە باشقىلار ئۇچۇرغان مەسىللەر ئۈستىدە توختىماي ئىزدىنىدىغان ھارماس ـ تالماس كىشىلەرگە مۇھتاج. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جاپاكەش ئۇستازلىرىمىز بىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ پەخرى، مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ تىمىللىرىنى ئوقۇپ كىلىۋاتىمەن، ئۇستازنىڭ ھەربىر ئەسىرىدىكى يېڭىلىق ۋە مۇھىم نۇقتىلارنى خاتىرلەپ مېڭىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىزمۇ يوققۇ دەيمەن، مۇھىمى بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ ھەربىر ئەسىرىدىكى مەزمۇنلار ھەربىر ئوقۇرمەندە نۇرغۇن چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ، ئۆزى ۋە ئۆزلىكى ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشقا ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ، ئىزچىل تۈردە ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ھىس قىلدۇرىدۇ. بۇ يەردە مەن بىلىمخۇمار ئۇستازنى ماختىغىنىم ئەمەس، پەقەت ئۇستازنىڭ بىزلەر ئۈلگە قىلىپ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ھەممىمىزنىڭ ھىس قىلىپ يېتىشى كېرەكلىكىنى، توختىماي تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىمىزنى ۋە كىلەچىكىمىزنى يارىتىشىمىز كېرەكلىكىنى ھىس قىلغىنىم بويىچە چىقاردىم. بىزلەردە بىر تۈرلۈك خاتا پىسخىك مەۋجۇت يەنى ھەممىمىز ئۆزىمىزگە تەمەننا قويۇشقا ئامراق، ئەمما بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەمەننا قويىشىمىز بىزنى قايسى يەرگە باشلايدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانلىرىمىز قانچىلىك. ئەمەلىيەتتە بەك ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىش ئەسلىدىنلا خاتا، ئەگەر سىز ھازىرقى ئەھۋالىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ئامال قىلالمىسىڭىز ھامان بىر كۈنى رېئاللىق تەرىپىدىن مەغلۇب بولىسىز، شۇڭا ھەربىر كىشى

چوقۇم تىرىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ۋە كەلگۈسىنى يارىتىش كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەم قىلالمايدىغان ئىش يوق، پەقەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشمايدىغان، ئىزدەنمەيدىغان، لاي غەزەل ئادەملەر بار، خالاس. شۇڭا، بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توختىماستىن ئىزدىنىدىغان ، تىرىشچان، قەيسەر ئىرادە ۋە روھنى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىدۇ. باغداش، ئالخىر616.

(33) ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا رەخمەت سىزگە،ھارمىغايسىز.سىزنىڭ ئەۋەتىۋاتقان يازمىلىرىڭىز،ئۆزلەشتۈرىشكە ئۈگىنىشكە تىگىشلىك بولغان ئەڭ موھىم بولىۋاتقان مەزمۇنلاردۇر.مەيلى قانچىلىك ۋاقىت كىتىشتىن قەتئى نەزەر ئۈلگىسىز مانا مۇشۇنداق يىتەكلەش خارەكتىرىدىكى موھىم ئىلمەلەر،مىللىتىمىزگە سىجىل ھالدا بىرىلىپ تۇرىلسا،خەلقىمىز ھامان ھەقىقى ھەق يولىنى تىپىپ ئالالايدۇ.چۈنكى بۈندىن مىڭ يىل مۇقەددەم تىپىپ ئالاللىغان يەردە ھازىرمۇ ئالالايدۇ.مەسىلە مىللىتىمىز ھازىر بۇرمىلانمىغان ھەقىقى ئىلىمگە مۇھتاج ،شۇڭا ئەركىن سىدىق ئاكىمىز بۇ مەسىلىنى خىلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ۋە مەسئۇلىيتىنى يوقۇرى دەرىجىدە ئادا قىلىپ كىلىۋاتقان مەسئۇلىيەتچان ئالىمىمىزدۇر.بەلكىم بۇ مەسىلىنى تونۇپ يەتكەنلەر كۆپ بولىشى مۇمكىن لىكىن خەلىق ئالدىدىكى مەسئۇلىيتىنى .ئادا قىلىۋاتقانلار قانچىلىك؟ پەيلاسوپ مۇھەممەت ئەپغانى مۇنداق دىگەن ››. . .بىزنىڭ پەيغەمبەر ئاخىرقى پەيغەمبەر ئەمدى پەيغەمبەر كەلمەيدۇ،چۈنكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى تۈگدى.ئەمما خەلىقنى توغرا يولغا يىتەكلەپ مىڭىش ئۈچۈن چوقۇم پەيلاسوپ مۇتەبىپەككۇر ئالىملار بولمىسا قەتئى بولمايدۇ. . . ‹‹. ››ئۈيغان ‹‹ۋە ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا ئۇلۇغ ئاللا رەخمەت قىلسۇن. باغداش، كالباھار.

(34) ئالدى بىلەن بىلىم خۇمار ئەپەندىگە كوپ تەشەككۇر. كائىناتنى دۇنيادىكى جانلىق جانسىز مەۋجۇداتنى كىم ياراتتى؟ ئەلۋەتتە خۇدا ياراتتى. ئۇنداق بولسا خۇدا كىمنىڭ خۇداسى ؟ئەلۋەتتە پۈتۈن كائىناتتىكى جانلىق جانسىز مەۋجۇداتنىڭ خۇداسى. ئۇنداق بولسا ئىسلام دىنى ،خىرىستىيان دىنى، بۇددا دىنى ،كاتۇلىك دىنىغا ئىتىقات قىلغۇچىلانى كىم ياراتقان؟ ئۇلانىڭ خۇداسى كىم؟ ئۇلانىڭ باشقا ياراتقۇچىسى بامۇ؟ئەلۋەتتە باشقا ياراتقۇچىسى يوق ھەممىمىزنى بىر ئاللا ياراتتى مەيلى ئۇ قانداق دىنغا ئىتىقات قىلسۇن ئۇ يەنىلا ئاللانىڭ بەندىسى ئاللانىڭ شاپائىتىگە ئىرىشكۈچىلە.ئاللاتالا ئىگەم دۇنيانى ئەنە شۇنداق رەڭگەرەڭ ياراتتقان ئۇنداق بولسا بىز نىمىشكە دۇنيانىڭ رەڭگەرەڭلىكىگە ھورمەت قىممايمىز بۇ دىندىكى مەسىلىمۇ بىزدىكى مەسىلىمۇ ئەلۋەتتە بىزدىكى مەسىلە بىز دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلانا ئىتىراپ قىلىمىز ھەم ئوزىمىزنىمۇ ئىتىراپ قىگۇزىمىز،مانا بۇ باراۋەرلىك بىز بارلىق ئىنسانلا ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز ھەم ئۇلانىمۇ ئوزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇزىمىز مانا بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك بىز سىغدۇرۇشچان كەڭ قوساق ئىسلام بەرپا قىلىشىمىز كىرەك دەپ ئويلايمە. تۇھمات

(35) ھارمىغايسىز، قېرىندىشىم، ئاللاھ ئەجرىڭىزنى بەرسۇن! بۇ ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، يېقىنقى زامان جاھان تارىخى ھەققىدىكى نەزەر دائىرەم يەنىمۇ كېڭەيدى. نادىر تېمىلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىغاي. سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ سالامەت، تىنىچ-ئامان ، بارلىق ئىشلىرىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمەن! ھون

(36) مۇشۇ يازمىنى ئوقۇش ئارقىلىق كاللامدا مۇجىمەل بولغان خېلى كۆپ سوئاللارغا جاۋاپ تاپتىم. بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ مۇشۇنداق ئىلمىي قىممىتى بار ئېسىل يازمىنى بىزگە سۇنغىنىغا كۆپ تەشەككۇر. ئىلتەبىر107

(37) مەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە ئائىت بەزى مۇھىم يىلنامىلەرنى قالدۇرۇپ قوياي، سېلىشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

1. 1244-يىلى مۇسۇلمانلار يېرۇسالىمنى قايتۇرۇۋالدى.

2. 1258-يىلى موڭغۇللار باغداتنى بويسۇندۇردى.

3. 1290-يىلى ئەتراپىدا ئاناتولىيەنىڭ غەربىي قىسمىدا ئوسمان قەبىلىسى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

4. 1299-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى قۇرۇلدى.

5. ئوسمان ئىمپېرىيىسى بۇرسا دىگەن جايغا ھۇجۇم قىلدى.

6. تېمۇر ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلدى.

7. ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋېنگرىيە-پولشا بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.

8. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ 7-سۇلتانى مەخمەت 2 كونىستاتىنپولنى ئىگەلدى. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى يوقالدى.

9. 1514-يىلى تۈرك-پېرسىيە ئۇرۇشى بولدى.

10. 1516-1517يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى سۇرىيە، مىسىرنى ئىگەللىدى.

11. 1521-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى بېئوگرادنى ئىگەللىدى.

12. 1526-يىلى ۋېنگرىيەنىڭ يېرىمىنى قوشۇۋالدى.

13. 1534-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى باغداتنى ئىگەللىدى.

14. 1556-يىلى ئاستراكھان ئاقتارخان نى ئىگەللىدى.

15. 1557-يىلى ئىستانبۇلدا سۇلايمان مەسجىتى قۇرۇلدى.

16. 1639-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىراقنى رەسمىي ئىگەللىدى.

17. 1683-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋېيىنانى ئىككىنچى قېتىملىق قورشاشتا مەغلۇپ بولدى.

18. 1699-يىلى ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن كارلو ۋىتىز شەرتنامىسى (Treaty of Karlo witz) نى تۈزۈپ ۋېنگرىيەدىن ئايرىلىپ قالدى.

19. 1774-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى يەنە، روسلار بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ قارا دېڭىزنىڭ شىمالى قىسمىنى روسىيەگە بۆلۈپ بەردى.

20. 1783-يىلى روسىيە ق ا ر ام ھانل ا ğا قىرىم خانلىقىنى قوشۇۋالدى.

21. 1789-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىغا يېڭىلىققا مايىل سۇلتان سېلىم 3 باش بولدى.

22. 1798-1801-يىللىرى ناپولىيون فىرانسىيە قوشۇنىنى باشلاپ مىسىرنى ئىگەللىدى.

23. 1803-يىلى ۋاھابىلار ۋاھھāبىيياھ مەككە بىلەن مەدىنىنى ئىگەللىدى.

24. 1805-يىلى مۇھەممەت ئەلى مىسىرنى تىزگىنلىدى.

25. 1826-1828 يىلى روسىيە-پېرسىيە ئۇرۇشىدا پېرسىيە ئەرمىنىيەنى روسىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

26. 1827-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى بىلەن مىسىرنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، روسىيە قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

27. 1876-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلدى.

28. 1878-يىلى يەنە بىرمۇنچە دۆلەتلەر مۇستەقىلل بولدى.

29. 1882-يىلى ئەنگلىيە مىسىرنى ئىگەللىدى.

30. 1897-يىلى تۈرك-گىرسىيە ئۇرۇشى بولدى.
31. 1908-يىلى ئوسمان ئىمپرىيىسىدە ياش تۈركلەر ئىنقىلابى بولدى.
32. 1912-يىلى 1-بالقان ئۇرۇشى بولدى.
33. 1913-يىلى 2-بالقان ئۇرۇشى بولدى.
34. 1914-يىلى 1-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، تۈركىيە بىلەن گېرمانىيە بىرلەشتى.
35. 1917-يىلى ئەنگىلىيە باغداد بىلەن ئىرۇسالىمنى ئىگەللىدى.
36. 1918-يىلى 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلىشىپ، ئوسمان ئىمپرىيىسى ئەرەبلەر تۇرۇشلۇق جايلارغا بولغان ھۆكۈمدارلىق ھوقۇقىنى يوقاتتى.
37. 1919-يىلى گىرتسىيە ئارمىيىسى ئىزمىردا قۇرۇقلۇققا چىقتى.
38. 1923-يىلى تۈركىيە ئەنقەرەنى پايتەخت قىلىپ جۇمھۇرىيەت قۇردى.
39. 1948-يىلى ئىسرائىلىيە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

يۇقارقى مەزمۇنلار بېرنارد لۇئىس يازغان مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ 2000 يىلى دىگەن كىتابىنىڭ ياپونچە نەشرىدىن ئېلىندى. كىتاب ئىسمى :

The Middle East: 2000 Years of History from the Rise of Christianity to the Present Day by Bernard Lewis

ئىسىملاردا خاتالىقلار يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، تۈزۈتۈپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن. Fakebook

(38) مەن ئويلايمەنكى بىزنىڭ مۇھىم ئىشىمىز ھەرگىز تارىخقا باھا بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆگىنىپ ۋە چۈشۈنۈپ ئىبرەت ئېلىش. بىز قانچىلىك تىللايلى ئەيىپلەرلى تارىخنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەسمىز . نۇمۇسسىزلار ئېلىۋالغان نەرسىللىكىزنى مەجبۇرى تارتىۋالسا، ئالدىغا بېرىپ گەپ سېتىپ قايتۇرىۋالمەن دىيىشكىز مۇمكىنمۇ ؟ چۈقۇمكى ئۇ سىزنى دۇمبالاپ ئويناپدۇ ، ئەگەر سىز كۈچلۈك بولسىڭىزچۇ ؟ تامامەن ئەكسىچە. شۇڭا بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن ئەقدىمىزنى توغرىلاپ بىلىم ئېلىشىمىز كىرەك. ئۆلۈكنى تىللىساق بىزگە بىر پۇڭلۇق پايدىسى يوق. يىلپاغۇ

(39) ياخشى ماقالىدىن بىرى چىقىپتۇ دەپ، بۇ ماقالىنى يولدۇشۇمغائاتاشام تولۇق ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم. . . نەچچە مىنۇت ئېغىر سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ كەتتۇق،نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالغاندەك ھىسسىياتتا بولدۇق مىنىڭچە بۇ ھەرگىزمۇ ھاياجانلىنىش ئەمەس. . . . . .نۆۋەتتە بىزگە دەل مۇشۇنداق ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىشقا تۈرتكە بولىدىغان ماقالىلەر كىرەك. . . ھارماڭ ئەركىن ئاكا. ۋمۇت

## مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىششىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىللار

(1) مەن مىسرانىمدا كۆرگەن، بەلكىم تور ھاياتىمدا كۆرگەن ئەڭ ئېسىل ماقالىلەرنىڭ بىرى . بىلىمخۇمار ئاكا، ئۆزىڭىزنىڭ بەرگەن مەلۇماتىڭىزغا ئاساسلانغاندا سىزنىڭ  دىيارىمىزدىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقىنىڭىزغابەلكىئىم

30يىلدىن ئاشقاندۇ . لېكىن يېقىندىن بۇيان ئېلان قىلىنۋاتقان ماقالىلىرىڭىزدىن سىزنىڭ ئۇيغۇر دەپ سوقىۋاتقان يۈرىكىڭىزنى كۆرگەندەك بولدۇق ،مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان نۇرغۇن قەلەمكەشلىرىمىزمۇ مىللەتكە ۋە ئېتىقادىمىزغا سىزدەك بىتەرەپ ،لىللا مەيداندا تۇرۇپ باھا بېرەلىگەن ئەمەس، دىمەك جىسمىڭىز ئوكيانىنىڭ ئۇ قېتىدا بولسىمۇ ،پىكرى ـخىيالىڭىز داۋام بىز بىلەن . بۇ ماقالىڭىزنى ئوقۇپ ئاللانىڭ بىزگە سىزدەك ئالىم زىيالىيرىمىزنى بەرگىنىگە مىڭلاپ ھەمدۇ ئېيتماقتىمەن . بىزدىكى دىندا ئەڭ يېتۈك ئۆلىمالارمۇ ئېتىقادىمىز توغرىسىدا ،مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا سىزچىلىك ئىزدەنگىنىنى بىلمەيمەن ، قەلىمى ئەڭ ئۆتكۈر زىيالىيلىرىمىزمۇ بىزنىڭ ئارقىدا قېئېلىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ يازغان ماقالىرلىدە پەن بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىدە سىزچىلىك لىللا تۇرۇپ ، بىتەرەپ مەيداندا ،دىننى ئاز ـتولا سۆكمەي بىرنەرسە يازغىنىنىمۇ ھەم بىلمەيمەن . مانا سىز ، بىزنى ئارقىدا قالدۇرغنى ئېتىقادىتىكى ئەمەس ،ئادەمدىكى مەسىلە دىگەن نۇقتىنى شۇنچىلىك پاكىتلار بىلەن بايان قىلدىڭىز . بۇنىڭغا مەيلى ئۆزىنى ئەڭ تەقۋا ھېسابلايدىغان،ئۆزىدىن باشقىسى كۆزىگە دىنسىز كۆرىنىدىغان كونسىرۋاتىپ مۇسۇلمان ئۇيغۇرمۇ ، ئېتىقادىي سۇسراق ھەتتاكى ئاتىزىمچى، پۈتۈن قالاقلىقنى دىندىن ئىزدەيدىغان ئۇيغۇر زىيالىيسىمۇ قايىل بولماي تۇرالماس ،پەقەت ئۇلاردا ھەقىقەتنى ئېتراپ قىلىدىغان ۋىجدان بولسىلا . سىز ئەڭ ھىكمەتلىك ئۇسلۇپتا مىللەتنىڭ ئىلىم ـپەنگە يۈرۈش قىلىش روھىنى يېتېشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىسىز. بۇ مىللەتتىكى بىر ـبىرگە قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ قېلىۋاتقان ئىككى قۇتۇپقا بىرلىككە كېلىشنىڭ نىگىزىنى كۆرسىتىپ قويىۋاتىسىز . خەلقىمىز دەل سىزدەك دانا زىيالىيلارغا تولىمۇ مۇھتاج. جىق گەپلىرىم بارتى بولدى قىلاي .ئاللا سىزنىڭ ئۇيغۇر ئۈچۈن قىلىۋاتقان خىزمەتلىڭىزگە ئىككىلا دۇنيادا ئەجىرلەر ئاتا قىلسۇن (ئامىن )

(2) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىلىمخۇمار ئەپەندىم: ئېلان قىلغان ماقالىلىرىڭىزنى بىر قۇر ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن، ئاجىزغىنە ئەقلىمنى كۈچەپ ئايلاندۇرۇپ چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتىمەن. ماقالىلىرىڭىز قايىنام كەبى بىر ـبىرىگە قوشۇلۇپ ئېقىپ ـئايلىنىپ، بارغانسېرى چوڭقۇرلۇقا ـــــ مەركەزگە جۈغلىنىۋاتىدۇ. يەنى مىللىتىمىزگە، كىشىلىرىمىزگە، ئۆزىمىزگە، يەككە ئىنسانلىقىمىزغا قاراپ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كېتىپ بارىدۇ. ئەمدى 500 يىلدىن بۇيانقى مەدەنىيەت چېكىنىشىمىز ۋە ئارقىدا قېلىشىمىز توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىڭىزنى ئېلان قىلسىڭىز، ئېتراپ قېلىشقا تېگىشلىك كەمچىلىكلىرىمىزنى كۆرسىتىپ بېرەلىسىڭىز، بەلكىم سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزدىن باشقا ھەسەل ھەرىلىرى ئىشلەپ چىقىرالمىغان لەززەتلىك ۋە سىڭىشلىق بالغا ئېرىشىپ قالىدىغانلىقىمغا بارغانسېرى ئىشىنىپ قېلىۋاتىمەن.

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە يۇرتىمىزدىكى نۇرغۇنلىرىمىز رىئاللىقنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە ھەرخىل سوئاللارنى قويۇشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ چىقىش نۇقتىسى مۇۋاپىق ئەمەس ۋە كۆزەتكەن تۇرمۇش دائىرىسى نىسبەتەن تارراق دەپ قارايمەن. شۇڭا بەزىلىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە ۋە ئۆزگىلەرگە ئوتتۇرىغا قويغىنى شەخسىي كۆز قاراش شەكلىدىلا ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالدا مەن ئۆزۈمگىلا تەكلىپ بېرەلىگۈدەكمەن. يەنى مەن تېخىمۇ تىرىشىشىم كېرەك. ئەقلىم ۋە زېھنىمنى ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلىشىم كېرەك. سىزنىڭ قايسى بىر يازمىڭىزدا بىزگە تەۋسىيە قىلغان، ستىفېن كوۋېينىڭ "ئۈنۈمدار كىشىلەرنىڭ يەتتە ئادىتى" دېگەن كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئوقۇۋاتىمەن. بۇ كىتابنىڭ تەپەككۇر شەكلى مەن ئىزدىنىۋاتقان مەسىلىگە بەكمۇ يېقىن كېلىدىكەن.

تورداشلارغا تەكلىپىم، كىتابخانىغا كىرىڭلار، كىتاب سېتىۋېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ھەزىم قىلىڭلار، ئاندىن

باشقىلارغا دەپ بېرىڭلار، باشقىلارمۇ بىلسۇن.

كەرەملىك ئىگەم تېنىڭىزنى سالامەت، ئىشلىرىڭىزنى ئۇتۇقلۇق قىلسۇن! مەيلى نەدىلا بولۇڭ، ئامان بولۇڭ!

(3) مۇشەققەتلەردە تەييارلىغان بۇ تىمىڭىزدىن شەخسەن مەن شۇنچىلىك سۆيۈندۈم ، جاپايىڭىزغا تۇشلۇق ئەجرىنى تاپقايسىز . . . تىمىڭىزنى ساقلاپ ئالدىرماي ئوقۇپ چۇشىنەي.

(4) ئەركىن ئاكا، ياخشىمۇسىز، سىزگە بولغان مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ خەتنى يازدىم. سىزنىڭ مىللىتىمىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان بارلىق ئەجىرلىرىڭىزنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرىۋاتىمەن ھەم شۇنداقلا تىگىشلىك مەنپەئەتلىنىپ تۇرىۋاتىمەن، سىز بىز ئۈچۈن توختىماستىن ئىزدىنىپ يەزىۋاتقان ماقالىرىڭىز ۋە ئىلمى ئەمگەكلىرىڭىزدىن كاللامدىكى نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب تەپىپ كەلىۋاتىمەن، ئوزۇمدىكى ئىجابىي ئاجىز نەرسىلەرنى كۆچەيتىۋاتىمەن، سەلبىي تەرەپلەرنى بار كۈچۈم يوق قىلىشقا تىرىشىۋاتىمەن. قىسقىسى ئىنتايىن زور دەرىجىدە پايدىلىنىپ كەلىۋاتىمەن. سىز بىلەن بىر قەۋمدىن بولۇپ قالغىنىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن، سىزنى ياراتقۇچىمىز مەخسۇس بىز ئۈچۈن، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ئۈچۈن، مۇشۇ ھالقىلىق پەيتلەردىن ئوڭۇشلۇق ئوتۇپ كەتىش ۋە ھەقىقىي نۇرنى تەپىۋەلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن بىر ئەڭ ئەسىل ئىنسان دەپ ئويلايمەن. سىز بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قەدىرلىك، سىزنى ئوز قەلبىمدە تارىخلاردىن بەرى بىزنىڭ قەۋمدىن چىققان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەڭ بۇيۇك ئىنسانلارنىڭ بىرى، ھازىرقى دەۋردىكى ئىنسانلار ئىچىدە تەپىلغۇسىز بىر كىشى ۋە شۇنداقلا ئۇزاق كەلگۈسىدىمۇ سىزدەك بىر ئىنسانىڭ يەنە قايتا دۇنياغا كەلىشى ئىنتايىن قىيىن بىر ئىنسان(چىن يۇرۇكۇمدىن سىزدەك ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ داۋاملىق بىزدە ئۇزۇلمەسلىكىنى ئۇمىد قىلىمەن) دەپ ئويلايمەن. سىز قىلىۋاتقان ئەجىرلەرگە ئۈچۈن، ئەڭ كامىدا ئوز ئائىلەمگە بولسىمۇ يىتۇك ئىنسان بولۇپ چىقىشقا ۋە كەينىكى ئەۋلادلىرىمنى شۇ يولدا تەربىيلەشكە كاپالەت بەرىمەن. سىزگە كوپ تەشەككۇر. سىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە ئومۇرلۇك سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، بەخىت،ئىناقلىق ۋە تەخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەيمەن. سالامەت بولۇڭ. ئەكرەم. فب.

(5) ئەسسالام ئەلەيكۇم ، ئەركىنكا الله قەلىمىڭىزگە بەركەت بەرسۇن. ھەققەتەن مەن سىزنىڭ يىقىندىن بۇيان يوللاۋاتقان يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇپ بەك سۆيۈندۈم. بىزدە ھازىر دەل سىزدەك ئىسلامي ئاڭغا ئىگە زىيالىيلار ئاز دىيەرلىك. ھەققەتەن بەك سۆيۈندۈم. مەن تور دۇنياسىدا بۇنىڭدەك ئېسىل نادىر ماقالىلەرنى بەلكىم ئوقۇپ باقمىغاندىمەن .ئەركىنكا بولسا مۇشۇ بەزىبىر ئىسلامىي ئاڭدىن خالىي زىيالىيلىرىمىزغا قارىتا ياخشى بولغان ماقالىلەرنى سۇنىسىڭىزكەن.

(6) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار قىرىندىشىم، ئاۋال سىز ۋە سىزنىڭ ئائىلىڭىزگە ئامانلىق خاتىرجەملىك تىلەيمەن . بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى خاتىرجەملىك بولسا كىرەك، دەپ ئويلايمەن . ئاللا ئىنسانلارنى ياراتتى .ۋە جىمى مەخلۇقاتنى ئىنساننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى .مەن ئۇيغۇر بولغانلىغىمدىن مۇسۇلمان بولغانلىغىمدىن پەخىرلىنىمەن .چۈنكى مۇسۇلمانلارمۇ ئەينى دەۋرلەردە ئالامشۇمۇل تەرەققىياتلارغا ئىرىشكەن جۇملىدىن ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى تۈركى تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن يۈكسەلگەن ۋە ئوزىگە خاس .مەدىنىيەت يارىتىپ دۇنيانى جەلىپ قىلغان بۇيۇك مىللەت .ئۇيغۇرلار 6- 7- ئەسىرلەردە .9-10-11- ئەسىرلەردە قۇدرەتلىك ئىمپىرىيەلەرنى قۇرۇپ ،نۇرغۇن مىللەتلەرنى ئوزىگە ئاسىملاتتسىيە قىلىپ ۋە

مەدەنىيىتىنى جاھانغا تاراتقان ئىدى .7- ئەسىردىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ئەگىلىك سويگۇنىنىڭ 180 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنىنى . 6 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى مەغلۇپ قىلىپ .تاڭنىڭ پادىشاھلىغىنى قولىغا ئەپ بىرىشى مۇ شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرنىڭ قانچىلىك ئەقىللىق ساپالىق باتۇر خەلىق ئىكەنلىگىنى كورۇۋالىغىلى بولىدۇ .9-10- 11 - ئەسىردە يەنى سۇتۇق بۇغرائىخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىملىق گۈللۈنىشنى بىشىدىن ئوتكۇزگەن . يۇسۇپ خاس ھاجىپىنىڭ بىلىم ئىگەللەش توغرىلىق يازغان مىسرالىرىدىنلا ئۇيغۇرنىڭ بىلىمنى قانداق دەرجىگە كوتۇرگەنلىگىنى قەدىرلىگەنلىگىنى بىلىۋالايمىز .بىلىمنىڭ بىر قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىگىنى شۇ ۋاقىتتىلا ئوتتۇرغا قۇيغان . ياۋرۇپا بىزدىن 350 يىل كىيىن ئوتتۇرغا قويغان .ئىسلام ئاباباسىلار دەۋرىدە ئوزىنى دۇنياغا نامايەن قىلغان ،بۇ دەۋىردە .مەزھەپلەر يوق ئىدى .ئوسمانىلار دەۋرىدىن تارتىپ مەزھەپلەر ئوزىنى نامايەن قىلىشقا باشلىدى .تەبىرقچىلىق كوپەيدى .شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار چاك چىكىدىن يىمىرىلىشكە زاۋاللىققا يۇزلەندى . .ۋاھابى ئىقىممۇ 17- ئەسىردىن تارتىپ ئاۋغانىستاندا بارلىققا كىلىپ پۈتۈن دۇنيانى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى . دىندا ئاشقۇنلۇقنى تەرغىپ قىلىپ كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ روھىيىتىگە ھۇجۇم قىلىپ .كىشىلەرنىڭ مىڭىسىنى يۇيۇپ ،ئاللادىن بى سوراق .قىل تەۋرىمەيدۇ ،دىگەن تەغدىرچىلىقنى تەشۋىق قىلىپ .دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئىلىم پەندىن يىراقلاشتۇرۇپ .ئارىغا تەبىرقچىلىق ئۇرۇقنى سىلىپ . قاراڭغۇ زۇلمەتتە قويدى ، باشقىلارغا مۇسۇلمانلارنى قۇل قىلىپ بەردى .يىقىندا بۇ ۋاھابىلارنىڭ . مەيدانغا كىلىشىدە ئەنگىلىيەنىڭ ئوسمانلى ئىمپىرىيەسىنى تەلتوكۇس يوقۇتۇشتىكى .ئاجايىپ ئۇسۇلى ئىكەنلىگىنى ئوقۇدۇم . تورداشلارنىڭ ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن . ھازىرقى ئۇيغۇر ئىلىنى ئىلىپ ئىيتساق .ئۇيغۇرلاردا ،قەبىلە ،مەزھەپ يوق ئىدى .80- 90- يىللاردا . ئۇيغۇرلار ئوز ئارا تولىمۇ ئىتىپاق ئىدى . 2000- يىللارغا كەلگەندە ئاشقۇن ۋاھابىلار پەيدا بولۇپ ئۇيغۇرلارنى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىدى .تىخى بىرقىسىم رايۇنلاردا .ۋاھابى مەزھىپىدىكىلەر ، دىيارىمىزدىكى .مەسچىتلەرگە كىرىپ ناماز ئوقۇشنى . تەرىك ئەتتى . بالا ئاتىسىنىڭكىدە تاماق يىمەيدىغان ، ئۇلار بىلەن چەك چىگرانى ئايرىغان ئەخۋاللارمۇ بولدى .مەن بىر ئاتىنىڭ ماڭا مۇنداق دىگىنىنى ئوز قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىدىم .( بۇ گۇيتۇزا بىزنىڭ ئەتكەن تامقىمىزنى يىمەيدۇ . گەپ ئاڭلىمايدۇ . تىخى ئاپامدىن ئايرىلىپ كەت دىگىنىچۇ بۇنىڭ .مەن ئاڭلىسام بۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان بىر كىتاپى باركەن . ئۇنى يەھۇدىلار چىقاردىمىكىن دەيمەن .بۇلارنىڭ باشلامچىسى چوقۇم يەھۇدى .) دىگەن ئىدى . دىمەك بىزنىڭ يۇرتتا . بۇلار بەك ھەددىدىن ئاشتى لىكىن قانۇن بۇلارنى بىر بىرلەپ يوقۇتىۋاتىدۇ . خۇددى مۇستاپا كامال يۇقاتقاندەك يۇقاتىسكەن دەيمەن . بۇلار بىركۈن مەۋجۇت بولىدىكەن بىزگە بىر كۈن ئارامچىلىق بولمايدۇ .مۇسۇلماندا پەتىۋا تولا . نۇرغۇن پەتىۋالار .مۇسۇلماننى تەرەققىياتتىن توسىدۇ . بىز قانچىكى تەرەققىياتتىن يىراقلاشساق . ئىسلام شۇنچىكى تىز يۇقايدۇ . ۋاھابىلار قانچىكى كۈچىيىدىكىن .ئىسلام شۇنچىكى ئابروينى توكىدۇ .تىز يۇقۇلىدۇ .مەن پاكىستاننىڭ پەنجراپ ئولكىسىنىڭ بىر نايەسىدىكى .تالىبانلارنىڭ مەكتەپلەرنى كويدۇرۇپ . قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنى چەكلىگەنلىئەئىنى كورۇپ تالىبانلارنى دۇنيا يەنى يەر يۇزىدىن بىرنى قويماي قىرىپ تاشلايدىغان .تاھىپە ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم . يەنە پاكىستاندا بىر قەبىلىدىكى 0 2 ياشلىق قىزنىڭ يۇشۇرۇن 2 ئاي يانفۇن تۇتقانلىقىغا تۇققانلىرىنى چوڭ يۇلغا ئەپ چىقىپ چالما كىسەك قىلىپ ئولتۇرگۇزگەنلىگىنى كورۇپ ئىسلامنى مۇشۇنداق دەپسەندە قىلىۋاتقان . مۇناپىقلارنى قىرىپ تاشلىسا دەپ ئويلاپ قالدىم . بىر يانفۇن تۇتقانغا ئاشۇنداق ئولتۇرەشكە توغرا كەلسە . ئۇيغۇر دىياردا بىرمۇ ئايال كىشى قالماسلىغى مۇمكىن

(7) بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ تېمىسىنى ئوقىغاندىن كېيىن

ئەسلىدىكى كونا يېزىق مەنبەسى:

http://bbs.baghdash.cn/forum.php?mod=viewthread&tid=23545

بىلمىخۇمار ئاكىمىزنىڭ ماقالىسى توغرىلىق گەپ قىلىشتىن ئىلگىرى (ئەمەلىيەتتە مىنىڭ گەپ قىلغۇدەك سالاھىيىتىممۇ يوق ) مەن ئاكىمىزغا بولغان قايىللىقىمنى ۋە تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرمەكچىمەن .

نىمىگە قايىل بولدۇڭ دەمسىز؟ مەن ئاكىمىزدىكى ئۈممەت، مىللەت دەپ ئۆرتىنىۋاتقان ئىزدىنىۋاتقان شۇ قەلبكە ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك شۇ خىل ئالىيجاناپ روھقا قايىلمەن .كۆز ئالدىمدىكى بۇ قۇرلارنىڭ ئارىسىدىن ئەنە شۇ خىل قەلب شۇ خىل روھ ماڭا ئايان بولدى .مەن خەت ئوقۇۋاتىمەنمۇ ياكى روھى ئالەمدە سەپەر قىلىۋاتىمەنمۇ دەپ پىچىرلىدىم ئۆز ئۆزۈمگە !

ئويلاپ قالدىم .ئەسلى ئاكىمىز قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ئەمەلى نەتىجە ياشاۋاتقان رىئاللىقنىڭ ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىدىن قېلىشمايدىغان ئىدىيە زاپىسى ۋە يۈكسەك بىر روھى ئالەم بار ئىكەن ئەمەسمۇ !؟يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىزلەرگە نىسبەتەن غايىبانە ماكان ھىساپلانغان يىراق قىتئە، ئۇ يەرلەردىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز سۈرئەتتىكى تۇرمۇش رىتمى ،تىما ئىگىسى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپ ،ئۈزلۈكسىز يوللىنىۋاتقان زەنجىرسىمان ماقالە.تىمىغا چۈشكەن تېتىقسىز باھا. . . . . . . . . . بۇ نىملەردىن دىرەك بىرەر ؟؟؟

تىما ئىگىسىنى بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە ، بۇ تىملارنى يېزىشقا ئۈندەۋاتقان ئامىل زادى نىمدۇ ؟ئەجىبا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە خاس تۇرمۇشىنى ياشىسا بولمامدۇ ھە؟! ئەجىبا ئۇ بىزگە ھەر دائىم ناسا توغرىلىق پاراڭ سېلىپ بېرىپ، ئۆزىنى مۇتلەق رىياسەتچىگە ئايلاندۇرۇپ تۆردە ئولتۇرسا بولمامتى ؟ ئۇ ۋاقىتتا ھېچكىم ئۇنىڭغا قۇشۇق سالالمايتتىغۇ ؟

ئويلاپ باقايلى، ئەگەر شۇ ئورۇن شۇ شارائىتتا بىز بولغان بولساق، بىز بۇ شلارنى قىلىلامدۇق يوق؟مەيلى چەتئەللەردە ياكى دياردا بولمىسۇن ئالىملار ئاز ئەمەس ئەمما بىزگە ئۆزىنى كىملەرنىڭ بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى ،باقى ئالەمدە ئىلىمنى ئاتا قىلغۇچى مەرھەمەتلىك زاتنىڭ ئالدىدا شۇ ئىلىملەرنىڭ ھىسابىنى بىرىدىغانلىقىنى ئىسىدىن چىقارماي بىزلەردەك ئىلىم تەشنالىرىغا تەلىم بىرىۋاتقانلا ساناقلىقلا كىشىلەرغۇ؟!ئىسمىزدە بولسۇن بىر كىم تىما ئىگىسىگە ئەسەر ھەققى بەرمەيدۇ!(ئەمما ئۇلۇغ ئاللاغ ئەجرىنى كەم قىلمايدۇ ئىنشائەللاھ ) مۇشۇ تىمىنى يېزىش ئۈچۈن ئاپتۇر قانچىلىك ئىزدەنگەندۇ ؟!ئەقەللىسى مۇشۇ ماقالىنى ئۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كومپيوتىر ئالدىدا قانچىلىك ۋاقىت مۈكچىيىپ ئولتۇرغاندۇ؟

ۋا دەرىخا . . . . .نىمدىگەن نادان بىز ھە؟! ئالىمنى ھايات ۋاقتىدا قەدىرلىمەي ،بىزنى تاشلاپ كەتكەندىن كىيىن ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەي توۋلاپ يۈرۈش ئۇدۇممۇ بىزگە؟!ھالبۇكى ئۇيغۇر ئەسلى ئۇنداق ئەمەس ئىدى .سلام بىزگە ئىلىم ئەھلىنىڭ مەيلى دۇنيادا بولسۇن مەيلى ئاخىرەتتە بولسۇن نەقەدەر ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىنى شۇ قەدەر بىلدۈرگەن ئىدىكى بىر يۈرتتا ياشاپ ئۆتكەن ئالىمنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ

چىقىش شۇ يۇرت ئەھلىگە ۋاجىپ ئىدى. شۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۇلارنىڭ ئىزىدا ماڭاتتى . مېنىڭ دەيدىغىنىم ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھازىردىن باشلاپ شۇنداق تەلىم بەرسۇنكى: ئامرىكا ناسا ئالەم قاتناش ئىدارىسىدا (ئەركىن)(سىددىق)ئىسىملىك مۇسۇلمان بىر ئۇيغۇر ئالىمى بار .

ئەمدى ماقالە توغرىسىدا ئۆزەمنىڭ كۆز قارىشىنى سۆزلەپ ئۆتەي. . . .

(تەرەققىي قىلىشنىڭ بىردىن-بىر يولى، ئۆز ئىمانى بىلەن ئۆز ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بىلىم ئىگىلەش. بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلار بۇرۇن قىلالىغان. ھازىرمۇ قىلالايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ سىز ئاشۇنداق قىلىشنى خالامسىز ياكى خالىمامسىز، دېگەندىن ئىبارەت) ئاپتۇر ئۆزى سۆزلەپ ئۆتتۈپتۇ مانا بۇ ماقالىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى. بۇ ئۇشبۇ ماقالىنىڭ مەركىزى ئىدىيەسى بولۇپلا قالماستىن جامالىدىن ئاپغانى ،مۇھەممەد ئابدۇ ،رەشىد رىزا ،مۇھەممەد قۇتۇپ ،مۇھەممەد ئىمارە ،مۇھەممەد غەززالى ،راشىد غەرنۇسى ،راغىپ سىرجانى يۇسۇپ قەرزاۋى ، ئەلى ئىززەت بىگوۋىچ ، ئابدۇلمەجىد زىندانى قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچى ئالىملارنىڭ ئورتاق ئىدىيەسىدۇر.

بۈگۈنكى كۈنلەردە بىزلەرگە يات تۇيۇلۇۋاتقان بۇ ئىدىيەلەر ئەسلى بۈنىڭدىن يۈز يىل مۇقەددەم دىيارىمىز بۇسۇغىسىدىن ئاتلاپ بولغان .يەنى ئۆز ۋاقتىدىكى مەمتېلى ئەپەندىم ،ئابدۇقادىر داموللامالار باشلىغان جەدىدىزىمنىڭ (يېڭى مائارىپ ھەركىتى )ئاساسلىق ئىدىيەسى ھەم شۇ بولۇپ بۇ ئىككى ئالىم دەل مۇشۇ ئىدىيەسى تۈپەيلى يېقىتىلغان ئىدى (مەن بۇ يەردە جەدىدىزىمنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى دىمىدىم ).مەشھۇر مۇپەسسىر ئالىم مۇھەممەد زىرىپ قاراجىم 1927-يىلى يازغان ئەممە پارىسىنىڭ تەپسىرىنىڭ خاتىمىسىدە ئۇچۇق ئاشكارا قىلىپ سلام ئۇممىتى ئەقىدە بىلەن ئىلىم پەنگە ئورتاق ئەھمىيەت بەرگەندە ئاندىن ھەقىقى گۈللىنەلەيدۇ دەپ ئېيتقان (بۇ ئەسلى تېكىستى ئەمەس ،ئىسمىدە قېلىشچە يازدىم ،مەنبەگە قارالسۇن ). قۇرئان ئۇقۇپ باققان كىشىلەر ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن .قۇرئاندا ئىلىمگە ئەقىلگە قانچىلىك ئورۇن بەرگەن ؟!قۇرئان كەرىم كائىنات ،تەبىئەت، نسان جىسمى ھەققىدىكى دەلىللەرنى كەلتۇرۇپ ئىلىم پەننىڭ مۇتلەق سلامغا يىتەكلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ھەمدە مۇسۇلمانلاردىن كائىناتقا تەبىئەتكە نەزەر سېلىشنى تەلەپ قىلغان .(بەزىبىر دىننى ئىلىم پەن بىلەن ئۆز ئارا زىت دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقان كىشىلەر دىن سورايمىزكى سىز قۇرئان ئۇقۇپ باققانمۇ يوق ؟؟؟؟)دىمەك يول ئالىلقاچان سىزىلىپ بولدى ،ئەمدىكى مەسىلە بۇ يولدا ماڭامدۇق يوق ؟قانداق ماڭىمىز؟؟؟

1-ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇش. 2-ئىلىم پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش

خوش ئۇنداقتا ئەقىدىدە قانداق چىڭ تۇرۇمىز؟ ئەقىدىنىڭ نىمىلىكىنى بىلمەيدىغان بىزلەرگە نىسبەتەن بۇ ھەقىقەتەنمۇ ۋەزنى ئېغىر سۇئال بولۇشى ،ۋە ياكى كۆنۈپ كەتكەن ئادىتىمىز بۇيىچە بۇنداق سۇئاللارغا قىلچىلىك پەرۋا قىلىپ قالماسلىقىمىز مۇمكىن .

ئەقىدە ئۆگەنمىسىمۇ بولىدىغان ئاددى ساۋاتمۇ ؟ۋە ياكى ئۆگىنىپ قويسىلا بولىدىغان دەرسلىكمۇ؟

ياق ياق . . . ئەقىدە دىمەك ھايات پىروگراممىسى ،ھايات خەرىتىسى دىمەك .ئەقىدە دىمەك غايە نىشان دىمەك ،ئەقىدە دىمەك ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلىش ،ئۆزىنى ئاللاھقا بېغىشلاش دىمەك ،ئەقىدە دىمەك ھاياتنى

قىزغىن سۆيۈش ،ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشۇش دىمەك .خۇلاسە كالام ئەقىدە دىمەك بارلىق قىممەتنى ئاللاھتىن تاپشۇرۇۋېلىپ ئاللاھ تەلەپ قىلغان ئىنسانى سۈپەتتە ئاللاھ ئۈچۈن ياشاش دىمەك!!!

دىمەك بىز قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق ئەقىدە ئۈچۈن مانا شۇنچە كۆپ مەنەلەرگە ئېرىشەلەيدىكەنمىز.

ھالبۇكى بىز بۇلارنى قانچىلىك ئۆگەندۇق ؟بۇلارغا قانچىلىك ئەمەل قىلدۇق ؟ قىسقىسى قانچىلىك چۈشەندۇق؟بىز ئەقىدىگە قورسىقىمىزغا ،خىزمىتىمىزگە ،مۇئاشىمىزغا،چىرايىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەنچىلىك كۆڭۈل بۆلدۇكمۇ؟ ۋە ياكى ئاللىقانداق سەۋەپلەر تۈپەيلى ئەقىدىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىقمۇ ؟!ئەقىدىنىڭ نۇرغۇن ئاساسلىرى ،نۇرغۇن تۈرلىرى نۇرغۇن شەرتلىرى بار ئىدى ،ساقلىنىدىغان نۇرغۇن شىلار بار ئىدىكى دىققەت قىلمىساق ئۇ ئىشلار بىزنى ئەقىدىدىن چىقىراتتى ،ھالبۇكى بىز نادانلىقتىن ھەممىنى قىلىۋاتىمىزيۇ يەنە ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دېيىشتىن ئۇيالمايمىز .ھەممىنى بىلمىسەكمۇ ئەڭ زۆرۈر ئەقىدىۋى بىلىملەرنى بىلىش ھەر بىرىمىزنىڭ پەرز بۇرچى ئىدى ئېچىنارلىقى شۇكى كۆندىلىك پەرز بولغان بەش ۋاق نامازنى قانداق ئوقۇشنى بىلمەيۋاتىمىز ؟ يا رەببى. . . . . . . .يەنە نىمىلەر باردۇ بۇ ئۈيغۇرنىڭ تەقدىرىدە ؟!؟

مانا مۇشۇ بىزنىڭ ئەقىدىگە ئېسىلغانلىقىمىزمۇ؟!؟!

تالاي تالاي كىرزىسلارنىڭ بېشى بولغان بۇ كىرزىس بىزنىڭ كۆڭۈڭ بۆلۈشىمىزگە ئەرزىمەمدۇ ؟ئۇ ھەر بىرىمىزدىن يىراق ئەمەس ھەر بىرىمىزگە ئالاقىسىزمۇ ئەمەس .چۈنكى ئۆلۈمدىن ئىبارەت مۇتلەق ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماي ئامال يوقدە .شۇنىڭ ئۈچۈن يىللاردىن بېرى ۋاقىت ئاجرىتالمىغان بولساق ئەمدى ئاجرىتايلى ،بىلمەي كەلگەن بولساق ئەمدى كۆزىمىزنى ئاچايلى ،ھەر كۈنى ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ قۇرئان كەرىم ئوقۇيلى قېنى قۇرئان بىزلەرگە نىمە دەپ خىتاپ قىلىدىكىن ،ئوقۇغاندىمۇ ئۆزىمىزنىڭ بىلەرمەنلىكىمىزنى تاشلاپ ئۆزىمىزنى ئىلىمگە ، ھىدايەتكە تەلپۈنىۋاتقان ئاجىز ئىنسان دەپ قاراپ ئەقلىمىز تەپەككۇرىمىز بىلەن ئوقۇيلى.

بىزگە قانداق مۇسۇلمانلار كېرەك دىگەندە ھەم مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇيدىغان ھەم مېھرىبان دادا ھەم كۈيۈمچان ئەر بولالايدىغان ھەم شىخانىلاردا ش بىجىرەلەيدىغان ھەم تەجرىبەخانىلاردا تەجرىبە ئېلىپ بارالايدىغان ھەم شىركەت ماڭدۇرالايدىغان مۇسۇلمان ئەرلەر ،ھەم رومال ئارتىدىغان ھەم سادىق ئايال ھەم مەسئۇلىيەتچان ئانا بولالايدىغان ھەم كىتاپ ئوقۇيدىقان ھەم يازالايدىغان ھەم تەتقىقات ئېلىپ بارالايدىغان مۇسۇلمانلار ئايالار كېرەك

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىششىغا سەۋەب بولغان ئامىللار نىڭ قاتارىدىن ئاكىمىز سۆزلەپ ئۆتكەندىن باشقا يەنە ھۆقۇقنىڭ ئەھلى بولمىغان كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشى ،ئالىملارنىڭ ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلماسلىقى ،يۇنان پەلسەپە لوگىكىلىرىنى ھەممىنىڭ ئاساسى بولۇپ قېلىشى ،مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىششى ،تەسەۋۋۇپنىڭ باش كۆتۈرۈشى ،ئىچكى نىزانىڭ تۈگىمەسلىكى ،قاتارلىقلار بولۇپ بۇ ھەقتە مۇتەپەككۇرلاردىن مۇھەممەت قۇتۇب ،يۇسۇپ قەرزاۋى ،مۇھەممەد غەززالى قاتارلىقلار ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ قەلەم تەۋرەتكەن .مۇمكىن بولسا بۇ ئالىملارغىمۇ مۇراجىئەت قىلىنسا

يەنە بىر يېڭى ماقالىڭىزنى كۆرۈشكە ئىنتىزارمىز ئاكا! ئېھتىمال سىلىگىمۇ ئايان بولۇشى مۇمكىن ،ئۆزلىرى بۇ تىما توغرىلىق ئىزدىنىپ قەلەم تەۋرىتىۋاتقان تۇنجى ئۇيغۇر ئالىم ،داۋاملىق يازغايلا ئاكا ئاللاھ قوللىرىغا دەرت بەرمىسۇن .قىلىۋاتقان ئەمگەكلىرىگە ئەڭ ئالى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن !دۇئالىرىدا بىزلەرنى ئەسلەپ قويسىلا ئاكا! ئەسلى بەزىبىر ئىنكاس يازغۇچىلار ھەققىدە گەپ قىلاي دىگەن . خەيىر ئاللاھ ئۇلارغىمۇ ئىنساپ بەرسۇن. ئاركانى.

(8) بۇ ھەربىر ياشنىڭ كۆرۈپ چۈشىنىشىگە ئەرزىيدىغان نۇپۇزلۇق ماقالە بىلىمخۇمار ئاكىمىز ئۆزنىڭ يۈرەك قېنىنى مىللىتىمىز ئۈچۈن ئۇزۇلدۇرمەي سەرىپ قىلىۋاتىدۇ ،ئەجرىڭىزگە رەخمەت.

(9) پاھ پاھ ئاجايىپ ماقالىكەنغۇ بۇ!!!! بارلىق ياشلىرىرىمىزنىڭ كۆرۈپ قويىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. بەك ياخشىكەن.

(10) "كانونس ئوف مەدىكىنە" دىگەن كىتاب ئۇيغۇرتىلىدا "ئالقانۇن فىت تىب" دىگەن ئاتالغۇ بىلەن ئېلىنىدۇ، ئۇيغۇرچە "تىبابەت قانۇنلىرى" دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ ئالدىدا ئاتىكاچىلىق قىلىپ قويغۇم كەلدى.

(11) بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ پىداكار قوللىرىغا ئاللاھ ئىگەم دەرد بەرمىگەي، ئۇنىڭ قەلەملىرىدىن دىللىرىمىزدىكى تالايلىغان تۈگۈنلەر يېشىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت. سىلىنىڭ قەلەملىرى ماڭا كۆپ ئىشەنچ بېغىشلىدى، مۇمكىن بولسا ھازىرقى مۇسۇلمانلار تېمىسىدىكى تەتقىقاتلىرىنى توختىتىپ قويمىغايلا. ئۇندىن باشقا يەنە دۇنيادىكى روھىي قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولۇپ كېلىۋاتقان نىمىسلار بىلەن ئىستىلاچى ئۇرۇسلارنىڭ گۈللىنىش سىرلىرى توغرىسىدىمۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىز ۋە سېلىشتۇرما ھاسىلاتقا ئېرىشىشىمىزگە پايدىلىق نەرسىلەر بولسا تونۇشتۇرۇپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، چىڭگىزخان دەۋرىدە روسلار تىخى بىرلىككە كەلمىگەن كېنەزلىك ھالىتىدىكى خەلقلەر ئىكەندۇق، چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىن موڭغۇللار بىلەن بىللە قېلىچ ئويناتقانلار نىمە ئۈچۈن يىگىرمىنچى ئەسىرگە كەلگەندە ئاشۇ ئۇرۇسلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان بولغىيدى دەپ ئويلايمەن. ئاڭلىشىمچە روسلار چىڭگىزخاندىن باشقا ھېچكىمگە يېڭىلىپ باقمىغان ئىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە بولغىيدى؟

يەنە ئىككى قېتىم دۇنيا ئورۇشى قوزغىغان نىمىسلار ھېلىھەم ياۋرۇپانىڭ پاراۋۇزىمىش، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتتىكى روھىي كۈچى نىمە بولغىيدى؟

سىلىنىڭ قەلەملىرىدىن يەھۇدىيلار بىلەن ياپۇنلارنى چۈشەندىم،، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىۋاتىمىز،

مەن ئويلايمەن، نىمىسلار بىلەن روسلارنىڭ تەرەققىيات سىرلىرىدىن ھەم ئۆزىمىزگە ئۇبدان سېلىشتۇرمىلار ۋە پايدىلىق تېرمىنلار چىقىپ قالسا ئىدى دەيمەن، چۈنكى، نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنى ھاكاۋۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق يەۋەتتى، مەسىلەن، مانجۇلارغا ئوخشاش، ئەمما نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆزىنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزدى، يۇقىرىقى ئىككى خەلق توغرىسىدىمۇ سىلى بىزدىن كۆپرەك بېلىدىلا دەپ ئويلايمەن.

## دىن ۋە زامانىۋىلىق

(1)مېنىڭ نەزىرىمدە بىلىمخۇمار پەقەت بىر تەبىئىي پەن ئالىملا ئەمەس ،ئۇ يەنە ئۇيغۇر جەمئىيتىگە ناھايىتى توغرا ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن باھا بېرىپ كېلىۋاتقان ،نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ كېلىۋاتقان تېمىغا دادىللىق بىلەن يۈزلەنگەن سەزگۈر بىر جەمئىيەتشۇناس ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئۇيغۇر جەمىيىتىنى كۈزەتكەن ھەربىر ئەقلى ئويغاق كىشى بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق تېمىلارنىڭ ھەرقانداق تېمىغا قارىغاندا تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

(2) ئەركىن سىددىق ئاكىمىزنىڭ شۇنداق ئالدىراش خىزمەت ،ئارام ۋاقىتلىرى ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ بىز ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۆزۈن بىر تېمىنى تەييارلىشى ھەقىقەتەن تەسىرلىنىشكە تېگىشلىك چوڭ بىر ئىش!! ئاللاھ قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن ، تېنىڭىزنى تېخىمۇ سالامەت قىلسۇن !!

(3) ھازىر بىزلەرگە مۇشۇنداق مۇكەممەل بىر نەزىريە تولىمۇ زۆرۈر ئىدى . بىز مۇشۇنداق كىرەكلىك نەزىرىئىيە بىلەن ئۇچراشقاندا ئاندىن ھاياتنىڭ قولىمۇ قىسقا ، دۇنيانىڭ تولىمۇ كەڭلىكىنى ھىس قىلىدىكەنمىز . ھەرقانداق ئىلىم ئىتىقاتتىن باشلىنىشى كىرەك. 4كوچا دوقمۇشىدا تىگىرقاپ تۇرغاندا بىلىم خۇمار ئۇستازنىڭ ھەقىقەتكە تويۇنغان ،كىشىگە بىر توغرا دۇنياقاراش ئاتا قىلىدىغان ئىسىل ماقالىلىرى ئۆلۈغ ئوكيانىنىڭ نېرىسىدىن يىتىپ كىلىپ ،تەپەككۇرىمىزدا بىر سەكرەش ھاسىل قىلدى . ھازىرچە ئۇستازىنىڭ ماقالىلىرىنى قايتا-قايتا ئۇقۇپ مەزمۇنىنى ھەزىم قىلىپ ،ئۇستاز ئالىمنىڭ ئىدىيىسىنى ھۆججەتلىمىزغا سىڭدۇرۇش ، ئۇستازا غا بىلدۈرگەن رەھمىتىمىز بولۇپ قالدى .

(4) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئاكا!
مەن بۇ يەردە زامانىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇق ئالىم ئاكىمىزنىڭ نەچچە مىڭ كىلومىتىرلىق جاھاننىڭ ئۇ چىتىدىن " كىلىپ" كىچىككىنە كۆلبە، ئىنتېرنىت دۇنياسىدىكى يىگىننىڭ قۇلىقچىلىك كىچىكلىكتىكى پىشۇا ئەدەبىياتى تور بىتىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن ناھايىتى ھاياجانلاندىم، شۇ ھاياجان تۈپەيلى ئاكىمىزنىڭ ماقالىسىنىڭ پىشىگە يامىشىپ، كىكەچلەپ تۇرۇپ ،ئەقلىم يەتكەن پىكىرلەرنى ئىنكاس شەكلىدە تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرغا قويىمەن.

1 . ئالىمنىڭ ھەربىر مىنۇتىنىڭ نەرقىنى بىكىتىپ بولۇش مۇمكىن بولمايدىغان قىممەتلىك خىزمەت، تەتقىقات ۋاقتىدىن ۋاقىت ئاجىرتىپ ئۆز تەتقىقات، خىزمىتى بىلەن ئازراقمۇ مۇناسىۋىتى بولمىغان بۇنداق تېمىلاردا دىيارىمىزدىكى ھەرقايسى مۇنبەرلەرگە ماقالە يوللىشى ھەقىقەتەن بىز سۆيۈنۈشكە، تەشەككۇر بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك. كۇنۇپكا تاختىسى ئالدىدا بىر جۈملە ئىنكاسنى جايىدا يازغىلى مەيلى يوق " ئالدىراش" تورغا چىققۇچى قېرىنداشلىرىمىز مۇشۇنچىلىك ھەجىمدىكى نۇرغۇن ماقالىلەرنى بىرمۇ-بىر ئۇرۇپ، تۈزىتىپ، نەقىل مەنبەلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ تورغا يوللاۋاتقان كىشىنىڭ قانچىلىك ئالدىراش ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئازراق ئويلىنىپ باقسا بولىدۇ، شۈبھىسىزكى بۇ ئالىمنىڭ ئۆز يۇرتىغا، ئۆز قېرىنداشلىرىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2 . يىقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىزدىن چەتئەللەرگە ئوقۇشقا ۋە خىزمەتكە چىققانلار نۇرغۇن، لىكىن بىر

قىسىملارنىڭ دىيارىمىزغا، مىللىتىمىزگە ئەجابىي مەنپەئەتى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك بولدى، بىزلەر نۇرغۇنلارنى بىلمىدۇق، بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ ئىسمى قاتارلىق بىر قۇر ئۇچۇردىن ئىبارەت خالاس. چەتئەلگە كىتىۋىلىپ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆن كۆرگەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ يۈرسىمۇ، ھەتتا ئۆز كىملىكىنى ئۇنتۇغان پەقەت " ئۆز ئۇچىقىغا ئوت قالايدىغان" ئۆزلىرىنى ئارزۇلايدىغان، پەخىرلىنىدىغان، ياخشى نەتىجىلەرنى كۈتىدىغان خەلقى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرىپ قويمايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. مۇشۇ يىلىنىڭ بىشىدىن باشلاپ بىزنىڭ بىر قانچە داڭلىق مۇنبەرلىرىمىزدە چەتئەلدە ئىلىم-تەھسىل قىلىۋاتقان، ئىشلەۋاتقان، ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ماقالە ئەسەرلىرى خىلى كۆپ كۆرۈلدى، بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز بىلمىگەنلىرىنى سورىدى، يول بىلمىگەنلەر يول تاپتى، مۈگىدىگەنلەر زەرەتلەندى، ئويلاندى. . . بۇنىڭ يولباشچىسى، ئۇيۇشتۇرغۇچى دەل بىلىمخۇمار ئاكىمىز سىز بولدىڭىز. بۇنىڭ بىلەن چەتئەلدىكى نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە تەتقىقاتلىرىدىن خەۋەردار بولدۇق، بىلىمخۇمار ئاكا سىز ئەنە شۇنداقلارغا ئۆز ھەرىكەتلىرىڭىز ئارقىلىق دەرس ئۆتتىڭىز، سىزنىڭ تەپسىلىي يېزىلغان ئوقۇش، خىزمەت، شەرەپلىرىڭىز سىڭدۈرۈلگەن تولۇق تەرجىمىھالىڭىز ۋەتالانتشۇناسلىق ھەققىدىكى بىر قاتار ماقالىلىرىڭىز ئالىلقاچان نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا توردا تارقىلىپ تورداشلارنىڭ ئەتىۋارلاپ كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى، بىز ئۇنىڭدىن پەخىرلەندۇق، ئۆگەندۇق. ھازىرمۇ سىز بۇ خىلدىكى مىللەتكە پايدىلىق بولغان لىكسىيە خارەكتىردىكى ماقالىلىرىڭىزنى ئۈزۈپ قويماي ئېلان قىلىۋاتىسىز. دىمىسىمۇ چەتئەللەردىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئوقۇش ۋە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملىرىمىز بىۋاستە خەلققە نەپ يەتكۈزەلمىسىمۇ ئۇلارنىڭ چەتئەلدىن كەلگەن ئاۋازى، چەتئەل تەسىراتلىرى، سىلىشتۇرمىلىرى ۋە ۋەتەن ھەققىدىكى ئوي-خىياللىرى، ئۆز ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا، جۈملىدىن خەلقىگە دىگۈسى كەلگەنلىرىنى بىز تور يۈزىدە كۆرسەك بۇلار بىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە غايەت زور ئىلھام بولاتتى. ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلمىي ئەمگەكلەردىن ئۇدۇللۇق ئۇچۇر بىرىلىپ تۇرسا كۆپ سانلىق كىشى ئۇنى چۈشەنمىسىمۇ ئۇنى چۈشىنىدىغانلار چىقاتتى، پەخىرلىنىش ۋە ئىزدىنىشكە سەۋەپ بولاتتى. بولۇپمۇ بىزدىكى چەتئەل دىسە جەننەتنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىزگە نىسبەتەن ئاشۇ " جەننەت" تىن كەلگەن ئۇچۇرلار ئەلۋەتتە ناھايىتى مۇھىم رولغا ئىگە بولاتتى، مەن سىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتە داۋاملىق باشلامچىلىق قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

3. جاھان نەدە؟ سەن نەدە؟! بۇنى بىز بىلەلمەيۋاتىمىز. بىلىمخۇمار ئاكا! ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆن كەچۈرىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، كۆنلىرىڭىز غەم ئىلكىدە ئۆتتى. ئەتراپىمىزدىكى مائارىپ، مەدەنىيەت، تەرەققىيات ئىشلىرىدا پۈرسەتلەرنى چىڭ تۇتالمايۋاتقان، تىرىشىپ ئۆزلىرىگە تىگىشلىك پۇرسەتلەر ياراتمايۋاتقان، نادانلىق ئىلكىدە مەغرۇر كېرىلىۋاتقان كىشىلەر ھەقىقەتەن كىشىنى غەمگە چۆمدۈرىدۇ. سىز بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىڭىز، ئۆز تەتقىقات ئەسەرلىرىڭىز ئارقىلىق بىزلەرنى نۇرغۇن يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار قىلدىڭىز، تەربىيلەش رولى زور بولغان كىشلەرنى مۇۋاپىقىيەتكە، تەرەققىياتقا ئۈندەيدىغان ئېسىل ماقالىلىرىڭىز ئارقىلىق كىشلەرنىڭ ئېڭىنى داۋالىدىڭىز. ئەپسۇس ئەتراپىمىزدا تورغا چىقىدىغانلار چىقمايدىغانلاردىن كۆپ، تورغا چىقىدىغان كىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىنو، رەسىم، ناخشا، قىزىقارلىق يۇمۇر قاتارلىقلارغا ساراڭلارچە ئۆزىنى ئۇرىدۇ، بۇنى سىزنىڭ ئەڭ داڭلىق ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەردىكى ئەسەرلىرىڭىزنىڭ كۆرۈلۈش قېتىم سانىغا قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ، ھازىر 10 ملىيون كىشى ئىچىدە سىزنىڭكىدەك قىممەتلىك ماقالە-ئەسەرلەرنى كۆرىدىغانلار %1 گىمۇ يەتمەيدۇ، دىمەك سىز ئەسەرلىرىڭىزدە ئوتتۇرغا قويغان مەسىلىلەرنى بايقاش، ئىلمىي ئۇسۇللارنى ئۆگىنىش ۋە ئادەتلىنىش خىلى يىراقتىكى ئىش، شۇڭا سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى خەلق ئۈچۈن ئۇخچۇغان مۇھەببەتلىك ھېسلىرىڭىزنى، ئەقىل بىلەن يۇغۇرۇلغان پىكىرلىرىڭىزنى توختاتماسلىقىڭىزنى

ئۆتۈنىمەن.

تولۇقلىما مەزمۇن (24-11-2013 13:49):
چولتا پىكىرلىرىم ۋە تەنتەكلىكىم ئۈچۈن ئۆزرىلىكىمەن، ئامان بولغايسىز!
http://www.pixwa.cn/forum.php?mod=viewthread&tid=269

پەخىرلىك ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ يازمىلىرىنى قالدۇرماي ئوقۇۋاتىمەن،ئىلمىي تەتقىقات ۋە يۇقىرى خىزمەت سىجىللىقى ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى چوڭقۇر ئويلىنىپ ئەڭ مۇھىم نوقتىلارنى چىقىش قىلىپ مۇنبەرلەرگە يوللاۋاتقان ھەر بىر كۆز قارىشى پاكىتلىق ۋە مەنتىلقىلىق يازمىلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە ئەھمىيىتىگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم ، شۇنداقلا ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە قىلىۋاتقان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىدىن ئەل ئوغلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن . ››ئەل رازى ئاتا رازى ، ئاتا رازى خۇدا رازى ‹‹
بۇ ماقالىدا يېتىلغان ئوقۇغان كىشىلىرىمىز دىن ئۆگىنىپ توغرا يولغا يېتەكلەش ، دىنىي زىيالىيلىرىمىزنى يېتىشتۈرۈشتە دىن ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ماڭالىغان ئىلغار مۇسۇلمان مىللەتلەرنى ئۈلگە قىلىشىمىز ، ئەڭ ئاقىلانە ئىقىمنى تاللاپ ئاساسىي ئىقىم قىلىشىمىز كېرەك دېگەن پىكىر ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق بولۇپلا قالماي تەخىرسىز بولۇپ قاپتۇ . ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى دىنىي جەھەتتىكى تەپەككۇر چېچىلاڭغۇلۇقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ تۇرغان مۇنبەرلەردىكى دىنىي تېمىلاردىكى نەچچە بەتكە سوزۇلغان سېسىق گەپ ، تىل ھاقارەت بىلەن تولغان مۇنازىرىلەرگە ئورۇن قالمايتتى .
ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ۋاھابىزىم ، سالافىزىم توغرىسىكى ماقالىسى بىلەن تېزراق يۈز كۆرۈشۈشكە ئىنتىزارمەن .
يېقىندىن جەمىيەتلەردە ئىقىپ يۈرگەن دۇنيادا ئىككى مىللەت بار، ئۇيغۇر دەپ مىللەت يوق ، تويدا تۆز چىلانغان نان يېيىش بىدئەت ، نورۇز بىدئەت دەيدىغان يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن كۆز قاراشلار ۋاھابىزمنىڭ ئىپادىلىرىمىدۇ ؟

(5) بۇرۇندىن تارتىپ بىريۇرتنىڭ راۋاجلىنىشى، ئەل يۇرتنىڭ خاتىرجەم، تۇرمۇشىنىڭ پاراۋان بولۇشى شۇ يۇرتنىڭ كۆپىنى كۆرگەن باشلامچى كاتتىلىرىنىڭ، دانىشمەن ئالىملىرىنىڭ، يەنى بىلىملىك ئادەملىرىنىڭ يول كۆرسىتىشىدىن ئايرىلغان ئەمەس......ھازىرقى جەمىيىتىمىزدىكى ئەركىن سىدىق، ئابدۇشكۇر مۇھەممەت ئىمىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇۋەلى ئايۇپ، ئىلھام ئەپەندى ۋەھاكازا قاتارلىقلار دەل بىزگە يول كۆرسىتىۋاتقان ئۇلۇغلىرىمىزدۇر. بىز ئامال بار ئىدىيىلىرىمىزنى مۇشۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە يېقىنلاشتۇرساق، كېبىرلىكنى تاشلىساق دەپ قارايمەن. ھەممىمىز بىرلىككە كېلىپ ھازىر يېڭىدىن كۆرۈلۈۋاتقان، كىچىك كۆلەمدىن چوڭىيىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئىشلارنىڭ زورىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتسەككەن دىگەن ئۈمۈدتىمەن.

(6) باغداش كۆكىدە چاقنار بىر يۇلتۇز ،
ھىكمەتتۇر سۆزلىرى خۇلقى بەكمۇ ئۇز .
چوڭ-كىچىك دىيىشىدۇ ئۇ بىلىمخۇمار،

ئالىم ئۈ پەخرىم ئۈ سۆزلىرى تۈمار.

(7) بىلىمخۇمار ئاكا، ئاۋۇ بىر چاغدا سىزنى «ئالىم» دەپ ئاتاپ قويسام، مەن ۋە مۇشۇنداق ئاتىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئىدىڭىز. ئەمەلىيەتتە يازمىلىرىڭىز بارغانسېرى ئېسىللەشكىلى تۇردى.

(8) مەن ھىچ بۇ يەردە بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ مىڭىسىنىڭ سىھىرلەنگىنى كۆرەلمىدىمغۇ. بەلكى قاراڭغۇلۇقتا قالغان قىرىنداشلىرى ئۈچۈن مەشئەل بولۇپ كۆيىۋاتقان يۈرىكىنىلا كۆرگەندەك قىلدىم! بىلىمخۇمار ئاكا سىز يولىڭىزنى داۋام قىلىۋىرىڭ ئۈزۈنغا قالماي يۈرىكىڭىزنى تولۇق چۈشىنىپ قالىدۇ ھەممەيلەن. سىزدىن ئاللاھ رازى بولسۇن!

## سۈننى ئىسلامدىكى ۋاھابى ۋە سەلەفى ھەرىكەتلىرى

(1)ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا. مەن سىزنىڭ يازمىللىرىڭىزنى تەپسىلى ئوقۇپ كىلىۋاتىمەن. چۈشكەن ئىنكاسلارنى كۆرۈپ كىچىچە ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. سىزنىڭ ئەمگىكىڭىزدىن ئۇنتىنىسىز ھوزۇرلىنىۋاتقان مۇتلەق كۆپ قىسىم زىيالىلارنى تونۇيمەن. ئۇلار سىزنىڭ تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرىڭىزغا ئاساسەن قۇلىدىن كىلىشچە ئىلىمنىڭ زاكىتىنى بىرىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. سىزگە قالايمىقان جۆيلىگەنلەر ئاساسەن بىلىم سەۋيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، ياكى ھەلىقىلارنىڭ مائاشلىق مولىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئىغىر ئۇچرىغان، ئەقلى يىتىلمىگەن كىشىلەر. چەتئەللەردىمۇ مۇشۇنداق ئادەملەر كۆپكەن. ۋاتىڭىز قىس، شۇڭا گەپنى ئاۋۇتماي. سىزگە دىمەكچى بولغىنىم ،ھازىر ۋەتەندە سىز بىر تۈركۈم زىيالىلارنىڭ غايىۋى قەھرىمانى بولۇپ بولدىڭىز. مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى ئۇلار ئۇنتىنىسىز يازمىڭىزنى ئوقۇپ، كۆچۈرۈپ پايدىلىنىۋاتىدۇ. سىزگە بىۋاستە ئىنكاس بىلدۈرمەيۋاتىدۇ. مىنىڭ ئاكاممۇ سىزنىڭ يازمىڭىزنىڭ زىيالىلار ئىچىدە بەك قارشى ئىلىنىپ، ئىنكاس يىزىلىپ كەتسە، سىزنىڭ يازمىڭىزنىڭ چەكلىنىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلارنىڭ بىرى. شۇڭا ۋەتەندىكى توربەتلەردە ئانچە مۇنچە قالايمىقان جۆيلۈشلەرنىڭ چۈشۈپ تۇرىشى سىزنىڭ ماقالىڭىزنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى ۋە چەكلىنىپ قالماسلىقىغا پايدىلىق، دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن شۇنى كىسىپ ئىيتالايمەنكى، قاراقۇساق كىشلەردىن باشقا ھەممىسى سىزنىڭ يازمىڭزدىن تىگىشلىك نىسىۋىسىنى ئىلىۋاتىدۇ. خەيىر، ئامان بولۇڭ ئەركىن ئاكا. ئۆزىڭىزنى ئاسىراڭ. فاكەبوئوك.

(2) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەركىن ئاكا ياخشىمۇ سىز؟ ئۇيغۇرۇم ئۈچۈن ئالتۇن تېنىڭىز ئامان بولسۇن. ئىزدىنىشلىرىڭىزنىڭ خاتالىقلاردىن يىراق تۇرۇشىنى، ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىگە روھى ئوزۇق ئاتا قىلىشىنى ئۇلۇغ ئاللاھتىن تىلەيمەن.

(3) سىزنىڭ پەخرىلىك ئالىمىمىز ۋە ئوغلانىمىز ئەركىن سىدىقنى ئۇيغۇرلارنىڭ لۇشۇنى دىگىنىڭىز ماڭا زادى ياقمىدى، بىز لۇشۇندىن ئونى بولسىمۇ بىر ئەركىن سىدىققا تېگىشمەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ ئالىمىمىز ئۆز دىنى ۋە مىللىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قازغۇچى خىزىر،ئۇ مىللىتىنىڭ كەلگۈسىگە ئۇمۇد بىلەن قارايدۇ،لۇشۇن بولسا بىر تەرەپلىمە ئىدىيەنىڭ ئاسارىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان روھى چۈشكىن ئەسىر. خىزىر بىلەن ئەسىرنى قانداقمۇ

تەك ئورۇنغا قويغىلى بولسۇن؟ ئىككىنچى بىر نارازىلىقىم قانداقتۇر دىنىنىڭ كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى تېپىپ چىقىش دېگەندەك بولمىغۇر سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپسىز. بۇ دېگەن قۇرئاندا نۇقسان بار دېگەنلىك بولماي نىمە؟ ئەڭ ياخشىسى سىز بۇ قارىشىڭىزنى ياندۇرۇۋېلىڭ. مەن سىزگە دېسەم،ئىسلامدا نۇقسان يوق، پەقەت بىزنىڭ ئۇنى چۈشىنىشىمىزدە نۇقسان بار،بۇ ئىككىسى ئىككى گەپ!

ۋاھابىلارنىڭ ھەقىقەتەن ئاشقۇن تەرەپلىرى بار، لېكىن كونكىرتنى ئارقا كۆرۈنۈشكە قاراپ تەھلىل قىلىش كېرەك،قارىسىغا ھۇجۇم قىلىپ خىتلاپ تۇغدۇرغان ياخشى ئەمەس. ئالايلۇق،ئىسلام دۇنياسىدىكى ھۆكۈمرانلار دىنىي خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دىكتاتۇرا قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك نادان ۋە نامراتلىقتا قېلىشىغا زامىن بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. نورمال يول بىلەن ھككۇمرانلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا بەزى چەكتىن ئاشقان ۋاستىلەر ئارقىلىق قارشىلىق قىلغۇچى پىكىر ئېقىمى پەيدا بولغان. تالىبانلارغا كەلسەك،ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدا رۇسلارنىڭ قونچاق ھۆكۈمىتىگە قارشى غازات قىلىش ھەققانىي ئىش ئىدى،ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشىغىمۇ ھېسداشلىق قىلىشقا بولىدۇ،لېكىن ئەركىن سايلامنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئىسلامغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ.ئۇلارنى ھازىر ھەرگىز غازاتچى دېگىلى بولمايدۇ.

لېكىن ئالىممىز ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويغان باشقا قاراشلىرىڭىزغا ۋە بانكا قەرزى توغرىسىدىكى تەھلىلىڭىزگە مەنمۇ ئورتاقلىشىمەن. رەخمەت سىزگە.

(4) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلمىخۇمار قېرىندىشىم ، سىزنىڭ يىقىندىن بىرى ھاردىم- تالدىم دىمەي ھەرقايسى توربەتلەردە ئىسىل تىملارنى يوللىغىنىڭىز ،ئۇيغۇرغا قانچىلىك كوڭئۇل بۆلەۋاتقانلىغىڭىزنى بىلدۇرىدۇ .سىزدىن شىنجاڭدىكى 90% ئۇيغۇر رازى . سىزدىن سويۈنەۋاتىدۇ، سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى ئۇيغۇرغا كوڭئۇل بولەۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىلىرى ھەر قاچان ، ھەر قانداق جايدا قىلىۋاتىدۇ . ۋە ئۇيغۇرلارغا . «كومپىياتۇرنى ئىچىپ مىسرانىم توربىتگە كىرىپ، بىلمىخۇمارنىڭ ماقالىسىنى بىر قىتىم ئوقۇپ چىقىڭلار» دەپ تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ . مەن يىقىندا بىر نەزىرگە بارسام، شۇ يەردە نۇرغۇن زىيالىلار سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىپ، ئاگزى ئاگزىغا تەگمەي تەرىپلەپ سوزلەۋاتقانلىغىنى ۋە سىزنىڭ ماقالىڭىزنى بىر قىتىم بولسىمۇ ئوقۇپ چىقىشقا تەۋسىيە قىلىۋاتىتقانلىغىنى كوردۇم . بۇنىڭدىن سىزنىڭ ماقالىڭىزنىڭ تەسىر كۇچىنىڭ قانچىلىك زور بولاۋاتقانلىغىنى كورگىلى بولىدۇ . دىن ئالىملىرى تارىخنى تولۇق بىلمەسلىگىمۇ مۇمكىن . بولۇپمۇ بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى مولللارنىڭ كوپىنچىسى شۇنداق . بىر يىتىشكەن دىنى ئالىم بولۇش ئۇچۇن ، چوقۇم شۇ ئالىم شۇ دىنىنىڭ مايىتىنى ، كىلىپ چىقىشىنى، ئارتۇقچىلىق كەمچىلىك تەرەپلىرىنى تىپىپ چىقىشى، شۇ ئالىم ياشىغان زاماندا شۇ دىنىنىڭ كەمچىلىگى، دەپ قارالغان جايلارنىڭ نىمە ئۇچۇن كەمچىلىك سانىلىپ قالغانلىقىغا بىر توغرا يەكۇننى چىقىرالايدىغان بولۇشى كىرەك . مەن كورگەن، مەن مۇنازىرلەشكەن ۋاھابىلار ھەرگىزمۇ ئوتتۇرا يۇلنى تۇتقۇچىلار ئەمەس ، ھەممىسى ئاشقۇن ماجراچىلار . پەرىزگە ئىسلىماي، سۈننەتكە ئىسلىدىغانلار . بىر ۋاھابى ، «سەن بانكىدىن قەرىز ئالساڭ ، ئاناڭنى قىرىق قىتىم زىنا قىلغان بىلەن ئوخشاش»، دەيدۇ . بۇ نىمدىگەن ئىغىر گۇنا . ئاللاتالا قۇرئاندا شۇنداق دىدىمۇ ياكى ھەدىستىمۇ . ئەگەر ھەدىستە شۇنداق دىيىلگەن بولسا، بۇ يەھۇدى خرىستىيانلارنىڭ بىز مۇسۇلمانلارنى نامراتلىقتا قالدۇرۇش ئۇچۇن چىقاغان ھەدىسى . بۇ ئىسلامنى خۇنۇكلەشتۇرگەنلىك . جازانىنىڭ نىملىگىنى بىلمىگەنلىك . سىز مۇشۇ زاماندا بانكىلەر ئارا مۇناسىۋەت قىلمىسىڭىز مەڭگۇ رۇناق تاپالمايسىز . تالىبانىڭ . ئىسلامنىڭ ئابرويىنى توككەنلىكى راس . بۇنى پۇتۇن دۇنيا ئىتراپ كىلىدۇ. ھازىرمۇ بولۇشىغا توكەۋاتىدۇ ، شۇ تالىبانلار ئاشقۇن رادىكال ۋاھابىلاردۇر .

دىيارىمىزدىكى ۋاھابىلەر ھىجرەت قىلدۇق، دەپ .ئاۋغانىستانغا ، پاكىستانغا قېچىپ، تالىباننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلار. ھەتتا ئاۋغانىستاندا ئاللاھ ئۈچۈن غازات قىلدۇق، دەپ، ئاۋغانىستان ئۇرۇشىغا قاتنىشقانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئاۋغانلارنىڭ ئىسلام ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلار دەل شىنجاڭدىكى ئاشقۇنلاردۇر .رادىكال ۋاھابىلاردۇر . بىلىمخۇمارنىڭ تارىخنى ۋاراقلاپ .ۋاھابىنى ئېچىپ تاشلىغانلىغى بىر بوسۇش . تىخىمۇ پاكىتلار بىلەن ، ۋاھابىلارنىڭ كىلىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش زورۇر .زىدىيەت بولغاندا تەرەققى قىلىدۇ . مۇشۇنداق مۇلاھىزىلەر ئىنكاسلار بىزنىڭ توغرا يۇل تېپىشىمىزغا تۆرتكە بولىدۇ . ۋاھابىلارنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى . ئىسلامنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان تەرەپلىرىنى .ۋاھابىنىڭ مايىتىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ تاشلاپ ئىسلامنىڭ توغرا ئوتتۇرا يۇلدا .يۈكسىلىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن .ئۇيغۇرنىڭ بىر ئىسلام دىنىغا ئىتىقات قىلىشىنى مەزھەپكە بولۇنمەسلىگىنى . ۋاھابىلارنىڭ ياخشى ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىشىنى ،رادىكال ئاشقۇن ئىدىيىسىدىن يىراق تۇرىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن . . ئاخىرىدا بىلىم خۇمارغا چىن كوڭلۇمدىن رەخمەت ئىيتىمەن ،بىلىم خۇمار سىزنى شىنجاڭدىكى 90 % ئۇيغۇر قوللاۋدۇ . سىزدىن پەخرلىنىدۇ . سىز بىزنىڭ ھازىرقى زامان لۇشۇنىمىز .

## ئىسلام دىنىدىكى ئوتتۇرا يول ھەققىدە

(1)ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، سىزگە تەۋسىيەم :1. ئەركىن سىدىق بىزنىڭ پەخرلىك ئالىمىمىز ،شۇنداقلا ئىسلامنى چۈشىنىشكە ، خەلقىمىزگە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان مۇسۇلمان دۇنياۋى تەبىئىي پەن ئالىمىمىز!!! خۇددى بۇ تىمىدا دىيلگەندەك، ئۆز كەسپىدە دۇنياۋى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى مىللىيىتىمىز، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىمىز توغرىسىدا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەسەر يېزىپ، بىزنىڭ قاشىشاق تەپەككۇرىمىزنى غىدىقلاۋاتقان ، بىغەم زىيالىيلىرىمىزغا سىگنال چىلىۋاتقان بىردىن-بىر تەبئىي پەن ئالىمىمىز!!! شۇڭا بۇ كىشىنىڭ سەمىيمىي نىيىتىدىن ئورۇنسىز، پاكىتسىز گۇمانلىنىپ گۇناھقا شېرىك بولۇپ قالمىغايسىز مىلەتدىشىم ، دىندىشىم ،قېرىندىشىم ! 2. ئاغزىڭىزنى چىڭ تۇتقايسىز،گەپ ئېغىزدىن چىقتىمۇ ئۆزىگە دۈشمەندۇر ، ھىسياتقا بىرلىپ دىگەن پاكىتسىز،ئورۇنسىز سۆزلەر ئۈچۈن تۆلەشكە تېگىشلىك بولمىغان بەدەللەرنى تۆلىگەنلەرنى كۆرمىگەنمۇ؟ ئۇۋچىلار ھەركەتتە . . . . دىققەت . . . . . ھە . . . دىققەت! بابۇر99.

(2) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ئەركىن ئاكا، ئالدى بىلەن سوزۇمنى ياراتقۇچىغا مەدىيەھ ھەم ھەمدى-سانا ئېيتىش بىلەن باشلايمەن. ئىگىمىزنىڭ بىز ئۇيغۇرلار ئىچىدىن سىزگە ئوخشاش ئىلغار پىكىرلىك، يىراقنى كورەرلىككە ئىگە، بىلىمدار بىر ئالىمنى ئاتا قىلغىنىغا مىڭ مەرتىۋە شۇكرىلەر بولسۇن. سىزنى ئالىم ئاكا دەپلا ئاتاي، سىز ئالدىدا يازغان بىر نەچچە نادىر تىمىلىرىڭىزنى ۋەتەندىكى قېرىنداشلارغا يوللاپ بىزگە سۇنغىنىڭىزغا كوپ رەخمەت. دائىم تورنى ئاچسامىلا سىزنى يەنە قانداق ئىسىل مەزمۇنلارنى بىزگە سۇنغاندۇ دەپ سىزنىڭ يازمىللىرىڭىزنى كورۇشكە ئالدىرايمان. لىكىن، سىزگە يىزىلغان بەزى ئىنكاسلارنى كورۇپ ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كىتىمەن ھەم ئويلاپ قالىمەن. قىرىنداش قىرىنداشنى قوللىمىسا، مەدەت بەرمىسە باشقىلاردىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن. سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمۈدىمىز قولىڭىزغا ئالغان قەلىمىڭىز توختاپ قالمىسا، بىز ھەر ۋاقىت ياخشى مەزمۇنلاردىن ۋاقىپلاندۇرسىئىڭىز. ئاخىردا، ئاللاھدىن بىلىمىڭىزگە تىخىمۇ قۇۋەت ھەم بەركەت بىرىشىنى، ئائىلىڭىزگە خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. (ئامىن). ئۇيگۇر323، باغداش.

(3)ئەسسالمۇ ئەلەيكۇم!،بىلىمخۇمار ئاكا، سىز 1990 -يىللىرى ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن بىر ماياك ئىدىڭىز ، سىزنىڭ ئىزىڭىزنى بېسىپ ئىلگىرلەۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرنى ئاڭلىساق ئىختىيارسىز سىز يادىمىزغا كىلىسىز،هازىرمۇ بىزنىڭ زىيالىلىرىمىز سىزنى ئىلىم دۇنياسىدا بىر سەركە ھىساپلايدۇ،خۇدا سىزگە مەدەتكار بولغاي. ۋىسا، باغداش.

(4) دەرھال ساقلىۋالمىسام بۇ يازما يوقاپ كىتىدىغاندەك جىئىدىلىشىپ، ئاۋال ساقلىۋىلىپ ئاندىن تەپسىلى ئوقۇپ چىقتىم . بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىمىمۇ خېلى چوڭقۇرلىشىپ ، ئوزۇمنى دەۋىر بىلەن تەڭ ئىلگىرلىگەندەك ھىس قىلىپ ، يېقىندىن بېرى كەيپىياتىممۇ ئوبدانلا كوتۇرلۈپ قالدى . ئويلاپ باقسام ، ئۇيغۇر ئۈچۈن نوۋەتتە ئىتىقاتنى ساپلاشتۇرۇش مارىسقا چىقىشتىنمۇ مۇھىمكەن . بىلىمخۇمار ئۇستازغا مىڭ رەھمەت . ۋاجرا، باغداش.

(5) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئەپەندىم :
ماقالىڭىزنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. گەرچە مەن ۋاھابى ۋە سەلەفىيلىك ئىدىيەسىنى قوللايدىغان قاراشقا ئىگە بولسامىمۇ ، ۋاھابى ۋە سەلەفىيلىك توغرىسىدا يازغان ماقالىڭىز كاللامدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، سىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلىرىڭىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن . كىيىنكى چۈشەنچە ھامان ئالدىنقىسىدىن مۇكەممەل بولىدۇ. شۇڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، دىنىمىز ئۇستىدە مۇشۇنداقلا ئىزدەنسىڭىز رەببىمىز ››ئاللاھ ‹‹سىزگە ئەڭ توغرا يولنى ئۈچقاشتۇرۇپ بىرىدۇ. ئاشۇ چاغدا سىزنىڭ ۋاھابى ۋە سەلەفىيلىك ئىدىيەسى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ئىدىيەسىدە ئوتتۇرا يول تۇتىشىڭىزغا ئىشىنىمەن . ››ئاللاھ ‹‹دىن ئېمانىڭىز ۋە ئىلمىڭىزنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولىشىڭىزنى تىلەپ ئىنىڭىز؛ كارەھۇ، باغداش.

(6) هازىر رەخمەت دەپلا تۇراي، ھارمىغايسىز بىلىمخۇمار ئاكا! قولىلىرىڭىزغا دەرىت كەلمىسۇن، ئىشلىرىڭىز تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولغاي. .يۈرۈكىڭىزدىكى ئوتنى ھىس قىلدىم! ھەممە ئالىملىرىمىز سىزدەك كۆيگەي ئىلاھىم ئۆز قېرىنداشلىرىغا! تارىموغلى1، باغداش.

(7) ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ كۆكسىدە يېنىۋاتقان ۋولقان بار ئىكەن، بۇنچىلىك ماقالىنى بىرەر يېرىم كۈندە يېزىپ بولغىلى بولمايدۇ، سەرىپ قىلغان زېھنىڭىزگە رەخمەت. ئەركىن ئاكا، سىز يېزىلغان ئىنكاسلارنى كۆرەرسىزمۇ؟ كۆرسىڭىز سىزدىن بىر سوئال سوراپ باقسام.
سوئال:سىزنىڭ تىمىلىرىڭىز ناھايىتى ئېسىل، لىكىن بىر خىل بېسىم ئاستىدا يازغاندەك قىلىسىز-يەنى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، گەپنى ناھايىتى ئېھتىيادچانلىق بىلەن ياپما سۆزلەپ، كۆڭلىڭىزدىكىنى ئۈچۈق دىيەلمەي، قىينىلىۋاتقاندەك قىلىسىز. بۇ ھەم ماقالىڭىزغا ھەر خىل شەرھېي بىرىدىغان ئەھۋالنى كەلتۈردى. (سىزنىڭ ماقالىڭىزنى ھەر خىل چۈشەندۈرىدىغان مەزھەبلەر شەكىللىنىپ بولدى.) مىنىڭ ھېس قىلغىنىم توغرىمۇ؟

(8) بىزنىڭ ئارىمىزدا سىز ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر، بىر نەچچە ناچار ئىنكاسنى كۆرۈپ ھەرگىز كۆڭلىڭىز سوۋۇمىسۇن، ھەم ئۆزىڭىزگە بېسىم قىلىۋالماڭ. ھەممىگە ياخشى بولۇپ ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، سىزنىڭ ماختايدىغاننى ماختاپ، قامچىلايدىغاننى قامچىلاپ، ئەركىن پىكىر قىلىشىڭىزنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن. شۇڭىڭدا

سىزنىڭ زېھنىڭىزمۇ تىجەپ قىلىنىدۇ، ئىدىيىڭىزمۇ ھەر خىل شەرھىيلەنمەيدۇ. سىز خەلقىم گېپىمنى چۈشىنەلمەي قالارمۇ، چۈشەنسىمۇ سىڭدۈرەلمەي قالارمۇ-دەپ ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، ئاز ئادەم چۈشەنسىمۇ كۇپايە، قالغانلىرى ئالدىرىماي قوبۇل قىلىدۇ. ئاخىردا تىنىڭىزنىڭ سالامەت، قەلىمىڭىزنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈر بولىشىنى تىلەيمەن! مەتھود، باغداش.

(9) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئەپەندىم، سىزنىڭ سۈننى ئىسلامدىكى ۋاھابى ۋە سەلەپى ھەركەتلىرى دىگەن تېمىڭىزنىڭ بەزىلەرنىڭ جۇملىدىن مېنىڭمۇ نارازىلىقىمنى قوزغاپ قۇيغىنى بۇ تېمىنىڭ بىزنىڭ بۇ يەرلەردە ئىسلام دىنىدا ئىشتاننى ھوشۇقىدىن ئاشۇرماي كىيىش بۇيۇرۇلغان تۇرسا بۇنىڭغىمۇ بىزنىڭ بۇرۇنقى ياشانغان ئالىملىرىمىز تولۇق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتسا ئىشتىنىنى قىسقىراق كەيگەن ياشلارنىمۇ ئاساس قاتلامدا ۋاھابى دەپ زەربە بېرىۋاتقان ۋاقىتتا ۋاھابىزىم ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئازغۇنلۇق دىگەن تېمى بىلەن تەڭ يوللۇنۇپ قالغانلىقى ئالدىنقى تېمىڭىزنىڭ ھەرگىزمۇ بىۋاستىلا ئەيىپلانغىدەك ئەمەس ھەم بىزنىڭ جۇتلىمىزدا ئاز تولا دىنى بىلىمدىن خەۋىرى بولغانلارنىڭمۇ بۇ تېمىنى چۈشۈنەلىگىدەكلىرى كۆپ ئەمەس. بىلىمخۇمار ئەپەندىم سىز بىر تەبى پەن ئالىمى تۇرۇپ ئىسلام دىنىمىزنىمۇ بىز ئۇيغۇلارغا چۈشەندۈرۈشتە يەنە قولىڭىزدىن كىلىشچە تىرىشقانلىقىڭىشغا ئاللاھ تائالا كۆپ ئەجىرلەر بەرسۇن. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسلام دىنىمىزنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتە بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسۇتۇپ، ئىزدىنىپ يەتكۈزسە، توغرىسىنى تاپالىسا ئىككى مۇكاپاتقا توغرىسىنى تاپالماي قالسىمۇ تىرىشقانلىقى ئۇچۇن بىر مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، دىگەن، شۇڭا باشقىلارنىڭ بەزەن قاراشلىرىنى توغرا چۈشۈنۈپ ھەم بۇ قاراشنىڭمۇ ئاساسى بارمۇ يوق، بۇنىمۇ ئويلۇنۇپ قەلەم تەۋرىتىپ تۇرۇشلىرىنى سورايمىز. ئابدىسالام334، باغداش.

(10) ناھايىتى ياخشى يېزىلغان ماقالىكەن، ئاپتورغا كۆپ رەھمەت، ئاللاھ ئىزدىنىشلىرىڭىزنى تاكاممۇللاشتۇرسۇن، مۇشۇنداق ماقالىلار ھەممىمىزگە خۇددى ئاسپېرىن پايدىق قىلغاندەك پايدىق قىلىدۇ، دەپ قارايمەن. ھەقىقىي ئىسلام يولىنى چۈشەندۈرىدىغان مۇشۇنداق ماقالىلار كۆز قاراشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە رولى چوڭ ، ئەلۋەتتە ! راس، باغداش

(11) بىلىمخۇمار ئەپەندىمگە تەشەككۇر . . . ئىسلامدىكى ئوتتۇرا يول توغۇرلۇق بىزنى بىر قىسىم مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگەنلىكىڭىزگە تەشەككۇر . .
بۇ تېمىنى كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ ئىسلام دىنىنى سۇي ئىستىمال قىلىپ، دىننى بۇرمىلاپ باشقىلارنى قانداق كۆنترول ئاستىغا تۇتىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈپ يەتتىم . . بادبوي، باغداش.

(12) ئەركىن سىدىق ئاكا يېقىندىن بېرى يازغان يازمىلىرىڭىزنى ئەستايىدىل ئوقۇۋاتىمەن. سىز يازغان تېمىلاردا قەلەم تەۋرەتكەن ساقاللىق ئۇيغۇر ھاجىملار بۇ ئانا دىيارىمىزدا يېقىندىن بۇيان چىقىپ باقمىدى، چىقسىمۇ يازغانلىرىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. كىمنىڭ ئاللاھنى ئەسلەپ ، ئاللاغىھا يارىغىدەك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى پەرۋەردىگارىم ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. يازمىلىرىڭىز كىمنىڭ ئاللانى ھەمدە ئۆز مىللىتىنى سۆيىدىغانلىقىنى ۋەزىنلىك ئىپادىلەپ كېلىۋاتىدۇ. ۋەتەن ئىچىدە ئالى مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە يۇرت سۆيەر ئەل سۆيەر كىشلەر سىزنى ھىمايە قىلىدۇ، سىزگە ئەگىشىدۇ. ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىپ بىز مىللەت ئۇچۇن پايدىلىق بولغان نادىر يازمىلارنى ئىمكانىيەت يار بەرسىلا يېزىۋېرىڭ. ئاللا تىنىڭىزنى سالامەت، قەلىمىڭىزنى ئۆتكۈر قىلسۇن.

قىمقىموگۈل، باغداش.

(13) ياخشىمۇ سىز ئەركىن سىدىق ئاكا، شۇنداق باشقىلار دېگەندەك، بۇنداق بىر تېمىنىڭ يېزىلىشىغا ئاز ۋاقىت كەتمەيدۇ ، ئەمما سىز ئاز ۋاقىت ئىچىدە ساز تېمىلارنى يوللاپ تۇرۋاتىسىز. بۇنىڭدىن بىز ناھايىتى خۇرسەنمىز ، ئەمما ساغلاملىق ئەڭ مۇھىمدۇر. ساغلاملىق ئەڭ مۇھىمدۇر، بىزگە ، ھازىرقى بىزلەرگە دەل سىز كېرەك ، ساغلام ياشاڭ ئاللا سىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن . ئامىن. ساياھاتقى1111، باغداش

(14) ھەممە ئادەم باراۋەر ئادەملەر ھۆرمەتلىشىپ ئۆتىدىغان يۇرتتا كۆپ تۇرسا ئادەم شۇنداق نادانلارمۇ چۈشەنسۇن ئۈچۈن ئېرىنمەي ئەسكەرتىش قىستۇرۇپ يازدىغان بۇپ قالىدۇ.

›› سىز بىلەن بىز باشلىقتىن ئىشىك باقار يامان ‹‹دىگەندەك بىرىنىڭ يازغىنىنى كۆرسىلا تىمىنى ئۇقۇماي ئالدى بىلەن ئىنكاس ئۇقۇپ، ئۆزى ياختۇرىدىغان بىرى يازغان ئىنكاس بولسا سەل قارشى پىكىر بولسىلا تىللاپلا چۈشۈپ ئىنكاسنى يىزىۋېتىپ قاراپ تۇرىدىغان نىملەرنى تەڭ تىللايمىز. ئەمما ئالىم دىگەن شۇ نادانىنمۇ خەلقىم دەپ بىلىپ، ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇ ھەرگىز قورقۇش ئەمەس. ئابلىمتت، باغداش.

(15) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا، ياخشىمۇ سىز، ئالدى بىلەن سىزگە تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرمەن، سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزنى تولۇق ئوقۇپ كىلۋاتىمەن. مەنمۇ چۈشكەن ئىنكاسلانى كۆرۈپ ‹‹ئىسلام دىنى بىزدىن ئوتتۇرا يول تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ››دىگەن نوختىدا تىما يىزىشنى ئويلاشقان ئىدىم . مانا بۈگۈن سىز يىزىپسىز. رەخمەت سىزگە. مەنمۇ‹‹ قۇرئان›› ۋە ھەدىسلەردىن ئىلىپ ئۆز قارشىمنى ئىنكاس سۈپىتىدە يوللاشنى توغرا تاپتىم، ئىسلام دىنى بىزدىن ئوتتۇرا يول تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ (ئى مۇھەممەت) ئاللاھ سىنى بۇيرىغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئىيتقانلارمۇ توغرا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھ نىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى،ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر -سۈرە ‹‹ ھود ››(11-سۈرە)،112-ئايەت بۇ مىنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇيولدا توغرا مىڭىڭلار، ناتوغرا يولدا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھ نىڭ يولىدىن ئايرىۋىتىدۇ. ( ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن ) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. -سۈرە‹‹ ئەنئام ››(6-سۈرە)153- ئايەت. ‹‹ ئەنئام ›› سۈرىسىدىكى ئۇشبۇ ئايەتى كەمدە زىكىر قىلىنغان‹‹ توغرا يول ›› بۇ يەردە‹‹ ئوتتۇرھال يول›› نى كۆرسىتىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ :رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرگە ، بۇ ئايەتى كەمدە ‹‹ توغرا يول ›› نىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر سىزىقنى سىزغان، ئاندىن بۇ سىزىقنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرپىگە يەنە ئايرىم-ئايرىمسىزىقنى سىزغان ھەمدە . ئۆزىنىڭ مۇبارەك قولىنى ئوتتۇردىكى سىزىقتا قويۇپ ، يۇقىرقى ئايەتى كەرىمنى تىلاۋەت قىلغان ، دەيدۇ. بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ئوتتۇر ھال يول تۇتۇشقا ئەھمىيەت بىردىغان دىن ‹‹ قۇرئان كەرىم›› نىڭ يۇقارقى ئايەتلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر . ئوتتۇر ھال يول-مۆتىدىل، توغرا يول دىگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىمىزنىڭ توغرا يولى. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ يولىدۇر ئىسلام دىنىمىز بىر تەرەپكە ئىغىپ كەتمەسلىكنى ، ئوتتۇرا، ئادىل يول تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلدىغان دىن دۇر شۇڭا مۇسۇلمانلار چوقۇم ئوتتۇر يولدا مەككەم ماڭىدىغانلادىن بولۇشى لازىم. خۇددا ئاللاھ تائاللا ‹‹ قۇرئان كەرىم ›› دە ئىيتقاندەك شۇنىڭدەك(سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك ) كىشىلەرگە شاھىد بولۇشىڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولىشى ئۈچۈن ، بىز سىلەرنى ئوتتۇرا ئادىل ئۈممەت قىلدۇق. -سۈرە ‹‹ بەقەر››(2-سۈرە) 143-ئايەت . 1. دىنى تۇرمۇشتا ئوتتۇرا يول تۇتۇش

كىرەك ئىسلام دىنى بىزدىن ئوتتۇرا يول تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ،بۇ جەھەتتە ‹‹ قۇرئان كەرىم ››دە ئىنىق بەلگىملەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆلىمالارنى چەكتىن ئاشقان يولدا ماڭماسلىققا ئاگاھلاندۇرغان. ھۇزەيفە رەزىيالالاھۇ ئەنھۇدىن رىۋاۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ، رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ‹‹قۇرئان كەرىم›› نى تىلاۋەت قىلدىغان جامائەت ! توغرا يولدا مىڭىڭلار، سىلەر بەكرەك ئالدىغا ئۆتىۋالدىڭلار، سىلەر ئوڭ ۋە سول تەرەپنى بەكرەك تۇتۇپ ماڭسساڭلار، ئۇنداقتا، زور ئازغۇنلۇقتا قالغان بولىسىلەر(بۇخارى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) پەرۋەر دىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە-ئاخشامدا پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غالىپلاردىن بولمىغىن . سۈرە‹‹ئەراف››(7-سۈرە) 205-ئايەت . نامىزىڭدا( قىرائەتنى )يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ مۇ ئوقىمىغىن، پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقىمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يولنى تۇتقىن. سۈرە ‹‹بەنى ئىسرائىل››(17-سۈرە)110-ئايەت. بۇ ئايەتى كەرىمنىڭ نازىل بولىشىدىكى سەۋەبى مۇنداق: بەزى مۇسۇلمانلار مەسچىدى ھەرەمدە‹‹قۇرئان كەرىم››نى يۇقىر ئاۋازدا ياكى ناھايىتى تۆۋەن ئاۋازدا قىرائەت قىلغان ، بۇ ئايەتى كەرىمدە ، ئەينى ۋاقىتتىكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ قىرائەتنى ئاڭلىغاندىن كىيىن ‹‹ قۇرئان كەرىم››گە ھۆرمەت سىزلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نامازدا(قىرائەتنى) يۇقىر ئاۋاز بىلەن ئوقىماسلىق، تەلەپ قىلىنغان. ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىيالماي ئىمانغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئۆتەۋاتقان مۇسۇلمانلانىڭ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نامازدا تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ئوقىماسلىق تەلەپ قىلىنغان. دىمەك بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ‹‹قۇرئان كەرىم››نى ئوتتۇرھال ئەۋازدا قىرائەت قىلىشى تەلەپ قىلىنغان . . .ئۇلار(يەنى ئاللاھ ياخشى كۆردىغان بەندىلەر) خراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ ، بىخىللىقمۇ قىلمايدۇ ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ. -سۈرە‹‹فۇرئان››(25-سۈرە)67-ئايەت. ئى مۆمىنلەر ! ئاللاھ سىلەرگەھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلماڭلار، (ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن )چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. -سۈرە‹‹ مائىدە ››(5-سۈرە ) 87- ئايەت. ئۇقكۇنىيالكۇنى، باغداش.

(16) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتىھۇ، ھورمەتلىك بىلىمخۇمار ئاكا، ياخشىمۇ سىز، سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. چۈنكى ئالدىنقى سەلەفچىلىك تىمىڭىزدا سىزگە ساقال تارغاقلىق قىلىپ قويغان بولۇشۇم مومكىن، ئاللا سىزنى بىزدىن ئايرىمىسۇن. ئۇقۇپلا قويۇش ئەمەس، يادىلىۋلىشقىمۇ ئەرزىگۇدەك ئىسىل نادىر جەۋھەر تىما يوللاپسىز. ئاللادىن سىزگە كاتتا ئەجىر ئەزىم بىرىشىنى تىلەيمەن .ئاندىن ماۋۇ باشقۇرغۇچىلار ماۋۇ تىما نىمىشقا نادىرلانمىدى . ساتۇك، باغداش.

(17) رەھمەت ، ئەركىن ئاكا. سىزنىڭ تېمىلىرىڭىز ھەققەتەن مىنىڭ نەزەر دائىرەمنى داۋاملىق كېڭەيتىۋاتىدۇ. سىزگە ئاللاھ مەدەتكار بولغاي! دەسەرتستورم، باغداش.

(18) ساھابىلەرنىڭ ۋاقتىدا ئىسلامنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش شۇنداق ئاددى تەرتىپ ئىچىدىلا ئېلىپ بېرلغان، شۇنداقتىمۇ ئاشۇ كىشىلەر تەقۋادارلىقتا ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ شانلىق دەۋرنى ياراتقان ئىكەن. كېيىنكى گۈللەنگەن دەۋرلىرىدىمۇ دىنىمىزنى ۋە مۇسۇلمانچىلىقنى چۈشىنىشمۇ بۇنچىلا مۇرەككەپلىشىپ كەتمىگەن ئىدى. ھازىرقى مۇسۇلمانلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش مەيلى ئۇسۇل جەھەتتىن بولسۇن كۆز قاراش جەھەتتىن بولسۇن بەكلا مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن.

چۈنكى بىز بىر مۇنچە ئارتۇقچە ئۇقۇملار ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزغا ھازىرقى زامانچە مەنمەنلىك ۋە زىغىرلاش ئارلىشىپ كەتكەن بولۇپ بىز بۇلارنى تەپەككۇر ئۇسۇلى ،ئىسپات ،لوگىكا دەپ ئاتاپ ئۇلارنى بىلىم سۈپىتىدە ئۆگەنگەن. ئارلىق ئۇزارغانسىرى تارىخ دېگەن بىر نەرسە پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ئەۋلات ئالدىنقىلارنى تەتقىق قىلىشقا تۇتۇش قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ئوخشىمايدىغان قاراشلار پەيدا بولىدۇ. بۇ قاراشلار ئەۋلاتلارنى قانداق قىلىپ تەربىيلەش مەسلىسى بولىدۇ. سىرتقا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرستىش، تاشقى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇش بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىمىزغا يىلدىن يىلغا تاشلىنىپ ماڭىدۇ. بۇ ھەرقانداق ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەتكە چۈشىدۇ. كۇخلان، باغداش.

(19) بۇ تىما توغرا ۋاقىتتا يېزىلغان نادىر تىما ئىكەن ، ھازىر ئۇيغۇر جەممىيىتىدە رادىكال ئىددىيەلەر باش كۆتۈردى ، نۇرغۇنلىرى رىئاللىققا قەتتىي ماسكەلمەيدۇ ، بىزگە دەل لازىمى مۇشۇنداق ئوتتۇرا يول ، ئەركىن ئاكىمىز بۇيەردە بولمىسىمۇ بىزنىڭ نىمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى توغرا تېپىپتۇ ، بارىكاللا. دادىل، باغداش.

(20) ئىسلام دىنى تىنىچلىق دىن. يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا يول تۇتۇشنى، ئەسەبىلىك قىلماسلىق، چەكتىن ئاشماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ، ئوتتۇرا يول دىگەنلىك، ئوتتۇرا توغرا يول دىگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىمىزنىڭ توغرا يولى، شۇنداقلا ئاللاھ تائاللاھنىڭ داغدام يولىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىمىز بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتمەيدىغان ، ئوتتۇرا يولغا چىڭ ئەمەل قىلىدىغان دىن بولۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا يولدا مېڭىشتا چىڭ تۇردىغان كىشلەردىن بولۇش كىرەك. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتۇلۇركى . . . . كىشلەر(يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە)شاھىت «بولشۇڭلار ئۇچۇن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولشى ئۇچۇن، بىز سىلەرنى ئوتتۇرا-ئادىل ئۇممەت قىلدۇق. سۇرە بەقەرە» 2-سۇرە143 -ئايەت. . . . . .(ئى مۇھەممەت ! )ئاللاھ سىنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ئىمان ئېيتقانلارمۇ سەن ئېيتقاندەك توغرا يولدا بولسۇن(مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ )ئاللاھ نىڭ چەكلىردىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. سۇرە «ھۇد» (11-سۇرە112)-ئايەت . ھىدايەتكە ئېرىشكۈچىلەر دىننى تۇرمۇشتا ئوتتۇرا يول تۇتۇشتا چىڭ تۇرغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ھاياتى دۇنيادىكى شەيئىلەرنى ھەم قارىغۇلارچە تەرك ئەتمەيدۇ، ھەم قارا قويۇق قوغلۇشۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يارتىلىشتىكى مەخسىتىنى تونۇپ يىتىپ ،ئاندىن ئۇلاردى مۇۋاپىق پايدىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائاللا رازى بولىدىغان مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا يولدا چىڭ تۇردىغان مۇسۇلمانلادىن بولۇپ ئۇلار ھەرگىز ھەم ئاخىرەتكىك ئۇچۇن بۇ دۇنيالىقنى تەرىك ئەتمەيدۇ، ھەم بۇ دۇنيالىق ئۇچۇن ئاخىرەتلىكنى تەرىك ئەتمەيدۇ. ئۇلار ئىبادەت قىلمەن دەپ ئەسەبىلىك يولىغا ماڭمايدۇ. بەلكى باشتىن- ئاخىر ئوتتۇرا توغرا يولدىن ئېغىشماسلىقتا چىڭ تۇردۇ. بۇدۇنيالىقنى بولسا ئاخىرەتلىكنى قولغا كەلتۇرۇشنىڭ ئىتىزى دەپ قارايدۇ. راھەت-پاراھەت جەھەتتە، ئۇنىڭ پەقەت دىنغا ۋە ئەقىل-پاراسەتكە مۇخالىپ كىلدىغان قىسمىنىلا تەرىك ئىتىپ، ئاللاھ نىڭ نىمەتلىردىن ھالال بەھرىمان بولىدۇ. ئۇقكۇنيالكۇنى، باغداش.

(21) ئاللا رەھمەت قىلسۇن! بارلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يازمىنى ئۇقۇپ تەپەككۇر قىلىشنى دىيارىمىزدىكى پىتنى-پاسات خاتا ئەقىيدىلەرنىڭ بىر تارىخ بۇلۇپ قىلىشنى ئۇلۇغ ئاللادىن تىلەيمەن !!!ئاللا قۇلىڭىزغا دەرت

بەرمىسۇن! ئامىنرا، باغداش.

(22) ئاللاھ بىلىمخۇمار ئەپەندىمنىڭ ئىلمىنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي. ئامىن!
بىر تەبىئىي پەن ئالىمى يەنە بىر دىنىي ئالىمنىڭ ئىسلام قاراشلىرىنى ھۆرمەتلىگەن ئۆزىنىڭ زىيادىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاي.

بىر تەبىئىي پەن ئالىمى يەنە بىر دىنىي ئالىمنىڭ ئىسلام قاراشلىرىنى ھۆزىرىمىزغا سۇنۇپ بىزنى كۆپ مەنپەئەتلەندۇردى. بىلىمخۇمار ئەپەندىم ماڭا ھەق ئۇستىدە ئىزدەنگۈچى بىر ئالىمدەك تۇيۇلدى. ئاللاھ ھىدايەت قىلغاننى ھېچكىم ئازدۇرالماس.
بىلىمخۇمار ئەپەندىم بىزگە تونۇشتۇرغان «ئوتتۇرا يولنى» مەن توغرا يول دەپ چۈشەندىم. كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق، كەمتەرلىك، سەۋرچانلىق ۋە شۈكرچانلىق بولسا، ئاللاھ ۋە ئاللاھ-نىڭ رەسۇلىنىڭ داغدام يولىدىن ئىبارەت ئوتتۇرا-ئادىل يولدىن چىقىپ كەتمەسلىكىمىزدىكى تەبىئىي توسۇقتۇر. ئاشقۇنلۇق ياكى نادانلىق بولسا، بۇ يولدىن چەتنەپ كېتىشىمىزدىكى يېتەرلىك قىلمىشتۇر.
ئاللاھ ۋە ئىسلامنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنمىسىلا، ئاللاھ بىزنى بۇ يولدا مۇستەھكەم قىلسۇن.
تونۇگۈن تېخى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ قازاق تىلى پىروگراممىسىدا بىر قازاق مۇخبىر قازاق قېرىنداشلارنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرىنى زىيارەت قىلدى. قازاق ئالىم-ئۇستازلار: ئىسلام دىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى. ھەمدى قازاق مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىمام ئەزەم مەزھىپىدە ئىكەنلىكىدىنمۇ خەۋەر بەردى. شۇنداقلا دىنىي ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرىدىغانلىقلىرىنىمۇ پادىلەپ ئۆتتى. مەن بۇ پىروگراممىغا راستىنلا ھەيران قالدىم. شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ھەرقايسى قاناللىرى ئېزىپ-تېزىپ دىنىي تۇسى قويۇق بولغان مۇنداق زىيارەت پىروگراممىلىرىنى بېرىپ سالمايتتى. غەلىتە! راستىنلا غەلىيتە. . . .
بىلىمخۇمار ئەپەندىمنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان «ۋاھابىي-سەلەپىي» ھەققىدىكى ماقالىسى ھەرقايسى ئۇيغۇر مۇنازىرە مۇنبەرلىرىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. ھۆكۈمەت تەرەپمۇ بۇ نۇقتىغا قىزىقىپ قالغاندەك قىلامدۇ نىمە؟ جاھاڭىر123، باغداش.

(23) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مىسرانىمدىكى قېرىنداشلار. يۇقارقى تىما ئىگىسىگە كوپتىن كوپ رەخمەت، بىلىمخۇمارنىڭ يازمىسىنى خىلى تەپسىلى ئوقۇپسىز . مەنمۇ بىر تىما يۇللاي دىگەن لىكىن مۇۋەپپىقىيەتلىك يۇللىيالمىدىم .بۇ مىنىڭ كومپىياتۇردىن ئىلمىمنىڭ توۋەنلىگىنى بىلدۇرىدۇ . تىرىشىۋاتىمەن . تىرىشقاندىلا قىلغىنى بولمايدىغان ئىش يوق دەپ قارايمەن .بىلىمخۇمارنىڭ .تىمىسىغا . چۈشكەن ئىنكاسلار ئىنتايىن كوپ . دىمىسىمۇ ئىنكاسلار تۈرلۈك قاراشتا چۈشكەن . مەن بىلىمخۇمارنىڭ بىر تەبى پەن ئالىمى تۇرۇپ .يەنە شۇنچىلىك كوپ ۋاختىنى ئىسراپ قىلىپ . ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلغىنىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن . ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىش . مەزھەپلەرنىڭ كىلىپ چىقىشىنى ،ئۇلارنىڭ ئىدىلوگىيە قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىش ھازىر ئۇيغۇر جەمىيىتىدە بىردىن بىر زورۇز دەپ قارايمەن .دۇنيادا 1مىليارت 500 مىليۇن مۇسۇلمان بولسىمۇ . بۇلار ،نەچچە ئون يىگىرمىگە پارچىلانغان مۇسۇلمانلار توپى دۇر ،ئۇيغۇرلار . بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن مەدىنىيەت يارىتىپ .مەلۇم مەدىنىيەتنى ئوزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن .ۋە ئوز مەدىنىيىتى ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر قىلغان مىللەت بولغاچقا .ئۇيغۇردا ھازىرغىچە . پەقەت ئوزىنى بىر سۈننى مەزھەپكە تەئەللۇق دەپ قاراپ بىرلىگىنى يۇقاتماي كىلىۋاتقان ئىدى .ئەپسۇس .سۈننىلەر ئارىسىدا ماجرا چىقىرىش بىلەن داڭ چىقارغان .(قۇلاك كەستى ۋاھابىنى قوللۇغۇچى ئۇيغۇر ۋاھابىلىرىنىڭ قارشى ) ماجراچى دىگەن نامى بىلەن مەشھۇر سەلەۋى ئالىمى تەمىنىيە نىڭ ئىدىيىسىنى كوتۇرۇپ چىقىرىپ ۋاھابىزىمنى بازارغا سىلىپ ئۇيغۇر

ئارىسىدا ماجىرا بولغۇنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم ۋاھابىزىمچىلار . ۋاھابىنى ئاقلاپ بىلىم خۇمارنى گاڭگىرتىپ قويىدى ۋە بىلىمخۇمارنى كەچۈرۈش دېيىشكە مەجبۇر قىلدى . ۋاھابىلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يامراپ پىتنە پاسات تېرىپ ئەزەلدىن مۇقۇم بىرلىگىنى ساقلاپ كەلگەن ئۇيغۇر سۈننىلىرىنى پارچىلاشقا ئۇرىنىۋاتىدۇ . مانا مۇشۇنداق تەبىرىقچىلىق تۈپەيلى . ئۇيغۇر ئىلىدە سىياسەت كۈندىن كۈنگە چىڭىۋاتىدۇ . بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ۋاھابى ئېقىمىغا قارشى تۇرىشىمىز كېرەك . دەپ قارايمەن . ئۇگدۇلمۇخ.

(24) شۇنداق، دىن ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر كىشىنىڭ ياكى بىرەر گۇرۇھنىڭ دىنى ئەمەس،ئۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىش-ھەركىتىدىكى روھى تۈۋرۈكى،ئۇنى ئۆگىنىش،تەتقىق قىلىش،شۇ توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىشقا ھەممە ئادەم ھوقۇقلۇق، ئۆگەنمەي تۇرۇپ ،تەتقىق قىلماي تۇرۇپ باشقىلارغا قارغۇلارچە ئەگىشىش دەل بىزدىكى نىگىزلىق مەسىلە،ئۆگەنمەي تۇرۇپ باھا بېرىش،ۋە ئۆزى توغرا ـخاتالىق توغرىسىدا ئىزدىنىشنى ئويلىماستىن ئۆزى ئىشەنچ قىلغان كىشىگە يۆلىنىۋېلىش ئادەمنىڭ ئۆزىگە-ئۆزى دۈشمەنلىك قىلغىنى،ھەر ئانداق ئادەمنىڭ ھەر بىر ئىشنىڭ توغرا-خاتاسىنى بىلگۈدەك ئەقلى ھەم بار ھەم ھوقۇقلۇق.

پەن بىلەن دىن ھەرگىز بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، دىنىمىزمۇ بىزنى دائىم ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇيدۇ،دىننى ئۆگىنىشتە پەننى بىلىملەرگە سەل قارىساق راسلا جەمىيئەتتە دىنىمىزگە قارىتا گۇمانىي نەزەرلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن،شۇڭا بىز ھەر بىر مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئالدى بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك، (بەزى ئاللاھ بىزگە ئۆزى بىۋاستە ئېيتىپ بەرگەن بىزنىڭ ئەقلىمىز دائىرىسىدىن ھالقىغان ئىشلاردىن باشقىلىرى). شۇندىلا دىنىمىز تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ،ۋە ھەر ئىككى دۇنيادا بىزگە نەپ بېرەلەيدۇ.

بىلىمخۇمار ئاكىمىز ئىزدىنىپ ، ئەجىر قىلىپ يازغان ماقالىلەرنىڭ كاللىمىزدىن ئۆتمىگەن جايلىرى بولۇپ قالسا بىزمۇ شۇ توغرىسىدا ئىزدىنىپ شۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاپ قايتۇرغاندا ئاندىن ئۇمۇ توغرىسىنى تېپىپ چىقالايدۇ،ئىشىنىمەنكى بىلىمخۇمار ئاكىمىز ھەممىمىزنىڭ بەختى، ئىستىقپالى ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ، خاتا دەپ ئويلىغانلىرىمىز خاتالىقىغا ئىنىق پاكىت قويالىساق ھەم بىرلىكتە ھەمكارلاشساق بىرلىكتە توغرىسىنى تېپىپ چىقساق بولىدۇ، ھەمكارلىق ـغەلبە. ماسرۇرا.

## شىئەلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

(1)بىلىمخۇمار ئاكا ،يەنە بىر تېتىملىق تېمىڭىز بىلەن ئۇچراشتۇرغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت.

بۇ تېمىڭىز تولىمۇ مۇھىم بولغان بىر نەچچە نوقتىنى ئەسكەرتتى .

ھەر بىرىمىز باشقىلارنىڭ قىيامەت كۈنى قانداق نەتىجىگە ئېرىشىشى توغرىلىق، تەقدىرى توغرىلىق كۆپ ئويلانماسلىقىمىز، ئالدىراپ شۇ توغرىلىق سۆزلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك، چۈنكى بىز باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ھىساپ بەرمەيمىز ، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىن ھېساپ بېرىمىز،شۇڭا ئەڭ ئويلىنىدىغان نوقتىمىز يەنىلا ئۆزىمىز.

يەنە بىزگە بەك ياخشى كۆرۈنگەن كىشىلەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قانداق بولۇشىنى بىز بىلەلمەيمىز، بىزگە ئەڭ ناچار كۆرۈنگەن كىشىمۇ بەلكىم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ياخشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مەن مۇنداق بىر ھېكمەتنى ( ھەدىسمۇ تازا ئىسىمدە يوق) ئاڭلىغان. كاپىر ھىساپلانمايدىغان كىشىنى شۇ نام بىلەن ئاتىسا شۇ ئاتىغان كىشىگە قاتتىق گۇناھ ئىكەنلىكى ،ھەم ئۆزى شۇنداق بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار

دىگەندەك مەزمۇندا .

شۇڭا بىز باشقىلارغا باھا بېرىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئالدىراپ باشقىلارنىڭ ئىمانى توغرىلىق سۆزلەپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم، يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئىزلىنىپ ، ياخشى ئىشلىرىمىزنى چوقۇم ئالللاھ رازىلىقىغا باغلاپ قىلىشىمىز كېرەك، شۇندىلا نەتىجىسىنى كۆرەلەيمىز.

(2) بۇ لېكسىيەنىڭ تىلى ناھايىتى يېنىك ۋە چۈشىنىشلىك ئاممىباب تىلدا سۆزلەنگەنىكەن. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزدا ئۆزگە كۆڭۈل بۆلۈشى بەك ئاز، باشقىلارغا ئادەتتىن تاشقىرى كۆيۈنۈش ئەھۋالى بەك ئېغىركەن. مەن ئويلايمەن، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلماقچى بولغان كىشى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزگە يېتەرلىك ياخشىلىق قىلىشى؛ ئۇندىن قالسا ئائىلە تاۋاباتى، خۇلۇم- خۇشنىلىرى، مەھەللىسى... بويىچە كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ ماڭسا ھەقىقىي ياخشىلىقنىڭ چوڭىنى قىلالىغان بولىدۇ دەپ قارايمەن. شۇڭا ھەممە ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىساق، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىزچىل بولىدۇ، ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۆلى مۇستەھكەم تام ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

(3) «بىلىمخۇمار» ئاكىمىزنىڭ يېقىنقى يازمىلىرىغا دىققەت ـ نەزەرىمنى ئاغدۇرۇپ تۇرۇۋاتىمەن . ئۆزى كەمتەر ، بىلىمى مول ، كۆپ قىرلىق بۇ ئۇلۇغ ئالىمىمىزنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ، ئاممىباب ، قايىل قىلارلىق يازمىلىرى بىزنى سۆيۈندۈرمەكتە ، ئاچا يولدا تېڭىرقاۋاتقانلارغا ماياك بولماقتا ، سۇنۇق دىللارغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلماقتا ، ئىلمگە تەشنا يۈرەكلەرگە زەم ـزەم بولماقتا . ئەڭ مۇھىمى ، بۇ يېتۈك ئالىمىمىز ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ دوستلۇق ئەلچىسى بولماقتا ، ھەقىقىي زىيالىينىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ قايىل قىلارلىق يازمىلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ ، ئەتراپىمىزدىكى«زىيالىي» لىق تونىغا ئورىنىۋېلىپ ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ئۇنتۇتقان مۇناپىق زىيالىيلارغا مەنىۋى ئۆلگە تىكلەپ بەرمەكتە ! باغداش توردىكى بارلىق قېرىنداشلار نامىدىن ئالىمغا ئۇزۇن ئۆمۈر ، ساغلام تەن ، غەيرەت ـ شىجائەت تىلەيمەن ، ياراتقۇچى ئالللاھ نىڭ ئالىمغا تېخىمۇ زور ئەقىل ـ پاراسەت ، كۈچ ـماغدۇر ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن !

ئەي " بىلىمخۇمار " ئاكا ، سىز مەڭگۈ بىزنىڭ پەخرىمىز ھەم ئۆگىنىش ئۆلگىمىز !

## قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدە (2014-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى)

(1)ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەركىن ئاكا ! يازمىلىرىڭىزنى كۆرگەن ۋاقتىمدا قەلبىم شۇنداق سۆيىنىدۇ ! سىز ئۈيغۇرلارنىڭ ھازىرقى دەۋرىدىكى مەھمۇد قەشقەرىسى ! يۈسۈپ خاس ھاجىپى ! ياراتقۇچى ئالللاھ سىزنى ۋە سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىكىلەرنى ھەمىشە سالامەت ،ئامان ئىسەن قىلسۇن ! توغرا يولغا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باشلىسۇن ، ئالللا بىلىم دائىرىڭىزنى تېخىمۇ كەڭ قىلسۇن ! سىزنى قەلبىمدە ھۆرمەت بىلەن سۆيىمەن !

http://bbs.baghdash.cn/home.php?mod=space&do=pm&subop=view&touid=3528#last

(2) تېمىغا يېزىلغان ئىنكاسلاردىن كۆپۈنچە مىللەتداشلىرىمىزنىڭ مۇشۇ مۇنبەرلەردىمۇ يەنىلا قارا نادان ھالەتتى كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن خۇددى بىر تېكە يۈزلىگەن قويغا باش بولۇپ ماڭىدىغىنىغا

ئوخشاش ، 1 ئەقلى سۇزۇك زىيالى مىڭلىغان قارا قۇساقلارغا چوقۇم ئىجابىي تەسىر بېرەلەيدۇ ، مەيلى دەرھال ياكى كېچىكىپ ، بۇنىڭدا ئەلبەتتە سەبرى كېرەك . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بىلىمخۇمار ئەپەندى ماقالىڭىزدىن سۆيۈندۇم . سىزنى ۋە ماقالىڭىزنى دائىم ئوغلۇمغا سۆزلەپ بېرىمەن ، بۇ پەرزەنتتە ئاز بولمىغان ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ . قەلەم تۆلپىرىڭىز ھارمىغاي ۋە ئىگىمىز سىزگە رەخمەت قىلغاي !

(3) تېما ئىگىسىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن! ھارمىغايسىز ! دىمەك ھەر بىر پەيغەمبەر بىلەن نۇرغۇن مۆجىزىلەر كەلگەن . بىراق ئاخىرىدا جاھالىيەت تەرپىدىن مەغلۇپ بولغان . شۇنىسى ھەممىگە ئىنىقكى سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز گە كەلگەندە بولسا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ، چۈشۈرۈلگەن بۇ مۆجىزە قۇرئانى كەرىم ئىنسانىيەتنىڭ يول باشچىسى بولغان ، شۇنچىلىك دۈشمەنلەر تەرپىدىنمۇ ئۆزگەرتىلمىگەن، بۇلۇپمۇ ئەرەپ مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە (س ئە ۋ) قىلغان ۋەھشى قىلمىشلىرىمۇ بۇ توغرا يولنى توسيالمىغان ئاخىرىدا بۇ ئۇلۇغ دىنىمىز بۈگۈنگىچە باتىللارغا باش ئەگمەي كەلدى ئىنشائاللا بۇ تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ . شۇڭا دەيدىغىنىم ئەي قېرىندىشىم بىز بۇ كۈنلەرنىڭ قەدرىگە يىتەيلى ! ئالدىمىزدىكى بۇ مۇقەددەس كىتاپ بىزگە توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۈمەتنىڭ ئىناقلىقى ۋاجىپ بىز ئىتپاقلىشايلى!رۇملۇقلارنىڭ غەلبىسى دەل ئىتپاقلىق !

(4) ئالله تائالا تىما ئىگىسىنىڭ كونۇپكا باسقان بارماقلىرىنىڭ ھەر بىر ئىزناسى بەدىلگە تۈمەنلەپ ئەجىر، ھەسسىلەپ ساۋاب، ئۆكسىمەس ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن. تىما ئىگىسىگە رەھمەت، ئېسىل تىملار ئۈزۈلمىسۇن. قەلبىدىكى ھەسەت ۋە نىفاق سەۋەبلىك پىتنە تىرىماقچى بولغانلارنىڭ ھەسەتتىن ئۆتى يېرىلىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار بولغاي.

(5) بىلىمخۇمار ئاكا، سىز بىر فىزىكا ئالىمى بولۇپلا قالماي يەنە بىر ئىسلام ئالىمى بولۇشقىمۇ مۇناسىپكەنسىز!، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىز يەنە مىللەتنىڭ روھىيتىنى داۋالاۋاتقان دوختۇر ۋە بىر سىياسىئون بولۇشقىمۇ مۇناسىپ كىشىكەنسىز!!. ئۆيغۇر خەلقى سىزنى ھامان تولۇق چۈشۈنەلەيدۇ!!.

(6) بىلىمخۇمار ئەپەندى، سىز پەننى جەھەتتىنمۇ دىنىي جەھەتتىنمۇ بىزلەرگە نۇرغۇن پايدىلىق تىملارنى يولاۋاتىسىز، ھەجەپ ياخشى تىمىدىن بىرنى يوللاپسىز ، كۆپ نەرسىنى بىلىۋالدىم، قۇلىڭىزغا دەرىت كەلمىگەي، ئاللا ئەجىرڭىزنى بەرگەي.

(7) بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ يازمىلىرى ئۆزىگە خاس يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ ، ئوقۇغان ھەر بىر ئوقۇرمەننى چوڭقۇر ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

(8) تەپسىلى ئوقۇپ چىقتىم، ھەم بەك ھاياجانلاندىم، قۇرۇق گەپ ، قۇرۇق مەزمۇنلاردىن خالىي يېزىلغان يازما ئىكەن، ئىمانىم كۈچىيىپ قالدى، نۇرغۇن بىلىملەردىن خەۋەردار بولدۇم، ئىسلام دىنىنى ئىلمى، توغرا شەرھىيلەپ بېرەلەيدىغان ئالىملىرىمىزنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى ئاللاھتىن تىلەيمەن، قېتىپ كەتكەن دىللارنى يۇمشىتىدىغان ياخشى مەزمۇنلار يوللىنىپتۇ، بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ ھەسسىلەپ بېرىدۇ ئىنشائاللا، بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى مەزمۇنلارنى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا كۆپلەپ يەتكۈزۈپ، ھېدايەت تېپىشىغا تۈرتكە بولىشىنى ئۈمىت قىلىمەن!

ھەممە ئادەم دىن توغۇرلۇق گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان، دىن توغۇرلۇق مەزمۇنلارنى ئوقۇسام، ئاڭلىسام ئەمەل قىلمىسام بولمايدۇ، بىلىپ تۇرۇپ قىلمىغاندىن، بىلمەي تۇرۇپ قىلمىغان ياخشى دەپ يۈرۈيدىغان گۇمراھلار كۆپ بولىۋاتقان ئۇشبۇ زاماندا، بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ بۇ خىلدىكى يازمىلارنى قېرىنداشلىرىمىزغا سۇنۇشى ئالاھىدە ھۆرمىتىمنى قوزغىدى، ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق، تۇرمۇشىڭىزنىڭ بەختلىك، تىنىڭىزنىڭ سالامەت بولۇشىنى جانابى ئاللاھتىن تىلەيمەن! ئىنشائاللا باشقا تېمىلىرىڭىزنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇيمەن!

(9) تىنىپ كەتكەن بۇلاقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتكەن ئەركىن سىدىق ئەپەندىمگە كۆپ تەشەككۇرلەر

(10) راست! قەھرىمان بولۇش ئۈچۈن، ئاخكۆڭۈل بولۇش ئۈچۈن ئۈنچە كۆپ نەزەريە كەتمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا نۇر غۇن ۋىجدانلىق ئاخكۆڭۈل كىشىلەر نەزەريەرلەر ئالدىدا مەخسىتىنى ئىپادىلىيەلمەي ئەلەمدىن قان قۇسۇپ ئۆلۈپ كەتتى. زەھەرلىك نەزەريەلەرنىڭ ئەپتى بەشىرىسنى ئېچىپ بىرىش زىيالىلارنىڭ ئىشى ئىدى. چۈنكى زىيالى دىگىنىمىز مىللەتنىڭ بۇرنى. ›بۇرۇن بولمىسا ئېغىز پوق يەپتۇ ‹ دەيمىزغۇ. يوپورلۇپ كەلگەن قىينىچىلىق ئالدىدا مەدەنىيەت ئامىللىرىمىزنى ›خۇراپى‹لىق دەپ مىللەتنى تىل دەشنامغا تاشلاپ بەرگەنلەر كىم ئىدى؟ چوڭ خەنزۇچىلىققا ماسلاشقان زىيالىلىرىمىزغۇ! ئەمدى ›بىدئەت ‹ دەپ يۈزىمىزگە تۈكۈرۈپ، يۈرەكنى خۇن قىلىۋاتقانلار كىملەر؟ ئۆزىمىزدىن بولغان ئەرەبى موللىلارغۇ! مەھكۇملۇقتىن قىتىپ كەتكەن يۈرەكلەردىن باشقىلارغا ئەمەس، ئۆزگە مېھىر ئاتا قىلىشىنىمۇ كۈتكىلى بولمايدۇ. ›ھەر قانداق سەۋەب بىلەن باشقىلارنى كەمسىتىش‹نىڭ جىنايەت بولىدىغانلىقىنى ئامرىكىدا تۇرغان گۈلەنىنىڭ يازمىلىرىدىن بىلدۇق. مەسىلىنى بۇنداق چىرايلىق ۋە سىستېمىلىق ھەل قىلىش پەقەت بىلىمخۇمارەدەك غەرىپتە تەربىيە ئالغان زىيالىلارنىڭلا قولىدىن كىلىدۇ. نەچچە يىللاردا ھەقىقەتنىڭ يۈزىگە يېپىلغان كىرنى ئېچىش ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن ۋاقىت ۋە سەۋرچانلىق كىرەك. بىز بىلىمخۇمار ئەپەندى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى.

## دىن، مۇزىكا، ۋە ئۇيغۇرلار (2014-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى)

(1)ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ئەركىنكا، مەن سىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يازغان بىر-بىرىدىن ئېسىل ماقالىلىرىڭىزنىڭ قوللىغۇچىسى. مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى يورۇتۇش، مىللىتىمىزنىڭ مەسىلىلەرگە توغرا ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە تېخى ھېچكىم سىزدەك دەۋر بۆلگۈچ خىزمەت قىلىپ بولالمىغان ئىدى. مەخسۇس ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى داڭلىق زىيالىيلار، ناتىقلارمۇ سىز يازغان ماقالىلەرنىڭ يېرىمچىلىك رول ئوينىيالايدىغان ئەسەرلەرنى تېخى يازالمىغان ئىدى.
بۇ جەھەتتىن ئاڭلىق زىيالىيلار ھەممىمىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز، سىزدىن سۆيىنىمىز ھەم سىزنىڭ نام-شەرىپىڭىزنى قوغدايمىز. سىزدىن نۇرغۇنلىرىمىز ماقالە يېزىشنىڭ ئىلمىي مېتودىنى ئۆگەندۇق، توغرا پىكىر قىلىشنى ئۆگەندۇق، ئەستايىدىللىق ۋە مىللەتكە بولغان كۆيۈمچانلىقنى ئۆگەندۇق. شۇڭا سىز بىر ئەۋلات ئۇيغۇر ياش زىيالىيلارنىڭ ئورتاق ئۇستازى بولۇشقا مۇناسىپ.
مەن سىزنىڭ يېقىندا يازغان بارلىق ماقالىلىرىڭىزنى چىن كۆڭلۈمدىن قوللايمەن، بۇ ماقالىلىرىڭىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىي، ھەققانىي تۇيغۇ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. رەھمەت ئاكا.

(2) ئۇستاز ئالىم بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ ئەجرى بىلەن خەلقىمىز نىڭ دۇنيا قارشىدا ئوزگىرىش بۇلىۋاتىدۇ . يەنى بىزگە كېرىكنىڭ زادى نىملەر ئىكەنلىگىنى بىلىشكە باشلىدۇق . بۇ ئوزگىرىشلەردىن دىللار سويۈنمەكتە . يېقىندىن بېرى كوڭلىمىز خوش بۇلىدىغان ئىشلار كوپ بۇلىۋاتىدۇ . مەسىلەن: ياسىر قازىدەك دۇنياۋى ئالىمنىڭ ئويغۇرنى بىلگىنى بىزلەرنى ئەڭ خوش قىلىدىغان ئىش . چۇنكى ھەممە ئىش بىلىشتىن باشلىنىدۇ .

(3) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىنكا! ھارمىغايسىز ،ئۇيغۇر ئۇچۇن سۇقۇۋاتقان ئاشۇ ئوتلۇق يۈركىڭىزگە ئاپرىن ! سىزگە شۇ ئايدىڭ بولسۇنكى ، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىلىملىك كىشلەر سىزنىڭ ماقاللىرىڭىزنىڭ ئەھمىيتىنى تۇلۇق چۇشۇنۇپ يىتەلەيدۇ،ھەم سىزگە قايىل.سىزگە قارشى ئىنكاس يېزۋاتقانلارنىڭ قۇرسىقىدا ھېچقانداق ئۇماچ يوق،ئۇلار ئەڭ بولسا ساۋاتلىق. كۇن بۇيى دۇكان ئېچىپ كومپيۇتېر ئوينايدىغان بايۋەتچىلەر بۇلۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولمىغان بولسا بۇ مۇنبەرگە تەربىيۋى ئەھمىيتى بار بىرەر پارچە ماقالە يازغان بۇلاتتى.شۇڭا بۇنداقلارغا جاۋاپ قايتۇرمەن دىمەي ۋاقتىڭىزنى يەنىمۇ ئىسىل ماقاللەرگە بەرگەيسىز. سىزنىڭ ماقاللىرىڭىزنىڭ ئۇيغۇرلارغا خېلى چوڭ تەسىر كۆرسىتۋاتقانلىقىغا ئىشىنىڭ. ئاللاھ ئىشلىرىڭىزنى ئوڭۇشلۇق،تىنىڭىزنى ساغلام قىلسۇن! (ئامىين) مارال

(4) ئەسسىلامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا . پۈتۈن كائىناتنىڭ پادىشاسى بولغان ئۇلۇغ ئاللا بىلىمىڭىزنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن. ئەسلىدە سىزنىڭ تىمىللىرىڭىزنىڭ بىرىنىمۇ قويماي تولۇق ئوقۇپ كىلىۋاتقان بولسامىمۇ ، لىكىن مۇنبەرگە تىزىملىتىپ تىمىللىرىڭىزغا بولغان كۆز قارشىمنى يېزىپ باقمىغان ئىدىم . ئىنشائاللا ! بۈگۈن تىمىڭىزغا ئىنكاس يازغۇدەك پۇرسەت ۋە شارائىت بەرگەن ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى . مەقسەتكە كەلسەم دىن ۋە مىللەت توغرىلىق يوللىغان تىمىللىرىڭىزدىن شەخسەن مەن ئۆزۈم ناھايتى خۇرسەن بولدۇم . شۇنداقلا ماڭا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ سىزدىن خۇرسەن بولغانلىقىغا شۇنداقلا سىزنى قوللايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن . بەزى . . . . . . . . . . . تور مولللىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلارنىڭ بۇلەكچە گەپلىرىگە ››ھە ‹‹دەپقويۇپلا ماقاللىرىڭىزنى ئېلان قىلىۋىرىڭ . ۋە دىن توغرىلىق تەتقىقاتىڭىزنى داۋاملاشتۇرىۋىرىڭ . شۇنداقلا بەزى پىتنىخور مىللەت دۇشمەنلىرىگە ئىنكاس يازىمەن دەپ ئارتۇقچە ۋاقىت ئىسراپ قىلماڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۇلار ھەسەت قىلىش بىلەن ئىچىدىن سېسىپ قان قۇسۇپ تۈگىشىدۇ .
ئاخىرىدا ئۇلۇغ ئاللاھتىن تىنىڭىزنىڭ سالەمەت، ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئائىلىڭىزگە خاتىرجەملىك بولىشىنى تىلەيمەن . ھەرگىز توختاپ قالماڭ ئاكا . مىللىتىمىز سىزدەك يۈرىكىدە ئوتى بار ئالىم زىيالىيلىرىمىزغا مۇھتاج . ھەرگىزمۇ نادان مولللارغا ئەمەس . ئۇئىغۇرىبزز

(5) مېنڭچە بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ بۇ تېمىسى بىزنى يەنە بىر ئىزدىنىش يولىغا باشلاپ قويىدۇ،دەپ ئويلايمەن، بولۇپمۇ بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھېسسىياتقا بېرىلىپ، ھېسسي تەپەككۇر بويىچە قالايمىقان باھا بەرمەسلىكىنى، تەتقىق قىلىش، ئىزدىنىش نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئويلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىزدىكى كەم نەرسە ئەقلى تەپەككۇر ۋە ئىتتىپاقلىق. ئالدىراپ بىر-بىرىمىزگە نەشتىرىمىزنى سانجىپ، ئۆز قارىشىمىز باشقىلارغا ئوخشىماي قالسا، پاكىتلىق دەلىل كەلتۈرمەي، دىل ئازارى بەرمەيلى. سۇبھى-ئادۋوكات

(6) بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ تىملىرى دىمىسىمۇ كۆپلىگەن تورداشلارنىڭ نەزىرىنى دىنىنى بىلىملەرگە ئاغدۇرۇپ، دىنىنى مۇنازىرىلەر ئارقىلىق دىنىنى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشقا سەۋەپ بولىۋاتىدۇ، جۈملىدىن دىنىنى بىلىمىم بولمىغاچ(قۇرئان ئۇقىيالمايمەن) مەنمۇ بۇرۇن بەك چەكتىن ئىشىپ كەتكەن ئىنكاسلارنى ئۇچرىتىپ قالمىساملا دىنىنى مۇنازىرىلەرگە ئارلاشمايتتىم. ئابلىمىتت

(7) ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۆزىگە ئاللاھتىن ئاسايىشلىق ۋە خاتىرجەملىك تىلەيمەن ، ئىككىلا دۇنيادا ئەزىز بولۇپ ئۆتۈڭ ئاكا ، سىزنىڭ دىن توغرىسىدا يوللىغان تېمىللىرىڭىزدا ئاز ـ تولا ئۇقۇشماسلىق ۋە دىل ئازارلىقى بولغاندەك قىلغان بىلەن بىزدەك ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسپەتەن بىر ياخشى ئۆگىنىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش مەيدانى بولدى دەپ قارايمەن ، رەھمەت ئاكا ، ئىزدىنىشىڭىزنى توختاتماڭ . زەردار

(8) مەن بۇرۇندىن باشلاپ ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ يازمىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن، چۈنكى ئاكىمىزنىڭ ماقالىسى بىز ئۈچۈن يېزىلغان، چەتەلگە چىقىپ ئوقۇشتىن تارتىپ كەسپىنى قانداق تاللاشقىچە ھەتتا بالاتەربىيلەش قاتارلىق جەھەتلەردەقىممەتلىك مەسلىھەتلىرى بار، مىللىتىمىز ماارىپىنىڭ گۈللىنىشى ۈچۈن ئىزدىنىشلىرى بار، بىز ئىسلام دىنىغا ئىتىقات قىلغىلى 1000يىل بولسىمۇ نۇرغۇن چۈشەنچىلەر تېخىچە ئايدىڭ ەمەس، مانا ھازىر ئەركىن سىدىق ئاكىمىز بار كۈچى بىلەن بىز ئۈچۈن جاپا چەكمەكتە، بەزىلەر ئاكىمىزنى فىزىكا ئالىمى شۇڭا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك يازمىلارنى يازماسلىقى ياخشىراق دەپتۇ،مەن سوراپ باقاي، ئەجبا ئالىمنىڭ دىنى يوقمۇ؟ ئالىمنىڭ مىللىتى يوجمۇ؟ يەنە كېلىپ ئاكىمىز ياسىر قارىدەك دىنىي ئالىمنىڭ سۆزىنى يەتكۈزىۋاتىدۇ، ئۆز گېپى بولسا كەمتەرلىك بىلەن ئەسكەرتىۋاتىدۇ، ئىسلام دىنى شەكسىزدۇر ئەگەر چۈشىنىش توغرا بولمىسا ھازىرقى بەزى كىشىلەردەك مىللەتنى دىنىمىز تەرەققي قىلغىلى قويمىدى دەپ جۆلىيدىغان ئىش چىقىدۇ. تەقۋا

(9) ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ ئىككى دۇنيالىق غېمى ئۈچۈن يوللىغان تىمىسىغا تەشەككۇر. ئېسىل تىمىلار ئۈزۈلمىسۇن. ئەلكەلەم

(10) ھەي ، بىرنەرسە دىمەي دىگەن ، بىلىمخۇمارنىڭ يوللىغان تېمىلىرى ھەقىقەتەن ئۇيغۇر دىيارىدا سىلكىنىش پەيدا قىلدى ، مۇشۇ دەۋرىدىكى دىن توغۇرلۇق يېزىلغان ئەڭ ئىلغار يازمىلار دىيىشكە بولىدۇ ، دەۋر بولگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە . كىرساي

(11) بىركاتتا ئالىمىمىز ناھايىتى كىچىك پىئىللىق بىلەن قاپ ئوتتۇرلىقتا تۇرۇپ يازغان مۇشۇنداق ئېسىل ماقالىگە يەنەشۇ قولىدىن پوق كەلمەيدىغان ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئوڭشاپ يازالمايدىغان قارا قوساقلار، باشقا تورداشلارغا ئىگىزپەس تەربىيە قىلىپ يۇرگىنىنى ئاز دىگەندەك ئالىمىمىزغىمۇ ئانداق قىلماڭ ـ مانداق قىلماڭ دەپ بىر تىيىنغا ئەرزىمەس سۆزلەپ ، تېمىنى قالايمىغان قىلىپ يۈرۈپتۇ .
بىلىمخۇمار ئاكا ھەرگىزمۇ ئۇنداق داشقاللارنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالمىغايسىز . ماقالىڭىزنى ئوقۇپ چۈشىنەلىگەنلەر سىزنى قوللايمىز . ئۇلارنىڭ يازغان ئىنكاسلىرىدىن چىقىپ تۇرۇپتىكى ئۇلار ماقالىنىلا ئەمەس ، ئۇيغۇر 32 ھەرپىنىمۇ ئوڭشاپ ئوقۇيالمىغانلىقتىن سىزگە قالايمىقان سۆزلەپ يۈرۈپتۇ . ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ئاتا قىلغاي! كەراممۇسىك

(12) سىزگە كۆپ رەھمەت ئەركىنكا! ئۆزى پەتىۋا بەرگەنلەردىن مۇشۇنداق سىزدەك بۇرۇن بىرىلگەن ھەممە نوپوزلۇق پەتىۋالارنى جۇغلاپ يەتكۈزگەنلەرگە بەكراق مايىل كىلىمەن،ھەم قايىل بولىمەن. كۆڭۈلسىز ئىنكاسلارمۇ خىلى باردەك،توغرا چۈشىنىڭ! ئالالاھ تېنىڭىزنى ساق-سالامەت، بىلىمىڭىزنى زىيادە قىلسۇن! كوكدىڭىز

(13) ئىسلام دىنىنىڭ ناخشا ۋە مۇزىكىغا قارىتا كۆز قارىشى

ناخشا ۋە مۇزىكا ئىسلام ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىڭ بىرسى. چۈنكى كىشلەر بۇ مەسىلىدە يا چېكىدىن ئاشۇرۇپ قارايدۇ ياكى سەل قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ناخشا-مۇزىكا ئەقىل ۋە پىكىردىن بەكرەك ۋىجدان ۋە تۇيغۇغا ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن بىر تۈركۈم كىشلەر تەرىپىدىن ئىسراپ دەرىجىدە قوبۇل قىلىنغان بولسا يەنە بىر تۈركۈم كىشلەر نەزىرىدە كەسكىن قارشىلىققا ئۇچرىغان.

بەزىلەر ئىسلام جەمئىيىتىنى ئىبادەت ۋە ئەمەل جەمئىيىتى، ئۇ جەمئىيەتتە ئويۇن-كۈلكە ياكى ناخشا-مۇزىكىغا ئورۇن يوق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. شۇنداقلا ئېغىزنىڭ تەبەسسۇم قىلىشى ياكى چىشىنىڭ كۈلۈشى ياكى قەلبىنىڭ راھەت ئېلىشى ياكى كىشلەر چىرايىغا خۇرسەنلىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى توغرا ئەمەس دەپ قارايدۇ.

بۇ تۈردىكى كىشلەر بىر تۈركۈم كەسكىن يول تۇتقانلارنىڭ ئىستىلى بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق قاپىقى تۈرۈك كۆرۈنىدۇ، دىن نامى بىلەن قاتتىق ھاياتنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ تۈردىكى كىشلەر ئىسلام تەلىماتىدا ئۇيغۇن ھالدا ئۆزلىرى قانداق ياشىسا ياكى قانداق كۆز قاراشتا بولسا بولىدۇ، لېكىن باشقىلارغا ھەر خىل ئېھتىماللىقى بار بۇ كۆز قاراشلىرىنى تاڭماسلىقى كېرەك.

بۇلارنىڭ قارشىسىدا يەنە بىر تۈركۈم كىشلەر تېپىلىدۇ. بۇلار كۆڭلىنى خالىغانچە قويىۋېتىدۇ، ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى ئويۇن ۋە كۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ، رۇخسەت قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن ياكى ھالال ۋە ھارام نەرسىلەر ئارىسىدىكى توساقلارنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ. بۇ كىشلەر ئەخلاقسىزلىققا مايىل، ھەممە نەرسىنى ھالال قىلىشقا چاقىرىدۇ ۋە پاھىشىنىڭ تۈرلۈك كۆرۈنۈشلىرىنى تارقىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي ياكى سەل قارىمىغان ھالەتتە شەرئىيەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ۋە فىقھى قائىدىلەرگە مۇناسىپ ئورنىدا قويىماق لازىم.

ئىسلامنىڭ سەنئەت مەسىلىسىدىكى ئاساسلىق پرىنسىپلىرى:

1. ئىسلام دىنى ئىنسان بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا رېئاللىقنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى ئىنساننىڭ جىسمىي، روھىي، ئەقلىي ۋە ۋىجدانى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىنساننىڭ يۇقىرىقى ھەر بىر تەرىپىنى مۇتىدىل شەكىلدە قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، مۇتىدىللىق ۋە ئۇتتۇرھاللىق ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى.

2. قۇرئان كەرىم كائىناتتىكى مەنىيەت ۋە گۈزەللىك ئاملىغا دىققىتىمىزنى قارتىۋاتىدۇ: ((الله سىلەرنى دېڭىزنىڭ يېڭى گۆشلىرى (يەنى بېلىقلىرى) نى يېسۇن، تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى (يەنى ئۈنچە - مارجانلار)نى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى)) نەھل سۈرىسى،14- ئايەت.

3. مۆمىن كىشى گۈزەللىكنى ھېس قىلىشتا چوڭقۇر تۇيغۇغا ئىگە:((ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟))نەمل سۈرىسى،60-ئايەت.

يەنە:((ىسلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى)) تەغابۇن سۈرىسى،3ـئايەت.
رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).
مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ سەنئەت ۋە گۈزەللىككە بولغان كۆز قارىشى. . .

## ناخشاـ مۇزىكا ۋە ئۇيغۇرلار

ناخشا مۇزىكا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئىشلارنىڭ بىرسى، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە ئەسىردىن بىرى باشقا جەھەتلەردە بىر نەرسە ئىجات قىلالمىغان بولساقمۇ، ناخشا مۇزىكىدا ئۇ ناخشىچى ۋە بۇ چولپاننى دوراپ بىر ئىش قىلدۇق. مەدەنىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە ناخشاـ مۇزىكىلارنىڭ ئورنىغا قاملاشمىغان ئىشلارنى دوراپ، ئەخلاقسىزلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ناخشاـ مۇزىكىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىكار تەلەپلەر دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالدۇق. ھالبۇكى، پاسسىپ ناخشاـ مۇزىكا ھەر قانداق بىر مىللەتنى ۋەيران قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئىدى. بىز بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلالمىدۇق. . .
دېمەك، ناخشا مۇزىكا ھاياتىمىزدا قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان بىر نەرسە. قاراخانىيلار ۋە ئۇيغۇر ئىسلام گۈللىنىش دەۋرىدە بار بولغان ناخشا مۇزىكىلارنىڭ قانداقتۇر بىراقلا چەكلىمىگە ئۇچرىشى توغرا ئەمەس. ئىسلام شەرىئىتى مۇئەييەن دائىرىدە يول قويغانلىقى ئۈچۈن كۆڭۈلنىـ شەرىئەتكە زىت بولمىغان ئۇسۇلداـ راھەتلەندۈرۈش ۋاستىلىرى بولغان ناخشا ۋە مۇزىكىلار «گۈللەنگەن ئەينى زاماندىكى» ھاياتىمىزدا كۆرۈنگەن.
ئۇنداقتا، ناخشا ۋە مۇزىكا مۇتلەق ھالال ئەمەس، شۇنداقلا مۇتلەق ھاراممۇ ئەمەس. ناخشا، مۇزىكىنىڭ ھالىلى ھالال ۋە ھارىمى ھارام. سىز ھارام دەپ ناخشا ۋە مۇزىكىنى چەكلىيەلمەيسىز، چۈنكى شەرىئەتنىڭ مۇئەييەن دائىرىدە رۇخسەت قىلغان تەرىپى بار. شۇنداقلا ھالال دەپ قاملاشمىغان نەرسىلەرنى ھالال دېيەلمەيسىز، چۈنكى دىنىمىز ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە ئابرويغا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق نەرسىلەرنى ھارام قىلغان.
مەسىلە ناخشا ياكى مۇزىكىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىدا ئەمەس، بەلكى مەزمۇنى ۋە ئورۇنلانغان روھىغا مۇناسىۋەتلىك.
مەسىلەن:مىللى ناخشىلار، تەپەككۇر قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدىغان، ھەقىقى ئەركەكلىك ۋە ئاياللىق سەنئىتىگە رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە قەھرىمانلىققا ئۈندەيدىغان ناخشىلار. . . ھالال.
ناخشاـ مۇزىكا كۆڭۈلنى ئېچىپ خوش قىلىدىغان ۋە قۇلاققا ياقىدىغان ئويۇن ـتاماشالارنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئۇ، ھېسسىياتنى قوزغايدىغان، ئەخلاقنى بۇزىدىغان، ھەمدە مىللەتنى مۇھىم غايىلىرى ۋە چوڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە غەم يېيىشتىن گاللۋاك قىلىدىغان خەتەرلىك قورال. بۇنداق تاماشىنىڭ يامان يېرى شۇكى:ئۇ، تارىختىن بۇيان راھەتـپاراغەت ۋە شاراب سورۇنلىرى بىلەت چېتىلىپ، ئىپپەتـ نۇمۇس ۋە تىرىشچانلىق پەزىلەتلىرىنى يوقاتقان بىر قىسىم بىكار تەلەپلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولۇپ قالغانلىقى، ھەمدە تارىختىن بۇيان سۇيۇقلۇق ۋە يالىڭاچلىق بىلەن سۇپەتلەنگەن، دىن ئەھكاملىرى ۋە تەقۋادارلار ئەخلاقىدىن يىراقلاشقان كىشىلەرنىڭ ناخشىنى كەسىپ قىلىۋالغانلىقىدا نامايان بولغان.
بۇ سەۋەبتىن دىنىي تۇيغۇ كۈچىنچە ئەھۋاللاردا ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەن ۋە نەپرەتلەندۈرگەن، ئىسلام ئالىملىرىمۇ ئۇنىڭغا قارىتا :ھارام، مەكروھ ۋە مۇباھ دېگەندەك ئوخشاشمىغان قاراشلاردا بولغان.
ئەمەلىيەتتە ئالىملار بىر قىسىم ناخشىلارنىڭ ھاراملىقىغا بىردەك ئىتتىپاقلاشقان، شۇنىڭدەك يەنە بىر قىسىم ناخشىلارنىڭ مۇباھلىقىغىمۇ ئىتتىپاقلاشقان، يەنە بىر قىسىم ناخشىلاردا بولسا قاراشلىرى ھەر خىل بولغان .

ھەممەيلەن بىردەك ھارام دەپ قارىغان ناخشىلار بولسا: گۇناھ بولىدىغان ياكى گۇناھقا تەرغىب ـ تەشۋىق قىلغان ناخشىلاردىن ئىبارەت.

ئەمدى ھەممەيلەن بىردەك مۇباھ دەپ قارىغان ناخشىلار بولسا:كىشى ئۆز ئۆزىگە غىڭشىپ ئوقۇيدىغان پاكىز ناخشا، ئايالى ئېرىگە ئوقۇپ بېرىدىغان ناخشا، پادىچىلار پادىغا ئوقۇپ بېرىدىغان ناخشا، يەنە ئاياللار توي - تۆكۈنلەردە ئۆز-ئارا ئوقۇشىدىغان ئەنئەنىۋى ناخشىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ناخشىلاردىن ئىبارەت.

ئۇندىن باشقا ناخشىلاردا بولسا قاراشلار ئوخشاشمايدۇ.

مىنىڭ قارىشىمچە: ناخشىنىڭ ئۆزىدە چاتاق يوق بولۇپ، ئۇ ئىسلام ھالال قىلغان نەرسىلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

لېكىن گۇناھ، ناخشا مەزمۇنى ياكى ناخشا بىلەن چېتىلىپ كېلىدىغان ئەھۋاللاردا بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن ناخشا ھالال دائىرىدىن ھارام دائىرىگە يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

تېخى ناخشا ئوقۇش ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، ئۇزۇن سەپەردىن قايتىش، زىياپەت ۋە تۇغۇت مۇناسىۋەتلىرىدە خوشال - خۇراملىق پەيتلىرىدە مۇستەھەپ بولىدۇ.

ناخشا مۇزىكىنى ھارام دەپ مۇباھلىق دەلىلىغا كۆز يۇمۇش توغرا ئەمەس. شۇنداقلا بۇ مەسىلىدە بەك مۇبالىغىلاشتۇرۇپ چوڭ گۇناھلار قاتارىغا قوشۇۋېتىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى بەزىلەر مەكرۇھ دېگەن، بەزىلەر مۇباھ دېگەن، بەزىلەر مۇستەھەپ دېگەن.

ئىسلام دىنى خەلقئارالىق دىن، مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرققە رىئايە قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ھەر بىر مىللەتنىڭ خۇسۇسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن ئەمەس.

شۇنداقلا ئىختىلاپ بولغان مەسىلىلەردە ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر تەرەپ دەلىلگە تايىنىدۇ.

ناخشا ۋە مۇزىكا توغرىسىدا ئاساسەن 4 خىل قاراش مەۋجۇت:

1. مۇستەھەپ.
2. مۇباھ.
3. مەكروھ
4. ھارام

ناخشا ۋە مۇزىكا ھارام دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى بار، مۇباھ دېگۈچىلەرنىڭمۇ دەلىلى بار. دەلىللەرنى سېلىشتۇرغاندا مۇباھ دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى كۈچلۈك كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ دەلىلى تەنقىدتىن خالى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ناخشا ۋە مۇزىكا مۇباھ، لېكىن بەش خىل شەرتكە رىئايە قىلىش لازىم دەپ قارايمىز.

ناخشا - مۇزىكىنىڭ مۇباھ بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

1 . ناخشا مەزمۇنى ئىسلام ئەدەب- ئەخلاقى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە زىت كەلمەيدىغان بولۇشى كېرەك . مەسىلەن :ھاراقنى قەدىرلەپ ۋە ھاراق ئىچىشكە تەشۋىق قىلىدىغان، يېرىم يالىڭاچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ناخشا بولسا، بۇنداق ناخشىنى ئوقۇش ۋە ئاڭلاش ھارام بولىدۇ.

2 . ناخشا مەزمۇنى ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە زىت كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ناخشىچى ناخشىنى ئورۇنداشتا سۇيۇقلۇق قىلىپ قەستەن شەھۋەت قوزغاپ ئەخلاقسىزلىق ۋە پىتنە ـ پاساتقا قىزىقتۇرىدىغان بولسا، بۇ خىل ئورۇنداش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوقۇغان ناخشىنى ھالال دائىرىدىن ھارام دائىرىگە چىقىرىۋېتىدۇ.

3 . ئىسلام دىنى ھەرقانداق نەرسىدە ئىسراپ قىلىش ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارشى تۇرغان. ھەتتا ئىبادەت قىلىشتىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارشى تۇرغان تۇرسا، ئويۇن- تاماشا ۋە ۋاقىت زايا قىلىشتا چېكىدىن ئېشىپ كېتىشكە قارشى تۇرماسمۇ؟ ۋاقىت=ھايات ئەمەسمۇ ؟

4 . بەزى ناخشا- مۇزىكىلارغا ھەركىم ئۆزى باھا بەرسە بولىدۇ. مەسىلەن :ناخشا ياكى مۇزىكا ھېسسىياتنى قوزغاپ، بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن دەرھال يىراقلىشىپ، قەلبى ۋە ئەخلاقىغا يامان تەسىر بېرىدىغان شامال ئېغىزنى توسۇش كېرەك.

5 . ناخشا، ھاراق- شاراب ئىچىلىدىغان سورۇنلاردا ئوقۇلۇش ياكى يېرىم-يالىڭاچ ئاياللار ۋە ئەخلاقسىزلىققا قىزىقتۇرىدىغان ۋە باشقا ھارام قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن چېتىلسا، بۇنداق ئەھۋالدىكى ناخشىنى ئوقۇش، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ھارام بولىدىغانلىقىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

مانا شۇنداق شارائىتتا ئوقۇلغان ناخشىنى ئېيتقان ۋە ئاڭلىغانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن :«ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر مۇزىكىلار بىلەن ئايال ناخشىچىلار ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان يەرلەردە ئولتۇرۇپ، ھاراقنى ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئاتاپ ئىچمەي قالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى يەرگە يۇتكۈزىۋېتىدۇ، ئۇلارنى مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ»، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئۇلارنى مايمۇن بىلەن چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى ئۆزگەرتىش شەرت ئەمەس. بەلكى، كۆڭۈل، ۋىجدان ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزگەرتسە، ئىنسان قىياپىتىدىكى بىر تەندە، مايمۇننىڭ كۆڭلى، چوشقىنىڭ روھىي دۇنياسى شەكىللەنگەن بولىدۇ.

دېمەك، ناخشا- مۇزىكا مۇتلەق ھالال ئەمەس ۋە مۇتلەق ھارامىمۇ ئەمەس، شەرتلىرىگە رىئايە قىلىنسا ھالال، بولمىسا ھالال ئەمەس.

## ئابدۇراخمان جامال كاشغەرى

(دوكتۇر ئاسپىرانتى)

2004-4-10 كۈنى سابىق ئىسلام ئاۋازى تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان.

(14) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا سىزنىڭ مىللىتىمىزدىكى كۈچلۈك ئىختىلاپلىق داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەجمى ناھايىتى زور، ھەل قىلىنىش ئېھتىياجى ئومومى بولغان نازۇك ھەم بەك چوڭ تېمىلارنى تاللاپ ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىۋاتقىنىڭىزنىڭ ئۆزى بىزنىڭ بىرىنجى كاتتا غەلبىمىز. يېزىۋاتقان ماقالىلىرىڭىزنىڭ تەسىرىنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلىماڭ. بۇ تېمىلار ئەلۋەتتە ئىلمدە پىشقان، مۇھاكىمە قىلىش قابىلىيىتى ئالاھىدە بولغان كىشىلەرنى ۋە جەمئىيەت ئەربابلىرى، ھەر خىل زىيالىيلار قاتلىمىنى نىشان قىلغان. ھەرگىزمۇ ئەخمىقانە ئىنكاس يازغانلاردىن بىئارام بولماڭ. ئۇلارنى ساددا، ئاقكۆڭۈل ئوقوغۇچىلىرىڭىز قاتارىدىلا كۆرۈڭ. خەير، كۆزىمىز سىزدە. بۇ ئۇلۇغ مەنىۋى سەپىرىڭىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن ئاللاھدىن. قورغان109

(15) ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قېرىندىشىم! ماڭا ئەدەپ بىلەن سەممىي ئۈچۈر قايتۇرغىنىڭىزغا رەخمەن. ئاللاھ بىلىمىڭىزنى زىيادە قىلغاي، قارىغاندا بۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىق بولغان ئوخشايدۇ، سىزمۇ قېرىندىشىم

بىلمىخۇمار ئاكىمىز ماقالىسىدە مەيلى قانداق خاتالىقنى سادىر قىلسۇن، سىز بۇ ئاكىمىزغا ئەدەپسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى. سىز ئالىمىمىزغا قارىتا ھاقارەت سۆزلىرىنى ئىشلەتكىنىڭىز ئۈچۈن مەنمۇ سىزگە ئەدەپسىزلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بىراق شۇنىڭغا ئىشىنىڭ بىلىمخۇمار ئاكىمىز بىر ئىسىل پەزىلەت ئىگىسى، بۇ ئاكىمىز بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغان ، بىر مىسالىنلا ئالسام ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر خەلقئارالىق ئاكادېمىيىسى بولغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنى مۇشۇ ئاكىمىز باشلامچىلىق قىلىپ قۇرۇپ چىقتى، كۆرۈۋاتىمىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى يىلدا بىرقېتىم ئاناتىلدا دوكلات بېرىپ بىز ياشلارغا زور ئىلھاملار بولىۋاتىدۇ. بىلىپ قىلىڭ قېرىندىشىم بىز ۋەتەننى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتىمىز ، بۇ ئاكىمىز ۋەتەنگە زار بولۇپ يىغلاۋاتىدۇ، شۇڭا سىزنىڭ يۇرتىنى ، مىللىتىنى تاشلاپ چىكەتتى دەپ ئەيىپلىشىڭىزگە سۈكۈت قىلالمىدىم. ئۆزۈمگە كەلسەك مەن ئالىي مەكتەپتە شۇ بىر ۋاق ناماز ۋە ھەپتىدە ئوقۇيدىغان شۇ جۈمە نامىزى بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلاتتىم، قىسقىسى دىن ھەققىدە ئىزدىنىش بولمىغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە ھىقىپ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن تولۇق ھەق يولغا كىردىم ھەم خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئىزدەندىم. ھەق يولغا كىرگەن 4 يىلدىن بېرى ئىزدىنىپ ئېرىشكەن خۇلاسەم مۇنداق: 1400 يىلدىن بېرى بېرى قۇرئاندىكى ئايەتلەردە قىلچىلىك ئۆزگۈرۈش بولمىدى، ئۆزگۈرۈش مۇسۇلمەنلاردا بولدى، يەنە بىر قىسىم كىشلەر ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇننى بۇرمىلاپ چۈشەندۈردى، يەنە بەزىلەر ئۆزى زامانىسىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەتىگە ماشلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئايەتلەرنىڭ مەزمۇننى خاتا چۈشەندۈردى، نۇرغۇنلىغان يالغان ھەدىسلەرنى توقىدى. چاتاق يېرى بۇ خىل ئازغۇنلۇق يولىغا ماڭغانلار ئاددىي ئاۋام خەلق بولماستىن مۇسۇلمانلارغا يېتەكچىلىق قىلىدىغان ئۆلىما-ئالىملار بولغاچقا نۇرغۇن ئاۋام قەلىق بولارغا ئەگەشتى. بۇنىڭ نەتىجىسى نىمە بولدى! مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنمىچىلىك، مەزھەپچىلىك، تەبرىقچىلىك ئەۋج ئالدى، مۇسۇلمانلار ئۆز-ئارا بىر بىرىگە قىلىچ تەڭلەشتى ئاقىۋەتتە مۇسۇلمانلار ئاجىزلاشتى، بۈگۈنكىدەك دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ھەقىقىي ئىسلام بايرىقى تىكلىنەلمەستەك ئەھۋال شەكىللەندى. مەيلى بىز ئېتراپ قىلمايلى بىلىپ بىلمەي شۇ ئازغۇن پىكىرلەرنى ھەق يول دەپ تونۇۋالىپبارىمىز. ۋاھابى يەنە بىر نىمە دىگەنلەرنى ئۇقمايمەن ھەم قىزىقمايمەن. بىز رىئاك دۇنيادا ياشايمىز، دۇچ كەلگەن مەسىلەرمۇ رىئال مەسىلىلەر، شۇڭا جاۋاپنى رىئاللىقنى ئاساس قىلىپ بەرسەك ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. مەن بىر رىئال پاكىتقا ئىشىنىمەن، نۆۋەتتە ئۇيغۇر دىيارىدا شۇنداق بىر بۆلۈك ئادەملەر باركى ئۇلار ھەقىقىي ئىسلام ئەقىدىسىدىن چەتنىگەن قاراشلىرىنى ھەقىقەت دەپ بىلىۋىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا توسقۇسلۇق قىلىۋاتىدۇ، ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن قىزلارنىڭ پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشىنى توسىۋاتىدۇ، ئۆزىگە نىمە يات تۇيۇلسا شۇنى ھارام دەۋاتىدۇ. مەن ھەتتا بۇنداقلارنىڭ بىرسى بىلەن مۇنازىلىشىپ قىلىپ مىنى كاپىر دەپ ھاقارەتلىگەن. مەن ئويلايمەن بۇ مىللەت پەقەت بىلىم-ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەنلا ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا كەلسەك بۇ ئاكىمىزنىڭ بۇ مەسىلەرنى ئوتتۇرغا قويغىنى ھەقىقەتەن توغرا، ئەسلى بىز بۇ مەسىلىلەرگە سەمىمىي يۈزلىنىشىمىز كېرەك ئىدى، ھەرگىزمۇ ئالىمىمىزنى سەن دىگەن پەننىي ئالىم بولغاندىكىن دىنىي مەسىلەردە گەپ قىلما ئالدىنى توسماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. بىلىمخۇمار ئاكىمىزمۇ ئالدىراپ سالىسراپلا ئۆز پىكىرلىرىنى بازارغا سالمىدى، بەلكى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئېتراپ قىلىشقا ئېرىشكەن ئىسلام ئالىمى ياسىر قازىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاساس قىلىپ تىما يوللىدى، ياسىر قازىمۇ ئامرىكىدا بولغانلىقى ئۈچۈن غەرپنىڭ قىممەت قارىشنى ئاساس قىلىپ سۆزلەيدىغانلاردىن ئەمەس، ياسىر قازى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەدىنە ئۇنۇۋىرسىتىدا ھەدىسشۇناسلىقتا ئوقۇغان. سىزگە تەكلىۋىم ئاۋال ياسىر قازىنىڭ لېكسىيەلىرىنى بىر ئاڭلاپ بېقىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇنبەردىكى ئەزالارمۇ يەسلىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس،

بىلمىخۇمار ئادىسە ئادەپ ئەگىشىدىغان، شۇ بۇ نۇقتىدىن ئارتۇقچە ئەنسىرەپ كەتمەڭ. مۇنبەردىكى تىما يوللىغان، ئىنكاس يازغان ھەرقانداق ئادەمنى تەنقىدلەشكە بولىدۇ، بىلمىخۇمار ئاكىمىزنىمۇ ئەلۋەتتە تەنقىدلىسەك بولىدۇ، لىكىن تەنقىد ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشىمىز كېرەك. باشقىلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە، غورۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق بەكمۇ ئەپسۇس بەزى قېرىنداشلىرىمىزغا قارىساق گەپ قىلىك دىسە قۇرئاندىكى ئايەتلەردىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىن چۈشۈدۇ. ئۆزگە قارىسا ئىغىزىغا ئىككى خىشنى قويسا ئوبۇرنىنىڭ ئۆزى بولىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىدىن سىزنى بىلمىخۇمار ئاكىمىزغا ئەدەپ بىلەن ئىنكاس يېزىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن ئويلايمەن پاكىز بولغان ئىمان-ئېتىقاد ئاۋال ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە گۈزەل سۆزلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا مىنىڭ سىزدىن ۋە قېرىنداشلاردىن كۈتىدىغىنىم بىلمىخۇمار ئاكىمىزغا پىكىر بەرگەندە ئەدەپ بىلەن پىكىر بەرسەك، قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئالىمىمىز بىز ئۈچۈن بەك قەدىرلىك ئەمەسمۇ؟ ئاخىردا سىزنى رەنجىتىپ قويغان جايلىرىم بولسا تۆۋەنچانلىق بىلەن ئەپۇ سورايمەن! بەگتاش558

(16) ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ. . . . بىلمىخۇمار ئۇستاز قەلىمىڭىزگە بەركەتلەر ياغسۇن. يامغۇر

(17) بۇ دىگەن مۇنبەر بۇرادەرلەر، بىلمىخۇمار ئاكا ئەمەس سىزنىڭمۇ دىننى تېما يوللاش ھوقوقىڭىز بار، بىلمىخۇمار ئاكىمىز ھېچقاچان پەتىۋا بەرگىنى يوق، پەقەت بۇ توغرىسىدىكى پەتىۋالار بىلەن بىزنى يۈز كۆرۈشتۇردى خالاس، بەزەنلەر بۇنداق تېمىلارنى يوللىماسلىقنى ئېيتىپتۇ، سىلەيچە بولسا بۇ باغداشتىنىمۇ دىننى تېمىلارنى يوقاتساڭلار ھە؟ ياكى دوكتۇر ئابدۇلئەزىزدەك ئۆلىما ، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ بۇ يەردە تېما يوللىغۇزۇش نىيىتىڭلار بارمىدى؟ مۇشۇنچىلىك بىرەر دىننى تېمىلارمۇ كۆزۈڭلارغا سىغمىدىمۇ؟ بىرىڭلار سىزنىڭ كەسپىڭىز بۇ بولمىغاندىكىن دىننى ئىشقا ئارلاشماڭ دەپتۇ، بىرى يەنە بىرنىمە دەپتۇ، توۋا، ئەھلى مۇسۇلمانكەن، قولىدىن كەلگىنى بويىچە دەئۋەتنى قىلىپتۇ، مۇشۇنچىلىك تېما يوللىيالمايمىزيۇ، باشقىلارنىڭكىدىن ئېۋەن ئىزدەيمىز،ھە؟ تېمىنى قايتىدىن ئوبدانىراق بىر ئوقۇپ باقساڭلارچۇ؟ زادى قەيەرى ياقمىدى؟ قەيەرىدە خاتا كېتىپتۇ؟ توۋا قىلدىم، خەقنىڭ دىنىمىزنى چەتكە قاققىنى يېتەر ، مانا نومۇسمۇ قىلماستىن ماركىز ئېنگىلىسلارمۇ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ شالۋىقنى چاچىرىتىپ قۇسقىسى كەلگۈدەك بىرنىمىلەرنى جۆيلۈگىلى تۇرۇپتۇ، ئوبدان بولدىمۇ؟ باشقىلارغا ئويۇن قويۇپ بېرەمدۇق دائىملا؟ بىزگە كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەر ئازدەك مەشەدىمۇ چىشلىشىپ تالاشمىساق نىمە بوپتۇ؟

قارىسام ھەممەڭلار دىگۈدەك ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقچاق قىلىشمايلى، سوغۇققان بولايلى دىمەكچىدەك قىلىسلەر، ئەمما ، بەزى گەپلەرنى ئارتۇقچە دەپ سالغىنىڭلارنى ھېس قىلالىدىڭلارمۇ؟ بىر مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىننىڭ تىلى ۋە قولىدىن سالامەت قالغان كىشى مۆئمىن دەۋاتسا رەسۇلۇللا،نىمە گەپلەر بۇ ئەمدى؟ ھارماپسىلەر ھە ؟ يامغۇر

(18) دوستلار، تولىمۇ يولسىزمۇ قانداق سىلەر، بۇ ماقالىدە چۈقۈم ئۇنداق ياكى بۇنداق دېيىلمىگەن، بەلكى ھازىرقى مۇشۇ تىمىدىكى پىكىر ئېقىملىرى كۆرسىتىلگەن، ئۇزاڭلار پىكىر قىلمايسىلەر، بىر كىشى پىكىر قىلسا ھە دېيىسلا قۇسۇر تاپىسىلەر،مۇشۇنداق پىكىر ئالماشتۇرۇپ توغرا پىكىر تاپقىلى بۇلار دېگەن ئۈمىتتە تىرىشچانلىق قىلىۋاتقان كىشلەرنىڭ ئەجرىنى ئويلاپمۇ قويماي قارا-قۇيۇق گەپ قىلمىساق بۇلارمىكىن دەيمەن چۈنكى ئاللاھ ئىگەم تەپەككۇر قىلىڭلار، پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، قەلبى كىشەنلەنگەنلەرلا ھەقنى تۇنۇمايدۇ دەيدۇ، پىكىرلىشىش ھەقنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىش خاتا ئەمەس، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ 4 ئەتراپقا قاراپ پىكىر يۈرگۈزمەسلىك خاتا .

يالكۇنجان

## ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش (2014-يىلى 5-ئاينىڭ 8-كۈنى)

(1)بىزدە بىلىمخۇمارغا ئوخشاش ئالىملىرىمىز بەك كەم ، بەك كەم لىكىن مۇشۇ ئالىملىرىمىزنى بەزىلەر غاجاشقا باشلاپتۇ . غاجاڭلار غاجىلىغۇچىلار ، ئۇستىخىنى قالغۇچە غاجاڭلار ،چۈنكى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمىگەن ئىشلار نىمىشقا ئۇلارنىڭ قولىدىن كىلىدۇ! نىمىشقا سىلەر ئىرىشەلمىگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ، ئۇلار ئىرىشىدۇ! سىلەر ھىشنىمىگە ئەرزىمىگىندىن كيىن ئۇلارمۇ ھىشنىمىگە ئەرزىمىسۇن! غاجاڭلار غاجىغۇچىلار. ئۇيغۇردىن ئالىم چىقمىسۇن ، غاجاڭلار چىشلىرىڭلار سۇنۇپكەتكىچە . باغداش، ئابرال12

(2) گەر پىتنى خۇر ئۆز ئىشىدىن ئۇرسا دەم ،
قۇدرىتىڭ يەتسە ، قىل قىلنى قەلەم .
جاھالەت جاھىلىنىڭ كۆڭلى بىلسەڭ باياۋاندۇر ،
كىشى ئىرسەڭ ئۆمۈرگە ئىلمۇ ئىرپاندىن چىراق ياندۇر .
بۇ جاھان ئىچرە قارايۈز تىپىلۇر ،
ئۇنى تاپساڭ قىلما شەپقەت ، راسا ئۇر .

ئەگەر ئۇيغۇرلاردىن بىلىمخۇماردەك ئالىملار قانچىلىك جىق چىقسا بوينىمىزغا ئىلىپ قانچىلىك كۆتەرسە ئەرزىيدۇ. ئالىملىرىمىزنى بوينىمىزغا ئىلىپ كۆتۈرۈش شەرەپلىك ئىش، نۇمۇس ئەمەس .

## ئىسلام بىلەن ئىلىم-پەن بىر يەردىن چىقالامدۇ؟ (2014-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى)

(1) ياخشى تىما بوپتۇ. مۇشۇنداق تىمىلار داۋاملىق يوللىنىپ تۇرسا. مىللىتىمىز ئارىسىدا بىر قىسىم كىشىلەر دىنىنى بىلىم بىلەن پەننى بىلىمنى بىر بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇپ مىللىتىمىز ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سىلىۋاتىدۇ. سۇلتان777

(2) بىلىمخۇمار ئەپەندىمدەك ئالىملىرىمىزغا ئاللاھ ئەڭ كاتتا ئەجرلەرنى ئاتا قىلغۇسى ، مىللىتىمىزنىڭ توغرا يۆلۈنۈشنى تېپىشى ئۈچۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىۋاتقان ئەزىزلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر ، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن . مۇساپىرمەن

(3) بىلىمخۇمار ئەپەندىم ، بەك ياخشى ماقالە يېزىپسىز ! سىزدەك قېرىندىشىمىز بولغىنىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن ھەم خۇشال بولىمەن ! ھەممىمىزنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھ بىلىپ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىڭىزنى ۋە گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرىۋەتسۇن ! مۇشۇنداق بىزگە ئۆزىمىزنى كۆرىدىغان ئەينەك تېپىلىرىڭىز ئۈزۈلمىسۇن ! بورابالىسى

(4) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك تىما ئىگىسى ھەم تور ئەھلى! ھەممىڭلارغا ئالالھنىڭ سالامى بولسۇن! بۇ تېما ئەسلىدىنلا بىر مەقسەت مۇددىئاسى ئېنىق، مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىدىكى تۈگۈنگە قارىتا جاۋاب بېرىشنى مەقسەت قىلىپ ئوتتۇرغا چىقىرىلغان نادىر تىما ئىدى. ھالبۇكى: نادانلىقىمىز سەۋەبلىك ھەسەلگە سۇ قوشۇپ ئىستىمال قىلىدىغان خۇيىنى تاشلىمىغان بىر بۆلۈك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەۋەبى بىلەن تېمىنىڭ ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىسى قەستەن ئۆزئوقىدىن چەتنىتىلىۋېتىپتۇ. . . بۇ سەۋەپ تىما ئىگىسى ئەركىن سىدىق ئاكىمىزدىن ئەمگىكىگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىك سەۋەبلىك بارلىق جامائەتكە ۋاكالىتەن كەچۈرۈم سورايمەن!!ئەمگىكىڭىزدىن قانداق بەھىرلىنىشنى بىلەلمىگەن نادان ۋەتەنداشلىرىڭىز بولغان بىزلەركىم قېرىنداشلىرىڭىزنى ئەپۇ ئېتىڭ!ھەم نادىر ماقالىلىرىڭىزنى داۋاملىق يوللاپ تۇرۇڭ!ئىشىنىڭكى؛ مۇنبەر مۇنازىرىسىگە بىۋاستە قاتناشماي ماقالىلىرىڭىزدىن بەھىر ئېلىپ ئۆزىگە بىلىم توپلاۋاتقانلار سان ساناقسىز. مۇھاماد123456

(5) سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتى ئېنىق، پاكىتلىرى روشەن ۋە ئىلمىي، ئىخچام ۋە مول مەزمۇنلۇق ئېسىل ماقالە بوپتۇ. ئەركىن سىدىق ئەپەندىمنىڭ پەننى زىيالىيلىق سالاھىيىتى بىزنىڭ دىننى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان ياشلىرىمىزغا بىر نەمۇنە بولۇپ قالسا، مىللىتىمىز ئۈچۈن چوڭ ھوسۇللۇق ئىش بولاتتى. ئالالھ رەھمەت قىلسۇن، يەنىمۇ ياخشى ماقالىلىرىڭىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە نەسىب ئەتسۇن. ئەبرار

(6) سىزدەك مۇشۇ يولدا قەلەم تەۋرىتىۋاتقان بارلىق قەلەمكەشلەرگە سالامەتلىك يار بولسۇن ئاكا ، ئىسىل يازمىلىرىڭىزنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئوقۇيمەن ھەمىشە. گۈلخات

## تىلتۇمار، تۇمار، تىلسىم ۋە بېشارەت

(1) رەھمەت! مەن ئالدىنقى بىر يازمىڭىزغا قوشۇمچە قىلىپ بىر تېما يوللاپ قوياي دېگەن ئىدىم. مۇسۇلمانلار نېمىشقا كەينىدە قالدى دېگەن سوئالغا مېنىڭ باشقىچىرەك كۆز قارىشىم بار. ۋاقتى كەلگەندە مەن شۇ ماقالىڭىزدىكى بەزى قىممەتلىك مەزمۇنلارنى نەقىل ئېلىشىممۇ مۇمكىن. سىزدىن ئاۋال ئىجازەت ئېلىۋالاي دەپ خەت يېزىشىم. ئەلۋەتتە ماقالىنى سىزدەك ياخشى يازالمىسامىمۇ ئەمما ئاز تولا باشقىلارغا نەپ بېرەلىسەم شۇ كۇپايە. خەلقىچىللىقىڭىز مەڭگۈ داۋاملاشقاي، ھەققەتچىل روھىڭىز تېخىمۇ كۈچەيگەي، دۈشمەنلىرىڭىز يەر بىلەن يەكسان بولغاي. ئامان بولۇڭ. قۇربانبەك

(2) مەن بۇنداق نەرسىلەرنى تاقىغانلارنى كۆپ ئۇچۇراتقاندىم،لىكىن ئۇنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتىم. بىلىمخۇمارنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىلىۋالدىم. رەھمەت سىزگە بىلىمخۇمار بۇندىن كېيىنمۇ نادىر ئەسەرلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىغاي. دارديىوك

(3) ئەسسىلامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا، ئەجرىڭىزگە كۆپ تەشەككۈر! بولسا مۇشۇ ئۇخلىغاندا قارا بېسىش توغۇرلۇق بىرەر تىما يوللىسىڭىز بوپتىكەن . مەن ئۇخلىغاندا ئانچە مۇنچە قارا بېسىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن

ئۆيدىكىلەر بىر قارىمىغا دەپ ئايەت يېزىلغان بىر تۇمار قىلدۇرۇپ بەرگەن ، مەن ئادەتتە بوينۇمغا ئېسىپ يۈرمەيمەن، شۇ ئۇخلىغاندا ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇخلايمەن، بۇگۈن بۇ تىمىغىزنى ئوقۇپ بىزە تەشۋىشلىنىپ قالدىم. . . .
ئەڭ ئاخىردا تىنىڭىزگە سالامەتلىك ، ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق تىلەيمەن. 1ئاپولو

(4) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا! كۆپ رەھمەت سىزگە . مەنغۇ ئەزەلدىن ، تۇمار ئېسىشىلىشنى بىدئەتلىك دەپ بىلەتتىم . لېكىن ، بىشارەت توغۇرلۇق ، بىلىدىغانلىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . تىمىڭىزدىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم . يىللارسىرى

(5) مەزكۇر پروگراممىدا ياسىر قازى ئىنگلىزچە «omen» دېگەن سۆزگە «مەلۇم بىر تەبىئىي ھادىسىنى ئۆزىگە پايدىلىق ئېلىپ كەلتىدىغان ياخشى تەلەي ياكى ئۆزىگە ئەسكىلىك ئېلىپ كېلىدىغان يامان تەلەيگە باغلاپ قويۇش» دېگەنگە يېقىن ئېنىقلىمىنى بەردى. ئەمما «good omen» (ياخشى بىشارەت) ۋە «bad omen» (يامان بىشارەت) دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتمىدى. پەقەت «omen» دېگەن بىرلا سۆزنى ئىشلەتتى. شۇنداقلا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە ھەممە خىلدىكى بىشارەتلەرنى شىرك، دېگەن» دېگەن گەپنى ناھايىتى ئېنىق قىلدى. بۇ پروگراممىنىڭ سىن ھۆججىتى تورلارغا 2012-يىلى 1-فېۋرال كۈنى چىقىرىلغان ئىكەن.

ياسىر قازىنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمالى» دېگەن بىر 105 قىسىملىق لېكسىيىسى بار. ئۇنىڭ ئاخىرى بۇ يىل تاماملاندى. ئۇنىڭ 2014-يىلىدىكى بىر قىسمىدا ئۇ «good omen» ۋە «bad omen» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. ھەمدە ئەگەر «good omen» ئاللاھتىن ياخشىلىق كۈتۈش، ياكى ئاللاھغا رەھمەت ئېيتىش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلسە، يەنى پەقەت ئاللاھقىلا باغلانغان بولسا، ھەمدە ئاللاھنىڭ رەخمىتى ئۈستىدىلا بولسا، ئۇنىڭغا يول قويۇلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، سىز بۈگۈن سەپەرگە چىقماقچى. ئەتىگىنى تالاغا چىقىپ، «بۈگۈن كۈن ناھايىتى چىرايلىق چىقىپتۇ. قارىغاندا ئاللاھ مېنىڭ سەپىرىمنى ئوڭۇشلۇق قىلىدىغان ئوخشايدۇ»، دېگەندەك بىشارەتلەرگە يول قويىلىدىكەن. بۇ مەزمۇنلارنىڭ ھېلىقى «تەرجىمىھال» نىڭ قايسى قىسمىدا ئىكەنلىكى ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. ئېھتىمال بۇ مەزمۇن سىز كۆڭۈل بۆلىۋاتقان ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشقا پايدىسى بار بولۇشى مۇمكىن.

مەن ئەسلىدىكى پروگراممىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ باقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 3 قېتىم دېگەن گەپى «ئەتتۇيارىتۇ شىرك» گە يېقىن كېلىدىكەن. ئۇ سۆز مەزكۇر لېكسىيىنىڭ 22 مىنۇت 50 سېكۇنتلۇق يېرىدە ئىكەن. ئەركىن سىدىق

(6) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز. بۇ تېمىدىمۇ ھەممىمىز ئېنىق بىلىۋېلىشىمىزغا ھەم توغرا ئەمەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىپسىز . تۇمار مەسىلىسى ھەقىقەتەنمۇ كەڭ تارقالغان، قاتتىق ئېھتىيات قىلمىسا، ئازغۇنلۇققا سەۋەب بولىدىغان تولىمۇ مۇرەككەپ مەسىلە. چۈنكى تۇمارنى ئاسقۇچىلار ئاساسەن دىننى چۈشەنمەيدىغان ، نورمال ئەمەل قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان ، لېكىن باشلىققا ۋە باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ، سودا ـ تىجارىتىنىڭ ياخشى بولۇشى . . . قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ ـ دەپ قارايدىغان كىشىلەردۇر .

تىل تۇمار تاقاشقا ئېھتىياجلىق بولغان كىشى، مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ، تىل تۇمار تاقاشنىڭ ئورنىغا پەرز ۋە سۈننەت ئەمەللەرنى سىجىل ھالدا يەڭگىل ئورۇنلاش بىلەن بىرگە ، تۇمارنىڭ ئورنىدا رول ئوينايدىغان ئايەتلەرنى يادلىۋېلىپ ، كۆرسەتمە بويىچە ئوقۇپ ، اللەتىن تىلىسە ئۈنۈملۈك بولىدۇ . پەرز ۋە سۈننەت ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بەرمەي تۇرۇپ ، ئايەتتىن پۈتۈلگەن تۇمار ئاسسىمۇ ، ئۇ كىشىنىڭ ئىدىيىسى شېرىككە بۇرۇلۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى زور . شۇڭلاشقا قۇرئاندىكى ئاللاھنىڭ سۆزىنى بىر نەرسىگە يېزىپ، ئۇنى بويىنىمىزغا چىرايلىق كۆرۈنۈش ياكى ياخشى تەلەيگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېسىشنىڭ ئورنىدا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئالدى بىلەن قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ، ئاندىن قولىغا شۈپ قىلىپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ قولى بىلەن ئۆز بەدىنىنى سىلىغان ياخشى . شۇڭا تۇمار ئېسىپ گۇناھكار بولماي ، ئەمەل قىلىش كېرەك . بۇ مېنىڭ چۈشەنچىم . اللەقا ئامانەت . ئوبزورقى

(7) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەشھۇر ئالىمىمىز،ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا ،سىزگە شۇنداقلا ئائىلىڭىزگەھەمدە سېزنى قوللاپ كىلۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمغا چىن يۈرۈگۈمدىن سالام يوللايمەن. ! مەن بۈگۈن تۇنجى قىتىم توردا ئىنكاس يېزىشىم،چۈنكى بۈگۈنگىچە بىرە مۇنبەرگە ئەزا بولۇپ قاتنىشىپ باقمىدىم. ئەمما سىز يازغان ماقالىلەرنى 9—10 يىلدىن بۇيان ئاساسەن قالدۇرماي ئوقۇپ كىلۋاتىمەن. ھەمدە ئۆز مۇناسىۋەت دائىرەم ئىچىدە ئىغىزاكى بايان قىلىپ كىلۋاتىمەن، مەقسىتىم چۈنكى مەن مىللىتىمنى سىز ھەم باشقا قىرىنداشلىرىمغا ئوخشاش بەكلا سۆيىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ تورغا ئەزا بولۇپ ئىنكاس يېزىشىم ،پەقەت سىزگە ،ماڭا ئوخشاش گەرچە ئىنكاس يېزىپ ئاۋاز قوشۋاتمىغان بولسىمۇ ،ماقالىلىرىڭىزنى ئۇزۇلدۇرمەي ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ كىلۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئوقۇرمەنلىرىڭىزنىڭ بار ئىكەنلىكى بىلدۇرۇش . داۋاملىق يىزىڭ ھۆرمەتلىك ئالىمىمىز ، سىزنى بارچە خەلق قوللىسۇن. !

مەن بۇنىڭدىن 15~20 يىللار ئىلگىرى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىممىكىن بەلكىم، ھە . . شۇ چاغدا ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدە بىر ھىكايە بولىدىغان، دانكونىڭ، خەلقى چەكسىز كەتكەن قاپقاراڭغۇ ئورمانلىق ئىچىدە يول تاپالماي ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ۋاقىتتا، قەھرىمان دانكو يۈرىگىنى سۇغۇرۇپ ئالغان، دانكونىڭ قان تامچىپ تۇرغان يۈرۈگىدىن شۇنداق نۇر چىققانكى بۇ نۇر پۈتۈن ئەتراپنى يورۇتقان، قەھرىمان دانكو خەلقىنى باشلاپ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن ئاخىرى قۇتۇلدۇرغان ئىكەن . مىنىڭچە بۇ ھىكايىنى ھەممىمىز بىلىمىز . ئەمما مەن مۇشۇ كۈنلەردە مەشھۇر ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنى مۇشۇ قەھرىمان دانكوغا بەكمۇ ئوخشىتىپ كىتىمەن ئىچىمدە، ئالىمىمىز ھەقىقەتەن بىزنىڭ قەلبىمىزدە قەھرىمان دانكونىڭ رىئاللىقتىكى ئەينى. (قىرىنداشلىرىم مىنىڭ بۇ يەردە دىمەكچى بولغىنىم دانكونىڭ دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز جۈمۈڭلا) ئىكەن. مىنىڭ بۇ گەپلىرىم كۆڭلۈمدىكى يۈرەك سۆزلىرىم بولۇپ ،بەلكىم پايدىلىنىش قىممىتى يوقتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يازماسلىقىم كىرەكتۇ بەلكىم، ئەمما مەن ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ بارلىق ماقالىلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئىنكاسلارنى كۆرۈپ بەزىلىرىدىن شۇنداق سۆيۈنۈپ كىتىمەن، بەزەن ئىنكاسلا دىن شۇنچىلىك نەپرەتلىنىپ بىزار بوپ كىتىمەن، ھۆرمەتلىك ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا قىلغان بىھۆرمەتلىك قىلىقلىرىغا كىچىچە ئويلىنىپ كىتىمەن. بىراق يەنە شۇنداق تەسەللى تاپىمەنكى، ئەينى ۋاقىتتا دانكومۇ شۇنداق قارشىلىقلاغا ئۇچراپتىكەن، يەنىلا خەلقىنى باشلاپ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپتىكەن ئەمەسمۇ، يەنى دانكو ئاخىردا يەنىلا غەلبە قىپتىكەن ! يىللارجاۋابى

# 2008-يىلىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ تىزىملىكى

مەن 2008-يىلى 11-ئايدا «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق» دېگەن تېمىنى تەييارلاپ، ئۇنى ۋەتەندىكى 4 – 5 ئۇيغۇرچە تورلارغا چىقاردىم. ھەمدە بىر ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تېمىنىڭ باشقا قايسى ئۇيغۇرچە تورلارغا كۆچۈرۈپ چاپلانغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، گۇگۇلغا «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق» دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈپ، ئىزدەپ باقتىم. نەتىجىدە تۆۋەندىكى تىزىملىكتىكى تور بەتلىرىنى تاپتىم. دېمەك، بۇ تىزىملىكتە يېزىلغىنى ئەينى ۋاقىتتا ۋەتەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 68 ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ نامىلىرىدۇر. بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بىر يازمىسىدا دېيىلىشىچە، ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ تور مەدەنىيىتى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدە 1-ئورۇنغا چىققان ئىكەن. ھېلىقى ماقالىنىڭ تورلارغا يوللانغىنىغا ھازىر 16 يىلدىن ئاشتى. بۇ بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر تورچىلىقىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. مەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى، ھەمدە تۆۋەندىكى تىزىملىكتىكى تورلارنى قۇرغان ئۇكىلارنى قاتتىق سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمەن. بىر كىچىك تارىخنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن، دەپ، مەن بۇ تىزىملىكنى مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈپ قويدۇم.

http://www.ahkaptar.cn/munbar/Default.asp?GroupID=25
http://ahtulpar.cn/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=1571
http://www.alkuyi.cn/bbs/read.php?tid=260&page=e&fpage=1
http://www.akillar.com/BBS/viewthread.php?tid=5846&page=1#pid43273
http://www.aqillar.com/bbs/redirect.php?tid=5846&goto=newpost
http://www.aqqush.com/bbs/read.php?tid=2280&page=e
http://asrim.cn/Archiver.asp?ThreadID=1066
http://bbs.aybulak.com/archiver/?tid-195.html
http://www.basbas.cn/BBS/read.php?tid=7001
http://www.berqi.com/bbs/viewthread.php?tid=1659
http://bbs.bilik.cn/viewthread.php?tid=20180
http://www.biligyar.com/shownews.asp?id=86
http://www.1tilla.com/Article.asp?ID=174
http://1yol.cn/viewthread.php?tid=344&highlight=
http://www.bizning.com/bbs/read.php?tid=339
http://era123.blogbus.com/logs/31099305.html
http://www.choghlan.com/munbar/ShowPost.asp?ThreadID=10683

http://dewir.blogbus.com/logs/31054385.html
http://bbs.diyarim.com/read.php?tid=25527
http://dewran.cn/read.php?tid-1096.html
http://dihanogli.cn/ShowPost.asp?ThreadID=470
http://www.elqut.cn/munber/viewthread.php?tid=200&extra=page%3D1
http://ezdiyar.blogbus.com/logs/31059053.html
http://gulistan.cn/bbs/read.php?tid=130
http://halastan.blogbus.com/logs/31015831.html
http://www.intil.cn/munber/viewthread.php?tid=1594
http://www.izdinix.com/ShowPost.asp?ThreadID=34040
http://www.jasur.cn/bash/bencandy.php?fid-5-id-77-page-1.htm
http://www.kurkam.cn/blog/post/4.html
http://www.mektipim.com/bbs/viewthread.php?tid=420
http://www.meripet.org/pt/
http://meripet.blogbus.com/logs/31013448.html
http://www.oglan.cn/baxbat/ShowPost.asp?ThreadID=164
http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=1709
http://www.paraset.net/thread-242-1-1.html
http://paseban.cn/bbs/print.asp?id=4785
http://www.putbol.cn/read.php?tid-11440.html
http://www.qabdas.cn/showart.asp?art_id=112
http://bbs.qimbulak.com/read.php?tid=69
http://bbs.retim.cn/read.php?tid-24367.html
http://www.rolqi.com/web/?dp-bbsthread-614.html
http://sadak.com.cn/bbsxp/print.asp?id=2842
http://bbs.salkin.cn/read.php?tid-44114.html
http://sahawet.izde.net/ShowPost.asp?ThreadID=1472
http://www.sayrana.cn/bbs/read.php?tid=299
http://www.saliq.com/bbs/showpost.asp?id=1743&forumid=14
http://www.sawakdax.cn/viewthread.php?tid=598&extra=page%3D1&sid=sMI3EI
http://www.sumrugh-izden.com/5bs/print.asp?id=4247
http://www.taranqi.com/bbs/read.php?tid=2237
http://www.termiler.com/ShowPost.asp?ThreadID=58
http://tirish.cn/bbs/read.php?tid=126
http://www.tirkax.cn/bbs/viewthread.php?tid=1313&extra=page%3D1

http://www.uamaarip.com/bbsxp/ShowPost.asp?ThreadID=8953
http://www.ufizika.cn/bbs/redirect.php?fid=60&tid=286&goto=nextnewset
http://uguzhan.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=4063
http://bbs.uyghurkut.com/viewthread.php?tid=166&extra=page%3D1
http://www.uyghurstudents.com/index.php?page_ID=show_topic&&%20ID=tar20081106164616&&%20CAT=Public_Informations
http://uyghurqa.blogspot.com/2008/11/blog-post_04.html
http://uyghurx.blogspot.com/
http://www.uyghurweb.com/munber/viewthread.php?tid=3199
http://bbs.uzmakan.com/viewthread.php?tid=1729&extra=page%3D1
http://bbs.xabnam.com/read.php?tid-80417.html
http://xadlik.blogbus.com/logs/31062035.html
http://www.xjklmy.net/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=8103
http://xjsoda.com/bbs/simple/index.php?t29.html
http://www.yadimda.com.cn/viewthread.php?tid=1821
http://www.ziltar.com/Readarticle.asp?M_id=175

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- **1958**: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- **1965-1971**: ئاقسۇ شەھەرلىك 4-باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- **1971-1976**: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- **1976-1978**: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- **1978-1983**: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكالاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- **1983-1984**: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- **1984-1985**: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- **1985-1988**: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- **1988-1990**: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- **1990-1995**: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- **1995-1997**: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور-ئاشتى بولغان
- **1997-2004**: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- **2004-ھازىرغىچە**: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ